«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ سەھىپىسىدە



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ سەھنىسىدە

(بىرىنچى توم)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭدا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھ ـ بەرلىكى ۋە يېقىندىن قوللىشى، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇ ـ مىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى 86 توملۇق كەسپىي تەزكىرە، 100 نەچچە توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى، يىلدا بىر توم نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

كەسپىي تەزكىرىلەر ۋە جايلار تەزكىرىلىرىنى تۈزۈشكە يې ـ تەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئۆز ئال ـ دىغا پەسىللىك «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى نەشر قى ـ لىپ ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالدا تەزكىرىچىلىككە دائىر مۇھىم ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپلا قال ـ ماستىن، يەنە تەزكىرە تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ـ زور ئىش ھەم ۋەقەلەر، بۇ ئىش ھەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىي ما ـ تېرىيال ئاساسىدا يېزىلغان، كۆزقاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاش بولمىغان ماقالىلەرمۇ ئەينەن، كەڭ تۈردە ئېلان قىلىن ـ نىپ، تارىخ ـ تەزكىرە ساھەسىدىكى خادىملارغا ھەم كەڭ ئوقۇر ـ

مەنلەرگە ئوبدان ئەينەك، ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق بولدى. «شىنـ-جاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان مىللەتلەر نەشرىياتى رەھبەرلىكىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەر-لىكىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 20 نەچچە يىلدىن بۇ-يانقى سانلىرىنىڭ «تارىخىي شەخسلەر»، «تارىخ سەھىپىسىدە»، «تارىخىي ئەسلىمە»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «يەر ـ جاي نامىلىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم ماقالىلەر ئىچىدىكى ئەتىۋارلاپ ساقلاش، تەتقىق قىلىش ھەم پاي-دىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللاپ سۇندۇق. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى تارىخ ـ تەزكىـ-رىچىلەر قوشۇنىنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيە، شە-ھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە ھەرقايسى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈشتە زۆرۈر بولغان خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش مەق-سىتىدە تەسىس قىلىنغاچقا، تارىختا سەلبىي ـ ئىجابىي رول ئوي-نىغان ھەر خىل شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىمۇ تەزكىرىچىلىك ئىلمىنىڭ جېنى ھېسابلانغان «بايان قىلىش، مۇھاكىمە يۈرگۈز-مەسلىك» پرىنسىپى ئاساسىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە بېرىلگەن.

شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا مۇشۇ زامان تۇرغۇسىدىن ئەمەس بەلكى ئەينى دەۋر نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامى-لە قىلىشى ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇ مۇناسى-ۋەت بىلەن بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
2010 ـ يىلى نويابىر

# مۇندەرىجە

ئاتتىلا ۋە ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى ......... زۇلپىيە تۇرسۇن 1
تۇنيۇقۇق ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ......... تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى 9
تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي» ..................... ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت 17
گېلاۋخۇي ۋە سېيىت نوچى .............. نۇرمۇھەممەت زامان 37
ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆمۈرلۈك خاتالىق .............. لو شاۋۋېن 44
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى ............ لو شاۋۋېن 62
ئەيسا ئالپتېكىن قانداق كىشى ................. لو شاۋۋېن 95
ئېلىخان تۆرە شاكىرخان تۆرە ئوغلى .......... ھاكىم جاپپار 110
قاسىمجان قەمبىرى ................... قۇددۇس ئابدۇسەمەت 117
مۇرات ئەپەندىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ............ گۇلشات 126
مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن ....... ........................................ مامۇتوف قۇربان 132
يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئۇيغۇر «ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» ........................ غالىپ بارات ئەرك 169
تۈركىستان (تۈيۈزى)نىڭ ئۆلۈمى ......... ئىسلام ھوشۇروف 177
ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس س. گ. كلياشتورنىي ................. ........................................ ئابلىز ئورخۇن 189
چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ............... 192
ۋۇ جۇڭشىن ۋە مەسئۇد ..................... خۇاڭ جيەنخۇا 195
ئالتاي قوزغىلىڭى ۋە ئوسمان ....................................
.................... نۇرمۇھەممەد دۆلەتى، ئابدۇرېھىم ياقۇپ 211

قوراللىق ھەمشىرە پاتىمە ......... ھەسەن نۇر ھاجى بولۇس 265
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆرەشچان ئوغلى ئۇيغۇر سايرانى ..............
.............................. ماھىنۇر قاسىم 274
بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى زاھىر ساۋدانوف ...........
.............................. ماھىنۇر قاسىم 285
يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ما جەنساڭ ھەققىدە بىلىدىغانلى-
-رىم ..................... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 300
ئۇچار ئات — شاتۇر .................... ياقۇپ ئەمەت 307
ئىپارخاننىڭ ھاياتىغا ئائىت يېڭى مەلۇماتلار ..................
.............................. ئابلىمىت مۇھەممەت 310
يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئۆزبېك تېۋىپلار ........
.............................. مۇختار مامۇت مۇھەممىدى 317
شىبە ئاغىچا — سارىخان ............... ھاشىرجان ئىمىن 326
تەرەققىيپەرۋەر زات — ھەيدەر سايرانى ........ ئىلچى سايرانى 330
ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللار ........................
.............................. ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ 351
ياللىق پالۋان رېھىمشاھ ....................................
.............. قۇربانجان ئابلىمىت، ئابدۇرېشىت توختى 360
چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى ......... كومىمۇنار تالىپ 367
ل. مۇتەللىپنىڭ رەپىقىسى سوفىيە بايىزنىڭ ل. مۇتەللىپ ھەق-
-قىدە ئېيتقانلىرى ..................... تۇرسۇن ئەرشىدىن 378
ل. مۇتەللىپنىڭ قەتلى قىلىنىشىغا دائىر مەلۇماتلار ............
.............................. تۇرسۇن ئەرشىدىن 387
ئوت يۈرەك قۇربانلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ........ تۇرسۇن بارات 398
ل. مۇتەللىپنىڭ تەرجىمىھالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئىش توغ-
-رىسىدا ......................... تۇرسۇن ئەرشىدىن 407

سەيدۇللا سەيپۇللايېفنى ئەسلەيمەن ..........
.......... ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل قومۇلى 416
هۇن پادىشاھى ئاتتىلا بىلەن بىللە غىزالىنىش ....... پرىكوس 427
ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى .......... شاكەرىم ئەكرەمي 431
قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ۋاپاتى .......... سېيىت ياسىن 449
مىللەتلەرنىڭ غەمگۇزارى ــ ئەخمەتجان قاسىمى .......... 459
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ چۆچەكتىكى قىسمەن پائالىيىتى ........
.......... تاھىر تاشباييېف 464
ئەخمەت ئەپەندىم ھەققىدە يېزىلغان بىرقىسىم شېئىر ـ ناخـ
شىلار .......... ئىسرائىل تۇردى 483
مەشھۇر تۈركولوگ گۇمىلىيېفنىڭ ھايات يولى ..........
.......... شاھابىدىن كىبىر 491
تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق كىتابى
.......... تۇرسۇن قاھارى 505
قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ يۇرت ئاتىسى ــ كۇنچىققانبەگ ..........
.......... غالىپ بارات ئەرك 513
فىنلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ــ كارل گۇستاف ماننېرھىم
.......... بۇسارەم ئىمىن 519
تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى «مەۋلانتاش» ئابىدىسى ..........
.......... تۇرسۇنجان ئېزىز يىلىك 524

# ئاتتىلا ۋە ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى

زۇلپىيە تۇرسۇن

ھۇنلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى مىل-لەت. ئۇلار مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ قۇدرەتلىك بىر كۆچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. مىلا-دىيىدىن بۇرۇنقى 210 ـ يىلى ئىمپېراتور باتۇر تەڭرىقۇت 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇدرەتلىك ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن شەرقتە لياۋخې دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەربتە كۆكئارتقا، شىمالدا بايقال كۆلىگە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىگە تۇتىشىدىغان كەڭ زېمىن ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى[①]. 48 ـ يىلى ھۇن ئىمپېرىيىسى توختاۋسىز تەبىئىي ئاپەت، ئىچ-كى نىزاھ ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن شەرقىي (جەنۇبىي) ۋە غەربىي (شىمالىي) ھۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى قى-سىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي ھۇنلار خېبېي، سەنشى، شەنشى، ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ ھەم سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ رايونلارغا ئورۇنلاشتى. غەربىي ھۇنلار مىلادى 90 ـ يىلى شەرقىي ھۇنلار، خەن سۇلالىسى ۋە سيانپىلار تەرە-پىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، غەربكە كۆ-چۈشكە باشلىدى. پروفېسسور ئا. زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ مەلۇما-تىغا قارىغاندا، «216 ـ يىللىرى ھۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھا-زىرقى قازاقىستاننىڭ غەربىدىكى ئورال تەرەپلىرىدە»[②] بولغان.

① لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 25 ـ بەت.
② ئەھمەت زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» تۈركچە، 41 ـ بەت.

قانداقلا بولمىسۇن، غەربىي ھۇنلار ھازىرقى قازاقىستاننىڭ غەربىدىن تارتىپ ۋولگا دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان تېررىتورىيىدە بىرنەچچە ئەسىر ياشاپ (2 ـ ئەسىردىن 4 ـ ئە-سىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە) كۆچ توپلىدى، كۆپەيدى.

غەربىي ھۇنلار مىلادىيىنىڭ 350 ـ يىللىرىغا كەلگەندە دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك قوزغىلىپ، ياۋروپاغا قاراپ يۈز-لەندى. شۇ چاغدا ھۇنلار ئىچىدىن بالامىر ئىسىملىك بىر تەڭرى-قۇت تارىخ سەھنىسىگە چىقتى، ئۇ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ 15 ـ ئەۋلادى ئىدى. باتۇرلۇقتا ئىستراتېگىيە، تاكتىكىدا ئۆز ئەجداد-لىرىدىن قېلىشمايدىغان بالامىر 355 ـ يىللىرى كاسپىي دېڭىز بويلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ، 374 ـ يىلى ۋولگا بويىغا بېسىپ كەلدى، بالامىر شۇ يىلى شەرقىي ياۋروپادىكى قارا دېڭىزنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئالانلار دۆلىتىنى يو-قاتتى، ئۇنىڭغا قوشنا بولغان شەرقىي گوتلار ھۇنلارغا ئەل بول-دى، غەربىي گوتلار دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنىغا كىردى. بۇ، مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىگە تۈرتكە بولدى[①]. بالامىر 378 ـ يىلى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ تىراكىيە (رومىنىيە)گە بېسىپ كىردى ۋە غەربىي گوتلارنىمۇ بويسۇندۇردى.

بالامىر دەل شۇ مەزگىلدە بارسىق ۋە قورسىق ئىسىملىك ئىككى قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نۇرغۇن قوشۇننى ئوتتۇرا شەرققە ماڭدۇردى. ئۇلار دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كاۋكاز تاغلى-رىدىن ھالقىپ، كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، قۇددۇسقىچە بېسىپ باردى. ئاندىن كېيىن پەلەستىنىدىن قايتىپ ئوتتۇرا شەرقىي ئاناتولىيە، ئەزەربەيجان ئارقىلىق قارا دېڭىزنىڭ شىما-لىغا كەلدى. ھۇنلارنىڭ بۇ يۈرۈشى 20 يىل داۋام قىلىپ، 398 ـ يىلى ئاخىرلاشتى.

---

① بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى قىسقىچە دۇنيا تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «قىسقىچە دۇنيا تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 312 ـ بەت.

دەل بۇ مەزگىلدە (395 ـ يىلى)، بىر پۈتۈن رىم ئىمپېرد ـ يىسى غەربىي ئىمپېرىيە بىلەن شەرقىي ئىمپېرىيىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش ھۇنلارغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

400 ـ يىلى ئىمپېراتور بالامىر ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى يۇلدۇز ئىمپېراتور بولدى. يۇلدۇز ياۋروپادا ۋانداللار، بورگوندىلار، ساكسونلار، گېرمانلارنى بويسۇندۇردى. يۇلدۇز مىلادى 406 ـ يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىش ئۈ ـ چۈن ئىتالىيىگە بېسىپ كىردى. شۇ يىلى ئاۋغۇستتا پاۋئىا مەيدانىدا (ئىتالىيىدە) يۇلدۇز قوماندانلىقىدىكى ھۇن قوشۇنلىرى بىلەن رادئاگس قوماندانلىقىدىكى غەربىي رىم قوشۇنلىرى ئوت ـ تۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى. ئۇرۇشتا ھۇنلار غەلىبە قازاندى. رادئاگس ئۆلتۈرۈلدى. يۇلدۇز شۇ غەلىبىدىن كېيىن رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربىي ياۋرپاغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ 405 ـ يىد ـ لىدىن 409 ـ يىلىغىچە قىلغان يۈرۈشلىرىدە دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بېسىپ كىرىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىد ـ نىڭ خېلى كۆپ ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرا ياۋروپاغا بېسىپ كىرىپ ۋېنگرىيىنى مەركەز قىلىپ كېڭىيىشكە باشلىدى[①]. يۇلدۇز ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە (400 ـ 410) قازاقىستاندىن تار ـ تىپ رېين دەرياسىغىچە سوزۇلغان ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيىد ـ دىكى خەلقلەرنى بويسۇندۇردى. ئۇ، بوۋىسى باتۇر تەڭرىقۇت قۇر ـ غان ئىمپېرىيىگە تەڭ كېلىدىغان ئۇلۇغ بىر دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

410 ـ يىلى يۇلدۇز غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى رىمغا بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى قاتتىق ۋەيران قىلدى. ئۇ شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئوغلى قاراتون ئىمپېراتور بولدى. قارا ـ

---

① گولىڭۋۇ تۈزگەن: «دۇنيا تارىخى بىلىملىرىدىن تاللانما» شەندۇڭ مائارىپ نەشرىياتى 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 53 ـ بەت.

تونىنىڭ بونچوك (مونچوك)، ئوكتار، روگا (رويا)، ئايبارس ئاتلىق تۆت ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللاردىن ئايبارس هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئوكتار شەرقىي قىسمىغا ئىلىكخان قىلىپ تەيىنلەندى، قاراتون دەۋرىدە (410 — 415) هۇنلارنىڭ پائالىيىتىگە ئاساسەن ئوغۇللىرى يېتەكچىلىك قىلدى.

415 - يىلى قاراتون ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، 415 - يىلىدىن 434 - يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە ياۋروپا هۇن ئىمپېرىيىسىگە قاراتونىنىڭ بونچوك (415 - 422)، رويا ئىسىملىك ئوغۇللىرى ئىمپېراتور بولدى.

بونچوكنىڭ بىلدا ۋە ئاتتىلا ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىلدا 395 - يىلى تۇغۇلغان، ئاتتىلا 400 - يىلى تۇغۇلغاندى[①]. بونچوك 422 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى، هۇنلارغا ئۇنىڭ ئۇكىسى رويا ئىمپېراتور بولدى. رويا دەۋرىدە (422 - 434) بىلدا ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئاتتىلا شەرقىي قىسمىغا ئىلىكخان نامى بىلەن هۆكۈمرانلىق قىلىشاتتى. گەرچە ئاتتىلا هۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىلىكخان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاغىسى رويانىڭ قېشىدا تۇراتتى. مىلادى 434 - يىلى رويا ئالەمدىن ئۆتتى. قائىدە بويىچە بىلدا هۇن ئىمپېرىيىسىگە ئىمپېراتور بولۇشى لازىم ئىدى، لېكىن ئاكىسى بىلدادىن هەر جەھەتتە تالانتلىق بولغان ئاتتىلا ئاكىسى بىلدا بىلەن هۇن ئىمپېرىيىسىگە بىرلىكتە هۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن هۇن تەختىگە ئولتۇرۇپ ئىمپېراتور بولدى. بىلدا 445 - يىلى 50 يېشىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ئاتتىلا ئىمپېراتور بولغاندىن كېيىن هۇنلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىپ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. مىلادى 441 - يىلى ئاتتىلا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنى چېگرىدىكى ئۇرۇش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دوناي دەرياسى سې-

① «سىخەي» خەنزۇچە 416 - بەت.

ىمگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇ ھازىرقى بېلگرادنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان مۇھىم شەھەرلەرنى ئىگىلىدى. 443 ـ يىلى ئاتتىلا يەنە ھۇجۇم قوزغاپ، دوناي دەرياسى بويىدىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنى ئىگىلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن گاللىپولى يېرىم ئارىلىغا چېكىنگەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇق قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. ئارقىدىنلا تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ئالتۇن ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى ھەمدە ھەر يىلى ئولپانغا تۆلەيدىغان ئالتۇننىڭ مىقدارىنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتتى.

ئاتتىلا 450 ـ يىلىغىچە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بالقاندىكى رىم شەھەرلىرىدىن 70 نى بېسىۋالدى[1]. ئاتتىلا غەربىي ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدى بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدى ۋە شۇ نىيەت بىلەن 451 ـ يىلى 500 نەچچە مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ فرانسىيىگە بېسىپ كىردى. فرانسىيىدىكى مىتزى، رېيمىسى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالغاندىن كېيىن ئىسپانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ كىردى. بۇ چاغدا غەربىي رىم ئىمپېراتورى ۋالىنتىن (423 ـ 455) غەربىي گوتلار پادىشاھى تىئودورىك، فرانسۇزلار، بۇرگۇندلار بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. تارىخچىلار ئېيتقاندەك: «ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ رىملىق» نامىنى ئالغان ئايگىز (ئاتىيئوس) باشچىلىقىدىكى 600 نەچچە مىڭ كىشىلىك غەربىي رىم ئىتتىپاقى قوشۇنى ئاتتىلاغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئاتتىلا ئىسپانىيىنىڭ شەرقىدىن چېكىنىپ فرانسىيىدىكى سېنا دەرياسىنىڭ ئىككى غولى ئوتتۇرىسىدىكى كاتالىيون دالىسىدا توختىدى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى كاتالىيون دالىسىدا ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلدى. قەدىمكى زاماندا يۈز بەرگەن ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلار قاتارىدىن

---

① «دۇنيا تارىخى ئېنسىكلوپېدىيىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 70 ـ بەت.

ئورۇن ئالغان «كاتالىيون ئۇرۇشى» مىلادى 451 ـ يىلى 24 ـ ئاپرېلدا باشلاندى. قەدىمكى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، ئۇرۇش شۇنداق دەھشەتلىك بولغانكى، سېنا دەرياسىنىڭ سۈيى قىپقىزىل قان بولۇپ ئاققان، كاتالىيون دالىسىنى جەسەت قاپلاپ كەتكەن، ئۇرۇشتا بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشى يارىلانغان. 165 مىڭ كىشى ئۆلگەن، غەربىي گوتلار پادىشاھى تىئودورىك ھۇنلار قولىدا ئۆل-گەن. بۇنىڭغا چىدىمىغان غەربىي گوتلارنىڭ شاھزادىسى ئاتىسى تىئودورىكنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، كەچتە ھۇنلارغا شىد-دەتلىك ھۇجۇم قىلغان، ئاتتىلا ھۇن ھارۋىلىرىنى قاتار تىزىپ، مۇداپىئە توساقلىرىنى بەرپا قىلىپ، غەربىي گوتلارنىڭ ھۇجۇمى-نى چېكىندۈرگەن.

ئۆز ئۆمرىدە مۇنداق قانلىق ئۇرۇشنى كۆرمىگەن ئاتتىلا ھۇن قوشۇنلىرىنى كاتالىيون دالىسىدىن چېكىندۈرۈپ، رېين دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. يەنى ئۇزۇن ئۆتمەيلا گاللىيەدىن چېكىنىپ چىققان. ئاپگىز باشچىلىقىدىكى غەربىي رىم قوشۇنلىرى ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، ھال-سىراپ كەتكەنلىكتىن، ھۇنلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە ماغدۇرى يەتمىگەن. مانا بۇ ئاتتىلانىڭ ئۆمرىدىكى بىردىنبىر مەغلۇبىيەت-تىن ئىبارەت.

ئاتتىلا كاتالىيون ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ، 452 ـ يىلى ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيىگە بېسىپ كىرىپ نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلدى. شۇ يىلى ئىتالىيىدە قاتتىق قەھەت-چىلىك بولغاچقا ۋە ۋابا كېسىلى تارقالغاچقا، ھۇن قوشۇنلىرى ئاپىنىن يېرىم ئارىلىنى ۋەيران قىلالمىدى. ھۇن قوشۇنلىرى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى رىم شەھىرىنى بېسىۋې-لىپ، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىشقا كىرىشتى. ئەندى-شە ئىچىدە قالغان غەربىي رىم ئىمپېراتورى ۋالىنتىن Ⅳ پاپا-لېئو Ⅰ نى ئاتتىلانىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ سۈلھى قىلىشنى ئۆتۈن-دى. ھۇنلار بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا سۈلھى

تۇزۇلدى. سۇلھىگە بىنائەن ۋالىنتىنىنىڭ ھونئۇئان ئىسىملىك قىزى ئاتتىلاغا ياتلىق قىلىنىدىغان ۋە ھەر يىلى ھۇنلارغا تۆلەيدىغان ئولپاننىڭ مىقدارى كۆپەيتىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھاقارەتلىك شەرتلەرگە ماقۇل بولۇش ئارقىلىقلا رىمنى ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قالدى. بۇ سۇلھىدىن كېيىن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھۇنلارغا پۇتۇنلەي دېگۇدەك قارام بولۇپ قالدى①.

ياۋروپادىكى پادىشاھلار ئاتتىلاغا خۇشامەت قىلىشىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر جۇملىدىن قىزلىرىنى سوۋغا قىلدى. ئاتتىلا 453 ـ يىلى مەلۇم بىر پادىشاھنىڭ ئىلدىكو ئىسىملىك قىزىغا ئۆيلەندى. ئىلدىكو توي كېچىسى ئاتتىلاغا ئالتۇن قەدەھتە زەھەر سېلىنغان شارابنى ئىچكۈزۈپ ئۇنى ئۆلتۈردى.

ئاتتىلانىڭ قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. شۇڭا، بەزىلەر ھۇنلار ئاتتىلانىڭ جەسىتىنى ئالتۇن ساندۇققا سېلىپ، ئاندىن ئالتۇن ساندۇقنى كۈمۈش ساندۇققا، كۈمۈش ساندۇقنى پولات ساندۇققا سالغان، دوناي دەرياسىنىڭ سۈيىنى توسۇپ باشقا تەرەپكە ئاقتۇزۇپ، دەريانىڭ ئەسلى تەكتىنى چوڭقۇر كولاپ بۇ ئۈچ قات ساندۇقنى شۇ يەرگە كۆمۈپ، دەريا سۈيىنى يەنە ئەسلىي قىنىغا باشلىغان. دېمەك، ئاتتىلا دوناي دەرياسىنىڭ ئاستىغا دەپنە قىلىنغان دېيىشسە، يەنە بەزىلەر، ئاتتىلانىڭ جەسىتى ۋە بىرگە دەپنە قىلىنغان بايلىقلارنى كۆمگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۇنلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇڭلاشقا، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئاتتىلانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلىك ئىمپېراتور بولدى. شۇ چاغدا گوتلار، گىفىدلار ئىسيان كۆتۈر-

① «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 43 ـ بەت.

دى. ئىلىك 454 ـ يىلى هۇنلار بىلەن ئىسپانچىلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇكىسى دېڭىزىك ئىمپېرا. تور بولدى. ئۇ 454 ـ 469 ـ يىلىغىچە هۇنلارغا باشچىلىق قىلدى. دېڭىزىك 469 ـ يىلى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە هۇ. جۇم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئې. قىمىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بېشى كونستانتىن. نوپولغا كەلتۈرۈلۈپ سازايى قىلىندى. دېڭىزىك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ياۋروپا هۇن ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈزلەندى. شۇنىڭ. دىن باشلاپ، هۇنلار ئىچكى نىزاھ، ئىچكى ئۇرۇش ۋە باشقىلارنىڭ هۇجۇملىرى نەتىجىسىدە ئاجىزلاپ، كىچىك خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

هۇنلارنىڭ ياۋروپادا ئوينىغان ئىجابىي رولى سەلبىي رولى. دىن چوڭ بولدى. هۇنلارنىڭ زەربىسىدىن لىگشىپ قالغان غەر. بىي رىم ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى قۇللار، قارام خەلقلەر ئىم. پېرىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار هۇنلارنى ئۆزلىرىنى قۇللۇقتىن، قاراملىقتىن قۇتقۇزغۇچى دەپ بىلدى ھەم هۇنلارنىڭ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە قىلغان هۇجۇملىرى. غا ياردەم بەردى. ئاتتىلانىڭ هۇجۇملىرى غەربىي رىم ئىمپېرى. يىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپلا قالماي، بەلكى ياۋروپادىكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتى. لىشىغا تۈرتكە بولدى.

هۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشى ۋە يۇغۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى.

# تونيۇقۇق ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

## تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

تونيۇقۇق — ئورخۇن - يېنسەي ۋادىلىرىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر قۇرغان خانلىقتا بىر نەچچە خاننىڭ ۋەزىرى بولغان دانىشمەن ئادەم. ئۇ ھايات ۋاقتىدا تىكلىگەن، ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئابىدىسى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتوردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باينچوقتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مەملىكىتىمىزدە 1980 - يىللاردا ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئارقىمۇئارقا يورۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. شۇ ئەسەرلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل مەزمۇندىكى مەڭگۈتاش تېكىستلىرى، قەدىمكى ئەسەرلەردىن ئۆرنەكلەر ھەمدە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ ۋە ئىسرائىل يۈسۈپلەر تەرىپىدىن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن نام بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ، ئۇيغۇرلارغا ئەجدادلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تونۇتۇش بىلەن بىرگە، نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلىرىمىزنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى.

بۇ كىتابنىڭ «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ھەققىدىكى تەتقىقات قىسمىدا: «تونيۇقۇق كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرى ئىلتەرىش

قاغان (682 ـ 691 ـ يىللار)، قاپاغان قاغان (716 ـ يىلى) ۋە بىلگە قاغان (734 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارغا باش ۋەزىر بولغان ھەمدە يۇقىرىدىكى قاغانلارنىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىشىگە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇنى ئاساسلىق تونيۇقۇقنىڭ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى دېيىشكە بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ مۇقەددىمە، ئاساسىي تېكىست ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ»[1] دېيىلگەن.

بۇ مەڭگۇ تاش تېكىستى «بىلگە تونيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىدە ئۆستۈم»[2] دەپ باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قىلغان يۈرۈشلىرى، دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش يولىدا كۆرسەتكەن تەدبىرلىرى سۆزلىنىدۇ.

ئۇ يەنە ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ: «شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدار يەنىلا مەن ئىدىم. ئىلتەرىش قاغانغا، تۈرك بۆگۈ قاغانغا، تۈرك بىلگە قاغانغا ... قاپاغان قاغان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان قاغانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم»[3] دەيدۇ.

بۇ بىر قېتىملىق يۈرۈشنى تەسۋىرلەپ: «ئۇ مەنكى بىلگە تونيۇقۇقا مۇنداق دېدى: (سەن بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىل، قىيىن ئىشلاردا ئۆز كۆڭلۈڭچە قارار چىقىرىۋەرگىن! مەن ساڭا (يەنە) نېمە دەي؟ ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا، خەۋەرچىلەرنى كۆپەيتكىن، كەلمىسە، «تىل» (ئەسىر) تۇتۇپ سۆزىنى تويلاپ تۇرغىن، دېدى. بىز ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدا ئولتۇراقلاشتۇق. ئۈچ پايلاقچى قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ سۆزى ئوخشاش ئىدى؛ ئۇن ئوق قاغانى قوشۇن چىقىرىپتۇ. ئۇلار، بىز يارىش تۈزلەڭلىكىدە توپلىنايلى، دېيىشىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ قاغانغا مەلۇم

①②③ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 43 ـ، 53 ـ، 58 ـ، 61 ـ بەتلەر.

قىلدىم. قانداق قىلسام بولار؟ (دەپ تۇرغىنىمدا) يەنە جاۋاب كەلـ ـدى: (ئورنۇڭلاردا تۇرۇۋېرىڭلار، ئاتلىق قاراۋۇللارنى ياخشى ئـۇ ـيۇشتۇرۇڭلار) دېگەن گەپلەرنى بۆگۈ قاغان ماڭا ئەۋەتىپتۇ»①دې ـيىلگەن. بۇلاردىن خۇددى «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» ھەققىدىكى تەتقىقاتتا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، تۇنيۇقۇقنىڭ نەچچە ئەۋلاد قاغانلارغا باش ۋەزىر ھەم مەسلىھەتچى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تۇنيۇقۇق ئۆزى ھەققىدىكى بۇ مەڭگۇ تاشنى قايسى دەۋردە ئورناتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خانلىقنى گۈللەندۈرۈش يولىدا قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى تېكىستىنىڭ خاتىمىسى ئورنىدا: «تۈرك بىلگە قاغان ئېلىگە مەنكى تۇنيۇقۇق (بۇ مەڭگۈ تاشتىكى سۆزلەرنى) يازدۇردۇم. ئىلتەرىش قاغان تىرىشمىغان بولسا، مەن ئۆزۈم بىلگە تۇنيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، مەن بولمىغان بولسام، قاپاغان قاغان ۋە تۈرك سىر خەلقى يېرىدە ئادەم بولمىغان بولاتتى. ئىلتەرىش قاغان ۋە مەنكى بىلگە تۇنيۇقۇق تىرىشقانلىقىمىز ئۈچۈن، قاپاغان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى، تۈرك بىلگە قاغان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇزلارنى باقماقتا»② دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە مەلۇماتلار پەقەت ھازىرغا قەدەر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان، تۇنيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا مەرمەر تاشقا ئويۇش يولى بىلەن خاتىرىلىگەن 62 قۇرلۇق ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەتىجىلەردىن ئىبارەت. بۇلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يەنە بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن. ئالايلۇق، تۇنيۇقۇق ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا تۇنيۇقۇقنىڭ ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان ۋە

① ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 43 ـ، 53 ـ، 58 ـ، 61 ـ بەتلەر.

② ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 43 ـ، 53 ـ، 58 ـ، 61 ـ بەتلەر.

بىلگە قاغانلارغا باش ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچى بولغانلىقى كۆرسە-تىلىدۇ. تونيۇقۇقنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەڭگۈ تاشتا يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئۇچ قاغاندىن باشقا يەنە «بۆگۈ» ئىسىملىك بىر قاغاننىڭمۇ نامى ئۇچرايدۇ (3 ـ، 4 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ). شۇنداق ئىكەن، تونيۇقۇقنى ئۇچ قاغانغا ۋەزىر ۋە مەس-لىھەتچى بولغان دېگەننى تۆت قاغانغا ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچى بول-غان دېسەك بولارمىكىن، دېگەن پىكىردىمەن.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئەينى دەۋردە ئۆزىمىزدە يېزىپ قالدۇ-رۇلمىغان ياكى يېزىپ قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ھەر خىل سەۋەب-لەر تۈپەيلى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ۋەقە ـ ھادىسە-لەر قېرىنداش خەلقلەر تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان ۋە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. بىز ئەنە شۇ تارىخ-نامىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە نامەلۇم بولغان ياكى مەلۇم بولدى دېيىلگەندىمۇ تولۇق بولمىغان، مەلۇم دەۋردى-كى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى، شۇ دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. بۇ جەھەتتە بىزگە ئەڭ كۆپ ياردەم بېرەلەيدىغىنى ئەينى دەۋردە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخنامىلەردىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكا-دېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئورنىنىڭ تەتقىقات خادىمى ئىمىنجان ئەخمىدى يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدى-كى نامايەندىلەر» دېگەن ئەسەردە: «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى — تونيۇقۇق ھايات مەزگىلىدە تىكلەنگەن تۆھپە مەڭگۈ تېشى بو-لۇپ، ئۇنىڭدىكى بايانلاردىن تونيۇقۇقنىڭ 7 ـ ئەسىرنىڭ كې-يىنكى يېرىمىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە تونيۇقۇق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت قۇرغۇچى سەركەردىلەردىن لى جىڭ، شۇ جى قاتارلىقلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇلغان. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە» 194 ـ جىلد

«تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: تۇنيۇقۇق تەمكىن، پاراسەتلىك، ياشاش-غان دانىشمەن بولۇپ، لى جىڭ، شۇ جىلار بىلەن بىر قاتاردا تۇراتتى[1] دەپ يېزىلغان».

خەنزۇچە قورال كىتابلاردا تۇنيۇقۇق ھەققىدە يەنە مۇنداق مەلۇمات بار:

1. «تۇنيۇقۇق بىلگە قاغاننىڭ قېيناتىسى»[2].

2. تۇنيۇقۇق ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان ۋە بىلگە قا-غانلارغا ياردەملىشىپ ئۇيغۇر،قۇمۇق، قىتان، قىرغىز، تۈركەش-لەرنى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان. 80 يېشىدا ۋاپات بولغان»[3].

يۇقىرىقىلاردىن قارىغىنىمىزدا، تۇنيۇقۇق ياشىغان دەۋردىكى خەنزۇ مۇئەللىپلەر تۇنيۇقۇق ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇ-ماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. «جۇڭگو تۈركولوگىيىسى» ناملىق كىتاب بىزنى تۇنيۇقۇقنىڭ نەسەبىنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، تۇرپاندا قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ۋە كېيىنچە چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىدا مۇھىم خىزمەت-لەردە بولغان، تۇنيۇقۇقنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىلىۋاتقان كىشى-لەرنىڭ نەسەبنامىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. تۇنيۇقۇق بىلەن نەسەبنامىدە كۆرسىتىلگەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخمىنەن 500 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇنيۇقۇق-نىڭ نەچچىنچى ئەۋلادى ئىكەنلىكىگە ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش تەس رەك. بىراق ئۇنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ياخ-شى بىر باشلىنىش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ نەسەب-

① ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر»، 3 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.

② «مىللەت لۇغىتى»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 1229 ـ بەت.

③ شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1979 ـ يىلى نەشر قىلغان «سىخەي» 2 ـ توم 3216 ـ بەت؛ «مىللەت لۇغىتى» 1229 ـ بەت.

نامە پۈتۈنلەي خەنزۇچە مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا تۈر-غۇزۇلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى بۇد-دىزم مۇھىتىدىكى ئىسىملار بولغاچقا، بەزىلىرىنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. تۆۋەندە بۇ نەسەبنامىگە قاراپ با-قايلى:

1. سەۋىنچ توغرۇل

تۇنيۇقۇق نەسلىدىن تېكىن بىلگەنىڭ ئوغلى بولغان سە-ۋىنچ توغرۇل چىڭگىزخان ھۇزۇرىدا زور ئېتىبارغا ئىگە بولغان. دەسلەپتە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ «ئۇلۇغ ئايغۇچىسى» بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىگە خىزمەت قىلغاندىمۇ، بۇ ئۇنۋانى داۋاملىق ئىشلى-تىلگەن. چىڭگىزخان بىلەن غەرب يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىپ، كې-يىن تولى ۋە خانشىنىڭ ھۇزۇرىدا زور خىزمەتلەردە بولغان.

2. بادان

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى-گە قارشى يۈرۈشكە ھەم ئارىغ بۇقا بىلەن قايدۇنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرۇشقا چىققان قوشۇنلارغا قاتناشقان.

3. ئارىغ

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، بادانىنىڭ ئوغلى.

4. تېفۇ

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، بادانىنىڭ ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن.

5. شىدي

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، بادانىنىڭ ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن.

6. سوقۇنچار

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئوغلى، ھۇلاكۇخانىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان، كېيىن ئاباقا بىلەن توقتوغا باش سانغۇن بولغان.

7. توقتويان

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئوغلى.

8. لاچىن

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، توقتوياننىڭ ئوغلى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ئۆلىماسى.

9. چاناي

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، لاچىننىڭ ئوغلى.

10. پوپوش

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 1 ـ ئوغلى.

11. لاۋخان

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 2 ـ ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن.

12. ئىنانچىن

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 3 ـ ئوغلى.

13. لاۋجان

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 4 ـ ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن.

14. ساۋتىلى

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 5 ـ ئوغلى. چاۋ ـ تۆرە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

15. نارەتۇ

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 6 ـ ئوغلى.

16. تاراقاي

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى.

17. لولو

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 8 ـ ئوغلى.

18. سارمات

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 9 ـ ئوغلى.

19. بايان تۆمۈر

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 10 ـ ئوغلى.

20. قاراغاسۇن

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئوغلى.

21. قايسان

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، قاراغاسۇننىڭ ئوغلى. نەسلـ ـلىرى بويىچە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بو ـ لۇپ، ئىدىقۇت خانلىقى چىڭگىزخانغا تەۋە بولغانغا قەدەر ئۇز دۆ ـ لىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتلىرىدە بولغان. ئۇنىڭ ئۇيـ ـغۇر ئەدەبىياتىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر بار. بۇ ھەقتە قايساننىڭ قەبرە تېشى ئەڭ مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. قايساننىڭ ئەسەر قالدۇرغانلىقى، بىلىمى ھەققىدىكى مەلۇماتلار مۇشۇ مەنبەدىن ئېلىنغان. بۇ ئائىلىگە دائىر بەزى ئىبادەتخانا تاشلىرى (ئابىدىلەر) ۋە خاتىرىلەرمۇ بار.

22. پانجۇ

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، قايساننىڭ ئوغلى.

23. لۇلۇ

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن[①].

① «جۇڭگو تۈركولوگىيىسى» 59 ـ بەتتىن 66 ـ بەتكىچە.

# تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي»

ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

بۇ يىل بۇ ئەزىز دىيارنىڭ 14 ــ ئەسىردىن 16 ــ ئەسىر-گىچە بولغان 200 يىللىق تارىخىنى مۇكەممەل خاتىرىلەپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بۈيۈك تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان دۇنياغا كەلگىنىگە 504 يىل بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بۇ ئۇلۇغ تارىخشۇناس ئالىم تۇغۇل-غانلىقىنىڭ 500 يىللىقى ئالاھىدە قۇتلۇقلىنىپ، مەخسۇس خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى، ئىلمىي يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئەمما بىزدە بۇ ھەقتە بىرەر پارچە نەرسىمۇ يېزىلمىدى. شۇڭا مەن كىچىككىنە بولسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخشۇناس-لىق ئىلمىنىڭ يىرىك سىمالىرىدىن بىرى بولغان بۇ ئۇلۇغ ئا-لىمنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەمدە يىرىك ئەسىرى «تارىخى رە-شىدىي» ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم.

**1. مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاياتى**

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 2 ــ جىلدىدا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، نەسەبى ۋە ھايات كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. شۇ مەلۇ-ماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئالىم ھىجرىيە 905 ــ يىلى (مىلادىيە 1499 ــ 1500 ــ يىلى) تاشكەنتتە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئا-تىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان دوغلات قەبىلىسىگە مەنسۇپ نوپۇزلۇق ئەمىرلەردىن بولۇپ، ئۆرەتۆپىنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئا-نىسى خوب نىگار خانىم تاشكەنت خانى سۇلتان مۇھەممەد خان-

نىڭ سىڭلىسى بولۇپ، زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىم بىلەن ئاچا ـ سىڭىل ئىدى. دېمەك، مىرزا ھەيدەر ئانا تەرەپتىن ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك بابۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى زاھىرىددىن مۇـ ھەممەد بابۇرنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئىدى.

شەيبانىخان ماۋەرائۇننەھرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ھۈسەيىن ئۆرەتۆپىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. كىچىك تۇرۇپلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مىرزا ھەيدەر دادىسى بىلەن بىرلىكتە سەرگەردانلىق ھاـ ياتىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. مۇھەممەد ھۈسەيىن مانا مۇشۇ ئېـ غىر كۈنلەردىمۇ يالغۇز ئوغلىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا كۆـ ڭۈل بۆلۈپ باش قاتۇرىدۇ. ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن، شۇ يەرنىڭ ئۆلۈغلىرى، ئۆلىمالىرىدىن ئوغلى ئۈچۈن دۇئا ئېلىپ، ئوغلىـ نىڭ دىلىغا ئىلىم سېلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. دادىسىنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بۇ ئەجرى ھەققىدە مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە شۇنداق يازىدۇ: «ئاتام خۇراسانغا بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بالىلار تۆرت يىللۇ تۆرت ئاي ۋە تۆرت كۈنگە تولسا، ئۇلارنى مەكتەپكە بېرىش قائىدە بولغىنى ئۈچۈن، كەمىـ نىنى ھەم مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرمەككە قارار قىلدى، ئەمما ئالدىن فاتىھە ئېلىش ئۈچۈن، ئەمىر تۆمۈر زامانىدىكى ئالىملار ئۇستازى مەۋلانە سەئىدىدىن تەفتەزانىينىڭ نەۋرىسى ۋە ئۆزىمۇ خۇراساننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۆلىماسى بولغان شەيخۇلئىسلام ئالدىـ غا ئېلىپ باردى. شەيخ مېھىر ـ شەپقەت بىلەن مېنى ئەركىلىـ تىپ تىزىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە مۇلايىملىق، ئوچۇق چىرايلىق بىلەن ماڭا نەسىھەتلەر قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇنىڭدىن 38 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، شەيخنىڭ مۇبارەك چېھرى، مۇلايىملىقى ۋە نەسىھەتلىرى خۇددى تاشقا ئويۇلغان نەقىش كەبى خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ، ئۇمىدىم شۇكى، ئۇل نەسىھەتلەرنىڭ تا بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن بەرىكىتى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ دۇنيادا ۋە ئاـ

خىرەتتە داۋام ئەتكۈسىدۇر»[1].
كاج پەلەك ئۇنى ئانىسىدىن كىچىك ئايرىپ يەتىمگەندەك، ئەمدىلا ئون نەچچە ياشقا كىرگەن مىرزا ھەيدەرنى بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر جان كۆيەر ئادىمى مېھرىبان ئاتىسىدىنمۇ ئايرىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى مۇستەقىل تۇرمۇشى ناھايىتىمۇ بۇرۇن باشلىنىدۇ. ئۇ دادىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، كابۇلغا نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ يېنىغا بارىدۇ. بابۇرنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكەن ھاياتىنى مىرزا ھەيدەر «تا-رىخى رەشىدىي»دە مۇنداق خاتىرىلەيدۇ: «شۇ تەرىزدە مەن كۆپ مۇددەتلەرنى كابۇلدا پادىشاھ بابۇرنىڭ مۇلازىمىتىدە پاراغەت ۋە ئاسايىشلىقتا ئۆتكۈزدۇم. ئۇ دائىما ياخشى مۇئامىلە ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك ھەمدە قەتئىيلىك ۋە تەلەپچانلىق بىلەن مېنى ئىلىم ئىگىلەشكە ئۈندەر ئىدى، ئەگەر ئازراق ئىلىم ئىگىلىگىنىمنى بايقىسا، ماڭا نىسبەتەن ئۆز ئىلتىپاتىنى تېخىمۇ زىيادىرەك قىلىشقا ئىنتىلەر ۋە بۇ ھەقتە بارچە ئادەملەرگە سۆزلەپ، تەھسىن ئېيتىشنى تەلەپ قىلار ئىدى. ئاشۇ مۇددەتلەردە ئۇ ما-ڭا شۇ قەدەر مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتتىكى، پەقەت كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلارلا ئۆز پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن شۇنداق قىلىدۇ»[2].
دېمەك، «كۆزىدىن ئايرىسىمۇ، ھاسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەن-دەك، تەقدىر ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك ئايرىپ يېتىملىك دەشتىگە تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن يەنىلا ئۆز ھىممىتىنى ئايىمىغانىدى. بابۇر، سەئىدخانلاردەك سەلتەنەت ئىگىلىرى ئۇنى پەرزەنت قاتارىدا كۆرۈپ، ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش، ئىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. مىرزا ھەيدەرمۇ كىچىكىدىنلا

[1] ن. ئىبراھىموف، غ. كەرىموف: «دىل دەردىنىڭ داۋاسى»، «جاھان ئەدەبىيا-تى»، تاشكەنت، 1998 ـ يىلى 2 ـ سان، 173 ـ بەت.
[2] ن. ئىبراھىموف، غ. كەرىموف: «دىل دەردىنىڭ داۋاسى»، «جاھان ئەدەبىيا-تى»، تاشكەنت، 1998 ـ يىل 2 ـ سان، 173 ـ بەت.

ناھايىتى زېرەك ھەم پەم ـ پاراسەتلىك، قولى ئەپچىل، ئىشچان ھەم تىرىشچان، ئىلىمگە ھېرىسمەن بولغاچقا، تەقدىر شاملى ئۇنى ئۇچۇرۇپ نەگىلا تاشلىمىسۇن، ئۇ ئىلىم ـ ھۇنەر ئۆگەنىش ئۇچۇن ئۆزىگە ئۇستاز ئىزدەيدۇ. بۇ جەھەتتە تەقدىرمۇ ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئارىسىدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىلىرىدىن زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ۋە سەئىدخانلار بولغاندىن باشقا، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى، «سىلسىلەتۇل ئارىفىن» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مەۋلانە مۇھەممەد قازى ۋە يەنە شۇنىڭدەك بۈيۈك سىمالاردىن بىرقانچىسى بار ئىدى. بۇنداق ياخشى مەنىۋى مۇھىت مىرزا ھەيدەرنى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۇكسەك دەرىجىدە تەربىيە ئېلىپ، كامالەتكە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى.

زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە»سىدە مىرزا ھەيدەرنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىستېداتىغا يۇكسەك باھا بېرىپ شۇنداق يازىدۇ: «قولىدىن خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئوق ئېتىش قاتارلىق ھەممە ئىش كېلىدىكەن، شېئىردىمۇ قابىلىيىتى بار. ماڭا خېتى كەلدى، قەلىمىمۇ يامان ئەمەس»[①].

مىلادىيە 1513 ـ يىلى سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، مىرزا ھەيدەر بابۇر شاھتىن ئىجازەت سوراپ سەئىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا قەشقەرگە كېلىدۇ. سەئىدخاننى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئىلىم ـ ھۇنەر ئۆگىنىپ، كۆپ ساھەلەردە كامالەت ھاسىل قىلىپ، ئەلەم ۋە قەلەم ماھارەتلىرىنى پىشىشىق ئىگىلەپ، سەئىدخاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ «تارىخى رەشىدى»دە بۇ تەپسىلاتلارنى شۇنداق خاتىرىلەيدۇ: «ئون ئۇچ ياش ۋاقتىمدا قاتتىق يېتىملىك دەردىنى تارتتىم. سۇلتان سەئىدخاننىڭ

---

① زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1989 ـ يىل، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر.

خىزمىتىگە باردىم، ئۇلار ئاتلىق شەپقىتى بىلەن مېنى يېتىم-لىك جاپاسىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىززەت - ھۆرمىتىمنى قىلدى. بۇ مېھىر - شەپقەت ۋە يېقىن ئالاقىدىن سەئىدخاننىڭ بارلىق پەرزەنتلىرى ۋە قېرىنداشلىرى ھەسەت قىلدى. 24 يىل خان-نىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. خاننىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئۇ-رۇش ۋە مالىمانچىلىق يىللىرىدا ئىلىم ئۆگەندىم، ئوقۇش، شېئىرىيەت، ھۆسنخەت، رەسساملىق، زەرگەرچىلىكتە ئەل ئا-رىسىدا تونۇلدۇم ھەمدە باشقا ھۈنەر - سەنئەتلەردىن مۆھۈرچى-لىك، ئويمىكارلىق، ئوقياچىلىق، تۆمۈرچىلىك، سىرچىلىق ۋە بۇنىڭدىن ئۆزگە تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى ئۆگەندىم. ھەممىنى سۆز-لەپ كەلسەم گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. بۇ ھۈنەر ۋە ئىلىملەرنى شۇنداق ئۆگەندىمكى، بۇ ساھەنىڭ ئۇستازلىرى ماڭا شاگىرت بولۇشقىمۇ ئاجىزلىق قىلىپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خان ئالىيلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن بولغاندى»①.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مىرزا ھەيدەر سەئىدخاننىڭ ئاتىدارچىلىقىدا ئەلەم ۋە قەلەم ماھارىتى-دە يۈكسەك كامالەت ھاسىل قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك دۆ-لەت ئەربابى بولۇپ يېتىشىپلا قالماي، يەنە شۇ دەۋردە مەلۇم ۋە مەشھۇر بولغان ھۈنەر - سەنئەتلەرنىڭ كۆپلىرىدىن شۇ كە-سىپتىكىلەرگە ئۇستاز بولغۇدەك ماھارەت ئىگىسىگە ئايلانغان-دى. سەئىدخانمۇ ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە قايىللىق بىلدۈرۈپ، ئۆز سىڭلىسىنى مىرزا ھەيدەرگە ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا «كورا-گان» (خان كۈيئوغلى) نامىنى بېرىدۇ ھەمدە مىرزا ھەيدەرنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ سەمىمىي مەسلى-ھەتچىسى ۋە ھەربىي قوماندانى قىلىپ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ، ھەربىي يۈرۈشلەردە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ.

ھىجرىيە 938 - يىلى (مىلادىيە 1532 - يىلى) سەئىدخان

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تەرجىمە قىلغان قولىيازما نۇسخىنىڭ 14 -، 186 - بەتلىرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

تىبەتكە غازات قىلماقچى بولۇپ، 5000 لەشكەر بىلەن ئاتلىنى-
دۇ. قوشۇننىڭ باش قوماندانى مىرزا ھەيدەر بىلەن خاننىڭ
كىچىك ئوغلى ئىسكەندەرخان ئىدى. ئۇلار تىبەتنى ئىستىلا
قىلغاندا خان يېتىپ بارىدۇ، ئەمما بۇ قىش ئايلىرى بولغاچقا،
بۇنداق زور قوشۇن بىلەن تىبەتتە تۇرغىلى بولمايتتى، چۈنكى
ئاتلار ئۈچۈن يەم - بوغۇز، ئوت - چۆپ يوق ئىدى. مەسلىھەت
ئارقىلىق، مىرزا ھەيدەر خاننى مىڭ كىشى بىلەن تىبەتتە قال-
دۇرۇپ، قالغان 4000 لەشكەر بىلەن كەشمىرنى بېسىۋېلىپ،
قىشنى كەشمىردە ئۆتكۈزىدۇ. ئەتىيازدا كەشمىردىن قايتىپ
تىبەتتە سەئىدخان بىلەن ئۇچرىشىدۇ، لېكىن سەئىدخاننىڭ
جىگەر ياللۇغى كېسىلى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىبەتنىڭ
ھاۋاسى شالاڭ، بەزى جايلىرىدا زەھەرلىك تۇتەك بولغانلىقى تۈ-
پەيلىدىن، خاننىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.
سەئىدخان ھەممە لەشكەرنى مىرزا ھەيدەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇنى
ئۇرساڭ (لىخاسا)غا بېرىپ، بارلىق بۇتلارنى چېقىپ بولۇپ قاي-
تىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئارقىغا قايتىدۇ. بۇ ھىجرىيە 939 - يى-
لى (مىلادىيە 1533 - يىلى) ئىدى. بەختكە قارشى سەئىدخان
ياركەنتكە يېتىپ كېلەلمەي، يېرىم يولدا ۋاپات بولىدۇ. تىبەتتە
قالغان مىرزا ھەيدەر بىلەن ئىسكەندەرخانمۇ غازاتنى ئۇرساڭ-
غىچە داۋاملاشتۇرالمايدۇ. چۈنكى ئارقا سەپ خانلىقتىن بەكلا
يىراقلاپ كەتكەنىدى. تىبەتنىڭ تەبىئىي شارائىتى، يەرلىك
خەلقلەرنىڭ قارشىلىقى ئۇلارنى ھالسىرىتىپ جەڭگىۋارلىقىنى
يوقاتقاننىڭ ئۈستىگە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كەلگەن
تۈرلۈك زىددىيەتلەر قوشۇلۇپ ئارىدا پارچىلىنىش پەيدا قىلغا-
نىدى. ئۇلار قايتىپ خانلىق چېگرىسىغا كەلگەندە 5000 كى-
شىدىن ئاران 22 ئادەم قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار-
نى مىرزا ھەيدەر شۇنداق بايان قىلىدۇ: «... 22 كىشى بىلەن
يولغا چۈشتۇق، ئىسكەندەر سۇلتان كەتتى ... يەتتە كۈندە پا-
مىرغا كەلدۇق، پامىردىن بەدەخشانغا كەتتۇق، بەدەخشاندا ئانام-
نىڭ ھەمشىرە ئوغلى مىرزاخاننىڭ بالىسى سۇلايمان شاھ بار

ئىدى. ئۇ بىزنى ياخشى قارشى ئالدى ... ۋاخانغا كەلگەندە ئابـ-
دۇرېشىت خاننىڭ بىر خىزمەتچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ،
تۆۋەندىكى بېيىتنى ئەۋەتتىم.

نالە قىلسام تاش دىلىدىن چىققۇسىدۇر نالىلەر،
يىغلىسام گەر قاپقارا لايدىن ئۈنەر كۆپ لالىلەر.

ئابدۇرېشىت خان خوتۇن - بالىلىرىمنى بەدەخشانغا ئىسـ-
كەندەر سۇلتان ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەردى. قىشنى بەدەخشاندا
ئۆتكۈزۈپ، ئەتىيازدا كابۇلغا كەلدۇق ... مەن ھىندىستانغا كەلـ-
دىم. لاھورغا كەلگەندە بابۇر شاھنىڭ ئوغلى كامران مىرزا
لاھوردا پادىشاھ ئىدى. بۇ يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندىم»[①].
بۇ تەپسىلاتلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، سەئىدخاننىڭ
ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ئوغلى ئابـ-
دۇرېشىتخان دوغلاتلارغا ئانچە ياخشى كۆز بىلەن قارىمىغان. بۇ
ھال مىرزا ھەيدەرنىڭ ياركەنتكە قايتىش خىيالىدا ئىككىلىنىش
پەيدا قىلغان. مىرزا ھەيدەر ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ياركەنتكە
بىرگە قايتىپ، ئابدۇرېشىت خاندىن رەھىم - شەپقەت تىلەش
توغرىسىدىكى مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرمەي، ھىندىستانغا كېتـ-
تىدۇ. ئۇ ھىندىستانغا كەلگەندە بابۇرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە
ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى، بابۇرنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇمايۇن شاھ
بىلەن كامران شاھ، ھىندال شاھلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق،
بىرلىك بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلار گاڭگى ئۇرۇشىدا (1540 —
1541 - يىللىرى) ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئۈزلىرىدىن نەچچە
ھەسسە ئاجىز بولغان شىرخان قوشۇنىدىن يېڭىلىدۇ. بۇ ھالنى
كۆرگەن مىرزا ھەيدەر ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىدە بىر
سۇلھى يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ: «سۇلـ-
تان ھۇسەيىن مىرزا خۇراساندا ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ 12 ئوغـ-

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، ئۈرۈمچى،
1996 - يىل، 67 - 69 - بەتلەر.

لى بىرلىشەلمەي، خۇراساننى شاھبەگكە بېرىپ قويدى. ھازىر ـ غىچە كىشىلەرنىڭ تاپا ـ تەنىسى بىلەن كىشىلەر تەبىئىتى ئالدىدا مەردۇتتۇر. شۇنداق ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشتىكى، بىر يىل ئىچىدە رۇمغا كەتكەن بەدىئۇززامان مىرزىدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. مەرھۇم بابۇر شاھ كەڭ ھىندىستاننى ئېلىپ سىلەرگە تاپشۇرۇپ كەتتى. سىلەر شۇنداق كەڭ ھىندىستاننى شۇنچىلىك شىرخانغا ئالدۇرۇپ قويساڭلار، ئويلاپ كۆرۈڭلار، ھىندىستان بىلەن خۇراسان ئارىسىدا نېمە تەفاۋۇت (پەرق) بار؟ بۇ خۇسۇستا باشنى تەپەككۇر ياقىسىغا ياخشى تىقىپ، ئىززەت ياقىسىدىن چىقىرىش لازىم. تاكى خەلق ئارىسىدا باش كۆتۈرۈش ھاسىل بولغاي...»[1].

ئۇ بابۇرنىڭ ئوغۇللىرىغا ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىش توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى سۇلھى قىلىشقا ئۈندىگەندىن كېيىن، ئۆزى 400 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كەشمىرنى ئېلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ بۇ قوشۇن بىلەن كەشمىر پادىشاھى كاجىچەكنىڭ 5000 ئاتلىق ئەسكىرى ۋە كۇرەشچى پىللىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھىجرىيە 948 ـ يىلى (مىلادىيە 1542 ـ يىلى) كەشمىرنى ئىگىلەپ ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كەشمىرنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىدۇ. مىلادىيە 1551 ـ يىلى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۇيىقەستتە ۋاپات بولغانغا قەدەر كەشمىرنى 10 يىل ئىدارە قىلىدۇ.

ئۇنى زور شۆھرەتكە ئىگە قىلىپ، نامىنى دۇنياغا تاراتقان مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي»نى ئەنە شۇ كەشمىرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە 1541 ـ 1546 ـ يىللار ئارىلىقىدا پارس تىلىدا يازغان. ئۇ بىزگە يەنە تۈركىي تىلىدا يازغان «جاھاننامە» ناملىق شېئىرىي ئەسىرىنى مىراس قالدۇ ـ

---

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، ئۈرۈمچى، 1996 ـ يىل، 67 ـ 69 ـ بەتلەر.

روپ كەتكەن.

**2. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ يېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى**

ئەسەر ئىككى جىلددىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ 2 ـ جىلدىنى ئاۋۋال، 1 ـ جىلدىنى كېيىن يازغان ھەم ئۇلارغا «مۇختەسەر» (قىسقىچە تارىخ) ۋە «تارىخىي ئەسل» (ئەسلىي تارىخ) دەپ نام بەرگەن، ئومۇمىي كىتاب نامىنى «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئاتىغان.

مىرزا ھەيدەر ئەسىرىگە «تارىخى رەشىدىي» دەپ نام بېرىشىنىڭ سەۋەبىنى ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «موغۇل خانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى توغلۇق تۆمۇرخاندىن باشلاندى. توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ تەۋسىيىسى بىلەن بولدى، بۇ، ئەسىرىمنى (تارىخى رەشىدىي) دەپ ئاتىشىمنىڭ بىرىنچى سەۋەبى؛ ئىككىنچى سەۋەب: توغلۇق تۆمۈرخاندىن ئىلگىرى بۇراقخان، ئۇنىڭدىن كېيىن كېپەك خانلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقىنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى راۋاج تاپمىغانىدى. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا ئارقىغا قايتىپ ئىسلام دىنىدىن چەتنەشكە ئۇرۇناتتى، ئەمما توغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن تەڭ ئىسلام دىنى موغۇللار ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ ئومۇملاشتى. بۇ تارىخ ئۇنىڭ نامىنى بايان قىلىش بىلەن باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، (تارىخى رەشىدىي) دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم: ئۈچىنچى سەۋەب: بۇ خانلارنىڭ ئاخىرى ئابدۇرېشىت خان بولۇپ، بۇ تارىخ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئۈچ سەۋەب بىلەن بۇ تارىخ (تارىخى رەشىدىي) دەپ ئاتالدى»[①].

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئاتاشنى گەرچە يۇقىرىدىكى ئۈچ سەۋەب بىلەن ئىزاھلىغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاسا-

① ھاجىنۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۈرۈمچى، 1993 ـ يىل، 233 ـ بەت.

سى سەۋەب يەنىلا بۇ كىتابنى سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت خانغا بېغىشلاپ يازغانلىقى ئىدى. گەرچە مىرزا ھەيدەر ئابدۇرېشىت خاندىن رەنجىگەن، دىلى ئازار يېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاتىسى سەئىدخاندىن كۆپ ياخشىلىقلار كۆرگەن، سەئىدخان ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلغان بولغاچقا، سەئىدخانغا بولغان ھۆرمەت ۋە ساداقىتى يۈزىسىدىن، ئابدۇرېشىت خاندىن رەنجىگەنلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەبەدىي يادىكار قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەسىرىنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىغانىدى. بۇ ھەقتە ئۆزىمۇ: «ئاتاخاننىڭ پەرزەنتلىرىدىن ماڭا كۆپ يامانلىقلار كەلدى. قىسقىچە تارىخ كىتابىمنى قوبۇل قىلسۇن ياكى رەت قىلسۇن، ئۇنىڭ نامىغا بېغىشلايمەن، مەندىن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭدىن ئەھلى ئالەمگە يادىكار قالغاي، بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىدىن ئېلىپ قويدۇم» دەپ يازىدۇ①.

ئۇ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن ئاۋۋال ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن، شەرەپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ «تۆرت ئۇلۇس تارىخى» ۋە «مەجمەئۇتتەۋارىخ» (ئومۇمىي تارىخ)، «مۇنتەھەبەتتەۋارىخ»، «تارىخى گۇزىدە»، «نۇسرەتنامە» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئۆگىنىپ چىققان ھەم ئەسىرىدە ئۇلاردىن پايدىلانغان. ئالىمنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىغا ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەت، بۇرچ تۇيغۇسى تۈرتكە بولغان. ئۇ: «تارىخ ئىلمى پەزىلىتى زىيادە، شەرەپلىك، پايدىسى ۋە سەمەرىسى كۆپ ئىلىم» دەپ تەرىپلەپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ۋەجەدىن تارىخ يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتقا قەدەر يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردە چىڭگىزخاندىن تارتىپ تۇغلۇق تۆمۈرخانغىچە بولغان تارىخ بايان قىلىنغانلىقى، تۇغلۇق

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تەرجىمە قىلغان قولىيازما نۇسخىنىڭ 14 ـ، 186 ـ بەتلىرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

تۆمۇرخاندىن كېيىنكى تارىخ بولسا يېزىلمىغانلىقى، بۇ تارىخ-نى بىلىدىغان، ئېسىدە تۇتىدىغانلارنىڭ قالمىغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغان.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىلمىي قىممىتى ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ يەردىكى، مۇئەللىپ شۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىۋاستە قاتناشچىسى ۋە شاھىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ياز-غانلىرى، بايان ـ مۇلاھىزىلىرى ئىشەنچلىك، تارىخىي پاكىتلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن، بۈ-گۈنكى شىنجاڭنىڭ 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان 200 يىللىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە نو-يۇزلۇق مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ 1 ـ جىلدى ھىجرىيە 951 ـ، 952 ـ يىللىرى (1544 ـ، 1546 ـ يىللىرى) يېزىلغان. ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆ-مۇرخاندىن تارتىپ تاكى ئابدۇرېشىت خانغىچە بولغان 200 يىل-لىق تارىخ مۇپەسسەل بايان قىلىنغان. تۇغلۇق تۆمۇرخاندىن باشلانغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىلادىيە 1370 ـ يىللىرى ماۋەرائۇننەھىر ئاساس قىلىنىپ بارلىققا كەلگەن تۆ-مۇرىيلەر دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر؛ تۆمۇرىيلەرنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى؛ شەر-قىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى يۇنۇس خاننىڭ ئوغلى مەھمۇدخاننىڭ تۆمۇرىيلەردىن بولغان ئۆمەر شەيخ، ئەھمەد شەيخلەر بىلەن بولغان ئىجابىي ۋە سەلبىي ئالاقىلىرى؛ مەھ-مۇدخاننىڭ ئاخىرى تاشكەنتنى ئىگىلىشى؛ ماۋەرائۇننەھىرگە ئۆزبېك خانى شەيبانىخاننىڭ بېسىپ كىرىشى؛ مەھمۇدخان بى-لەن شەيبانىخان ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار، ئاخىرى مەھمۇدخاننىڭ شەيبانىخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىشى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

2 ـ جىلد ھىجرىيە 948 ـ 951 ـ يىللىرى (1541 ـ 1544 ـ يىللار) يېزىلغان. ئۇ ئەسلىمە تەرىقىسىدە يېزىلغان

بولۇپ، مىرزا ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان ھالدا شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. يەنى مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ ھىجرىيە 905 ـ يىلى تاشكەنتتە دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرى، تارىخىي پائالىيەتلىرى؛ شەيبانىخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى، ئۇنىڭ قىرغىنچىلىقى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر؛ زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 ـ 1530 ـ يىللار) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا دائىر تەپسىلاتلار؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم ۋىلايەت ۋە شەھەرلەر ھەم ئۇ يەرلەردىكى ئاھالىنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك يەر ـ جاي ناملىرى، ئېتنوگراپىيىلىك ماتېرىياللار؛ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ جۇغراپىيىسىگە دائىر مەلۇماتلار؛ موغۇل خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى ۋە خانلارنىڭ نەسەبىگە دائىر بايانلار خاتىرىلەنگەن.

بىز «تارىخى رەشىدىي»دە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان بۇخارا، خۇراسان، ھىرات شەھەرلىرى ۋە بۇ يەرلەردىكى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالىغا دائىر ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۇچرىتىمىز.

«تارىخى رەشىدىي»دە يەنە ھەربىي ئىلىمگە دائىر نۇرغۇن مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. مىرزا ھەيدەر ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا، يەنى بابۇرنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا بابۇرغا ھەمراھ بولۇپ شەيبانىخانغا قارشى ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان. 1514 ـ يىلى سەئىدخان بىلەن بىللە مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش كۈرەشلىرىگە قاتناشقان؛ 1516 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئىشىنى ئۆزى بىۋاسىتە بىجىرگەن؛ سەئىدخانغا ۋاكالىتەن قىرغىزلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش سۆھبىتىگە قاتناشقان؛ سەئىدىيە خانلىقى قوشۇنىنىڭ كەشمىر، لاداخ، تىبەت،

بەدەخشان قاتارلىق جايلارغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قوماندانلىق قىلغان. ئۇ ئەسىرىدە مۇشۇ ئۇرۇشلار جەريانىدىكى چارە ـ تەدبىر، مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەسەردە يەنە قازاق خانلىرىدىن جانىبەك، قاسىمخان، مىدماشخان، تاھىرخانلارنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ قاسىمخان بىلەن سەئىدخان ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت توغرىسىدا، سەئىدخانىنىڭ قېرىندىشى خېلىل سۇلتان بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىمۇ خېلى كەڭ مەلۇماتلار بېرىلگەن. تىبەت، كەشمىر، بەدەخشانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دائىر بايانلارمۇ بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

### 3. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ مىرزا ھەيدەر ئۆز قولى بىلەن يازغان پارسچە ئەسلىي نۇسخىسى كەشمىر كۇتۇپخانىسىدا ياخشى ساقلانغان بولۇپ، 1948 ـ يىلى كەشمىردىكى بىر قېتىملىق ھادىسىدە 1 ـ جىلدى يوقىلىپ كەتكەن. 2 ـ جىلدى ھازىر ئافغانىستاندىكى كابۇل مائارىپ مىنىستىرلىقى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ پارسچە ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ۋە تۈركىي تەرجىمە نۇسخىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچالاردا كەڭ تارقالغان. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە فرانسىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، ئەنگلىيە شەرقشۇناسلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىدىكى بىردىنبىر مەنبەگە ئايلىنىپ، شەرقشۇناسلار تەرىپىدىن قىسمەن ياكى تولۇق ھالدا غەرب تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنياغا تارقالغان.

ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى دەسلەپتە ئەنگلىيىلىك

شەرقشۇناس دېنسون روس تاپقان. بۇ نۇسخا ھازىر بىرىتانىيە موزېيىدا ساقلانماقتا. لېكىن بۇ نۇسخىنىڭ قاچان، كىم تەرد-پىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، پەقەت كىتابنىڭ باش تەرپىدىكى بوش بېتىگە بۇ نۇسخىنىڭ ھىجرىيە 1145 - يىلى (مىلادىيە 1732 - 1733 - يىللىرى) مىرزا مۇھەممەد مۇئتە-مىدخان ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى يېزىپ قويۇلغان. بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، كىتابنىڭ بۇ كىشىنىڭ قولىغا چۈشكەن 1732 - يىلىدىن خېلى بۇرۇن كۆچۈرۈلگەنلىكى چوقۇم، ئەمما بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق.

«تارىخى رەشىدىي» موللانىياز يەركەندى دېگەن كىشى تەرد-پىدىن ھىجرىيە 1102 - يىلى (مىلادى 1690 - 1691 - يىل-لىرى) پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئېھتىمال بۇ نۇسخا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تەرجىمە نۇسخىلار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپتە تەرجىمە قىلىنغان مۇكەممەل تەرجىمە بولۇشى مۇمكىن. موللانىياز ئەسەرنى ئۆلۈك تەرجىمە قىلماستىن، چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ تەرجىمە قىلغان، نۇرغۇن ئىبارە ۋە جۈملىلەرگە چۈشەنچە يازغان، ئاپتورنىڭ مەقسىدىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا موللانىياز يەنە ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇزۇن بىر ئىلاۋە يازغان بولۇپ، «تارىخى رشىدىي»دە بايان قىلىنغان ۋەقە-لەردىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقە ھادىسىلەر ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭ بۇ تەرجىمىسى ھازىرقى زامانىڭ تىلى بىلەن ئېيت-قاندا، ئىزاھ، شەرھى ۋە تەتقىقات بىللە قىلىنغان مۇكەممەل تەرجىمە دېيىش مۇمكىن. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بۇ تەرجىمىسى جا-مائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى.

موللانىيازدىن كېيىن «تارىخى رەشىدىي»نى ئەدىب ۋە تا-رىخشۇناس مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قەشقەر ئەمىرى يۇنۇس تاجىبەگنىڭ پەرمانى بىلەن ھىجرىيە 1163 - يىلى (مىلادىيە 1749 - 1750 - يىللىرى) قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى بۇ تەرجىمە ھەققىدە 1 -

جىلدىنىڭ ئاخىرىدىكى پارسچە مۇندەرىجە ئۈستىگە پارسچە تىۋ-
ۋەندىكىلەرنى يېزىپ قويغان: «كى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي
كاشغەر ئەمىرى يۇنۇس تاجبەگ بىن ئىسكەندەربەگ بىن ئىمىن
خوجىنىڭ پەرمانى بىلەن پارسىيدىن تۈركىيگە تەرجىمە قىلدى
ۋە مۇھەممەد سادىق شۇكى، (تارىخى تەبەرى)نى ئەرەبىدىن تۈر-
كىيگە تەرجىمە قىلغان»[1].

بۇ تەرجىمە نۇسخا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكا-
دېمىيىسىنىڭ ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ماقالىدە مۇھەممەد
سادىق قەشقەرىنىڭ مەزكۇر تەرجىمىسىنىڭ كۆپىيىسىدىن
پايدىلاندىم.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرى ئى-
چىدە ئەڭ ياخشى ۋە مۇكەممەل ساقلانغىنى ئىنجىل جەمئىيە-
تىدە ساقلانغان نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخىنىڭ ياردىمىدە باشقا
نۇسخىدىكى ئوقۇغىلى بولمىغان يەرلەر، خاتالىقلار ۋە ئىملادىكى
سەۋەنلىكلەر، يەر ـ جاي ناملىرى، قەبىلە ئىسىملىرى قاتار-
لىقلارنى تولۇقلاش، تۈزىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. بۇنىڭدىن
بۇ كىشىنىڭ ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلـ-
گىلى بولىدۇ. تەرجىمان ئەسەرنى ئىنچىكە ئۆگىنىپ تەتقىق
قىلىپ ئاندىن تەرجىمە قىلغان بولۇپ، چۈشىنىكسىز سۆز ـ
ئىبارىلەرگە شەرھى يازغان، بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرىغا
ئىزاھ بەرگەن ھەم تەرجىمىدىن كېيىن بىر ئىلاۋە يازغان.
ئەپسۇس، تەرجىمان ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازمىغان. ئۇ ئەسەرنىڭ
ئاخىرىغا پەقەت: «مەن بۇ تەرجىمىنى خوتەن شەھىرىدە ھىجرى-
يىنىڭ 1263 ـ يىلى (مىلادىيە 1845 ـ يىلى) 22 ـ جامەدد-
ئول سانى كۈنى پۈتكۈزدۈم» دەپلا يېزىپ قويغان، ئۆزىنىڭ نام ـ
شەرىپى ھەققىدە ھېچ نەرسە قالدۇرمىغان.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى

---

[1] مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تەرجىمە قىلغان قولىيازما نۇسخىنىڭ 14 ـ، 186 ـ بەتلىرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمىسىنى مەرھۇم شائىر ئەھمەد زىيائى ئەپەندى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ، بىرنەچچە كۆچۈرمە نۇسخىلارنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، تولۇقلاپ ئىشلەپ چىقتى. ۋەھالەنكى بۇ تەرجىمىمۇ تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ھازىرغىچە جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. شۇنداقتىمۇ مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ئەپەندىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەمگىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىپ، ياد ئېتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئەسەرنى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا باشلانغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئەڭ ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى بىرىتانىيە مۇزېيىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئېسكىرىن ئەپەندىدۇر. ئۇ 1841 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «تارىخى رەشىدىي»دىن قىلىنغان 221 بەتلىك قىسمەن تەرجىمىسىنى تاماملىغانىدى. لېكىن بۇ تەرجىمە نەشر قىلىنمىغاچقا، بۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر خەۋەر تاپمىغان. بۇ تەرجىمە ھازىر بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ تەرجىمە قىسمەن تەرجىمە بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغان. بۇ ھەقتە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ باش مۇھەررىرى ئېلىئاس: «بۇ تەرجىمە گەرچە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى (تارىخي رەشىدىي)نىڭ تەرجىمىسى دەپ قاراش ناھايىتىمۇ قىيىن. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، مەن ئېسكىرىن ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسى باشقىچىرەك بىر مۇددىئادا تەرجىمە قىلىنغان بولسا كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدىم؛ ئۇ بۇ تەرجىمىسىنى ئېھتىمال ئۆزى تۈزگەن (موغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان تارىخى) ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەرجىمە قىلغان بولسا كېرەك»، دەيدۇ[①].

① مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، بىرىنچى جىلد، 9 ـ 10 ـ بەتلەر.

ئېسكىرىندىن باشقا «تارىخى رەشىدىي»نىڭ پارسچىسىدىن كەڭ پايدىلانغان ئىنگلىز ئالىملىرىدىن بىرى ۋ. خ. بېللېۋ بولدى. دوكتور بېللېۋ 1872 ـ يىلى د. فورسىسنىڭ قەشقەرنى تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيىسىگە قاتناشقان. فورسىسنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ شىنجاڭغا ئائىت قىسمى «تارىخى رەشىدىي»دىن ئېلىنغان. لېكىن دوكتور بېللېۋ «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىلا تەرجىمە قىلىپ پايدىلانغان. قەشقەردە خىزمەت قىلغان روبېرت شاۋ «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بىرنەچچە بابىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ، 1876 ـ يىلى «جۇغراپىيە جەمئىيىتى مەجمۇئەسى»دە ئېلان قىلدۇردى. بۇ قىسمەن تەرجىمىلەر ئىنگلىز ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىشىغا ئېهتىياج تۇغدۇرغانىدى.

مانا شۇ ئېهتىياج بىلەن 1895 ـ يىلى «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىنگلىزچە تولۇق تەرجىمىسى لوندوندا نەشردىن چىقىدۇ. بۇ تەرجىمىنى ئېلئاس ئۈيۈشتۇرغان بولۇپ، دېنسون روس تەرجىمە قىلغانىدى. تەرجىمە مۇهەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئېلئاس ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدىن قايتا ئىشلەپ، زۆرۈر بولغان ئىزاھ، چۈشەنچىلەرنى بەرگەن ھەم ئەسەرگە ئۇزۇن بىر سۆز بېشى يېزىپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، بايان قىلىنغان تارىخىي ۋەقە، يەر ـ جاي ناملىرى ۋە باشقىلار ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك توختالغان. بۇ تەرجىمىنى ياۋروپا تىللىرىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تولۇق ھەم ئىلمىي نەشرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇ تەرجىمە نەشردىن چىقىشى بىلەنلا، ياۋروپا شەرقشۇناسلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەنبەگە ئايلاندى. ئاكادېمىك بارتولد «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىنگلىزچە نەشرى ھەققىدە تەقرىز يېزىپ، ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىققانلىقىنى ئالا-

ھىدە قۇتلۇقلايدۇ ھەم تەرجىمان بىلەن مۇھەررىرنىڭ ئەمگەكىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدە ساقلانغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

1897 ـ يىلى ئەسەر قايتا نەشر قىلىنىدۇ. قايتا نەشرىدە ئېلىئاس ئەسەر ئىسمىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» دەپ ئۆزگەرتىپ، ئاستىغا ئەسلىي ئىسمىنى قوشۇمچە قىلىپ قويىدۇ. ئۇ بۇ ئۆزگەرتىشنىڭ سەۋەبىنى ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسانراق چۈشىنىشى ۋە كۇتۇپخانىلارنىڭ تۈرگە ئايرىشىغا قولاي بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىندى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ نەشرى 1972 ـ يىلى قايتا بېسىلدى.

رۇس ئالىملىرىدىن گرىگورىيېۋ، د. د. ۋىلىيامىن ـ زېرنوۋ، ن. ن. مىنگلوۋ قاتارلىقلارمۇ «تارىخى رەشىدىي»دىن كەڭ پايدىلانغان ھەم ئۆزىگە كېرەكلىك قىسىملىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىشقانىدى.

1985 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشردىن چىقتى. بۇ تەرجىمە 1895 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىكىلەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، زۆرۈر بولغان ئىزاھ ۋە ئىندېكسلەر قوشۇپ نەشر قىلىنغان، يەنە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ باش مۇھەررىرى ئېلىئاس بىلەن تەرجىمان روسنىڭ تەرجىمىھاللىرى قوشۇمچە قىلىنغان.

1996 ـ يىلى تاشكەنتتە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ پارسچىدىن قىلىنغان رۇسچە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. بۇ تەرجىمىنى ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئالىم، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئەسامىددىن ئورىنبايېۋ، رەنا جەلىلوۋا ۋە لارىسا يېپىفانوۋالار ئىشلىگەن. تەرجىمىدە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان، 17 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن مۇكەممەل نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان، سانكىت پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى قولياز-

مىنىڭ فوتو نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلىنىلغان. بۇ تەرجىمىگە ئۇزۇن بىر سۆز بېشى، ئىلمىي ئىزاھلار ھەمدە يەر ـ جاي نام ـ لىرى، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار، تارىخىي ئاتالغۇلار ئۈچۈن كۆرسەتكۈچ بېرىلگەن، ھەربىر بەتتە دېگۈدەك ئەسەرنىڭ تۈر ـ لۈك قولىيازما نۇسخىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

1996 ـ يىلى تاشكەنتتە رۇسچىسى نەشردىن چىقىپ ئە ـ لىم ساھەسىدىكىلەرنى خۇشاللاندۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، بۇ خۇ ـ شاللىقتا يەنە بىر خۇشاللىق قوشۇلدى. ئۇ بولسىمۇ «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 1996 ـ يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە يېڭى تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ دۇنياۋى ئىككى چوڭ تىلدىكى نەشرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا چىقىشى ھەقىقەتەنمۇ تاسادىپىيلىق ھەم خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. ئەسەرنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى بۇ يېڭى تەرجىمىسىنى ئامېرىكىلىق شەرقشۇناس ئالىم تاكىس ـ تون ئىشلىگەن بولۇپ، ئىككى توم (1 ـ توم پارسچە ئەسلى مە ـ تىن، 2 ـ توم ئىنگلىزچە تەرجىمە) قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.

تاكستون «تارىخى رەشىدىي»نىڭ دېنىسون روس تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 1895 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ۋە كېيىنكى ئىككى قېتىم قايتا بېسىلغان نۇسخىسىنى مۇكەممەل ئەمەس دەپ ھېسابلاپ، پېتربۇرگ ۋە لوندون شەھەرلىرىدىكى كۇتۇپ ـ خانىلاردا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلارنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا قايتا ئىشلەپ چىققان. بۇ تەرجىمە روسىنىڭكىگە نىسبەتەن خې ـ لىلا تولۇق ھېسابلىنىدۇ. تاكستون «تارىخى رەشىدىي»نى تەر ـ جىمە قىلىشتىن ئىلگىرى «بابۇرنامە»نى ئەسلىي تۈركىيچە مە ـ تىن، 16 ـ ئەسىردە قىلىنغان پارسچە تەرجىمىسى ۋە ئۆزى ئىشلىگەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بىلەن ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئالىم ئىدى.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ نەشر ئې ـ تىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبېكىستاندا ئايدا بىر چىقىد ـ

ـدىغان «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى نىمەتۇللا ئىبراھىموف ۋە غۇلام كەرىموفلارنىڭ «دىل دەردىنىڭ دەۋاسى» دېگەن تەقرىـ ـزى ئېلان قىلىندى. تەقرىزدە ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ھاياتى، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى قىسقىچە بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسەرـ نىڭ رۇسچە، ئىنگلىزچە تەرجىمىلىرى، شۇنداقلا روسنىڭ تەرجىمىسى بىلەن تاكستوننىڭ تەرجىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، بۇ تەرجىمىلەردە قالدۇرۇپ قويۇلغان بىر قىسىم مەزـ مۇن ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.

مىرزا ھەيدەر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىغا ئۇلگۈرـ تۈپ، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۆلمەس مىراسى — «تارىخى رەشىدىي»نىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلى سەھىپىلىرى ئارقىلىق بولىدـ ـمۇ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ قۇتـ ـلۇقلاشقا ئەرزىيدىغان كاتتا ئىش بولدى.

ئاخىرىدا مەن ماقالەمدە يۇقىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ تەقرىـ ـزىدىن پايدىلانغانلىقىمنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. مېنى «تارىخى رەشىـ ـدىي»نىڭ تۈركىي تەرجىمىسىنىڭ كوپىيە نۇسخىسى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان دوستۇم ئابلىز ئورـ خۇنغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

# گىلاۋخوي ۋە سىيىت نوچى

## نۇرمۇھەممەت زامان

زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق جەمئىيەتتە كۈچ-لۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان، ئەمەلدارلار، باۋچاڭلار، بايلار ۋە بايۋەچچىلەر جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان ئاجىزلارنى كەمسىتىدىغان، ھەتتا خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغان پاجىئەلەر، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ قارا چاپلاپ سۈيىقەست قىلىدىغان ئەھۋاللار دائىم سادىر بولۇپ تۇراتتى. زىيانكەش-لىككە ئۇچرىغۇچىلار بۇ ھەقتە ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنسا، ئۇنى سورىمايتتى، پارىخور سوراقچىلار بۇنىڭغا نەزەر سېلىپمۇ قوي-مايتتى، ئەكسىچە، بەزى چاغلاردا ئۇلار ئىستىبدات تۇزۇمگە يۆ-لىنىپ خەلقنى قاقشىتاتتى. پايدا يەپ زوراۋانلارغا يان باساتتى. شۇڭلاشقا خورلانغانلارنىڭ بەزىلىرى بۇ دۇنيادىكى ئادالەتسىز-لىكتىن زار ـ زار قاقشاپ، گېپىنى ھېچ يەردە ئۆتكۈزەلمەي بۇرۇختۇم بولۇپ ئۆلۈپ كېتەتتى. بەزىلەر يەككە ـ يېگانە قار-شىلىق كۆرسىتىپ بېقىپ، تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولاتتى. يە-نە بەزىلەر بولسا، ئۆزىنى قوغداش، بوزەك بولماي ياشاش ئۈچۈن ئۆيۈشۈپ ئەنتىنى ئالاتتى. ئۆزلىرىدەك بوزەك بولغۇچىلارغا خەيرخاھلىق قىلاتتى. گېلاۋخوي مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە خەلق ئىچىدە قۇرۇلغان تەشكىلاتتۇر.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، گېلاۋخوي چيەنلۇڭ يىللىرىدا پەيدا بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى باشلىقى «چوڭ ئاكا» دەپ ئا-تىلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىلىرىدا پائا-لىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن مۇستەھكەم دوستلۇق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، بوزەك قىلىن-

غوچىلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغۇ-
چىلاردىن ئۆچ ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە ئىن-
ناۋىتى ئۆسۈپ، ئەزالىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن. كېيىنرەك
ئۇنىڭ ئۇيۇشمىسىغا (گېلاۋخۇيغا) تۇۋەن قاتلامدا ياشايدىغان
شەھەر كەمبەغەللىرى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، ئېلىپ ـ سا-
تارلار قاتناشقان.

شىنجاڭدا گېلاۋخۇي 1862 ـ يىلى پەيدا بولغان. جياڭ
گېن 1905 ـ يىلى ئىلى جياڭجۇنلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ
چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يېڭىدىن تەشكىللەن-
گەن ھەربىي قوشۇننى باشلاپ 1908 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ
كۈنى ئىلىغا يېتىپ كېلىدۇ. مانا مۇشۇ ھەربىي قوشۇن ئىچى-
دىمۇ گېلاۋخۇي ئەزالىرى بار ئىدى.

شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي باشتىن ـ ئاخىر مەخپىي ھەرىكەت
قىلغاچقا، تەشكىلاتنىڭ راۋاجلىنىشى ناھايىتى ئاستا بولغان.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىچىدە گېلاۋ-
خۇينىڭ ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش چەكلىنەتتى، ئەمما
گېلاۋخۇي ۋىجدانلىق بولۇشنى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى تە-
كىتلەش ئارقىلىق تەشكىلات ئەزالىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايت-
تى. ئۇلار ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆ-
رۈشكەندە مەخپىي سۆز ئىشلىتەتتى. يەنى خەنزۇچىدىكى ھەر-
بىر تاۋۇشنىڭ ئالدىغا مەنىسىز قوشۇمچە ئاھاڭدىن بىرنى قو-
شاتتى، باشقىلار بۇنى چۈشىنەلمەيتتى.

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلى-
رى ئىچىدە باشقۇرۇش ئاجىزلىشىپ، ھەربىي ئىنتىزام بوشاپ
كېتىدۇ. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى قۇرغان بۇرژۇئا ئىنقىلابىي
پارتىيىسى ـــ تۇڭمېڭخۇينىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۈزۈمىنىڭ بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن
پايدىلىنىپ، جايلاردىكى گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئادەم
ئەۋەتىپ، تەڭرىتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىڭ سۇلالىسى
قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. دەل شۇ

مەزگىلدە كۇچا، بۈگۈر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى گېلاۋخوۋي تېزلىكتە ئالاقە پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ئەزا قوبۇل قىلىپ پائا- لىيەتنى باشلىۋېتىدۇ.

ياڭ زەڭشىننىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشنى قوللايدىغان گېلاۋخوۋي تەشكىلاتلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇلار ئىلى، قەشقەر، يەكەنلەردە ھەرىكەت ئېلىپ بار- غاندا، يەرلىك شارائىتقا ناھايىتى تېز ماسلىشىپ، مىللىي ۋە دىنىي چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، ئۇلار ئەجنەبىيلەرگە، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ھەممە كىشى باراۋەر بولۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا ئىنقىلاب بورىنىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. 1911 ـ يىلى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. قوز- غىلاڭ رەھبىرى، تۆگمېخخۇيىنىڭ غوللۇق ئەزاسى بولغان خۇ- نەنلىك ليۇشەنجۈن ئۈرۈمچىدىكى گېلاۋخۇيىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شياۋسەنلەر بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بىراق خا- ئىنلارنىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشى بىلەن ئۇلار يوەن داخۇا تەرىپى- دىن باستۇرۇلىدۇ. 1912 ـ يىلى خوتەننىڭ چىرا ناھىيەسىدە چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە قارشى كۆتۈرۈل- گەن قوزغىلاڭدىمۇ گېلاۋخۇيچىلار يېقىندىن ماسلىشىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ. ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىدا ئۇلارنىڭ رولى تې- خىمۇ چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ئىنقىلاب غەلىبە قازىنىپ جۇمھۇرى- يەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەردىن باشقا گېلاۋخۇيىنىڭ باشلىقلىرىمۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. ئىلى شىن- خەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، قەشقەردىكى گېلاۋخۇيىنىڭ باشلىق- لىرىدىن بيەن يۇفۇ، ۋاڭ دىشېگلار قەشقەر دوتىيى يوەن خۇڭ- يۈنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن يوەن داخۇا ئىچ- كىرىگە بەدەر تىكىۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى بولۇپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئا- لىدۇ. ئۇ گېلاۋخۇيغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. شۇڭا ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى ھەربىي كۈچ بىلەن دەھشەتلىك باستۇرىدۇ.

گەرچە ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى مەغلۇپ بولۇپ، گېلاۋخۇي باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەل-قىنىڭ سان ـ ساناقسىز مەردانە ئىزباسارلىرى مەيدانغا كېلى-دۇ. سېيىت نوچى ئەنە شۇ قەھرىمان ئىزباسارلارنىڭ بىرىدۇر.

سېيىت نوچى 1875 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە نامرات ئا-ئىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا تولىمۇ غۇربەت تۇرمۇش كەچۈرگەن، بايلارنىڭ ئىشكى ئالدىدا يالىنىپ ئىشلەپ، باي باللىرىنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرىنى ئىشىتىپ، تاياقلىرىنى يەپ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە كۆلپەت ئىچىدە چوڭ بولغان. شۇڭلاشقا بىر خىل ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ يۈرىكىگە كىچىكىدىنلا ئورناپ كەتكەن. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قارشىلىق، يېتىم ـ يې-سىر، غېرىب ـ غۇرۋالارغا بولغان ھەمدەمسىلىك «سېيىت نو-چى» داستانىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

يېتىم دەيسەن، غېرىب دەيسەن،
نەزەرىڭگە ئىلمايسەن.
كەمبەغەللەر دادىغا،
ھەرگىز قۇلاق سالمايسەن.

يېتىم ـ غېرىب، مىسكىن دەپ،
ئازار بەرمە ھەي زالىم.
سەندەك بىرەھىملەرنى،
دوزاخ يۇتسۇن ئىلاھىم.

سېيىت نوچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاچ كۆز، تاش يۈرەك، خە-سىس كېلىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇلارغا نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىك، نەپرەت-لىنىش ھېسسىياتى مەۋجۇت ئىدى. رېئاللىقتا بولغان نارازى-لىق، ئادالەتسىز تۈزۈمگە بولغان قارشىلىق ئۇنىڭ بۇ ئىنقىلاب

سېپىگە قوشۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان. ئۇنىڭ ئىنقىلاب سېپىدـ
گە قاتناشقانلىقى ھەققىدە «سېيىت نوچى» داستانىدا مۇنداق باـ
يان قىلىنىدۇ: «ئەلقىسسە، ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى، سېيىت
ئاخۇن گىلاۋخۇيچىلارغا قېتىلىپ «سېيىت گاڭگوڭ» دەپ ئاتالـ
دى، قان شورىغۇچى تىرىكتاپ بايلار، پارىخورئەمەلدارلارنىڭ
كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالدى...» ئۇ گىلاۋخۇيغا قاتناشقاندىن
كېيىن «ھاشىم گىلاۋخۇي» دەپ نام ئالغان يەكەنلىك ماھىر
چامباشچى ھاشىم ئاكىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، زورلۇق ـ
زورلاۋانلىقا، زۇلۇم ـ زۇلمەتكە قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ ۋە قان
شورىغۇچى تىرىكتاپ بايلار، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ راسا ئەدەـ
پىنى بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

قارا ساچىم يەلپۈنۈپ،
قاشىمغا چۈشتى.
تۇمەن سەۋدا ـ بالالار،
باشىمغا چۈشتى.

بولدى مېنىڭ يۆلەنچىم،
گىلاۋخۇي ھاشىم.
چامباشلىقنى ئۆگەتتى ئۇ،
جان دوست ـ ئاداشىم.

گىلاۋخۇيغا جەم بولدۇق،
دارىنغا قارشى.
خىيانەتچى، پارىخور،
زالىمغا قارشى.

بەلنى باغلاپ يەڭ تۇرۇپ،
كۆتۈردۇق غەۋغا.

مەيلى دېدۇق بىزنى باغلاپ،
ئاسسىمۇ دارغا.

تەڭسىز جەمئىيەت، ئادالەتسىز تۈزۈمدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن سېيىت نوچى باراۋەرلىك، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1925 ـ يىلى ئاقسۇنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ ئارقىلىق خەلق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە ئۆز قۇدرىتىنى تونۇتىدۇ. بىراق ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان سىياسىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، ئاممىغا تايىنىدىغان ۋە ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قوزغىتىپ كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلىدىغان ھەقىقىي ئىنقىلابىي لۇشيەنىنىڭ بولماسلىقى تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولىدۇ. نادان سېيىت نوچى ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھىيلىگەرلىكى، خۇپسەنلىكى، ئۆزىگە سۈيىقەست خەندىكى كولاپ قويغانلىقىنى بايقىيالماي، ئۆزىنىڭ ئاقسۇ دوتىيى بەرگەن ئۆلۈم خېتىنى قەشقەر دوتىيىگە ئۆزى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بېرىدۇ. سېيىت نوچى تازا قىرانىغا يەتكەندە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۇ 50 ياشلاردا ئىدى. خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەردانىلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان پىداكارلار ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇق، قەھرىمانلىقلىرى، تەسىرلىك ئىش ـ پائالىيەتلىرى تارىختا نۇرلۇق بىر سەھىپە، تىللاردا داستان بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى، دېموكراتىك ئېڭىنى ئۆستۈردى. ئىنقىلابنى قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئۇرغۇتتى، ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئوڭۇش-

لۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇلۇغۋار غەلىبىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن پارلاق يول ئېچىپ بەردى.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


1. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 7 ـ ۋە 9 ـ سانلىرى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل 4 ـ ئاي، 1983 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.

2. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 4 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.

3. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 ـ يىل 4 ـ سان.

4. «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى.

# ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆمۈرلۈك خاتالىق

— مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك رەئىسى مەسئۇدنىڭ ھاياتى

## لو شاۋۋېن



مەسئۇد سەبرى (1888 — 1950) ئۇيغۇر، شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىن، ئۇ 1888 ـ يىلى باي سودىگەر، پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش ۋاقتىدا تىرىشىپ ئوقۇپ، ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. كېيىن مائارىپ ۋە مەتبۇئات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سىياسىي سەھنىدە بىر مەزگىل شۆھرەت قازانغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى ئۇ بىر مەھەل شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك تەختىدە ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى پانتۈركىزمنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئەۋلادلارنى زەھەرلىگەنلىكتىن، تارىخ تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلاندى.

**1. ئىستانبۇل ۋە ھەيدەر پاشا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئەخلاقتا ياخشى، ئوقۇشتا ئەلا»چى ئوقۇغۇچىسى**

1900 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قانۇن ئۆزگەرتىش، يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى شىنجاڭغا، بولۇپمۇ ئىلى ۋىلايىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. شۇ چاغلاردا بەزى كى-

شىلەر چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇدى ۋە غەربنىڭ پەن ـ تېخ-
نىكا ئۇسكۇنىلىرىنى ئېلىپ كىرىپ سانائەتنى تەرەققىي قىل-
دۇردى. ھۇسەنباي گېرمانىيەدىن تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرى ۋە
تېخنىكا خادىملىرىنى كىرگۈزۈپ، غۇلجىدا بىر كۆن ـ خۇرۇم
زاۋۇتى قۇردى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تولىسى ئىسلام دى-
نىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب
دۇنياسى بىلەن ھەر خىل ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇش قولايلىق
ئىدى. بۇ، تۈرك ئوسمانلى ئىسلام ئىمپېرىيىسى 14 ـ ئەسىر-
دىن كېيىن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىنى زىلزىلىگە
سالغان، 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كونستانتىنوپولنى ئېلىپ،
قەدىمي شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى (يەنى ۋىزانتىيە ئىمپېرى-
يىسى)نىڭ ھالاكىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن دەۋر ئىدى. 19 ـ
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى
تۇنجى قېتىم دۆلەتنىڭ زور مائارىپ پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.
بۇ چاغدا ئىمپېرىيىنىڭ ھەربىي كۈچى گەرچە بىرئاز ئا-
جىزلاشقان بولسىمۇ، بىراق مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بول-
دى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇ
يەنە غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ كىر-
گۈزدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدى-
غان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇد-
رەتلىكلىكىدىن پەخىرلىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. ھال-
بۇكى، شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىرى بارغانسېرى چىرىكلىشىپ، شىنجاڭ خەلقىنى جا-
ھانگىرلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراتقانىدى. مانا مۇشۇنداق
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئۆز مىللىتىنى تېز تەرەققىي
قىلدۇرۇش ۋە ئالغا باستۇرۇش، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇل-
دۇرۇش ئۈچۈن، 1904 ـ يىلى مەسئۇدنىڭ ئاتىسى سابىر مەس-
ئۇدنى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، شۇ
چاغدىكى تۈرك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان
ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. شۇ يىلى مەس-

ئۇد 16 ياشقا كىرگەندى. مەسئۇد ئەقىللىق، تىرىشچان بول-
غاچقا، ئالدى بىلەن 5 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇلغان، ئۇ-
زۇن تارىخقا ئىگە بولغان ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ
ئوقۇدى، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ھەيدەر پاشا ئۇنىۋېرسى-
تېتىغا كىرىپ تىببىي ئىلىم ئۆگىنىپ، 1915 ـ يىلى ئوقۇش
پۈتكۈزدى. مەكتەپتە ئۇ «ئەخلاقتا ياخشى، ئوقۇشتا ئەلا»چى ئو-
قۇغۇچى دېگەن باھاغا ئېرىشتى.

مەسئۇدنىڭ ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلى دەل ياۋروپا-
لىقلار «قانخور سۇلتان» دەپ ئاتىغان ئابدۇلھەمىد II نىڭ
(1876 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن
مەزگىلى ئىدى. بۇ سۇلتان ئارمىيىنى ئىسلاھ قىلىش، قاتناش
ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، پانتۈركىزمنى پۈتۈن
ۋۇجۇدى بىلەن يولغا قويۇپ، ئوسمانلى ئىسلام ئىمپېرىيىسى،
روسىيە، جۇڭگو، ئىران، ئافغانىستان تەۋەسىدىكى تۈركىي
تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئوس-
مانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى يارىتىشنى خام
خىيال قىلىپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىنى بېسىۋې-
لىش قەستىدە بولۇۋاتاتتى. ئۇ پانتۈركىزم ئارقىلىق سانسىز-
لىغان ياشلارنىڭ مىللىي، دىنىي ئەسەبىيلىكىنى قوزغىدى.
مەسئۇد ئىستانبۇلدا ئوقۇغان 11 يىل دەل مۇشۇ پانتۈركىزملىق
ئىدىيىنىڭ ئەسەبىيلىشىپ، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن
مەزگىلى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىسسىق قېنىمۇ ئوسمانلى
ئىمپېرىيىسىدىكى يۇقىرى ۋە ياشلار بىلەن ئوخشاش ئۆركەش-
لىدى. ئۇ ئوقۇشتىن سىرتقى چاغلاردا «تۈرك يۇرتى» گېزىتى-
دىكى ھەربىر ئېغىز گەپنىمۇ قالدۇرماي ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالدى.
ئۇ 16 يېشىدىن 27 ـ يېشىغىچە پانتۈركىزملىق ئىدىيىنى ئۆ-
زىنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىگىچە سىڭدۈرۈپ، بۇ ئىدىيە بىلەن
ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، ئۆزىنى
ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقراسىدەك ھېس قىلىپ، تۈرك-
لەرنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى-

ـدەك قۇدرەت تېپىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

**2. مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش بو-يۇك تۇغىنى لەپىلدىتىش**

مەسئۇد 1915 ـ يىلى تۈركىيىدىن «ئەخلاقتا ياخشى، ئو-قۇشتا ئەلا»چى دېگەن باھا ۋە مول تېببىي بىلىم ھەمدە پاد-تۈركىزملىق ئىدىيىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى رايونىدا مەسئۇدقا ئوخشاش چەت ئەلگە چىقىپ 11 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇپ كەلگەنلەر يەنىلا ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتى بىلەن ئىستانبۇلنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ناھايىتى قالاق ھا-لەتتە قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇ ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئەسلىي تېببىي بىلىم ئۆگىنىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېسەل داۋالاشنى كۆڭلىگە پۈككە-نىدى، بىراق ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ، بىر دوختۇر قانچىلىك ئادەمنى قۇتقۇزالايدۇ؟ دوختۇر پەقەت فىزىي-ئولوگىيىلىك جەھەتتىكى كېسەلنىلا داۋالىيالايدۇ، ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىق كېسىلىنى داۋالاپ قۇتقۇزالماي-دۇ، دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تۈركى-يىدىكى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىدىكى «ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويۇش»نىڭ ئۇلۇغۋار ۋە چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېببابەتچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلدى. مەسئۇدنىڭ ئائىلىسى باي بولغانلىقتىن ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ «تۇران» مەكتىپىنى قۇردى ۋە ئۆزى مەكتەپ مۇدىرى بولدى ھەمدە ئاممىنىڭ قوللىشىنى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئاكتىپ ھالدا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تېبا-بەتچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، مائارىپ بىلەن شۇغۇللانماقچى بول-غانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق مىللەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئۆز مىللە-تىنى نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش مەقسىتىگە يەتمەك-چى بولغانلىقىنى پۈتۈن يۇرتداشلىرىغا ئۇقتۇردى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە، مەيلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد Ⅱ ئېلان قىلغان ئاساسىي قانۇندا بولسۇن، ياكى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ 1908 ـ يىلى خىتابنامە شەكلىدە ئېلان قىلىنـ. غان، مەزكۇر پارتىيىنىڭ قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان سىياسىي پروگراممىسىدا بولسۇن، تۈرك تىلىنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىـ. قى ئالاھىدە تەكىتلەنگەندى. ھېلىقى ئاساسىي قانۇننىڭ 18 ـ ماددىسىدا: «دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولغان تۈرك تىلىنى بىـ. لىش ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىدىغانلار ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان شەرتتۇر»، دېيىلگەن بولسا، 68 ـ ماددىسىدا، تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى سايلىمىدا، تۈرك تىلىنى بىلمەيدىغانلارنى سايلاشقا بولمايدۇ، سايلىنىشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى «تۈركچىـ. نى ئوقۇيالايدىغان ۋە مۇمكىنقەدەر يازالايدىغان بولۇش»، دەپ كۆرسىتىلگەن. سىياسىي پروگراممىنىڭ 17 ـ ماددىسىدا بولـ. سا بارلىق ئىپتىدائىي مەكتەپلەردە «تۈرك تىلى ئاساسلىق دەرس قىلىنىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇ چاغدا، مەسئۇدنىڭ كۆڭلىدە پەقەت پانتۈركىزملا ئۆز مىللىتىمنى قۇتقۇزالايدۇ، پانتۈركىزمنىڭ مەنىۋى كۈچى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن كېـ. لىدۇ، دېگەن قاراش بولغاچقا، ئۇ ئاچقان مەكتەپتە تۈرك تىلى ئاساسلىق دەرس قىلىندى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ياڭ زېڭـ. شىن «مائارىپنىڭ ئىچكى سىياسەت ئۈچۈن ھەممىدىن مۇـ. ھىم»لىقىنى چوڭقۇر بىلەتتى. شۇ چاغدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى باۋۇدۇنباي ئۆزى مەكتەپ ئېچىپ، تۈركىيىلىك بىر كىشىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان، تەكشۈرۈش ئارـ. قىلىق ئۇ ئاچقان مەكتەپنىڭ دەرسلىك تۈزۈلۈشىنىڭ بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئېلىمىزنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ ئىكەنلىكى بايقالغان، تۈركچە ئۆگىتىلىدىغانلىقى ياكى شۇ قېلىپتىكى ئۇيغۇرچىنىڭ تۈركچىلەشتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىـ. سالى ئىدى. بۇنداق دەرسلەر ئۆتۈلسە، ئېلىمىزگە يارامىلىق ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش قىيىنلا بولۇپ قالماسـ. تىن، ئەكسىچە مىللىي، دىنىي ئېزىقتۇرۇشنىڭ ئۇرۇقلىرىنى

چىچىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا، ياڭ زېڭشىن 1914 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى باۋۇدۇنبايىنىڭ بۇنداق مەكتەپلەر ـ نى ئېچىشىنى ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەنئى قىلدى؛ 1916 ـ يىلى تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى ئىنژېنېر ياقۇپنىڭ يەكەندە كەس ـ پىي مەكتەپ ئېچىش تەشەببۇسىغىمۇ ياڭ زېڭشىن رۇخسەت قىلمىدى. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن 1917 ـ يىلى ئوخشاش سەۋەب ـ لەرنى كۆرسىتىپ مەسئۇد ئاچقان «تۇران» مەكتىپىنىمۇ تەك ـ شۈرۈپ پېچەتلىۋەتتى.

1921 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغانلىقتىن، پانتۈركىزم بىلەن زادى چىقىشالمايدىغان بىر خىل ئىدىيە ئىلى رايونىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، مەسئۇد بۇ خىل يېڭى ئىدىيىنى تو ـ سۇش ئۈچۈن، يەنە ئۆز مەبلىغى بىلەن تۆت يەردە «دەرنەك» مەكتىپىنى ئاچتى. ياڭ زېڭشىن مەسئۇد ئاچقان بۇ يېڭى مەك ـ تەپلەرنىمۇ تەكشۈرۈپ توختىتىۋەتتى.

مەسئۇدنىڭ ئىككى قېتىم ئاچقان مەكتىپى تاقىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نىيىتىدىن ھەرگىز يانمىدى، بەلكى ھەقد ـ قەت قولۇمدا دەپ قاراپ، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى 1925 ـ يىلى يەنە ئىلى مەكتىپىنى ئاچتى. ياڭ زېڭشىنمۇ مەسئۇدنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى نەچچە قېتىم چەكلەپمۇ توسۇپ قالالمىغاند ـ لىقتىن، ئۇنى سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ يولدىن چىقىپ كەتتى دەپ گۇمانلىنىپ، ئۈچىنچى قېتىم 1926 ـ يىلى مەس ـ ئۇد ئاچقان ئىلى مەكتىپىنى تەكشۈرۈپ پېچەتلىدى ۋە مەسئۇد ـ نى سوتلاش ئۈچۈن نازارەت ئاستىدا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. ياڭ زېڭشىن مەسئۇدنى ئۈچ قېتىم ئۆزى سوراق قىلدى ھەمدە ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەكتەپ ئېچىشىدا بەلگىلىمىگە خىلاپ جايلىرى بولسىمۇ، بىراق جىنايى پاكىت شەكىللەنمىگەنلىكتىن ئۇنى كەچۈرۈم قىلدى، يىل ئاخىرىدا تەسەللى بېرىپ، گۇناھسىز دەپ قويۇپ بەردى.

1927 ـ يىلى مەسئۇد ئىلىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن،

يەنە «دۆڭمەھەللە» مەكتىپىنى ۋە ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئېچىپ، ھۆكۈمەتكە يېقىن ئادەملەرنى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ۋە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن مۇئەييەن مۇ-ناسىۋەتنى ساقلاپ قالدى.

مەسئۇد تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئون نەچچە يىل ئەقلىي قۇۋۋىتى ۋە توپلىغان 100 مىڭ سەردىن ئارتۇق مەبلىغىنى سەرپ قىلىپ مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، بىراق 12 يىل داۋامىدا ئاچقان مەكتىپى ئۇدا پېچەتلىنىپ، توختىتىپ قويۇلۇپ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى، بۇ، ئۇنىڭ پانتۈركىزمە-لىق ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مۇشۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەسئۇدنىڭ پانتۈركىزملىق ئىدىيىسى شىنجاڭدا، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا يەنىلا مەلۇم بازارغا ئىگە بولۇپ تۇردى.

**3. سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويۇش**

1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدە، چىرىكلىشىپ خۇدىنى يوقاتقان جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈ-رۈلگەن بولسىمۇ، ئاچ كۆزلۈكتە چېكىدىن ئاشقان شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مۇلكىي چوڭ ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈ-زىۋالدى. شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشتىكى ئەڭ ياخشى تاللىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىش ئىدى. مەس-ئۇد شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن كۆرۈلگەن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئۆلگە قىلىشتىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى كۆردى، بۇنداق ئۆلگە پانتۈركىزم بىلەن قاتتىق زىت كېلەتتى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە بولغان ھەر-قايسى ئەللەردە پانتۈركىزمنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئەنە شۇ سوۋېت ئىتتىپاقىچە ئىنقىلابقا كۆرسىتىلگەن بىر خىل قارشىلىق ئى-دى. بۇ چاغدا مەسئۇدنىڭ ئەھۋالى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىن-مۇ ياماللاشتى. ئۇ پالاكەت كېلىشتىن ئىلگىرى بىر قىسىم مۈلكىنى ئېلىپ ئائىلىسى بىلەن شەرققە بېرىپ تىيەنجىندە

تۇردى.

جىن شۇرېن تەختتىن يىقىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭدا ھەربىي ـ سىياسىي پەرمانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەمۇرىي كېڭەش خۇاڭ مۇسوڭنى شىنجاڭغا ھال سوراشقا ئەۋەتتى. بىراق ئۇ شېڭ شىسەي قەتئىي قارشىـ لىق قىلغاچقا ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قايتىپ كەتتى. خۇاڭ مۇسوڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قورۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن تاشقىرى، موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگىمۇ مەسئۇل بولدى. شۇ چاغدا خۇاڭ مۇسوڭ بىلەن مەمۇرىي كېڭەشنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېي شىنجاڭنى گەپ ئاڭلايدىغان، مەركەزگە بويسۇنىدىغان قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەت زاتلىرىنىڭ كۈچىگە تاـ يانمىسا بولمايدىكەن، دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېت، مەركىزىي سىياسىي مەكتەپ ۋە مەركىزىي ھەربىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن شىنجاڭلىق ئاز سانـ لىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆزىگە تارتىش قارارىغا كەلدى، بولۇپمۇ ئىلگىرى مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانۇن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، جىن شۇرېننىڭ ۋاقتىدا ئېلىـ مىزنىڭ تاشكەنتتىكى ئەلچىخانىسىدا تەرجىمان بولغان، شۇ چاغدا نەنجىڭدا ئوقۇۋاتقان يېڭىسارلىق ئەيسا ئالىپتېكىننى ئۆـ زىگە تارتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئەيسا ئالىپتېكىنمۇ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان چاغدىكى ھەر خىل ئىجـ تىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، نەنجىڭدا نۇرغۇن مۇـ ھىم كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، مەمۇرىي كېڭەشتىكى ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن ياش كاتىپ چۇ مىنيىنىڭ نەزەرىگە ئېرىشكەنـ دى. ئەيسا ئالىپتېكىن مەمۇرىي كېڭەش ۋە موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ غەرىزىنى بىلگەندىن كېيىن، مەخسۇس تيەنجىنـ گە بېرىپ مەسئۇد ۋە قەشقەردە قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرغان ئىسماـ ئىل قادىرلارنى نەنجىڭغا تەكلىپ قىلىپ ئاپاردى. نەنجىڭ تەـ رەپمۇ مەسئۇدنى بىر گۆھەر دەپ قارىدى. مەسئۇدلارمۇ نەنجىڭ

ھۆكۈمىتىگە تايىنىش قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ ئۆزلۈكىدىن بىرلىشىپ كەتتى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى دەرھال مەخسۇس خادىم، مائارىپ ئەمەلدارى قاتارلىق نامىلار بىلەن مەركىزىي پىرقە ۋە موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىغا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۇلارنى ئەۋزەل تەمىناتقا، ئازادە ئولتۇراق ئۆي ۋە ھەر خىل ئالاھىدە قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمەن قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەسئۇد گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەزا بولۇپ سايلاندى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا تېخىمۇ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەشنى قوللىدى ۋە پىلانلىدى. مەسئۇد يەنە نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تەسىرىنى كېڭەيتتى.

1934 - يىل 1 - ئايدا شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن سوۋېت ئارمىيىسى ئالتايىسكى دېگەن نىقاب بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ، شېڭ شىسەينىڭ رەقىبى ما جۇڭيىڭنى ئايروپىلان ۋە برونېۋىك قىسىم بىلەن تارمار قىلدى، مەسئۇد شېڭ شىسەينى قىزىللىشىپ كەتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زىيادىكەشلىك قىلىپ، ۋەتەننىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساتتى، دەپ ھۆكۈمەتكە ئەسكەر چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. مانا بۇ غۇلغۇلىلار دەل نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ماس كەلدى. بۇ، مەسئۇدنىڭ سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشقان تۇنجى تۆھپىسى ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كاتتا ئەمەلدارلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ۋاڭ جىڭۋېي قاتارلىقلار چېگرا ئىشلىرى خىزمىتىگە ئالاقىدار پائالىيەت - يىغىلىشلارغا ھەمىشە مەسئۇدنى قاتناشتۇرۇپ، نۇتۇق سۆزلەتتى، پىكىر بايان قىلدۇردى. ئىلگىرىكى سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ بۈيۈك سىياسىتىگە قارشى تۇرغان، ھازىر گومىنداڭ ھۆكۈمە-

تىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئىمتىھان پالاتاسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان دەي چۈەنشەن (جىتاۋ) مەسئۇدقا جىنىنىڭ بارىچە ئىلھام بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا خەنزۇچە ئىسىم تەقدىم قىلىپ، تەنتەنىلىك «ئىسىم قويۇش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپ، چېگرا ئىش-لىرى خىزمىتىدىكى سوۋېتكە قارشى تەشۋىقاتنى ئەۋجىگە كۆ-تۈردى. شۇ ۋاقىتتا دەي چۈەنشەن مەسئۇدنىڭ ئوغلىغىمۇ «مەي خۇەنشىن» دەپ خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ بەردى. مەسئۇدلار ئۆز-لىرىنى گومىنداڭغا تېخىمۇ يېقىن تۇتۇش ئۈچۈن، نەنجىڭدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، ئۇنى پىكىر قىلىش قورا-لى قىلدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ھەر سانى خەنزۇچە، ئۇيۇ-غۇرچە چىقىرىلدى. دەسلەپكى نەشرى تاش مەتبەئەدە بېسىلغان بولسا، 2 - يىلى مىخ مەتبەئەگە ئۆزگەرتىلدى.

1935 - يىلى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ پىلانلىشى بىلەن باش ئىشتابتا، ئەمەلىيەتتە جۇنتۇڭنىڭ تىزگىنلىشىدىكى ئىشپى-يونلۇق ئورگان — چېگرا ئىشلىرى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. چېگرا ئىشلىرى گۇرۇپپىسىدا بىر چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىندى. مەسئۇد بۇ ئورۇنغا مەخسۇس ئەزا قى-لىپ تەيىنلىنىپ، تەتقىقات ئورنىدا ئەرەب تىلى، ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىشكە ھەمدە شىنجاڭنىڭ چېگرا ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش-قا مەسئۇل قىلىندى. 1935 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى-دىن 22 - كۈنىگىچە گومىنداڭنىڭ 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت-لىك قۇرۇلتىيى نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، مەسئۇد مەركىزىي تەپ-تىش ئورگىنىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، يەنى مەركىزىي كومىتېتى-نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى (ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ مەر-كىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە مەركىزىي تەپتىش ھەيئەت ئەزاسى قوشۇلۇپ «مەركىزىي كومىتېت ئەزا-سى» دەپ ئاتىلاتتى). شۇ يىلى قەشقەردە شېڭ شىسەيگە قارشى چىققان 6 - شىنىڭ شىجاڭى مەھمۇد مۇھىتى، ئۆز كۈچىنىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر تەرەپتە قوللىغۇچىلارنى ئىزدەپ، ئىشەنچلىك ئا-

دەم دەپ قارىغان ئىمىن ۋاھىدى، مۆمىن ئاخۇن قاتارلىقلارنى ئەنجۈرگە ئەۋەتكەنىدى. مەسئۇد ئاكتىپلىق بىلەن بۇ ئىككى كىشىنى ئەنجۈردىكى كاتتىباشلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى.

1936 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە گومىنداڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئەنجۈردا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا دۆلەت مۇداپىئەسى كېڭىشى قۇرۇش قارار قىلىندى. مەسئۇد يىغىندا شېڭ شىسەينى قاتتىق سۆكۈپ، شىنجاڭ خەلقىگە نىجاتلىق تىلىدى. 8 ـ ئايدا موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىغا ۋۇ جۇڭشىن باشلىق بولدى، بۇ كومىتېت يەنە ئەنجۈردا «چېگرا رايون يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى»نى چىقاردى، ئۇنىڭ ھەر سانىدا ئۇيغۇرچە مەخسۇس بەت چىقىرىلدى، ئۇنىڭغا مەسئۇد ئۆزى قول سېلىپ ئارىلاشتى.

1937 ـ يىلى «7 ـ ئىيۇل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن مەسئۇد ئەنجۈردىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنى باشلاپ چۇڭچىڭغا بېرىپ، تاش مەتبەئەدە «يۇرت» ناملىق ئۇيغۇرچە ژۇرنال چىقاردى، بۇ نام ئىستانبۇلدىكى «تۈرك يۇرتى» دېگەن نامدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، «بىزنىڭ يۇرتىمىز تۈركىستان» دېگەن بۇ سۆز كېيىن ئۇزۇن مەزگىل مەسئۇدنىڭ سىياسىي شوئارىغا ئايلىنىپ قالدى.

1939 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مەسئۇد شېڭ شىسەينىڭ قىزىللاشقانلىقىنى يەنە قاتتىق سۆكۈپ، كومپارتىيىگە قارشى نۇتۇق سۆزلىدى.

1942 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ گو-

مىنداڭغا تايىنىشقا بۇرۇلغانىدى. يىغىنىدا مەسئۇد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ قاتتىق ھۇجۇم قىلدى.

1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەسئۇد شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قول تىقىش كويىدا، چۇڭچىڭدا «شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە چۈشكەن بىر داغ» دېگەن تېمىدا نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ئالىملىق سالاھىيەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئەيسا ئالپتېكىن بۇ ماقالىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ «ياشلار ژۇرنىلى»نىڭ 12 ـ جىلد 1 ـ سانىدا ئېلان قىلدى. 1944 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالپتېكىن چۇڭچىڭدا «ئالتاي ژۇرنىلى»نى نەشر قىلدى. مەسئۇد ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانىدا «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى تونۇشتۇرۇش» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بۇرمىلىدى، ئۇ بىرمۇنچە تۇتۇرۇقسىز تەھلىللەرنى يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېدى: «يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى مۇنداق خۇلاسىلەش مۇمكىن دەپ قارايمىز: (1) ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تارانچى، ئۆزبېك، تاتاردىن ئىبارەت ئالتە قەبىلە (دىققەت، ئۇ «قەبىلە» دەپ ئاتاۋاتىدۇ) ۋە تاجىكلار (دىققەت، كۆپلۈك قوشۇمچە «لار»نى قوللاندى) بىر مىللەت تۈرك مىللىتى؛ (2) ئىچكىرى رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن خەنزۇلار بىلەن بىر تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدۇ؛ (3) مانجۇ، سولۇن، شىبەلەرمۇ بىر مىللەت، يەنى مانجۇ مىللىتى؛ (4) موڭغۇل مىللىتى. ئۇ دائىم تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى ئامال قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ بىر مىللەت قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشنىلا ئويلايتتى. مەسئۇدنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى مۇشۇنداق ئايرىشى پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى.

شېڭ شىسەي 1944 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتتى. ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىن ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ۋۇ جۇڭشىن گەرچە موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ

ئادەملىرىنى كۆپلەپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بىراق مەسئۇد شىنجاڭغا قايتىپ كېلەلمىدى. چۈنكى ۋۇ جۇڭشىن موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىغا باشلىق چاغدا جۇڭچىڭدا ئاچقان سىياسىي كۇرستا بىر ئۇيغۇر سىنىپى ئېچىپ، مەسئۇدنى ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا، مەسئۇد خۇددى مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چېگرا سىياسىي فاكۇلتېتىدىكىلەرگە ئۇيغۇر تىلى ئۆگەتكەن چاغدىكىدەك، يەنە تۈرك تىلى فونېتىكىسىنى ئاساس قىلغانىدى، شۇڭا ۋۇ جۇڭشىن مەسئۇدنىڭ پانتۈركىزمچىلىقى ھەددىدىن ئېشىپ بارغانسېرى ئەۋجگە چىققىلى تۇردى، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گېپىمگە كىرمەي قويارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلدى.

1945 ـ يىلى شىڭ شىسەينىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭدا مال باھاسى ئۇچقاندەك تېز ئۆرلەپ، پۇل پاخاللىقى كۆچەيدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسى تەرتىپىنى تىزگىنلەش ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدا مەركىزىي بانكىنىڭ بىر خىل قەغەز پۇلىنى تارقىتىشنى قارار قىلدى، پۇل چۇڭچىڭ مەركىزىي باسما زاۋۇتىدا باستۇرۇلدى.ئۇ پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە خەنزۇچە خەت، ئارقىسىغا ئۇيغۇرچە خەت باستۇرۇلدى. ئۇيغۇرچىسى مەسئۇدقا تەرجىمە قىلدۇرۇلدى ۋە يازدۇرۇلدى. نەتىجىدە مەسئۇد مەقسەتلىك ھالدا «شىنجاڭ قەغەز پۇلى»نى «چىنى تۈركىستان قەغەز پۇلى» دەپ تەرجىمە قىلدى. بۇ پۇللار 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تارقىتىلغان چاغدا ئاندىن پۇلنىڭ تەرجىمىسىدە مەسىلە بارلىقى، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئاقىۋەتتە ئېغىر سىياسىي ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدىغانلىقى سېزىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن دەرھال پۇلنى يىغىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، پۇل تارقىتىش تارىخىدا پۇل تارقىتىلىپ تۆت سائەتتىلا قايتا يىغىۋېلىپ بىكار قىلىشتەك رېكورتنى ياراتتى. بۇ ھال مەسئۇدنىڭ پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە

خۇددى تۆكۈلگەن سىماب ئۇدۇل كەلگەن يەرگە يامرىغاندەك ھېچقانداق يەرنى ئالا قويمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە گومىنداڭنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى چۇڭ-چىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، بۇ شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ، چۇڭچىڭدا دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ۋاقىت ئىدى. مەسئۇد قۇرۇلتاي ئىچى ۋە سىرتىدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى شېڭ شىسەيدىن ئومۇمىي ھېساب ئېلىشقا قوزغاپ، شېڭ شىسەينىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتتى. ئارقىدىنلا 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە يەنىلا چۇڭچىڭدا گومىنداڭنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا شىنجاڭلىق كېڭەش ئەزالىرىدىن ليۇ ۋېنلۇڭ، قادىر ئەپەندى، ئۆمەر داموللا قاتارلىقلار چۇڭچىڭغا كېلىپ «ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا نۇرغۇن بىگۇناھ ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغان جاللات شېڭ شىسەينى قاتتىق جازالىشىنى تىلەيمىز»، دېگەن تەكلىپ لايىھىسىنى تەييارلىدى، يىغىن ئاخىرلىشىپ يېرىم ئايغا بارمايلا شېڭ شىسەينىڭ دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى.

**4. شىنجاڭغا قايتىش**

1946 ـ يىل 3 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، يەنى 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندە، مەسئۇد جياڭ جيېشىغا شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، شىنجاڭ خەلقىنىڭ باج سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، تۇتۇپ تۇرۇلغان بىگۇناھ كىشىلەرنى قويۇۋېتىش قاتارلىق شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى 15 تۈرلۈك تەكلىپنى قويدى ھەمدە جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ، مەركەزنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈر-

دى. جاڭ جىجوڭ مەسئۇد بىلەن ئىلگىرى باردى ـ كەلدى قىلـ
لىپ باقمىغانىدى. بۇ دورەم مەسئۇدنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ
ئۇستىگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچـ
كى ئىشلار مىنىستىرى رەھىمجان سابىر ھاجىيوف مەسئۇدنىڭ
جىيەنى بولغاچقا، بۇ مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىـ
نى ھېس قىلدى. شۇڭلاشقا يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلـ
غاندا، مەسئۇد لوجيالۇننىڭ ئورنىغا شىنجاڭ تەپتىش مەھكىـ
مىسىگە تەپتىش ئەمەلدارى قىلىپ كۆرسىتىلدى. جاڭ جىجوڭ
يەنە ئەيسا ئالپتېكىن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرالارنى شىنجاڭغا
تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. مەسئۇدنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە
ئاشتى. ئۇلار شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپلا پائال تۈردە ئامىنى
قولغا كەلتۈرۈپ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا
قارشى سىياسىي كۈرەشنى باشلىۋەتتى. مەسئۇد نەنجىڭ ۋە
چۇڭچىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە سوۋېتقا قارشى تۇرۇش،
كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلـ
تىپاتىغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىغا ئىنـ
تايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. 1946 ـ يىلى يازدا ئۇنىڭ قوللاپ
قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چۇڭچىڭدا
تەسىس قىلىنغان «ئالتاي ژۇرنىلى» نەشرىياتى لەنجۇغا يۆتكەپ
كېلىندى، ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ، نامى «ئالتاي
نەشرىياتى» قىلىپ بېكىتىلدى، مەئسۇدنىڭ ئۆزى نەشرىياتقا
پەخرىي باشلىق بولۇپ، 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا
«ئالتاي ژۇرنىلى»نى نەشر قىلدى، كېيىن ئالتاي نەشرىياتىنىڭ
نامىدا «تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇپ، ئۆزى جەمئىيەت
باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ بىرقاتار پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي
مەزمۇنى پانتۈركىزم ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى
تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

1946 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە بولغان مەزـ
گىلدە، مەسئۇد جاڭ جىجوڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى
ئىسكەنجىگە ئېلىشتىكى كوزىرى سۈپىتىدە جەنۇبىي ۋە شىمالـ

لىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ باردى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەردىن باشقا نۇرغۇن جايلىرىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىق بىلمەيدىغان ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭنىڭ «تىنچلىق سىيا ـ سىتى» كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتتىق قوللۇق پوزىتسىيە قوللىنىشنى قارار قىلـ ـدى، ئۆزى ئۆلكىنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستـ ـېپا بېرىپ، مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە كۆرسەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 2830 ـ نومۇرلۇق «گومىنداڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»دا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسـ ـلىكىگە، ئەيسا ئالىپتېكىننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەش بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى. بۇ ئۆزگىرىش ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. ۋەزىپىگە تەيىنلەش مۇراسىمىدا بىر كىشى مەسئۇدقا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. بىراق مەسئۇد ئۆزىنى سالماق، ئەركىن تۇتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەسئۇد بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كۈرەش تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى. مەسئۇد تەن بەر ـ گۈسى كەلمەي، شۇ يىلى روزا ھېيتتا سابىق ئاتلىق 5 ـ جۇڭ ـ نىڭ جۇنجاڭى (شۇ چاغدا ئاتلىق 1 ـ شى قىلىپ ئۆزگەرتىلـ ـگەن) ما چېڭشياڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ مىللىي، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنى قۇترىتىپ، گارنىزون باش شتابىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ھېيت نامىزى ئوقۇدى. ئۇ ئۈستىگە سۇس رەڭلىك تونچە ياقىلىق چاپان كىيىپ، بېشىغا سەللە ئوراپ، ما چېڭش ـ ياڭنىڭ ھىمايىسى بىلەن مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭراتتى، ئۇ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلماقچى بولغانىدى.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ مەسئۇدنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئالتاي نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا چىقىد ـ رىلغان «ئەرك» گېزىتى شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى تەرىپد ـ

ـدىن نەشر قىلىنىدىغان بولدى. يەنە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا «شىنجاڭ مەدە-نىيىتى» ژۇرنىلى، قۇربان قودايىنىڭ باش تەھرىرلىكىدە ئۇيغۇر تىلىدا «بالغۇن» گېزىتى نەشر قىلىندى. مەسئۇد ئۆزى يەنە بىر «تۈركلۈك ئۇرانى» ناملىق سىياسىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدا قىلچە يوشۇرماي: «بىز تۈركلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىز تۈركىستانلا ئەمەس، بەلكى بىرلىككە كەلگەن بۈيۈك (تۇران) رايونىدۇر»، دەپ ئېيت-قاندى. «تۇران» دېگىنى بارلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان رايونىنىڭ بىرلىشىشىنى كۆر-سىتەتتى. مۇشۇ بارلىق مەتبۇئات ۋاسىتىلىرى مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇشتىكى پروگراممىلىرىنى ھەر تەرەپلىمىلىك چۈشەن-دۈرۈپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، پانتۈركىزملىق ئىدىيىسىنى گەۋدى-لەندۈردى. كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قەتئىي قارشى تۇرغانىنىڭ سىرتىدا، پەي-دىنپەي خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنىمۇ ئاشكارىلىدى ۋە «دۆلەت ئارمىيىسى»نى شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى، يەنە كىشىلەر رايىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن زارلىنىپ، «يۈكسەك ئاپتونومى-يە» بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تەشكىلىي خىزمەتتە ئۆزىگە ياقىد-دىغانلارنى خالىغانچە ئىشقا قويۇپ، ياتلارنى خالىغانچە تازىلاپ، دېموكراتىيە تۈزۈمى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پىرىنسىپلى-رىنى نەزەرىگە ئىلمىدى.

1948 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەسئۇدنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈ-زۈشتىكى خاتالىقى ۋە خاتا سىياسىي خاھىشى تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىكى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى ۋە قالايمىقانچىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يەنە جاڭ جىجوڭنىڭ تەكلى-پى بىلەن مەسئۇد ئۆلكە رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇرھان شەھىدى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. شۇ-

نىڭدىن كېيىن، بىر تۈركۈم پانتۈركىستلار ئارقىا ـ ئارقىدىن ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا ئازادلىق ئۇرۇشى تېز ـ لىكتە كېڭىيىپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئالدىدا تۇراتتى، مەسئۇد يەنە مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەستىن، ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر قىسىم پانتۈركىستلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەيسا ئالپتېكىن ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پاكىستون بىلەن مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئامېرى ـ كىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا گومىنداڭنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسىماقچى بولدى ھەمدە يې چېڭ بىلەن ما چېڭشياڭنى ھەر ـ بىي ئىشلارغا باش قىلىشنى، ئوسمان بىلەن يولۋاستىن پايدى ـ لىنىپ ئۈچ ۋىلايەتكە تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلىدى. دەل مەسئۇد ھەر خىل سۇيىقەستلەرنى پىلانلاۋاتقان ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى يەر ئاستى مەتبۇئات ۋاسىتىلىرىدىن بولغان «كۈرەش ژۇرنى ـ لى»نىڭ 8 ـ ئايلىق سانىدا شىنجاڭدىكى 1 ـ تۈركۈم ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ تىزىملىكى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مەركەزگە قاراشلىق سىيا ـ سىيچىلىرى ۋە يەرلىك سىياسىيلىرىدىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلى ـ رىنىڭ بىرىنچىسى مەسئۇد ئىدى. بۇ چاغدا مەسئۇد سالامەتلى ـ كى ناچارلىشىپ، ھەر خىل ھەرىكەتلىرى بىر باشقا چىقماي تەس ئەھۋالدا قالغانىدى. ئازادلىق ھارپىسىدا مەسئۇد يول ئازا ـ بىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەت ئەلگە قاچالماي قالدى.

1950 ـ يىلى خەلق ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشى بىلەن ھې ـ سابلاشماي تۇرۇپلا، 63 يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **بىلقىز مۇھەممەت**

# مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى

لو شاۋۋېن



60 نەچچە يىل ئىلگىرىكى شىنجاڭدا، مۇستەبىت، زالىم، ئاچ كۆز جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى قومۇل ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغ كۆتۈرۈپ قوزغىلىپ، زوراۋانلىققا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ ۋە كۈرەشنى قانات يايدۇردى. لېكىن ناھايىتى تېزلا بىر قىسىم پانتۇركىزمچىلار ۋە قارا نىيەت كىشىلەر بۇ كۈرەشنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي كۈرەشنىڭ تۈيۈق يولىغا باشلاپ قويدى. سىياسىي تەرەپتىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى يەنە بىر ـ بىرى بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىشىپ كەتتى ۋە ئاخىرى 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. بىراق بۇ كۈرەش كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدا قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز بولۇشتەك ئوخشاش بولمىغان كۈرەش شەكىللىرى ئارقىلىق تاكى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە داۋاملىشىپ كەتتى. بۇ تارىخىي جەرياندا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ بىر مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىدىن باشلاپ پانتۇركىزمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆسۈپ دىنىي رەھبەر،

دىنىي رەھبەردىن قورالىق قوزغىلاڭنى تەشكىللىگۈچى باشلىق بولۇپ يېتىلدى، كېيىن يەنە بىر تارىخچى قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تاكى كۆزى يۇمۇلغىچە پانتۈركىزمدىن ئىبارەت سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

**دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، ھەدەپ سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىش**

ئۇنىڭ ئەسلىي نامى مۇھەممەت ئىمىن بۇراۋۇدۇن بولۇپ، «بۇغرا» ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىدى. قولىقى ئازراق چولاق بولغاچقا، لەقىمى «چوناق» ئىدى. ئۇ گۇاڭشۇ 24 ـ يىلى (1898 ـ يىلى) خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش رايونىنىڭ ئېگىز ئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئانىسى قاراقاش ناھىيىسىدىن ئىدى. ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ يېنىدا قاراقاش ناھىيىسىدە چوڭ بولغان، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى قاراقاشلىقمۇ دەيدۇ.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئانىسى ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا پۈلىنىڭ كۆزىگە قارىماي نەزەر ۋە شەمسىدىن داموللىلارغا دىنىي ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ زېرەك ـ ئەقىللىق بولغاچقا ئوقۇشتا تېز ئىلگىرىلەپ، تېزلا دىنىي قائىدىلەرنى ناھايىتى پۇختا ئىگىلىۋالغان. ئۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۈركلەرنىڭ مۇئەللىملىك قىلىشىنى چەكلەش ۋە تۈركلەر قۇرغان مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولغانىدى، يەكەندە تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى ئىنژېنېر ياقۇپ قورماقچى بولغان كەسپىي مەكتەپنىمۇ ياڭ زېڭشىن مەنئى قىلدى. بۇ ئىشلار مۇھەممەت ئىمىن بۇغرادا قاتتىق نارازىلىق پەيدا قىلدى.

نەزەر ۋە شەمسىدىن دامولللار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا شۇ جايدا بىر مەدرىسە ئاچتى، بۇ مەدرىسىدە ئوقۇش ئۈچۈن تىزىملاتقانلار 60 ـ 70 تىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ قالدى ھەمدە دىنىي ساھەدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى «داموللا» دەپ ئاتىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئىسلام دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ھاكىمىيەتلەر يىمىرىلدى، دۇنيانى 600 يىلدىن ئارتۇق زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىمۇ پەيدىنپەي زەئىپلىشىپ تۈگىدى. 1921 ـ يىلى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۆز نامىنى تۈركىيە دەپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، گىربىتسىيىنىڭ ھەربىي يۇرۇشىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تۈگەشكەن ۋە تۈركىيە قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىغان مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا ۋەزىيەتكە ماس ھالدا ئاتالمىش پانتۈركىزم سىياسىي ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى، روسىيە، جۇڭگو، ئىران ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر چېگرىسى ئىچىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا قىتئەلىرىدە سەلتەنەت سۈرگىنىدىنمۇ كاتتاراق سەلتەنەت سۈرۈش خام خىيالىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سىياسىي ھەرىكەت شىنجاڭدىن ھەج تاۋاپ قىلىشقا بېرىپ قايتقانلار ۋە ھىندىستان، ئافغانىستان، تۈركىيىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن سودىگەرلەر، دىنىي ساھەدىكىلەر، شۇنىڭدەك مائارىپنى كەسىپ قىلغانلار ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقالدى، ئۇلار پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئۇزلۇكسىز تۈردە ئېلىپ كىرىپ تۇردى. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پانتۈركىزم ئۇرۇقى مانا شۇ تەرىقىدە كەڭ چېچىلدى. ئۇ چاغدىكى شىنجاڭ قالاق ھەم نامرات ئىدى، بولۇپمۇ 1928 ـ يىلدىن كېيىن ھۆكۈمرانلار زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سېلىپ خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋالغان بولغاچقا، قوللانغان قاتتىق قوللۇق سىياسىتى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، خەلق قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا سىرتتىن كىرگەن ئىدىيىنىڭ ۋە خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ تەسىرد-

ده، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنىڭدا خەنزۇ ھۆكۈمرانلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇ تۇغۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ مۇدەررىس بولۇشتەك قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تالىپلار ۋە مۇسۇلمانلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ ئېزىلىشكە ئۇچراۋاتقانلىقىدەك ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشتى.

1931 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىياسىي چىرىكلىك نەتىجىسىدە ھەربىي قىسىملار كېڭەيتىلدى، باج ـ سېلىق ئاشۇرۇلدى، قەغەز پۇل كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىلدى، بولۇپمۇ قومۇلدا ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ئەمەلدارلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئېغىر باج ـ سېلىق قومۇل ۋاڭىنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىپ، قومۇل دېھقانلىرى ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يەڭگىللىمەستىن، تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، شۇڭا بىر خەنزۇ ئوفىتسېر بىر ئۇيغۇر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان «شوپۇل ۋەقەسى» بىرى يۈزگە، يۈزى مىڭغا ئايلانغان دېھقانلارنىڭ قورالىق قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پانتۈركىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ۋاقىتىنچە قاراقاشتىن چىقىپ شىنجاڭ بويىچە خەلق ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى، چوڭقۇر جەمئىيەت تەكشۈرمەكچى بولدى. ئۆزىنىڭ ھەقىقىي غەرىزى ۋە مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ چۆچەكتىكى ئاتاقلىق مۇرات (تاتار) ئەپەندىدىن دىنىي بىلىم ئېلىشقا بارىمەن، دېدى. دەرۋەقە چۆچەككە بېرىپ بىر مەزگىل ئۆگەندى ھەمدە دىنىي بىلىم جەھەتتە ئالىي ئۆلىما ئۇنۋانىغىمۇ ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، چۆچەك، ئىلى، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، ئاقسۇ قاتارلىق

جايلاردا بىر قاتار جەمئىيەت تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جايلاردىكى خەلقنىڭ ئاھۋالىنى ئۇقتى ھەمدە شىمالىي شىنجاڭ پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتا خېلى ياخشى ئاساسقا ئىگە ئىكەن، دەپ بىلدى. ئۇ يەنە شۇ چاغدا ئىلىدا تۇرۇۋاتقان سابىت داموللا بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئوبدان پاراڭلاشتى. 1932 ـ يىلى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاراقاشقا قايتىپ كەلدى، ئۇ شۇ چاغدا: شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكتىن بۆلەك چارە يوق؛ سىياسىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ۋە ئاممىۋى ئاساس جەھەتتە خوتەننى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ بازىسى قىلىش ھەممىدىن مۇۋاپىق؛ ھازىر قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى، كۈچلۈك تەشكىلىي رەھبەرلىككىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى؛ قورال ـ ياراق جەھەتتە قومۇل قوزغىلىڭىنى ئۈلگە قىلىپ، ھۆكۈمەت ھەربىيلىرىنىڭ قورال ـ ياراقلىرىنى تارتىۋېلىپ قوراللىنىش كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا مەخپىي تەشكىلات قۇرۇش، تەشكىلاتنىڭ نامىنى «مىللىي ئىنقىلابىي ھەيئەت» دەپ ئاتاش قارارىغا كەلدى، ئۇ چاغدىكى ئاساسىي مەقسىتى كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش، كاپىرلارغا قارشى تۇرۇش، تۇڭگانلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭدا مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئىدى. كوممتېت خەلقنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، «غازات ئاچايلى»، «كاپىرلارنى يوقىتايلى»، «ئىسلامغا يول ئاچايلى» دېگەنگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئېرىتىدىغان شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنىڭ فېئودال مۇستەبىت زوراۋانلىققا قارشى كۈرىشىنى دىنىي ۋە مىللىي كۈرەشكە بۇرىۋەتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ مەخپىي تەشكىلاتىغا قاتناشقۇچىلار پەقەت ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا مەخسۇت (كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى شامەنسۇر)، نۇرئەخمەت، شۇنىڭدەك نىياز ئاخۇن،

تۇرسۇنمۇھەممەت ئاخۇن، قۇربان ئابدۇللا قاتارلىق نەچچە ئونلا كىشى ئىدى، بىراق تېزلا 130 دىن ئارتۇق ئادەمگە كېڭەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە ئىشپىيونى قاسىمجان ھاجىمۇ، سوۋېت-لىك قىرغىز (سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغانلىقتىن سو-ۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغانلىقى سەۋەبلىك قېچىپ شىنجاڭغا كېلىۋالغان، كېيىن قەشقەر مە-مۇرىي مەھكىمە باشلىقى ماشاۋۋۇ تەرىپىدىن خوتەنگە ئاپىرىلىپ نازارەت قىلىنىۋاتقان) جانابېك قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. قورال-لىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان چاغدا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئالدى بىلەن مەد-رىسىدىكى تالىپلارنى قاراقاشنىڭ ياۋا، قارا ساي قاتارلىق يېزد-لىرىدىكى ئوۋچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى مەخپىي تەش-كىلاتقا قاتناشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئوۋچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئاقتۇرسۇن دېگەن كىشى بۇرۇن ھاكىم يەن جۇ تەرىپىدىن كۆپ قېتىم بوزەك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەخپىي تەشكىلاتقا دەررۇ قاتناشتى ھەمدە باشقا ئوۋچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىمۇ قاتناشتۇردى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۇنىڭغا ئىش باشلىغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن 20 تال ئوق مىلتىقى ياساتتى. ئۇ يەنە ئەس-لىي يۇرتى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىغا قايتىپ كې-لىپ، بەزى باي ۋە دىنىي زاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى ئۆزىنى قوللايدىغان قىلدى، يەنە بەزى تۆمۈرچىلەرنى تەشكىللەپ ئاچچىق تېغىدا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش نامى بىلەن 50 تال ئوق مىلتىقى ۋە بىر قىسىم قىلىچ ـ نەيزىلەرنى يا-ساتتى ھەمدە ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە تاغ ئىچىدىكى ئۇجمە مازىرىدا قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلدى. كېيىن مەخپىي تەش-كىلاتنىڭ ئەزالىرى قەشقەردە تۇركلەرنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان مۇھەممەت خان تەرىپىدىن تۇركچە ئەمەلىي جەڭ قىلىش ئۇسۇ-لى بويىچە مەشىقلەندۇرۇلدى.

بۇ چاغدا سابىت داموللا ئەرەبىستان ۋە ھىندىستاندا ھەرد-كەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندى، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇ-

رۇشلۇق كونسۇلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەينى زاماندا ئىـ-
لىدا مۇئەداشقان قاراقاشتىكى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ يېـ-
نىغا بېرىپ، مەخپىي تەشكىلاتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى.
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قوزغىلاڭغا ئاكتىپ تەييارلىق
كۆرۈۋاتقان چاغ دەل قاراقاش ناھىيىسىنىڭ خەلققە قاتتىق زۇ-
لۇم سالغان، گۇناھى چېكىدىن ئاشقان ھاكىمى يەن جۇ ئەسكەر
ئېلىۋاتقان چاغ بولغاچقا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا دەرھال
ئۇۋچى ئاقتۇرسۇن قاتارلىق كىشىلەرنى ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت
ئەسكەرلىرى قاتارىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى
1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ما جۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم
شىنجاڭغا كىرىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم
قىلغان، يولۋاس پىچان، تۇرپانلارنى ئالغان، شىنجاڭنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدا جىمى شۇرېنغا قارشى كۈرەشمۇ كۈندىن ـ
كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر مەزگىلدە، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا
2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. 2 ـ
ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا تەرىپىدىن ئالدى-
نىپ ئۇنىڭ پىشىگە چىڭ ئېسىلغان قوزغىلاڭچىلار مۇھەممەت
ئىمىن بۇغرانىڭ پىكرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى
نامايان قىلىش ئۈچۈن ھەممىسى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈ-
رۈپ، باشلىرىغا قىزىل سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا يېشىل تون
كىيىپ، شەھەر سىرتىدىكى مەسچىتكە يىغىلدى. ئاندىن كېيىن
ئالا ـ تاغىل توۋلىشىپ، قوللىرىدىكى ئوۋ مىلتىقى، چوماق ۋە
قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، توپتوغرا ناھىيىلىك
يامۇلغا قاراپ ماڭدى. ئۇ چاغدا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ناھـ-
يىلىك يامۇلدا ئەسكەر بولۇپ تۇرغان ئاقتۇرسۇن قاتارلىقلارنى
ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ قو-
يۇشقا ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى، شۇڭا پەقەت ئىككى
سائەت ئىچىدىلا قاراقاش ناھىيىسى ئىشغال قىلىنىپ بولدى،
ھاكىم يەن جۇ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە باشقا 50 تىن ئارتۇق
كىشى جەڭ مالىمانچىلىقىدا ئۆلدى. قاراقاش قوزغىلىڭى غەلـ-

بە قىلغانلىقتىن ئادەتتە ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ كەلگەن دېھقانلار يۈزلەپ، مىڭلاپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تېزلا كېڭىيىپ كەتتى. بۇ چاغدا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا مەخپىي تەشكىلات مىللىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتتى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا خوتەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىلەلوپ، كېرىيە، گۇما، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلارنى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇشقا ھەرىكەتلەندۈردى. بۇ چاغدا خوتەندە نازارەت ئاستىدا تۇرغان رۇسىيە قاچاقلىرىدىن جانابېك، قاراقاشنىڭ قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەررۇ توپىلاڭچىلارنى توپلىدى ھەمدە بىر قىسىم ئاخۇن، موللىلارنى قۇترىتىپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلاشتى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاراقاشتا غەلىبە ـ نۇسرەتكە ئېرىشكەن ئۈزۈن چاچ، يېشىل تونلۇق باتۇر ئەزىمەتلىرىنى باشلاپ خوتەنگە كەلگەندە، ۋەزىيەت بىر مەھەل قالتىس يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدا خوتەن مەمۇرىيىتىنىڭ باشلىقى تەن خېڭيى، ھاكىم ۋاڭ شۇرېن بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق قورقۇپ كەتكىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا جەڭ قىلمايلا خوتەننى ئالدى. بۇ چاغدا تۈركىيىدىكى خەلقئارالىق پانتۈركىزمچىلار تەشكىلاتى مەخسۇس قۇربان ھاجى قايماق ئىسىملىك بىر كىشىدىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغراغا ئاي، يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقتىن بىرنى ئەۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاراقاشتا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغان «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نى يەنە «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قىلىپ تەشكىللەپ، تۈركىيىدىن ئەۋەتىلگەن بايراقنى دۆلەت بايرىقى قىلدى، تەسىس قىلغان ئەمەل ۋە مەرتىۋەناملىرىنى تۈرك تىلىدا قوللاندى. ئۆزىگە ھەربىي ئىشلار باش قوماندانى دەپ نام بېرىپ، «ئەمىر ھەزرەت» دەپ ئاتىدى، سابىرنى دىنىي ئىشلار

باشلىقى قىلىپ «شەيخۇلئىسلام» دەپ ئاتىدى، ئەنگلىيە ئىشپى-يونى قاسىمجان ھاجىنى دىپلوماتىيە مىنىستىرى قىلدى ۋە باشقىلار. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يېڭىغا تولپلىغان بۇ دىنىي ساھەدىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام زاتلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە بەدىلىگە ھايات كەچۈرىدىغان باي سودىگەر، پومېشچىكلار دېھ-قانلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پانتۈركىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ۋەتەندىن ئايرىلىپ چىقىشتەك جىنايى مەقسىتىنى ئەنە شۇ يوسۇندا ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلار بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تېزلا قازىلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى.

«خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇ-ھەممەت ئىمىن بۇغرا قومۇل، تۇرپانلاردىكى قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى خوجىنىياز، مەخمۇت شىجاڭ قاتارلىقلار بىلەن بىر-لىشىپ غەلىبىنى مۇستەھكەملىمەكچى ۋە جەڭ مۇۋەپپەقىيەت-لىرىنى كېڭەيتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئاقىۋەتتە ئىچكى قى-سىمدا پىكىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قىيىن بولغاچقا ۋە ھو-قۇق كۈرىشى تۈپەيلىدىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

«خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دەل خوتەن مەمۇرىي مەھ-كىمىسىدە تەرجىمان بولغان، كېيىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا تەرىپىدىن «خائىن» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن باۋۇ-دۇنبەگ: «بۇ، بىرنەچچە موللىلارلا كۆتۈرگەن ئىش، ئۇزاققا بارمايلا يۇقىرالار بىز تەرەپكە قايتىپ كېلىدۇ» دەپ ئېيتقاندەكلا ئىش بولدى، ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنكى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن ماخۇشەن خو-تەنگە كېلىپ، بۇ «جۇمھۇرىيەت»نى ئاسانلا يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىدى، «جۇمھۇرىيەت»نىڭ رەھبەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ماخۇشەنگە تەسلىم بولۇشتى. لېكىن مۇھەممەت ئى-مىن بۇغرا 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ خوتەن شەھىرى-

نىڭ جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ تاغقا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئامان قالغان قوشۇننى ئوڭشاپ قاي- تىدىن باش كۆتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئويلىمىغان يەردىن ماخۇشەن ئۇلارنى قوغلاپ ئارام بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھەم- مەت ئىمىن بۇغرانىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئاخىرى قالغان 20 نەچچە ئادەمنى باشلاپ سايتوغراق ئارقىلىق كەشمىرگە قې- چىپ كەتتى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بۇ چاغدا تازا قۇرامىغا يەتكەن 35 ياشلىق يىگىت ئىدى، ئىلگىرى ئۇ خوتەندە دىنىي تونغا ئورۇ- نۇۋېلىپ، مەسچىت ـ مەدرىسلەرنى تايانچ بازا ۋە يوشۇرۇنۇش ئورنى قىلىپ، كەڭ تۈردە سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىدى، داغدۇغىلىق بولغان، گۇناھسىزلارنىڭ ھاياتى بەدىلىگە تۆرۈلۈپ پەقەت ئىككى ئايدىن كۆپرەكلا ھايات كە- چۈرگەن، خەلق ئۈستىدىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ۋەھشىيانە ھۆ- كۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئۈس- تىدە بولسا، ئۇ قانداقتۇر شىنجاڭدا بىر قېتىم «مىللىي ئىن- قىلاب»قا رەھبەرلىك قىلدىم، دەۋالدى.

**تايىنىدىغان يۆلەنچۈك ئىزدەش، تارىخنى بۇرمىلاش**

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قېچىپ كەشمىرگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ چاغدا ياپونىيە شىنجاڭنى ئەنگلىيىدىن تالىشىپ قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، شىنجاڭدا «ئىسلام دۆ- لىتى» قۇرۇپ، شۇ چاغدا ياپونىيىدە تۇرۇۋاتقان تۈركىيىنىڭ سابىق سۇلتانىنىڭ ئىنىسى ئابدۇمۇھائىد ئابىتنى پادىشاھ قىلماقچى، ئۇنى فۇيىنىڭ ئاتالمىش مانجۇرىيە دۆلىتىدىكى رو- لى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قېچىپ كەتكەندىن كې- يىن، ئۇلار دەرھال ئىشپىيون ئەخمەت تەۋپىقپاشانى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلەشتى ھەمدە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ چەت ئەلدە شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق جەمئىيىتى قۇرغانلى-

قىنى قولىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا تە-
رەپ - تەرەپكە قاتىراپ يۈرۈپ شىنجاڭلىق ھاجى، مۇھاجىر
سودىگەرلەرنى جەمئىيەتكە قوبۇل قىلدى ھەمدە شىنجاڭدا قېپ-
قالغان كۈچلەر بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ، ھېلىقى چۈشنى
يېڭىباشتىن كۆرۈشكە ئۆرۈندى. لېكىن مۇھەممەت ئىمىن
بۇغرا بۇ چاغدا شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل دۆ-
لىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن چەت ئەلنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەي تۇ-
رۇپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تو-
نۇپ يەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن بىر ئامال قىلىپ ياپونىيىنىڭ
ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بېيتيەن جېڭبېن بىلەن كۆ-
رۈشۈپ ياپونىيىدىن ئىقتىساد، قورال - ياراق جەھەتتە ئۇنىڭ
ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا،
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا خوتەن قوزغىلىڭىدىن يەنە بارلىق ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ يەنىلا ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، مۇستەقىل
بولۇشقا ۋە بۆلۈنۈپ چىقىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ
يەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ شىنجاڭدا مۇستەقىل شەرقىي
تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىن-
جاڭ خەلقىغە تەشۋىقات ۋە جامائەت پىكرى جەھەتتىكى تەربى-
يىۋى خىزمەتلەرنى پائال ئىشلەش زۆرۈر ئىكەن، دەپ تونۇدى.
شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەنە خەلقئارا پانتۇركىزم نەزەرىيىسىنى قې-
تىرقىنىپ تەتقىق قىلدى، جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىنى قېتىرقى-
نىپ تەتقىق قىلدى ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى يې-
زىپ چىقىشقا كىرىشتى. ئۇ بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت
سەرپ قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىنى
ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلىغان ۋە ساختىلاشتۇرغان بۇ كىتابنىڭ
ئورىگىنالىنى يېزىپ پۈتكۈزدى، ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى
1940 - يىلى بۇ كىتاب كەشمىردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسى-
دىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىندى. ئۇ مۇشۇ كىتابنى ئاساس
قىلغان ھالدا يەنە «شىنجاڭ تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى
زامان تارىخى» دېگەن كىتابلارنى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىل-

دۇردى. ئۇنىڭ بۇ كىتابلىرىدا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلان-غان، ساختىلاشتۇرۇلغىنى خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىغىچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تارىخىنى خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭنى «ئىشغال قىلىۋېلىش» ۋە شىنجاڭغا «تاجاۋۇز قىلىش» تارىخى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىدە. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھېچقانداق ئاساسسىزلا: خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا «خەنزۇ ئەسكەرلىرى ئىگىلەپ تۇرغان 157 يىلدىن باشقا، قالغان 700 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆزد-گە ـ ئۆزى خوجا بولۇپ تۇرغان»، دەيدۇ. تاڭ سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىق توغرىسىدا مۇھەممەت ئىد-مىن بۇغرا پاكىت توقۇپ: «بۇ 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، شىنجاڭ قاراقىتان ۋە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 207 يىلدىن باشقا 800 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇپ تۇرغان ۋاقىت»، دەيدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قانداشلىقى ھەققىدە دۇنيا ئىرقشۇناسلىرى تەتقىق قىلىپ ھىندى ـ ياۋروپا، تىبەت ۋە خەنزۇ قېنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىپتىكى قاننىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت، دەپ خۇلاسە چىد-قارغان بولسا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئاغزىنى غىرىچلاپ: «خەنزۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورنى ئەنشى، دۇنخۇاڭلارغىچىلا؛ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ 96 پىرسەنتى خەنزۇلارغا يېد-قىنمۇ كەلمەيدىغا تۈرك قان سىستېمىسىغا كىرىدىغان مىللەتد-لەردىن تەشكىل تاپقان»، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ، بۇ مىللەتلەر پەرقلەنمەيدىغان بىر تۈرك مىللىتى دەۋالدى ھەمدە ئوخشاش بىر مىللەت ۋە ئوخشاش بىر قانداشلىق دېيىش ئار-قىلىق بىر دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ ئىسپاتلىماق-چى بولدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا غەربىي شىمالدىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تۈرك قان سىستېمىسىدىكىلەر، دەيدۇ

ھەمدە «جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈرك قان سىستېمىسىدىكى كىشىلەرنىڭ سانى پېقىر ۋە باشقىلارنىڭ ئەتراپلىق تەكشۈرۈشىمىزچە سەككىز مىليوندىن ئوشۇق»، دەپ پاكىت توقۇپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، 1946 ـ يىلى شىنجاڭ-دىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي نوپۇس تۆت مىليون 11 مىڭ 330 كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە تېخى خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، شىبە ۋە رۇس قاتارلىق غەيرىي ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىمۇ بار ئىدى.

## لى دۇڭفاڭ بىلەن بولغان مۇنازىرە

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پايتەختنى چۇڭچىڭغا كۆچۈرگەندىن كېيىن، گو-مىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر زىيارەت ئۆمىكى تەشكىللەپ ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرگە ئەۋەتتى، بۇ چاغدا قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرغان، 1933 ـ يىلىدىن كېيىن نەنجىڭدا ھە-رىكەت قىلىپ داڭق چىقارغان شىنجاڭلىق يەنە بىر پانتۈر-كىزمچى ئەيسا ئالىپتېكىن زىيارەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلى-قى بولۇپ چىققانىدى. زىيارەت قىلىپ ئافغانىستانغا بارغاندا، ئەيسا ئالىپتېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، كابۇلدا تۇرۇپ قالغىلى ئالتە ـ يەتتە يىلدىن ئېشىپ كەتكەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى ۋەتەنگە قايتىشقا سەپەرۋەر قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى، ئاساسەن مۇشۇنداق بىر تۈركۈم شىنجاڭلىقلاردىن پايدىلىنىپ كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولللىشىغا تا-يىنىۋاتقان شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ئىدى. شۇ چاغدا مۇ-ھەممەت ئىمىن بۇغرا چەت ئەلدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك پەيتى كەلمەيۋاتقانلىقىنى، مۇبادا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تايانغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى زورايت-تىشقا بولىدىغانلىقىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن پانتۈركىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىشنىمۇ بولى-

دىغانلىقىنى ئويلىدى، شۇ سەۋەبتىن، ئەيسا ئالىپتېكىن ھەرد-
كەتلەندۈرگەندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىپ جۇڭگوغا كەلدى.
گومىنداڭ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى دەرھال مەركىزىي كومىت-
ېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس ئەزاسى قىلىپ بەلگىلى-
دى، كېيىن يەنە مەركىزىي كومىتېت تەپتىش كومىتېتىنىڭ
كاندىدات ئەزاسى قىلىپ سايلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇ-
ھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىن، شۇ چاغدا گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى، قوشۇمچە باش شتاب چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنى-
نىڭ تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تۇرغان مەسئۇد سەبرىدىن ئى-
بارەت ئۈچ شىنجاڭلىق پانتۈركىزمچى بىر يەرگە جەم بولۇش-
تى، ئۇلار قولغا - قول تۇتۇشۇپ كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىت-
تىپاقىغا، شېڭ شىسەيگە قارشى كۆرەشكە ئاتلاندى، بۇ جۇڭگونىڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ كۆتكىنى بولغاچقا، ئۇلارنى قوللىدى. شىنجاڭدا
ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك
ۋە مۇستەقىللىق بىلەن، شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش بىلەن
شۇغۇللىنىش بىئەپ ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭغىمۇ جۇڭگونىڭ ھۆكۈ-
مىتى قارشى تۇراتتى. بىراق ئۇلار ئايلىنىپ ئۆتۈش تاكتىكى-
سىنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ ھۆكۈمىتى يول قويالايدىغان دائى-
رىدە جامائەت پىكرى توپلاش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش-
تەك ئالاقىدار ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. مۇھەممەت ئىمىن
بۇغرا ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودىكى شىن-
جاڭلىقلارنى، جۈملىدىن جۇڭگودىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇ-
چىلارنى ئۇيۇشتۇردى. ئەيسا ئالىپتېكىن ۋە مەسئۇد سەبرىلەر
ئالدى بىلەن نەنجىڭدا قۇرغان نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق
يۇرتداشلار جەمئىيىتىگە ئوخشىتىپ جۇڭگودىمۇ جۇڭگودىكى
شىنجاڭلىق يۇرتداشلار جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. مۇھەممەت
ئىمىن بۇغرا بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ كەشمىردە نەشر قىلدۇرغان
«شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى ئېلىپ چىقىشقا جۈرئەت
قىلالمىدى، بىراق ئۇ، مەسئۇد سەبرى جۇڭگودا ئۇيغۇر تىلىدا

چىقارغان «يۇرت» دېگەن ژۇرنالغا ئۇلاپلا 1943 ـ يىلىنىڭ ئا۔ خىرى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا ئىش كۆرۈش۔كە پائال تەييارلىق كۆرۈپ، 1944 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ «ئالتاي» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ جامائەت پىكرى توپلاش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان قورالى قىلـ۔دى. ئۇ دائىم سەل غوۋا، يوشۇرۇن ئۇسۇلدا پانتۈركىزمغا دائىر بەزى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ تۇردى ھەمدە بۇنداق ژۇرناللارنى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارغا كۆپلەپ ئەۋەتىپ تۇردى.

1943 ـ يىل 5 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گويۇشيۇ شىنجاڭغا مائارىپنى تەكشۈرۈشكە كەلدى، ئۇنىڭغا دۆلەتلىك تەھرىر ـ تەرجىمە ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس خادىمى، ئالىم لى دۇڭفاڭ ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى، لى دۇڭفاڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن كۇچا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولۇپ يۈرۈپ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق زور كۆپچى۔لىكى تۈرك مىللىتى» دېگەن سەپسەتىسىنىڭ شىنجاڭدىكى زە۔ ھەرنىڭ ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇ۔ڭا ئۇ چوڭچىڭغا قايتقاندىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئىزچىل تۇردە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تارانچى، ئۆزبېك، تا۔تار، تاجىك دېگەن يەتتە خىل نام مىللەتنىڭ نامى ئەمەس، قە۔بىلىنىڭ نامى، «بۇ يەتتە خىل قەبىلىنىڭ ئىرقىي، دىنى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوخشاش بولۇپ، بىر مىللەتكە — تۈركىي مىللەتكە، يەنى شەرقىي تۈرك مىللىتىگە ياتىدۇ، بۇ خىل نام شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىختا قوللانغان نام»، دېگەن مەنتى۔قىسىگە قارىتا «شىنجاڭلىق قېرىنداشلار تۈرك مىللىتىمۇ؟» دېگەن ماقالىنى يېزىپ، 1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۇ۔نى «داگۇڭباۋ (ئادالەت) گېزىتىنىڭ چوڭچىڭ نۇسخىسىدا ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ماقالە ئارقىلىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تارىخىي ھۆججەت ـ ماتېرىياللار ۋە ئىرقشۇناسلىق ئىلمى جەھەتلەردە

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ كۆزقاراشلىرىغا قارىتا باشقىچە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەن، ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغان ۋاقىت ئىدى. ۋۇ جۇڭشىن ئىلگىرى موڭغۇل ــ تىبەت كومىتېتىنىڭ ۋېيىۋەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئەيسا ئالىپتېكىن، مەسئۇد سەبرى ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ پانتۈركىزملىق نىيىتىنى خېلى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا بىرەر ئىش تېرىپ يۈر-مىسۇن دەپ ئۇلارنى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىل-مىغانىدى. بىراق مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھامىنى بىر كۈنى شىنجاڭغا قايتىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدا پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش كېرەكلىكىنى، شىنجاڭدىكى زور كۆپچىلىك مىللەت تۈركىي مىللەت، تۈرك مىللىتى دېسە دەل ئۆزى تەشۋىق قىلى-دىغان مەسىلەكىنىڭ ئاساسى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۆزلىرى يەتمەكچى بولغان مەقسەت ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. لى دۇڭفاڭنىڭ ئۇنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىشى ۋە ئۇنىڭ نىيىتىنى ئاشكارىلىشى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ مۇنازىرىگە ئاتلىنىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تارتىپ كىرەتتى، ئەلۋەتتە. شۇ سەۋەبتىن ئۇ لى دۇڭفاڭغا رەددىيە ھېسابىدا «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى قېر-رىنداشلار تۈرك مىللىتى» دېگەن ماقالىسىنى شۇ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 31 ــ كۈنىدىكى «داگۇڭباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلدۇر-دى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن لى دۇڭفاڭ ئوتتۇرىسىدا «شىنجاڭدىكى تۈرك مىللىتى مەسىلىسى ئۈستىدىكى مۇنازىرە» باشلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى «داگۇڭباۋ» گېزىتى، «جۇڭياڭ» گېزىتى، شۇنىڭدەك «دۆلەت تىلى» گېزىتىدە ئۈچ ئايغا يېقىن داۋاملاشتى. 1945 ــ يىلى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا لى دۇڭفاڭ بىلەن قىلغان مۇنازىرە ما-قالىلىرىنى يىغىپ «شىنجاڭدىكى تۈرك مىللىتى مەسىلىسى ئۈستىدىكى مۇنازىرە مەجمۇئەسى»نى «ئالتاي» ژۇرنىلىنىڭ 1945 ــ يىللىق 1 ــ جىلد 2 ــ سانىدا ئېلان قىلدى. بۇ كۆ-

رونۇشتە ئىلمىي بەس - مۇنازىرىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمە-لىيەتتە ئۇنىڭ پانتۈركىزملىق ئىدىيىسىنى ئاشكارا تەشۋىق قىلىشى بولۇپ، كەسكىن سىياسىي جەڭ ئىدى.

## شىنجاڭغا قايتىپ كېلىش ۋە يەنە بىر قېتىم قېچىش

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. 1945 - يىلىغا كەلگەندە ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ كەتكەچكە، گومىنداڭ ئىچىدە خېلى نام - شۆھرەت قازىنىپ بىلىملىك سەركەردە دېگەن ئاتاقنى ئالغان ۋۇ جۇڭشىنمۇ ئارمىنى بولغىنى بىلەن دەرمانى قالمىغاچقا ئار-قا - ئارقىدىن چۇڭچىڭغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، جياڭ جيېشىدىن ئۆزىنىڭ قېرى جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى تىلىدى. بۇ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ھېچقانداق ئامال قىلالماي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. جياڭ جيېشى شىنجاڭ مەسىلىسى-نى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1945 - يىل 9 - ئايدا جاڭ جىجۇڭ-نى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگى-رىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ خىزمەتكە قولايلىق بولسۇن دەپ مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرالارنى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا شىنجاڭدىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە 12 يىل بولغاندا يېڭىباشتىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنىڭ شۇنچە-لىك ئۇزاق مۇددەتلىك پانتۈركىزملىق ھەرىكىتى بىلەن شۇ-غۇللىنىشتىكى مەقسىتى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش، شىن-جاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش ئىدى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشى ئۇلارغا ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۇزۇن مۇددەت چەت ئەلدە ۋە چۇڭ-چىڭدا تۇرۇپ پەقەت تەشۋىقات، جامائەت پىكرى تۇپلاش ئىشى-

ـنىلا قىلالىغان بولسا، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دوست ـ ئاغىنە تېپىش، شېرىك توپلاش ۋە ھەر تەرەپلىمە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭدەك ھەر خىل ئالاقىدار سىـ ـياسىي كۈچلەر، جۈملىدىن چەت ئەل كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشتەك كۆپ تەرەپلىمە پائالىيەتلەر بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللاندى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىش بىلەنلا دوست ـ ئاغىنە تېپىش، شېرىك توپلاش ئىشىنى باشلىۋەتتى، ئۇ ئەنلىياڭدىكى تۇرالغۇسىدا كەڭ قوبۇلخانا ئېچىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىن كەلگەنلەرنى، بولۇپمۇ مىللىي زىيالىي ياشلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۆزى ساقلاپ كەلگەن پانتۈركىزمنى تەر- غىب قىلىدىغان كىتاب ـ ژۇرناللارنى، جۈملىدىن ئۆزى يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى ۋە مەسئۇد سەبرى بىلەن بىر- لىكتە تەسىس قىلغان «ئالتاي» ژۇرنىلى قاتارلىقلارنى زىيارەت- كە كەلگەنلەرگە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىپ بەردى. بۇ، شۇ زاماندا ئىلىمگە تەشنا زىيالىي ياشلارنى راسا جەلپ قىلدى، چۈنكى بۇنداق كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئىلگىرى ئۇچرىتىش تو- لىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ يەنە دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەرنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزى بې- رىپ زىيارەت قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئەھۋال ئۇقتى. ھۆ- كۈمەتتە ۋە مىللەت ئىچىدە تەسىرگە ئىگە كىشىلەر، ئېپىتاي- لۇق، خۇيزۇلار ئىچىدە ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تۇرغان ۋاڭ زېڭشەن، ئۆلكىلىك سەھىيە باشقار- مىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان ما رۇجى، خەنزۇ مەدەنىي ئا- قارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى بولۇپ تۇرغان ما گويى؛ قازاقلار ئىچىدە ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى خادىۋاڭ (ئايال)، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان ۋە ئەلەن ۋاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دوست ـ ئاغىنىلىرىدىن ئىـ ـدى. ھەتتا موڭغۇللار ئىچىدە مەركىزىي قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرغان چاۋجاپ (ئايال)، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ

ئايال ھاكىمى ۋۇ جىڭبياۋ ۋە خەنزۇلار تەرەپتىن ئۆلكىلىك ج
خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان لىۇ فەندۇڭ، ئۆلكىلىك
كېڭەشنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان لىۇ شاۋلى قاتارلىقلار بى-
لەنمۇ ئامال قىلىپ دائىم يېقىنلىشىپ تۇراتتى ھەمدە پۇرسەت
بولسىلا دائىم ئۇلارغا تۈرك تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇش-
تۇراتتى. ھەربىيلەر ئىچىدىكى پائالىيەتچان كىشىلەر، ئېيتاي-
لۇق، يولۋاس، شۇنىڭدەك ئاتلىق 5 - جۇننىڭ جۇنجاڭى ما
چېڭشياڭ قاتارلىقلار بولسا، ئۇلار تېخىمۇ بەكرەك ئۆزئارا تىل
بىرىكتۈرىدىغان ئوبيېكتلار ئىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ سىياسىي
رەقىبى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بول-
غان ئەخمەتجان قاسىمىنىمۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق چىشلەپ تار-
تىشنى خالىمايتتى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەرقايسى ساھە-
لەردىكى كىشىلەر بىلەن كەڭ تۈردە ئالاقە باغلايدىغان چېغىدا،
ئۆزىنىڭ تازا ئەجنەبىيلەرچە ياسىنىپ يۈرىدىغان ئايالى ئامىنە-
نىمۇ «خانىملار دىپلوماتىيىسى» بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھەرىكەت-
لەندۈرۈپ، ئۇنى دائىم گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى مۇھىم كى-
شىلىرى بىلەن، شۇنىڭدەك چەت ئەللەرنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇ-
شلۇق كونسۇلخانىسىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن بېرىش - كېلىش
قىلىپ تۇرۇشقا سالدى، يەنە ئۇنى ئۈرۈمچى 1 - قىزلار ئوت-
تۇرا مەكتىپىگە، 2 - قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە، شۇنىڭدەك
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ھەرىكەت قى-
لىپ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغراپەرەسلەرنى يېتىشتۈرۈشكە سالدى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا 1933 - يىلى چەت ئەلگە قاچقاندى-
دىن باشلاپ ئىزچىل تۈردە پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش، جا-
مائەت پىكرى توپلاش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.
چۈگچەكتە تۇرغان يىللىرىدا ئاساسىي زېھنىنىمۇ تەشۋىقات
خىزمىتىگە سەرپ قىلدى. 1945 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭغا
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكىلى
ئۇزاق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەشۋىقات ۋە جامائەت پىكرى توپلاش
خىزمىتىنى ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق خىزمەتلەرنىڭ بىرى دەپ تونۇدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا چۆچەكتىن ئايرىلغان چاغدا، چۆچەكتە تەسىس قىلغان «ئالتاي» نەشرىياتىنى ئالدى بىلەن لەنجۇغا يۆتكىدى. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاز ۋاقىت تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، يەنە تەشكىلىي ئاپپاراتىنى كېڭەيتىپ «ئالتاي نەشرىياتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى ھەمدە مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق ھۇسەيىنبايىنىڭ بېغىنىڭ (نەنخۇايۈەننىڭ) ئارقىسىدىن كەڭ بىر ھويلىنى سېتىۋېلىپ نەشرىياتنىڭ ئورنى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن «ئالتاي» نەشرىياتىنى 1946 ـ يىل 5 ـ ئايدا لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلغان چاغدا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپتىن ئەزىزىنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ كۆرسەتكەچكە، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان چاغدا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بىراق مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا مائارىپ ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ تەشۋىقات بازىسىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى باش مۇھەررىر بولغان ئالتاي نەشرىياتىدا ئۆزى باشقۇرىدىغان «ئالتاي» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانىنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە چىقاردى. 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى نامىدا باشقۇرۇلىدىغان، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا باش مۇھەررىر بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى يەنە ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئۈرۈمچىدە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يەنە ئەيسا ئالىپتېكىن بىلەن بىرلىكتە پىلانلاپ، ئالتاي نەشرىياتىدا بىر گېزىت چىقاردى. ئۇ گېزىتنىڭ نامىنى «ئەرك» دەپ ئاتىدى ھەمدە گېزىتنىڭ بېشىغا

«مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، يۇرتىمىز تۈركىستان»
دېگەنلەرنى شوئار قىلىپ بېكىتتى. 1948 ـ يىل 6 ـ ئايدا
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يەنە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇش-
لۇق كونسۇلى پاكىستون بىلەن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈردى ۋە ئۇ-
نىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان
ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نامىدا، يېرىم ئايدا بىر سان
چىقىدىغان «چىنىي تۈركىستان» ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، شىن-
جاڭنىڭ «ئاپتونومىيىدىن يۇقىرىراق، مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن-
رەك تۈركىستان ئۆلكىسى» ئورنىغا ئىگە بولۇشنى قولغا كەل-
تۈرۈشى كېرەكلىكىنى تەشۋىق قىلدى.
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار قىسقىغىنە ئۈچ يىل
ئىچىدە شۇنچىلىك كۆپ گېزىت ـ ژۇرنال چىقارغان بولسىمۇ،
ئۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، يەنە ئالتاي نەشرىياتىنىڭ نامىدا تارىخ
ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇردى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا تارىخ ـ
جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ۋە تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقات ئور-
نىنى تەسىس قىلدى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا تارىخ ـ جۇغرا-
پىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تەت-
قىقات ئورنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ـــ
«دەرنەك» ئۆتكۈزەتتى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا «دەرنەك»تە ئۆزى
يۇرمىلىغان ۋە توقۇپ چىقارغان شىنجاڭ تارىخىنى سۆزلەپلا
قالماي، بەلكى ئۆزى پۈتۈنلەي بىلمەيدىغان تەبىئىي پەنگە دائىر
ئاتوم بومبىسى ۋە ئاتوم ئېنېرگىيىسى دېگەنلەرنى سۆزلەپ، بۇ-
نىڭ بىلەن ئالدامچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى
تىكلىمەكچى بولدى. ئۇ ئۆزى قۇراشتۇرۇپ چىققان «شىنجاڭ-
نىڭ يېقىنقى زامان تارىخى» دېگەن كىتابنى يەنە ئۈرۈمچىدە
ئۇيغۇرچە نەشر قىلدۇردى ھەمدە ئۆزى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا
بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەردى، كېيىن يەنە ئۈرۈمچىدە
قۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئۈرۈمچى 2 ـ قىزلار ئوت-
تۇرا مەكتىپىگە بېرىپ سۆزلىمەكچى بولىۋىدى، بىراق شۇ
چاغدىكى مەكتەپ مۇدىرى، بۇرھان شەھىدى ئەپەندىنىڭ خانىمى

رەشىدە خانىم ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى.
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا خىلمۇخىل گېزىت ـ ژۇرنال ۋە كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، پانتۇركىزمنى گاھ ئېنىق، گاھ غۇۋۇا تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭغا كېتىدىغان نۇرغۇن خىراجەتنى ئالتاي نەشرىياتىنىڭ نامىدا ئاچقان بىرنەچچە ماگىزىن، كىنوخانىلار ـ نىڭ تىجارىتىدىن كىرگەن كىرىمدىن ھەل قىلغاندىن باشقا، ھەرقايسى ساھەدىكى زاتلارنىڭ بەرگەن ياردىمى ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا ئالپتېكىنلەرنىڭ تەمىرات نازارىتىد ـ ىنىڭ ۋە ئۈچ مەسلەكچى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خىراجىتىدىن يۆتكەپ ئىشلەتكەن قىسمىدىن ھەل قىلدى. مۇ ـ ھەممەت ئىمىن بۇغرا تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى، ئەيسا ئالپتېكىن بولسا ئۈچ مەسلەكچى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باش ئىش باشقۇرغۇچىسى بولغاچقا، خىراجەتلىرد ـ ىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.
جاڭ جىجۇڭ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى ئىزچىل تۇردە ئە ـ تىۋارلاپ ئىشلەتتى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان چاغدا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى قىلدى؛ 1947 ـ يىل 5 ـ ئايدا مەسئۇد سەبرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەندە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزگەرتمىدى؛ 1949 ـ يىل 1 ـ ئايدا بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رە ـ ئىسلىكىگە تەيىنلىگەندە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئۆستۇردى ھەمدە قوشۇمچە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدا قالدۇرۇۋەردى.
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ـ غا قايتىپ كېلىپ 1949 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە قىسقىغىنە تۆت يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىش ئىنتايىن مۇرەككەپ بولدى. پانتۇر ـ

كىزمەدىن ئىبارەت خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ
يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلدى، پۈتۈن سۈيىقەستلىرىنى ئىشقا
سالدى، ھەقىقەتەن قاتتىق ھاردى. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن
«دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىر تەرەپتىن جاڭ جىجۇڭ ئۈچۈن
ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئاخباراتلارنى توپلاپ، كىشىلەرنى ئۆزى-
گە تارتتى، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ كۈچىدىن پايدىلى-
نىپ ئۆز شېرىكلىرىنىڭ قاتارىنى كېڭەيتتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىغا قارشى تۇردى، بىراق، ئەينى زاماندا ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن دەلمۇدەل تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ئىمكانى-
يەتنىڭ بارىچە ساقلاندى. 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇ خوتەن
ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىرىنى ۋە ئۆل-
كىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى سايلايدىغان 7 ـ سايلام نازارەت
گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ ئۆز يۇرتىغا ۋە ئۆزى
قۇرغان ئۆمرى كوتا «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغان
خوتەنگە كەلگەن چاغدا، شۇ يەردىكى دىنىي ۋە فېئودال يۇقىرى
تەبىقىدىكى كۈچلەر، شۇنىڭدەك بەزى باي سودىگەرلەر بىر مە-
ھەل كۆرەڭلىشىپ، خۇددى 1933 ـ يىلىدىكى كالتەك ـ چو-
ماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىققان كۈنلەر قايتا كېلىپ قالغاندەك
بولۇپ كېتىشكەندى. ۋالىي، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش سى-
لىڭى نۇربېك (يەنى خاۋ دېڭباڭ)نىڭ يول قويۇشى ۋە ئورۇنلاش-
تۇرۇشى بىلەن، رادىكاللارغا ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا
ھېسداشلىق قىلىدىغان يەرلىك كىشىلەرنىڭ سايلام رىقابىتىگە
قاتنىشىشىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق چەتكە قاقتى، بەزى جايلاردا
ھەتتا شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ
سايلامغا ئارىلاشتى، كېرىيە ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر
تېخى سايلىغۇچىلارغا ئوق چىقىرىپ، تۆت كىشىنى ئۆلتۈرۈپ،
دېموكراتىك تۈزۈم پرىنسىپلىرىغا قاتتىق بۇزغۇنچىلىق قىل-
دى، ئاخىر قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە ئۆلكىلىك كې-
ڭەش ئەزاسىنى سايلىيالمىدى، باشقا ناھىيىلەردە سايلانغان ھا-
كىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ تولىسى گومىنداڭچىلار

بولۇپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلالمىدى، بۇ، مۇ-ھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1948 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئازادلىق ئۇرۇشى داۋامىدا گومىنداڭ ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالغان چاغدا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا گومىنداڭنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا قالغانلىقىدىن پايدىلى-نىپ، ئالىي ئاپتونومىيە ئورنىنى پائال تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى ھەمدە شىنجاڭ خەلقى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ مۇنا-سىۋىتىنى بۇزۇشقا باشلىدى، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە-مۇ نارازىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى. 1948 - يىل 10 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى ئەيمىڭ ئۈرۈمچىگە كەلدى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۇنىڭغا شىنجاڭ-نىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھەرقاي-سى جەھەتلىرىدىكى ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. 1949 - يىل 1 - ئايدا مەسئۇد سەبرى تەختتىن چۈش-تى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قو-شۇمچە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ چاغدا ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، گو-مىنداڭنىڭ مەغلۇبىيىتى مۇقىملىشىپ قالغانىدى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇ-رۇش ئۈچۈن، بۇرۇنقى خام خىياللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلاپ باقتى، بىراق شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان، ئېھتىمال بىر نىجاتلىق يولى بولۇپ قېلىشى مۇم-كىن بولغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»، ئەگەر ئامې-رىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىسە، ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىسە، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇپ قالالىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىلگىرى قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ قاتارىدا بو-لۇپ كەلگەن تۇڭگان جاڭجۇن ما چېڭشياڭ بىلەن بولغان تىل

بىرىكتۈرۈشنى تېزلەتتى ھەمدە ئەيسا ئالپتېكىننى لەنجۇغا ما
بۇفاڭنى شېرىكلىككە تارتىشقا ئەۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇ-
ھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ خېلى كۈچلۈك ئىقتىدارلىق ئا-
يالى ئامىنەنى جەنۇبىي شىنجاڭغا مىللىي، دىنىي يۇقىرى تەبى-
قىدىكى زاتلار ئوتتۇرىسىدا كومپارتىيىگە قارشى كۈچلەرنى ئۇ-
يۇشتۇرۇشقا ئەۋەتتى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ خام خىيالى ئاخىرى كۆپۈككە
ئايلىنىپ قالدى، تۆت يىللىق سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلىرى
ۋە ھەر خىل تىرىشچانلىقلىرى ئاخىر يوققا چىقتى. ۋاقىت
تېزلا 1949 - يىلىنىڭ 9 - ئېيىغا يېتىپ كەلدى. تاۋ سىيۇ
جاڭجۇن بىلەن بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن
بىز تەرەپكە ئۆتۈشىنى ئېلان قىلىش ھارپىسىدا، مۇھەممەت
ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار ئالتاي نەشرىياتىنىڭ پۈتۈن ئۈسكۈنە -
جابدۇقلىرىنى، ئۆي، ھويلا - ئاراملىرىنى سېتىپ بۆلۈشۈۋال-
غاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئائىلىسى بويىچە ئالتە
جان، ئەيسا ئالپتېكىن ئائىلىسى بويىچە بەش جان جەنۇبىي
شىنجاڭ ئارقىلىق قېچىپ كەتتى. ئۇلار يول ئۈستىدە كۇچا قا-
تارلىق جايلارغا بارغاندا، ئىلگىرى ئامىنە قاتارلىقلار تەشكىللەپ
قويغان كومپارتىيىگە قارشى كۈچلەرنىڭ يوشۇرۇن ھالغا كۆچ-
كەندىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە
چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئەلى ھاجى باشچىلىقىدىكى «شەرقىي
تۈركىستان پىدائىي قىسىملىرى»، كۇچا ناھىيىسىدىكى مۇھەم-
مەت موللا باشچىلىقىدىكى پانتۈركىزمچىلار گۇرۇپپىسى، قارا-
قاش ناھىيىسىدىكى روزى مۇھەممەت داموللا باشچىلىقىدىكى
پانتۈركىزمچىلار گۇرۇپپىسى، يەنە خوتەندىكى «شەرقىي تۈر-
كىستان ئىنقىلابىي كۈرەشچىلەر تەشكىلاتى» قاتارلىقلار بار
ئىدى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يەنە ئۇلارغا ئۆزئارا ئالاقىلى-
شىش ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەپ بەردى. يول ئۈستىدە قاغىلىق
ناھىيىسىگە بارغاندا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا ئالپ-
تېكىن ئىككىسى تېخى ئاممۇۋى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «بىز كۆپ

بولسا ئۈچ يىل، بولمىسا ئىككى يىلدا 3 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا دەرھال قايتىپ كېلىمىز»، دېيىشتى. كۆپچىلىكتىن ھەر خىل ئاكتىپ ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، ئاشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن جاھىل پانتۈركىزمچى، گومىنداڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇئاۋىن رەئىسى بولغان بۇ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى تەبرىكلىنىۋاتقان تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە، كەيپى ئۇچقان پېتى تاشقورغان ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى.

## ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەيدىغان جاھىل

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان مەزگىلدە، تاشقورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىي ئارقىلىق ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىنىڭ مەركىزىي سىرىناگارغا قېچىپ بېرىۋالدى. سىرىناگار كەشمىرنىڭ ئىنتايىن مۇنبەت ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزى، ساياھەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، نەچچە يۈز مىڭ ئاھالىسى بار ئاۋات شەھەرئىدى، ئۇ شەھەردە شىنجاڭلىق ئۇيغۇر مۇھاجىر سودىگەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپلا ئىلگىرى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغان شىنجاڭلىق مۇھاجىر سودىگەرلەر بىلەن كەڭ تۈردە ئالاقىلەشتى ھەمدە چەت ئەلدە شىنجاڭغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش بازىسى قۇرۇش ئۈچۈن تەيۋەن بىلەن ئالاقە باغلاشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەيسا ئالپتېكىننىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشقان كەشمىر خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتى مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى ئاۋىستىرالىيىلىك ئېدمونت ئارقىلىق كەشمىر ئىشتاتىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا ۋە ئامېرىكىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش

ئەلچىسى بورىس بىلەن تونۇشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن، 1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا سىرىناگاردا بۇرۇن دوستلۇق خاراكتېرىدە بولغان شىنجاڭلىقلارنىڭ كەشمىردىكى يۇرتداشلار جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، سىياسىي خاراكتېردىكى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى قىلدى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا ئالپتېكىن دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلاندى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنىڭ تىزگىنلىشى ئارقىسىدا، بۇ بىرلەشمىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى مۇنداق بەلگىلەندى: 1. شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش؛ 2. ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەرقايسى ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە شىنجاڭلىق ياشلارنى تۈركىيە، مىسىر ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ زاپاس كۈچ تەييارلاش؛ 3. مۇھاجىرلاردىن ئىئانە توپلاپ، بىرلەشمىنىڭ مەبلىغىنى تولۇقلاش؛ 4. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جياڭ جيېشىلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ 5. رۇسىيىدىكى پانتۈركىزملىق تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەشكىلات دائىرىسىنى كېڭەيتىش. مانا بۇلار بۇ تەشكىلاتنى شىنجاڭنىڭ چەت ئەلدىكى قاچاق سىياسىي تەشكىلاتىغا ئايلاندۇرۇپ قودى. بۇ بىرلەشمە كېيىن پاكىستاننىڭ كاراچى قاتارلىق جايلىرىدا ئۆز شۆبىلىرىنى قۇردى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەيۋەن ماقۇل كۆرمەيتتى. 1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جياڭ جيېشى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن زەربە يەپ قېيرۇقىنى تىكىۋەتكەن يولۋاسنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە شىنجاڭ باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن سابىق مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن كارى بولمىدى. بۇ گەرچە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا

شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمەن دېسە كېلىپ چىقىدىغان مۇ-
قەررەر ئاقىۋەت بولسىمۇ، بۇنىڭدىن رازى بولمىدى. لېكىن ئۇ
بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاپ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن
جياڭ جيېشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى. 1951 ـ
يىل 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا يولۋاسمۇ شىزاڭنىڭ ئالىي رايونى-
دىن ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى لاداق ئارقىلىق كەشمىرنىڭ
سىرىناگار دېگەن يېرىگە قېچىپ باردى. مۇھەممەت ئىمىن
بۇغرا جياڭ جيېشى، يولۋاسلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن
ئەيسا ئالپتېكىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىس-
تان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى نامىدا يولۋاس شەرىپىگە كاتتا
قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە
شىنجاڭدىن سىرىناگارغا قېچىپ كەلگەن كومپارتىيىگە قارشى
جاھىل ئۇنسۇرلاردىن قالىبېك، دادالىقان، خۇسەيىن، سۇلتان
شېرىپ قاتارلىقلار ئۈچۈن كۆپ قېتىم قارشى ئېلىش يىغىنى
ئۆتكۈزگەن ھەمدە بۇ ئادەملەر بىلەن بىرلىكتە قايتا ـ قايتا
كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسەتلىرى ۋە ھەر خىل
دېموكراتىك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى جان ـ جەھلى بىلەن قا-
رىلىغان ۋە ئىغۋا تارقىتىپ چۆكۈرگەنىدى. ئۇ چاغدا ئامېرى-
كىنىڭ ئىشپىيونلىرىمۇ سىرىناگارغا ئارقا ـ ئارقىدىن كې-
لىپ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلىرى-
دىن پايدىلىنىپ، «قازاقلارنىڭ قېچىشى» دېگەن رەڭلىك كىنو
فىلىمىنى ئىشلەپ چىققان، چەتكە قېچىپ كەتكەن بۇ ئەكسىل-
ئىنقىلابچىلارنى كومپارتىيە ئىستىبداتلىقىدىكى پۇقرالارنىڭ
چەت ئەللەرگە قېچىش كۆرۈنۈشى قىلىپ كىنو فىلىمىغا ئې-
لىپ تەشۋىق قىلغان، بۇ ھال بىر مەھەل جۇڭگونىڭ ھىندىس-
تاندىكى مۇھاجىرلىرى ئوتتۇرىسىدا خەلق ھاكىمىيىتى توغرى-
سىدا يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان. يولۋاس 1951 ـ يىل 5 ـ
ئايدا ھىندىستاندىن تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئى-
مىن بۇغرا ئۆزىنىڭ يېقىنى، مەسئۇد سەبرى، مۇھاپىزەتچىلەر

تۇەنىنىڭ باشلىقى، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىغا تەرجىمان بولغان ئەدھەم، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان ھەمدۇللا، گۇما ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولغان ئەلبەگ قاتارلىقلارنى تەيۋەنگە مۇكاپات تەمە قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. تەيۋەن ھۆكۈمىتى ئەدھەم قاتارلىقلارغا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىنلاردىن يۈز ئۆرۈپ، جياڭ جيېشىغا تايىنىپ تەيۋەندە قېپقالدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەيۋەنگە تايىنىشتىن كېچىپ، چەت ئەللەردىنلا ياردەم تىلەيدىغان بولدى.

1951 - يىل 10 - ئايدا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، تۈركىيىدىكى خەلقئارا پانتۈركىزمچىلار تەشكىلاتى بولغان تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەيئىتى بىلەن ئالاقە باغلىدى. بۇ تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەيئىتىنىڭ تېگى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم ۋەتەن خائىنلىرى ئامېرىكىنىڭ قوللىشى بىلەن قۇرغان، مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان پانتۈركىزملىق تەشكىلات بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تەشكىلات ئىدى. 1952 - يىلى تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەيئىتىنىڭ بىر خۇلاسە دوكلاتىدا: «بىز تۈركىستان رەھبەرلىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىدۇق»، «شەرقىي تۈركىستان بۈيۈك تۈركىستاننىڭ بىر بۆلىكى»، دېيىلگەن. بۇنىڭدا ئېيتىلغان رەھبەر مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا خەلقئارا پانتۈركىزملىق تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورناتقاندىن ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئې-

رىشكەندىن كېيىن، شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا شىنجاڭ-نى مۇستەقىل قىلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى ئېخمۇ كۈچەيتىپ باردى. شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توقۇپ چىقىشى بارغانسېرى ئاجايىپ - غارايىپ تۈس ئالغىلى تۇردى. 1953 - يىلى تەيۋەن-دىكى سىياسىئونلاردىن جۇ جياخۇا، جياڭ جېشىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بولسا كېرەك، مۇھەممەت ئىمىن بۇغراغا ئىككى قېتىم خەت يېزىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى توقۇپ چىقىرىشى ۋە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى-نى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن مۇقامىنى توغرىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە تەيۋەنگە تەكلىپ قىلدى. بىراق، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ خاتا قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، جاھىللىق بىلەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، جۇ جياخۇانىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىدى.

1953 - يىل 10 - ئايدا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا خەلق-ئارالىق پانتۈركىزملىق تەشكىلات بىلەن تېخىمۇ ئويدانىراق ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە كۆچۈپ باردى ھەمدە تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەيئىتىدە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەيسا ئالىپتې-كىنمۇ كېيىنكى ۋاقىتتا تۈركىيە تەۋەلىكىگە ئۆتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىرىناگاردىكى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەسلىدىكى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ كەش-مىردىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار جەمئىيىتى قىلىپ، ئەسلىدى-كى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ پاكىس-تاننىڭ كاراچى، راۋالپىندى، پېشاۋۇر قاتارلىق جايلىرىدىكى شۆبىلىرى بولسا بىردەك تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەيئىتى-نىڭ شۆبىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1955 - يىل 10 - ئايدا تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەي-ئىتىنىڭ ئىستانبۇلدىكى باش ئورگىنى بىر قېتىم قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى، قۇرۇلتايدا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەيئەت باشلىق-لىرىنىڭ بىرى قىلىپ سايلىنىپ، خىزمەت تەقسىماتىدا ئا-

ساسلىقى شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا قوزغىلاڭ قىلىشقا ۋە
ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل قىـ
لىندى ھەمدە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشتىن ئىبارەت ئاـ
ساسىي مەقسەتنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن لاتىن يېزىقىدا ئۇيـ
غۇرچە گېزىت چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئىستىقلاـ
لىيەت ئىتتىپاقى دېگەن تەشكىلاتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكە
بولۇشىچە چۇقان سالدى. 1956 ـ يىلى مۇھەممەت ئىمىن
بۇغرا ئوتتۇرا شەرقتىكى بەزى جايلاردا شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار
ئوتتۇرىسىدا ئۆسەك تارقىتىپ: «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىغا
دائىر مەسىلىلەردە، ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا جياڭ
جيېشى زۇڭتۇڭ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق، جياڭ جيېـ
شى چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغايدىغان، بىز شىنـ
جاڭغا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغايدىغان بولدۇق، كەلگۈسىدە شىنـ
جاڭدا شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلىدىغان، خەنزۇلار پۈتۈنلەي
چىقىپ كېتىدىغان بولدى»، دېدى. تەيۋەن تەرەپ بۇ خەۋەرنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق نارازى بولدى، جياڭ جيېشى ئۆزىـ
نىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا ھەم مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى
دۆلەت ئەلچىخانىلىرىغا ئۇنى ئىنكار قىلىش ھەم ئۇنىڭغا رەدـ
دىيە بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ: «بۇ، مۇھەممەت ئىـ
مىن بۇغرا قاتارلىقلارنىڭ سىياسىي كاپىتالغا ئىگە بولۇش،
مۇھاجىرلاردىن پۇل ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇلى»،
دېدى. تەيۋەننىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى تۈركىيە ھۆـ
كۈمىتى بىلەن سۆزلىشىپ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ تۈرـ
كىيىدە «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» ھەرىكىتىنى ئېلىپ
بېرىشنى چەكلىشنى تەلەپ قىلدى. تەيۋەن يەنە شۇ چاغدا سەـ
ئۇدى ئەرەبىستاندىكى باش ئەلچىسى ما بۇفاڭ ئارقىلىق مۇـ
ھەممەت ئىمىن بۇغراغا شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش تەشۋىقاـ
تىدىن كېچىپ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن 15 مىڭ
ريال سەئۇدى پۇلى ئەۋەتتى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا پۇلنى
تاپشۇرۇپ ئالدى، بىراق ئۇ: «جياڭ جيېشىنىڭ پۇل بېرىشى

كىشىنى ئالداش، سېتىۋېلىش، قېرىنداشلارنىڭ ئۆزىنى ساتـ-
ماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. كىمنىڭ قىيىنچىلىقى بولۇپ پۇل
كېرەك بولسا، بىز بېرىمىز»، دېدى.

1958 ـ يىلى دېڭىزنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ ۋەزىيىتى
جىددىيلىشىپ كەتتى. تەيۋەن چوڭ قورۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم
قوزغىماقچى بولدى، بەزى ئامېرىكىلىقلار مۇھەممەت ئىمىن
بۇغراغا: «بۇ يىل شىنجاڭ ئىستىقلالىيەت ئىتتىپاقىنىڭ ھە-
رىكەت يىلى»، دېدى. بۇنىڭ مەنىسى خەلق ھاكىمىيىتىمىزنىڭ
شەرقتىنمۇ، غەربتىنمۇ سوققىغا ئۇچرىشى ئۈچۈن مۇھەممەت
ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنى شىنجاڭدا يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ
تەشكىللەڭلەر، دېگەنلىك ئىدى. شۇڭا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا
3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈركىيىدىن پاكىستانغا بېرىپ، ھەر
يەر ـ ھەر يەردە نۇتۇق سۆزلىدى ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش
يىغىنلىرىنى ئېچىپ، شىنجاڭ ئىستىقلالىيەت ئىتتىپاقىنىڭ
تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە شىنجاڭ خەلق ھاكىمى-
يىتىنى قارىلاپ، ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سەككىز ـ
توققۇز يىل ئىچىدە «تۆت مىليون خەلق قىزىل ھاكىمىيەت تە-
رىپىدىن تازىلىنىۋېتىلدى»، دەپ بىلجىرلىدى. شۇ چاغدا جياڭ
جېشى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى تەيۋەن بىلەن ئىستراتېگىيە-
لىك شوئارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن شىنجاڭ
ئىستىقلالىيەت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭ كومپارتىيىسىگە قارشى
تۇرۇش ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭدا كۆر-
سەتكەن سەۋەبى چوڭ قۇرۇقلۇق نۇرلۇق يولغا قايتقاندىن كې-
يىنلا شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدىن سۆز ئېچىش ئىمكا-
نىيىتى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن
بۇغرا بولسا، مۇستەقىللىق ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىلا، ئاندىن
شىنجاڭ خەلقىنى كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلـ-
غىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ تەيۋەننىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، تەيۋەن بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ
مۇناسىۋىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈزۈل ـ كېسىل بۇزۇلدى.

1959 ـ يىلى شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا قاراپ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا شىنجاڭغا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاش، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش پۇرسىتى كەپتۇ، دەپ قاراپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ دۆلەت گېربىنى بالدۇرلا بەلگىلەپ چىقتى، دۆلەت گېربىدە يەتتە تال بۇغداي ئۇندىسى بار باشاق بىلەن ئاي، يۇلتۇز بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا «ۋەتىنىمىز تۈركىستان، مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. يەتتە تال بۇغداي شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەتتە مىللەتكە، ئاي، يۇلتۇز تۈركىستانغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا چۆچۈرىنى خام سانىدى، شىنجاڭدىكى خەلق ھاكىمىيىتى ئاللىقاچان چوڭقۇر يىلتىز تارتقان چوڭ دەرەخكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق قىلىپمۇ مىدىرلىتالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قېرىدى، يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان پانتۈركىزملىق شېرىن چۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەمەلگە ئېشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا قالغىنى پەقەت شېرىن خام خىيال ۋە ئەسلىمە. شۇڭا ئۇ «كۈرەش ئەسلىمىلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ تۈركىيىدە نەشر قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىلگىرى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنى «قەھرىمانلىرىمىز» دەپ مەدھىيىلىدى.

1964 ـ يىلى ئاتاقلىق سۈيىقەستچى، چالا تارىخچى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا توپتوغرا 66 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، تۈركىيىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ مەڭگۈ غەلىبە قىلالمايدىغان پانتۈركىزملىق كۆچ ئۇلاش كالتىكى ئۇنىڭ جىيەنى مۇھەممەت رىزابېكىن قاتارلىقلارغا قالدى.

خەنزۇچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: **تاشقىن**

# ئەيسا ئالپتېكىن قانداق كىشى

## لو شاۋۋېن



ئەيسانىڭ تولۇق ئىسمى ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، ئۇيغۇر، شىنجاڭ يېڭىسار ناھىيىسىدىن، 1909 ـ يىلى تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرىدە دىنىي مەكتەپ ۋە خەنزۇ تىلى مەكتەپلىرىدە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغاچقا، كېيىنكى كۈنلەردە ئېلىمىزنىڭ چېگرا خىزمىتىدىكى نامدار شەخس ۋە شىنجاڭ پانتۈركىزمچىلىرىنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ قالغان.

1924 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى چېن دېلى ئەيسانىڭ تېخى ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەنلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئەيسا ئىشقا پۇختا، تەدبىرلىك بولغاچقا، چېن دېلىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. ياڭ زېڭشىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەش كونسۇلخانا تەسىس قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭدىكى رۇس تىلى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغان چېن دېلىنى ئېلىمىزنىڭ ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇ چاغلاردا ئېلىمىزدىن مۇھاجىر بولۇپ ئەنجاندا تۇرۇۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار بولغاچقا، چېن دېلى خىزمەتتىكى قولايلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەيسانى كونسۇلخانىنىڭ تەرجىمانى دېگەن سالاھىيەت بىلەن ئەنجانغا بىللە ئېلىپ چىقىدۇ. 1928 ـ

يىلىدىن كېيىن، ئەيسا چىن دېلى بىلەن بىللە تاشكەنتكە يۆتكى-لىپ كېلىپ، تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىدا تەرجىمانلىق قىلىدۇ.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا مالىيە چىقىمى كېمەيتىلىۋاتقاچقا، كونسۇلخانىلارغا ئاجرىتىلغان پۇل خىراجەتكە يەتمەيتتى، كېمەي-گەن پۇلنى ھەرقايسى كونسۇلخانىلار ئۆزلىرى بىر ئامال قىلىپ تولۇقلايتتى. تولۇقلاش چارىسى مۇنداق ئىككى خىل ئىدى: بىر-رىنچى، رۇبلى شىنجاڭدا ئۆتمىگەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇ-رۇشلۇق مۇھاجىر سودىگەرلەر ۋەتەنگە قايتقاندا ئېلىپ كەلگەن رۇبلىلارنى كونسۇلخانا مەسئۇل بولۇپ شىنجاڭ پۇلىغا ئالماش-تۇرۇپ بېرەتتى ۋە ئوتتۇرىدىن 30% تىن كۆپرەك پايدا ئې-لىۋالاتتى. شۇنىڭدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قانۇنسىز ھالدا شىنجاڭغا كىرگەن كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن رۇبلىنىڭ شىن-جاڭدا ھېچقانداق قىممىتى بولمىغاچقا، كونسۇلخانىلار ئادەم ئە-ۋەتىپ ئۇلارنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، ئاندىن دىپلوماتىيە پوچتىسى ئارقىلىق، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزمەيلا خۇپىيانە ھالدا كونسۇلخانىغا ئېلىپ كېتەتتى؛ ئىككىنچى، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭلىقلار كۆپىنچە ئەتىياز پەسلى ئاخىرلاشقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلاتتى ۋە كۈز پەسلىدىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ قىشلايتتى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغۇچە چەتكە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشنى ئۇقمايلا چىقىپ كەتكەچكە، سوۋېت چېگرىسىغا كى-رىپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى كونسۇلخانىلار ئۇلارغا «ۋاقىت-لىق پاسپورت» تولۇقلاپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىر رەسمىيىتى ئۈچۈن كەم دېگەندە بىر رۇبلىدىن رەسمىيەت ھەققى ئېلىناتتى. ئىشلەمچى، سودىگەرلەر راسا كۆپەيگەن مەزگىللەردە بەزى كون-سۇلخانىلار ھەر ئايدا 7000 — 8000 كىشىگە رەسمىيەت بېجى-رىپ بېرەتتى، دېمەك، ئېيىغا 10 مىڭ رۇبلىدەك پۇل كىرىم قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا رۇبلىنىڭ قىممىتى گەرچە ياۋروپا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىدەك 100 رۇبلى 50 سەر كۈمۈش تەڭگىگە يارايدىغان

دەرىجىدە بولمىسىمۇ، بىراق بۇ كىرىم كونسۇلخانىلارغا بېرىلىد-
ىغان خىراجەت سوممىسىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. بۇ-
نىڭدىن باشقا، بەزى كونسۇللار سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇۋۇلاشنى ۋە
ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىگەن بۆكەن مۈڭگۈزى ۋە بىرىلىيانت
قاتارلىق نەرسىلەرنى قانۇنسىز سېتىۋېلىپ، ئېلىمىزگە قايتقاند-
ىن كېيىن ھايىنىغا ساتاتتى. چېن دېلىمۇ دەل مۇشۇ ۋاستىد-
ىن پايدىلىنىپ، ئەيسا ئارقىلىق راسا ھايان تاپىدۇ. ئەيسا پاس-
پورت بېجىرىش داۋامىدا ھەتتا باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇھاجىرلىرد-
غا ۋە بەزى ھاجەتمەن سوۋېت گىراژدانلىرىغىمۇ خالىغانچە
«ۋاقىتلىق پاسپورت» بېرىدۇ. ئەيسا يەنە مۇھاجىرلىرىمىز ئۆز
يۇرتىنىڭ تامىقىنى يەيدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، خۇسۇسىي
ئاشخانا ئېچىپ، ناھايىتى جىق پايدا تاپىدۇ. ئەيسا بىلەن چېن
دېلى شېرىكلىشىپ، ھە دەپ قانۇنسىز پۇل تاپقاچقا، سوۋېت
ئىتتىپاقى دائىرىلىرى تەرىپىدىن جەرىمانە قويۇلىدۇ. كېيىن
ئېھتىمال ئەيسا ئۆز نەپسىگە بەكرەك چوغ تارتىپ كەتكەنلىكتىن
بولسا كېرەك، چېن دېلى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالىدۇ. ئەيسا
1931 ـ يىلى تاشكەنتتىكى كونسۇلخانىدىن شىنجاڭغا قايتىپ
كېلىدۇ، كېيىنچە نەنجىڭغا بېرىپ ئوقۇيدۇ. شۇ چاغلاردا كىشد-
لەر ئارىسىدا ئەيسا كونسۇلخانىدا ئۆز ئالدىغا پاسپورت ساتقاند-
لىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ يۈرۈپتۇ، دېگەندەك گەپ-
لەر ناھايىتى كۆپ تارقىلىدۇ، لېكىن كېيىنكى تەكشۈرۈشلەردە
بۇ گەپلەر ئاساسسىز بولۇپ چىقىدۇ. ئەيسا كونسۇلخانىدا ئىش-
لەۋاتقان مەزگىللەردە، شىنجاڭ ـ سوۋېت چېگرىسىدا كۆچۈپ
يۈرگەن پانتۈركىزمچىلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ
تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغان، ئەيسا نەنجىڭغا بارغاندىن
كېيىن، داۋاملىق ئوقۇش يولىنى تېپىشقا بەل باغلاپ، شۇ
چاغلاردا نەنجىڭنىڭ سىياسىي ـ مائارىپ ھوقۇقىنى ئىلكىگە
ئېلىۋالغان جۇ جياخۇانىڭ ھوزۇرىغا بارىدۇ. جۇ جياخۇا ئەيسانىڭ
21 ياشقا كىرىپ قالغانلىقى، ئوقۇش يېشىدىن سەل ئېشىپ كەت-
كەنلىكى ۋە بىلىم ئاساسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئۇققان بول-

سىمۇ، ئۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىنىڭ يامان ئەمەس ئىكەنلىكى ۋە تىرىشچان ھەم ئەقىللىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ قورۇلـ غىنىغا ئۇزۇن بولمىغان مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانۇنشۇ- ناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشىنى تەستىقلاپ بېرىدۇ.

1933 ـ يىلىدىكى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدە جىن شۇرېن تەختتىن قوغلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ پوتكول ھەربىي ـ مەمۇرىي ھوقۇقىنى قارا نىيەت شېڭ شىسەي چاڭگىلىغا كىرگۇ- زۇۋالىدۇ. نەتىجىدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى قاش بىلەن كىرپىك ئا- رىسىدا قالىدۇ. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇ- قىملاشتۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئۈچۈن، شۇ يىلى 6 ـ ئايدا باش ئىشتابنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭنىڭ ئاي- غاقچىسى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. خۇاڭ مۇسۇڭ ئەيسانىڭ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ھەم تەدبىرلىك ئىكەن- لىكى، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى فوگۋەن (ئاديۇتانت) قىلىپ، بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا خۇاڭ مۇسۇڭ بىللە ئېلىپ كەلگەن خادىملار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سوۋېت چېگرىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىدۇ. لېكىن ئەيسا باشتىن ـ ئاخىر خۇاڭ مۇسۇڭ- غا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئايروپىلاندا كېلىدۇ. شىن- جاڭدا «ئايغاقچىلىق» قىلغان بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئەيسا ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەيدۇ. ئۇ بارغانلا يەردە مەركەزنىڭ «ياخ- شى مۇددىئالىرى»نى تەشۋىق قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ھەر خىل ئاخباراتلارنى ئىگىلەيدۇ ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەر ئارى- سىدىكى تەسىرى بار ئەربابلارنى يىنىغا تارتىپ، خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈچۈن تىنىمسىز خىزمەت قىلىدۇ. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن خۇاڭ مۇسۇڭ ئەيسانى ئېلىپ، نەن- جىڭغا قايتىپ كېتىدۇ. خۇاڭ مۇسۇڭ ئەيسانىڭ ئىپادىسىگە ئا- ساسەن، ئۇنى ئەتىۋارلاپ، باش ئىشتابنىڭ چېگرا ئىشلىرى بۆ- لۈمىنىڭ مۇشاۋىرى (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە تەتقىقاتچى) قىلىپ

تەيىنلەيدۇ.

ئەيسا خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن شىنجاڭدا ئىشلىگەن مەزگىلدە،
جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى ياۋۇزلۇق ـ زوراۋانلىقلىرى، جى ـ
نايى قىلمىشلىرى ھەمدە نەنجىڭدىكى بىرقانچە مۇھىم ئەرباب
بىلەن تۇمشۇق يالاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە،
شىنجاڭدىكى مەزگىلدە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ جىن شۇرېن بىلەن چىقى ـ
شالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ نەنجىڭغا قايتقاندىن كېيىن، جىن شۇ ـ
رېننىڭ شىنجاڭدىكى جىنايى قىلمىشلىرى ئۇستىدىن شىكايەت
قىلىدۇ ھەمدە مەمۇرىي پالاتىنىڭ باش كاتىپى چۇ مىنيىنى زىيا ـ
رەت قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدا ئۆز بېشىمچىلىق قى ـ
لىپ، شىنجاڭ ـ سوۋېت سودا كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقى، دۆلەت ـ
نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقى، ھۆكۇمەت پۇ ـ
لىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى، گۇناھسىز پۇقرالارنى خالىغانچە
ئۆلتۇرگەنلىكىدەك ئون تۇرلۇك چوڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش
قىلىدۇ. چۇ مىنيى ئۇنىڭ ئەيىبلىشىنى ماقۇل كۆرىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن، ئەيسا شىنجاڭدىن نەنجىڭغا بېرىپ تۇرۇپ قالغان مۇ
تيەنمىن، مۇ ۋېيشىن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە جىن
شۇرېننى مەركەزگە ئەرز قىلىدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە پەن شى ـ
سۇڭمۇ جىن شۇرېننىڭ جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئالىي سوتتا مۇھىم
ئەربابلارنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۇرگەنلىكىنى شىكايەت قىلى ـ
دۇ. شۇنىڭ بىلەن 30 ـ ئۆكتەبىر كۇنى مەمۇرىي پالاتا يىغىن
ئېچىپ، پايتەخت ساقچى نازارىتىنىڭ جىن شۇرېننى قولغا ئې ـ
لىپ، جياڭنىڭ يەرلىك سوت مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى نەزەر ـ
بەنتخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى ۋە تەپتىش باشقارمىسىنىڭ
رازۋېدكا قىلىپ ئەيىبلىشىنى قارار قىلىدۇ.

ئەيسا جىن شۇرېن ئۇستىدىن ئەرز قىلىۋاتقان مەزگىلدە،
نەنجىڭ ھۆكۇمىتىنىڭ شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سېلىپ،
شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر
تاپىدۇ ـ دە، شېڭ شىسەيگە قارشى چىققانلىق سەۋەبىدىن تيەنـ ـ
جىنگە قېچىپ بېرىۋالغان مەسئۇد سەبرىنى شەخسەن ئۆزى تيەنـ ـ

جىنگە بېرىپ، نەنجىڭغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنداقلا، قەشقەردە زوراۋانلىق سىياسەتكە قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبى بىلەن شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەن ئىسمائىل، قادىر قاتارلىق كىشىلەرنى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق نەنجىڭغا تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېلىدۇ ھەمدە نەنجىڭدە «نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى»نى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدىكى بىر تۈركۈم سىياسىي كۈچلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئالاقىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىدۇ.

1934 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جىن شۇرېن تيەنجىندە چىقىدىغان «جامائەت گېزىتى»دە «قاچقۇن ئەيسانىڭ گۇمان بىلەن باشقىلارغا بوھتان چاپلىغانلىق دېلولىرىغا رەددىيە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قاچقۇن» سۆزى ئەيسا تاشكەنت كونسۇلخانىسىدا تەرجىمان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە نەچچە 10 مىڭ پارچە خەلقئارا ئىجازەتنامىنى خۇپىيانە سېتىۋەتكەنلىكتىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئەيسانى قولغا ئېلىپ بىر تەرەپ قىلماقچى» بولغاندا، ئۇ بۇ «خەۋەرنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتتى»، دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرگە قارىتا ئېيتىلغان. بۇنىڭغا قارىتا ئەيسامۇ نەنجىڭدا چىقىدىغان «مەركەز كۈندىلىك گېزىتى»دە 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «ئەيسانىڭ جىن شۇرېن دېلوسى ھەققىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئىتى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى قايتا پاش قىلىش بىلەن بىللە ئۆزىنى ئاقلايدۇ. بۇ دېلو تاكى 1935 ـ يىلى جىن شۇرېنغا ئۈچ يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى ۋە سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، ئاخىرى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. 1934 ـ يىل 2 ـ ئايدا مەمۇرىي پالاتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش ـ پىلان كومىتېتىنى يېڭىدىن تەسىس قىلىپ، مەركەز بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. مەمۇرىي پالاتا تەرىپىدىن بى-

رىنچى تۈركۈمدە تەكلىپ قىلىنغان 25 ھەيئەت ئەزاسى ئىچىدە ئەيسامۇ بار ئىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئەيسا ۋە مەسئۇد قاتار-لىقلار نەنجىڭدا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا «تەڭرىتاغ» ئايلىق ژۇرنىلىنى نەشر قىلىدۇ. دەسلەپ تاش باسمىدا چىقىرىلىدۇ، ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ، مىخ مەتبەئەدە بېسىلىدۇ. ئەيسا ژۇر-نالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كۆپىنچە شېڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى قامچىلايدۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇۋاتقانلىقىدەك پاجىئە-لەرنى ئاشكارىلايدىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ. شۇ مەزگىلدە ئەيسا يەنە نەنجىڭدا چىقىدىغان «بيەنفېڭ» (چېگرا تىغى) ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالدا «شىنجاڭ ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ.

1935 ـ يىلى باش ئىشتاب قارىمىقىدىكى چېگرا ئىشلىرى بۆلۈمىدە بىر چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىنىدۇ، ئەيسا مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. كېيىن، نەنجىڭدىكى «مەركىزىي كۇ-لۇب» مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكى جياڭ جيېشى تەرەپدار-لىرىنى ئۆزىگە تارتقاندا، ئەيسا «مەركىزىي كۇلۇب»قا قاتنىشىدۇ.

1936 ـ يىل 8 ـ ئايدا موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتى مەس-ئۇللۇقىدا «چېگرا رايون يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نەشر قىلىنى-دۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر سانىدا مەخسۇس ئۇيغۇرچە بەتلەر بولۇپ، ئەيسا ئۇنىڭ تەھرىرلىك خىزمەتلىرىگە قاتنىشىدۇ ھەمدە «شىن-جاڭشۇناس»لىق سالاھىيىتى بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ تۇرىدۇ، ئۇ يە-نە ھەر ئون كۈندە بىر چىقىدىغان «تاڭ نۇرى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ توم 5 ـ سانىدا «شىنجاڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ.

1938 ـ يىل 6 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پايتەختىنى چۇڭچىڭغا يۆتكەپ بولغان بولسىمۇ، ئەيسا يەنىلا خەنكۇدا قالىدۇ ۋە «نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» نامىدىن

خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا بىرلىكتە چىقىدىغان «ياپونغا قارشى ئۇرۇش خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىدۇ. شۇ چاغلاردا ئەيسا قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغانىدى. كېيىنرەك ئۇ چۇڭ-چىڭغا بېرىپ، ۋۇ جۇڭشىن موڭغۇل - تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە تەسىس قىلىنغان سىياسىي كۇرستا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرىدۇ، بىراق ئۇ ھەمىشە تۈرك تىلىنىڭ فونېتىكىسى ۋە گىراماتىكىسىنى سۆزلەيدۇ. بۇ، پان-تۈركىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ.

1934 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ئەيسا، مەسئۇدلار دەس-لەپ ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قەدىرلىشىگە، كېيىن جياڭ جيېشىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ، يۇقىرى مائاش ۋە ئالاھىدە تەمىناتلارغا ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا، سىياسىي جەھەتتە باشتىن - ئاخىر سو-ۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش-نىڭ ۋاستىسى بولۇپ بېرىدۇ. چېگرا ئىشلىرىغا دائىر مۇھىم پائالىيەتلەرگە ھەمىشە تەكلىپ قىلىنىپ، پىكىر بايان قىلىدۇ ۋە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئەيسا قاتارلىقلار يەنە گومىنداڭنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، پانتۈركىزمچى كۈچلەرنى مەخپىي ئۇيۇشتۇرىدۇ ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش باھانىسى بىلەن پان-تۈركىزمنى تەشۋىق قىلىدۇ.

1946 - يىل 4 - ئايدا جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال قو-ماندانلىق ئىشتابىنىڭ مۇدىرى ۋە قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسى-نىڭ رەئىسى بولۇپ، دىخۇاغا (ئۈرۈمچىگە) ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىل-لىرى بىلەن سۆھبەتلەشكىلى كەلگەندە، ئەيسا قاتارلىق كىشى-لەرنى چۇڭچىڭدىن بىللە ئېلىپ كېلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۆلكى-لىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزمەكچى بولىدۇ. ئەيسا قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كېلىش بىلەنلا پائال ھەرد-كەتلىنىپ، ئىشنى ئالدى بىلەن تەشۋىقات ۋە تەشكىللەشتىن باشلايدۇ. 5 - ئايدا ئەيسا باشچىلىقىدا «ئالتاي نەشرىياتى»نىڭ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ، ئەيسا ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىن-لىنىدۇ. جاڭ جىجۇڭ ۋە سوڭ شىلىيەنلەرنىڭ رىياسەتچىلىك قى-لىشى ۋە پىلانلىشى ئارقىسىدا، ئەيسا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئىتتىپاقى»دىن ياشلارنى تالىشىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە «ئۈچ چوڭ مەسلەكچى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆ-بىسىنىڭ تەييارلىق باشقارمىسى»نى قۇرىدۇ ھەمدە ئىچكى جە-ھەتتە ئۆزى بۇ شۆبىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ چاغدا، دەسلەپ چۇڭچىڭدا تەسىس قىلىنىپ، كېيىن لەنجۇغا يۆتكەپ كېلىنگەن «ئالتاي نەشرىياتى» ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ، ئەيسا نەشرىياتنىڭ باشلىقى بولىدۇ ھەمدە 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە «ئالتاي ژۇرنىلى»نى نەشر قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۈچ چوڭ مەسلەكچى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى لۇشىيەندە چاقىرىلىدۇ، ئەيسا ئالمان ـ تالمان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ لۇشىيەنگە بېرىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ. قۇ-رۇلتايدىن كېيىن، ئۇ شاڭخەي، تيەنجىن، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيىدە بولىدۇ. 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قايتىپ كېلىدۇ، لېكىن ئەيسا مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن نەنجىڭدا قېلىپ، قورچاق مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ. بۇ چاغدا ئەيسانىڭ قانات ـ قۇيرۇقى چىقىپ بولغا-نىدى، شۇڭا ئۇ مەملىكەتلىك مىللىي قۇرۇلتايدا «شىنجاڭنىڭ ئورنى مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن، ئاپتونومىيىدىن يۇقىرى بولغان يۇكسەك ئاپتونومىيە بولۇشى كېرەك»، دېگەننى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. 1947 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۈچ چوڭ مەسلەكچى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۇنجى قۇ-رۇلتىيىدا ئەيسا: «شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنىڭ ئاساسى شۇكى، مەركەز شىنجاڭغا قارىتا پەقەت زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قې-لىشنىلا تەلەپ قىلىشى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى شىنجاڭغا قارىتا پەقەت ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئىتتىپاق ـ ئىناق ئۆتۈش-نىلا تەلەپ قىلىشى، شىنجاڭلىق قېرىنداشلار پەقەت ئۆزىنى ـ ئۆزى ئىدارە قىلىشنىلا تەلەپ قىلىشى، بۇلاردىن باشقا، ھېچقاي-

سى تەرەپ ئارتۇق تەلەپ قويماسلىقى كېرەك»، دەيدۇ. ئۇ يەنە ئا-
تالمىش «ئىتتىپاق ـ ئىناق ئۆتۈش» دېگەنلىك باشقىلارنىڭ
ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش دېگەنلىك ئەمەس، دەپ ئۆز سۆزى-
گە ئىزاهات بېرىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ شۇ
چاغلاردا شىنجاڭنى قانداق ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى سىيا-
سىي لايىھىسى ئىدى. ئەيسا ئۆز قولىنى تېخىمۇ ئۇزارتىش ئۈ-
چۈن، ئۈچ چوڭ مەسلەكچى ياشلار ئىتتىپاقى شۆبىسىنىڭ نا-
مىدا «ياشلار مۇلازىمەت جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، ئۆزى جەمئىيەت-
نىڭ باشلىقى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەيسا ئاتالمىش «ئۈچ چوڭ
مەسلەكچى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆبىسى»نى پانتۈركىزم-
چى ياشلارنىڭ سىياسىي تەشكىلاتىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ
بۇ تەشكىلاتنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا «شىنجاڭ
ياشلار ئۇيۇمى» دەپ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە ئەيسا
ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاهىيىتى بىلەن جاڭ
جىجۇڭغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا هەر خىل
سىياسىي پائالىيەتلەرنى پائال ئېلىپ بارىدۇ ۋە كۈچ ئۇيۇشتۇ-
رۇپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنىڭ كۈچىنى
ئاجىزلاشتۇرۇشنى پىلانلايدۇ.

1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپكە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۆزى قوشۇمچە ئۆ-
تەۋاتقان رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىدۇ ۋە شۇ چاغدا
شىنجاڭدا باش مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەسئۇدنى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ، ئەيسا
يەنە ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولىدۇ ۋە قوشۇمچە باش كا-
تىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. 6 ـ ئايدىن باشلاپ مەسئۇد قاتار-
لىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن، ئەيسا بىۋاسىتە پىلانلىغان، «ئالتاي
نەشرىياتى» مەسئۇل بولغان ئۇيغۇرچە «ئەرك» گېزىتى، شىنجاڭ
مەدەنىيەت جەمئىيىتى» نامىدا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا بىر-
لىكتە چىقىرىلىدىغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە ئۇيۇ-

غۇرچە چىقىدىغان «يالقۇن» گېزىتى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلايدۇ. «ئەرك» گېزىتىنىڭ بېشىدا ئەيسا ئوتتۇرىغا قويغان «مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، يۇرتىمىز تۈركىستان» دېگەن شوئار ھەر ساندا مۇقىم بېسىلىپ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، تۈرك تىل ـ يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن يۈرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر تىلى تۈركچىلەشتۈرۈلىدۇ، شىنجاڭمۇ «تۈركىستان ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەيسا ھەدەپ ياشلار ئۆمىكىگە ئەزا قوبۇل قىلىشنى پىلانلاۋاتقاندا، پارتىيە بىلەن ئۆمەكنى بىرلەشتۈرۈش پەرمانى بويىچە ئۈچ چوڭ مەسلەكچى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆبىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىگە قوشۇۋېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئەيسا گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولىدۇ.

1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئەيسانىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە، ئالتاي ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نامىدا «چىنى تۈركىستان» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە تارىخشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلىدۇ، تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ۋە تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىنىدۇ. ئەيسا تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، ھوقۇق ـ ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئاجرىتىلغان خىراجەت پۇلىنى يۇقىرىدىكى تەشكىلاتلارغا سەرپ قىلىپ، پانتۈركىزمنى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلىدۇ. 1948 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا مەسئۇد قاتارلىق پانتۈركىزمچىلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدىكى خاتالىقلىرى ۋە خاتا خاھىشلىرى تۈپەيلى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قارشىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، نەتىجىدە شىنجاڭدا يەنە بىر قېتىم بۆلۈنۈش ۋە مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، جاڭ جىجۇڭ مەس-

ئۇدنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا باشقا ئادەم قويىماقچى بولىدۇ.

1949 ـ يىل 1 ـ ئايدا مەسئۇد ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رە ـ ئىسلىكىدىن قالدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرھان شەھىدى رە ـ ئىس بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، پانتۇركىستلار گۇرۇھىنىڭ كۈچە ـ مۇ بارا ـ بارا ئاجىزلىشىدۇ. بۇ چاغدا شىنخۇا ئاگېنتلىقى ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئىنقىلابنى ئاداققىچە ئېلىپ بارايلى» دېگەن تېمىدى ـ كى يېڭى يىل بېغىشلىمىسىنى ئېلان قىلىدۇ، جياڭ جيېشى بولسا بىرلىشىش تەلەپ قىلىنغان باياناتىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ، گومىنداڭنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇقىملىشىپ قالغانلىقىدىن دې ـ رەك بېرەتتى. ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭنى پانتۇركىستلارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، تېخىمۇ زور ئاكتىپچانلىق بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق لى زۇڭ ـ رېن، ما بۇفاڭ قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغاندىن باشقا، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى باۋ ماۋشۇن (پاكستون)، مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان قاتارلىقلار بىلەن ھەدەپ تىل بىرىكتۈرۈپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى پىلانلايدۇ ھەمدە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇماقچى بولىدۇ ۋە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنىڭ كۆپ خىل كونكرېت لايى ـ ھىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسى گۇاڭجۇدا 60 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت خىزمىتى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، چىڭخەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ما بۇفاڭنى غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي مەھكىمى ـ نىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ ۋە ھەربىي قىسىملارنى باشلاپ، چىڭخەيدىن لەنجۇغا كىرىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەيسا ما بۇفاڭ بىلەن ئەپلىشىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن، 7 ئايدا ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوماندان ما بۇفاڭغا سوۋغا ـ سالام بېرىش ئۆمىكى»نى قۇراشتۇرۇپ، ئۆزى باشچىلىقىدا بايراق ـ لوزۇنكا،

سوۋغا ـ سالامارنى ئېلىپ بىر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنى باشلاپ لەنجۇغا بېرىپ سوۋغا ـ سالام يوللايدۇ. شەرقىي گەنسۇغا بېرىپ، 82 ـ كورپۇستىن هال سورايدۇ، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۆمەك خەلقنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ كېلىدىغان ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنچلىققا بولغان ئىنتىلىشى راسا كۈچىيىپ، ئازادلىققا تەلپۈنۈش ئىرادىسى مۇستەھكەملىنىپ بولغاچقا، ئەيسا قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لەنجۇ ئازاد بولىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يەنى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى جاكارلىنىشتىن تۆت كۈن بۇرۇن، ئەيسا ئائىلىسىدىكى بەش كىشى ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار ئۇرۇمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق كەشمىرنىڭ ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى رايونىغا قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە مەخپىي تەشكىلاتلىرى ۋە گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە تايىنىپ ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەندە، جياڭ جيېشى تەيۋەندە يولۋاسنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ، كەشمىردىكى ئەيسا قاتارلىق قاچقۇنلارغا ئېتىبارسىز قارايدۇ.

1951 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئەيسا قاتارلىقلار كەشمىردە ئۆزىنى سەل ـ پەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، تەيۋەن بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ. لېكىن جياڭ جيېشى ئۇلارنى پانتۈركىزم بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى دەپ، ئانچە ئېتىبارغا ئالمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جان بېقىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاران 30 مىڭ ھىندىستان رۇپىيىسى بېرىدۇ، ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ ئالاقە باغلاش ئۈچۈن تەيۋەنگە ئەۋەتكەن يېقىنلىرىدىن ئەدھەم، ئەلىبەگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پانتۈركىزمدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزلىرىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا

ئاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا گورۇھىنىڭ زاۋالى يېقىنلىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن پاناھ ئىزدەيدۇ، نىھايەت، غەربتىكى بىر قىسىم كۆچلەرنىڭ ياردىمىدە، 1951 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئالدى بىلەن ئەسلىدىكى «شىنجاڭ مۇھاجىرلىرىنىڭ كەشمىردىكى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» ئاساسىدا «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى»نى تەشكىللەيدۇ، ئەيسا ئۆزى بۇ بىرلەشمىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ، كېيىنچە، خەلقئارا پانتۈركىزم تەشكىلاتى ـــ ئىستانبۇلدىكى «تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەيئىتى» بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىللە، شىنجاڭغا ئاخبارات توپلاشقا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلايدۇ. بىراق بۇ پىلانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

1954 ـ يىلى، ئەيسا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئارقىسىدىن كەشمىردىن تۈركىيىگە كۆچۈپ بېرىپ، «تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەيئىتى» ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەمدە شىنجاڭغا قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. كېيىن ئۇ يەنە «شىنجاڭ ئىستىقلال ئۇيۇمى» (شىنجاڭ مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى) دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

1956 ـ يىلى ئەيسا تۈركىيىدە غەربىي ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇقلارغا: «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، زوڭتۇڭ جياڭ جېيشى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق، جياڭ جېيشى چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغايدۇ، بىز شىنجاڭغا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغايمىز. كەلگۈسىدە شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇلىدۇ، خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كېتىدۇ»، دەپ ئىغۋا تارقىتىدۇ. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى، جياڭ جېيشى تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىغا ئىغۋاغا رەددىيە بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىدۇ ۋە: بۇ، ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ «جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن پۇل ئوندۇرۇش ۋاستىسى»، دەيدۇ. شۇ چاغدا تەيۋەننىڭ

تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۈر-كىيە ھۆكۈمىتىدىن ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ تۈركىيىدە «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن جۇ جياخۇامۇ جياڭ جىيېشىنىڭ پىكرى بويىچە، ئۇلارنى «ئومۇمىي ۋەزىيەت»نى نەزەردە تۇتۇپ، «شىنجاڭ ئىستىقلال ئۇيۇمى»نى «شىنجاڭنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ئىتتىپاقى»غا ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلغان، لېكىن، مۇ-ھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا قاتارلىقلار «پەقەت مۇستەقىللىقنى ئوتتۇرىغا قويغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭدا كوممۇنىزمغا قارشى كەي-پىياتنى قوزغىغىلى بولىدۇ»، دەپ قارىغان. شۇڭا ئەيسا قاتار-لىقلارنىڭ كەشمىر ۋە تۈركىيىدىكى پانتۈركىزمچىلىق ھەرىكەت-لىرى ئۇلار بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

1964 ـ يىلى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا تۈركىيىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەركىن قاتارلىقلار يە-نىلا پانتۈركىزم ۋە شىنجاڭدا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش سۇيىقەس-تى بىلەن پائال شۇغۇللىنىدۇ، 1979 ـ يىل 4 ـ ئايدا «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، پانتۈركىزم تەلۋىلى-كىنى تەرغىب قىلىدۇ. ئەيسا يەنە تۈركىيىدە چىقىدىغان بىر ئىنگلىزچە ژۇرنالدا «ئالپتېكىن» دېگەن نام بىلەن دائىم ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئەيسا شىنجاڭدىن قېچىپ چىققاندىن كې-يىن تۈركىيە تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندىكى نەچچە ئون يىل مابەينىدە تاكى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانغا قەدەر، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشىگە قارشى بايراق-نى كۆتۈرۈۋېلىپ، دونكىخوتچە قەھرىمان بولۇش خام خىيالىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئەيسا 1995 ـ يىل 12 ـ ئايدا 87 يېشىدا ئالەم-دىن ئۆتىدۇ.

خەنزۇچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **ئالپ ئارسلان**

# ئېلىخان تۆرە شاكىرخان تۆرە ئوغلى

## ھاكىم جاپپار

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەز-گىلىدە، يەنى 1944 ـ يىلدىن 1946 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە (ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلۈپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغىچە) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئېلىخان تۆرە رەئىس بولدى. نۇرغۇن كىشى ئېلى-خان تۆرىنىڭ كىملىكىنى، قانداق ئىش ـ پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئانچە بىلمىسە كېرەك، مەن بۇ ماقالەمنى ئۆ-زۈم بىلگەن ۋە ئىگىلىگەن بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئېلىخان تۆرىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئېلىخان تۆرە (ئەدەبىي تەخەللۇسى ساغۇنى، ئۇ بالاساغۇندا تۇغۇلغاچقا، ساغۇنى دەپ تەخەللۇس قويغان)، ئۆزبېك، ئۇ 1885 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سابىق تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ توقماق شەھىرىدە (ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋە-سىدە) ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى شاكىرخان تۆرە تۆت پەرزەنت كۆرگەن، ئېلىخان تۆرە ئۇلارنىڭ ئىككىنچىسى. شاكىرخان تۆرە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن تەرەق-قىيپەرۋەر كىشىلەردىن بولغاچقا، بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن ھەمدە ئېلىخان تۆرىنى چوڭ ئوغلى ئالىمخان تۆرە بىلەن بىللە ئەرەبىستانغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئېلىخان تۆرە ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، بۇخارا مەدرىسلىرىدە داۋاملىق ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئېلىخان تۆرە ئوقۇش مەزگىللىرىدە، بىر تەرەپتىن، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا

ئۆگىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تىبابەتچىلىككە ئىشتىياق باغلاپ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قاتارلىق تىبابەت ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ ھەمدە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتاقلىق تېۋىپلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇستا تېۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئېلىخان تۆرىنىڭ بىلىم ئىگىلەۋاتقان ۋاقتى دەل چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلغان. يەرلىك خەلقلەرنىڭ چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭلىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. 1916 ـ يىلى توقماق تەۋەسىدىكى قىرغىز ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرى بىرلىكتە چار روسىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئېلىخان تۆرىمۇ بۇ قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ. لېكىن بۇ قوزغىلاڭ چار روسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلىدۇ، قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرى ھەر تەرەپكە قاچىدۇ، جۈملىدىن ئېلىخان تۆرىمۇ مۇھاجىر بولۇپ قەشقەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېلىخان تۆرە 1918 ـ يىلى ۋەتىنىگە قايتىدۇ. ئۇ 1920 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەج ـ تاۋاب قىلغىلى ئەرەبىستانغا بارماقچى بولىدۇ، بىراق بۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئەرەبىستانغا بېرىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، شىنجاڭ ئارقىلىق بېرىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىگە كېلىدۇ. بىراق شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن، ئۇ ھەج ـ تاۋاب قىلىش سەپىرىگە چىقالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن غۇلجىدا مۇقىم ماكانلىشىپ قالىدۇ. يەنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئۆزبېك مەكتەپ (ھازىرقى 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)نىڭ ئارقا تەرىپىدىكى مەھەللىگە ئورۇنلىشىدۇ، كېيىنچە بۇ مەھەللە «تۆرەم مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېلىخان تۆرە دىنىي ئۆلىما ۋە ئۇستا تېۋىپ بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا جامائەتچىلىككە تونۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

1937 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي قانلىق قىلىچىنى كۆ-

تۇرۇپ ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى مۆتىۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى ھەم ئىلغار زىيالىيلارنى كۆپلەپ قولغا ئالدى، شۇ قاتاردا ئىلىخان تۆرىمۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ھەم مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. ئىلىخان تۆرە 1941 ـ يىلى شىڭ شىسەي تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ.

ئىلىخان تۆرە غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە جامائەت بىلەن ئارىلىشىپ، تېۋىپلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەسچىت، مەدرىسىلەردە ۋە جامائەت توپلانغان سورۇنلاردا ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئازادلىققا تەشنا بولۇپ تۇرغان خەلق ئىلىخان تۆرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇ بارىدىغان، جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامەلەرگە تېخىمۇ كۆپلەپ يىغىلىدۇ. 1944 ـ يىلى غۇلجىدا يەر ئاستى «ئازادلىق جەمئىيىتى» قۇرۇلىدۇ، ئىلىخان تۆرە بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىدۇ ۋە بۇ تەشكىلاتقا رەئىس قىلىپ تەيىنلىنىدۇ، بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، 1944 ـ يىلنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلى يېۋسىيېف غۇلجىغا كېلىپ، غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلى ئارقىلىق غۇلجىدىكى سالىخ جانباي قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن تەشكىلات قۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەن ھەمدە بۇ تەشكىلاتنىڭ نامىنى «ئازادلىق جەمئىيىتى» دەپ ئاتاشقا كېلىشكەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىگە تەشكىلات قۇرۇلغاندىن باشلاپلا غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ھاكىم جاپپارووۋىچ يارۇللابېكوف دېگەن ئۇيغۇر كىشى مەسئۇل بولغان. «ئازادلىق جەمئىيىتى» تەشكىلاتىغا ھەرمىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىدىن ئىلغار زىيالىيلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە ئاز ساندىكى دىنىي زاتلار

قاتنىشىدۇ. بۇلاردىن: رەھىمجان سابىر ھاجىيېۋ، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، سالىخ جانباي باباجان[1]، زۇنۇن تېيىپ، ھەبىب يۇنىچى[2]، مۇھەممەتجان مەخسۇم[3]، ئابدۇرۇپ مەخدۇم[4]، جانى يولداشوف[5]، مۇختەر ئاخۇن خەلپەت، نۇردۇنبەك، ئۆمەرجان پىرمۇھەممەت، مۇھەددىن ئەخمىدىلەر بارئىدى.

«ئازادلىق جەمئىيىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئىلىخان تۆرە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە رەئىس، ئابدۇرەئۇپ مەخدۇم باش كاتىپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوف تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، قاسىمجان قەمبىرى كادىرلار بۆلۈم باشلىقى، ھەبىب يۇ-

---

① مىللىتى ئۆزبېك، غۇلجىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا بىر چوڭ باغ بىنا قىلغان. ئاڭلىشىمىزچە، مەخپىي تەشكىلات ئەزالىرى پات-پات مۇشۇ باغقا چىقىپ يىغىلىش قىلغان. سالىخ جانباي «ئازادلىق جەمئىيىتى» تەشكىلاتىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى ھاكىم جاپپار يارۇللا بېكوفنىڭ شىرەم تۇغقىنى. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىق تەرەپدارى بولۇپ، مەرۇپ سەئىدى قاتارلىقلار بىلەن ئەڭ دەسلەپتە دەرنەك (جەدىتچىلەر) مەكتىپىنى قۇرغان. مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن. سالىخ جانباي «ئازادلىق جەمئىيىتى» تەشكىلاتىنى تەشكىللىگۈچىلەردىن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1952 - يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

② ھەبىب يۇنىچى (تاتار). ئۇ گېرمانىيە، تۈركىيىلەردە ئوقۇغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئىلى گېزىتىدە ئىشلىگەن. «ئازادلىق جەمئىيىتى»تەشكىلاتىدا تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئىشلىگەن. ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ خىتابنامىسىنى يېزىپ چىققان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە قوشۇمچە گېزىتخانىنىڭ باشلىقى بولغان. 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

③ مۇھەممەتجان مەخسۇم خەلق ئىچىدە خېلى زور تەسىرى بار تەرەققىيپەرۋەر ئادەم. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 1960 - يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن.

④ ئابدۇرەئۇپ مەخدۇم، سودىگەر. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا باش كاتىپ بولغان، كېيىن بانكا باشلىقى بولغان. 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن.

⑤ جانى يولداشوف، بۇ كىشى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غۇلجىدا ئۆتكەن چوڭ باي - ۋېلىباي يولداشوفنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، غۇلجىدا سودىگەرچىلىك قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت مەزگىلىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ پروكۇرورى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن چارۋىچىلىق ساھەسىدە ئىشلىگەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

نچى مائارىپ نازىرى (ھەببىي يۇنچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى نازىر بولغان)، سالىخ جانباي يېزا ئىگىلىك نازىرى، مۇھەممەتجان مەخدۇم ئالىي سوت باشلىقى، جانى يولدا - شوف باش پروكۇرور، زۇنۇن تېيىپوف مىللىي ئارمىيىگە مۇئا - ۋىن قوماندان بولغان.

ئېلىخان تۆرە 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە رەئىس بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا شۇ چاغدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بىلەن ئېلىخان تۆرىگە مارشال ئۇنۋانى بېرىلىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئېلىخان تۆرە ھۆكۈ - مەتكە ھەيئەت ئەزا بولۇپ كىرگۈزۈلىدۇ، بىراق ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئېلىخان تۆ - رە غۇلجىدىن مەخپىي يوسۇندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىـ - قىپ كېتىلىدۇ.

ئېلىخان تۆرە مەخپىي يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن خەلق ئىچىدە ھەر خىل گەپلەر پەيدا بولىدۇ. بەزىلەر ئېلىخان تۆرە قورغاسقا يىغىنغا كېتىپتۇ دېسە، بەزىلەر ئارشاڭغا كېتىپتۇ دې - يىشتى، شۇ چاغدا ئېلىخان تۆرىگە مۇھاپىزەتچى بولغانلاردىن ئالائىدىن ئېمىر بىلەن سونۇر مۇنىر (بۇ ئىككى كىشى ھازىر غۇلجىدا دەم ئېلىشتا) مۇنداق دەيدۇ: «... بىز ئاشۇ 13 - ئىيۇن كۈنى ئېلىخان تۆرە بىلەن بىللە 2 - نومۇرلۇق قورۇ (رۇسچە ۋتوروي دوم دېيىلەتتى، ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدىكى مەخسۇس تاپشۇرۇقىنى ئورۇندايدىغان مەھكىمىسى ئىدى) غا بار - دۇق، قورۇنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، ئېلىخان تۆرىنى قورۇ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن قورۇدىن بىر كىشى چىقىپ، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىز قايتىپ كەتتۇق، شۇندىن كېيىن ئېلىخان تۆرىنى كۆرمىدۇق، نەگە كەتكىنىنىمۇ بىلمىدۇق».

مېنىڭ ئىگىلىشىمچە، 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈ ـ
نى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجىدا قۇرغان 2 ـ ئۆيدىكى سو ـ
ۋېت رازۋېتچىكلىرىدىن ئۆزىنى ئىسكەندەر ئەپەندى دەپ ئاتىۋال ـ
غان پولكوۋنىك ئىۋان ئىۋانوف، 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا
ئوشتىن ئاقسۇغا كېلىپ بىر مەزگىل «قارىلىق» بىلىمىنى ئال ـ
غان ۋە شۇ يەردە ئۆيلىنىپ ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت
كۆرگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا غۇلجىغا كېلىپ تېكەس ئاتلىق
پولكىدا، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىدە مەخسۇس
رازۋېتكىغا مەسئۇل بولغان ۋە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن پولكوۋ ـ
نىك ئەلى ئەپەندى ھامىدوف ھەمدە ئۆزىنى زاكىر ئەپەندى دەپ ئا ـ
تىۋالغان 2 ـ ئۆي رازۋېتچىكى زاخار كوزنېتسېفتىن ئىبارەت
ئۈچ كىشى ئېلىخان تۆرىنى «قورغاستا ئوسمان يۇسۇپوف (ئۆز ـ
بېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى) سىز بىلەن كۆ ـ
رۈشمەكچى» دەپ «زىس» ماشىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ
كەتكەن.

ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن تاش ـ
كەنتتە ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلانغان قورۇدا 30 يىل نە ـ
زەربەنت ئاستىدا ياشايدۇ. ئۇ دەسلەپتە سىرتتىن كەلگەنلەردىن
مەخپىيرەك تۇتۇلسىمۇ، كېيىنچە سىرتتىن يوقلاپ كەلگەنلەر
بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئېلىخان تۆرە تاشكەنتتە نەزەربەنت ئاستىدا تۇرغان 30 يىل
داۋامىدا بەزى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ،
ئۇ بۇ جەرياندا ئەخمەت دانىشنىڭ «نەۋادىرۇل ۋاقىئە»، دەرۋىش
ئەلى چەنگىنىڭ «مۇزىكا رىسالىسى» ۋە «تۆمۈر تۇزۇكلىرى» گە
ئوخشاش نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىدۇ. «تارىخى مۇھەممەدىي
(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تارىخى)» دېگەن ئەسەرنى 1959 ـ يىلى
يېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «دىۋان ساغۇنى» ناملىق شېئىرلار
توپلىمى بارلىقىمۇ مەلۇم.

ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئىشلىگەن

غاپپارخان، ئاسارخان، ئەخمەتيار، مۇھەممەتيار ئىسىملىك بالد- لىرى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بو- لۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.
ئېلىخان تۆرە 1976 - يىلى 91 يېشىدا تاشكەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇ تاش- كەنتتىكى شەيخ زەينىددىن بابا قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

# قاسمجان قەمبىرى

## قۇددۇس ئابدۇسەمەت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلا- بىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، شائىر، دراماتورگ، 30 - يىللار- دىكى يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى قاسىمجان قەمبىرى 1910 - يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت يېزىسىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، بالىلىق چاغلىرىدىلا بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىپ ئاتۇشتا ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتى- پاقىغا بېرىپ، ياركەنت ۋە تاشكەنتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپا- قىدا شەكىللەنگەن سوتسىيالىستىك يېڭى تۇرمۇش قاسىمجان قەمبىرىنى يېڭىلىق ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بى- لەن شۇغۇللىنىدۇ. مەكتەپ سەنئەت كۇرژۇكىغا قاتنىشىپ، ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، سەھنە ئېپىزوتلىرىدا ھەر خىل پېر- سوناژلارنىڭ رولىنى ئېلىش جەھەتتىكى ماھارىتى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈز- گەندىن كېيىن، تاشكەنتتىكى ئازسانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇر- تىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ، مۇشۇ مەزگىلدە زامانداشلىرى شائىر ئۆمەر مۇھەممىدى (1906 - 1931)، ھېزىم ئىسكەندەرلەر بىلەن تونۇشىدۇ. قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئەسەرلىرى 1930 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى 1930 -، 1931 - يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە مەدەنىي ئاقارتىش ساھەسىدە تەشۋى-



قاسىمجان قەمبىرى (ئوڭدا) ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە

قات خىزمىتى ئىشلەيدۇ. ئۇ غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىپ، 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تەرەققىيپەرۋەر زات تېيىپ ھاجى بىلەن بىللە مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىت دەل جاھالەت ئىستىبداتلىقىنىڭ قارا تۇمانلىرى شىنجاڭ ئاسمىنىنى قاپلىغان، خەلق ئادالەت ۋە مەرىپەتكە تەشنا بولۇۋاتقان، شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا چىرىك ۋە ئىستىبدات جىن شۇرىن ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى خۇراپاتلىق ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. قاسىمجان قەمبىرى بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھام ۋە مەدەت ئېلىپ، «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يېزىپ ھەم ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا ۋە ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ.

ئۇ 1932 ـ يىلدىن باشلاپ تېيىپ ھاجىنىڭ قوللىشى بىلەن مەھەللىۋى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ، فېئودالىزم ۋە

خۇراپاتلىققا قارشى ھەر خىل كومېدىيە ۋە تىياتىر، دراممىلارنى ئوينايدۇ. 1934 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئىلىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇ- يۇشمىسىغا تېيىپ ھاجى رەئىس بولىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى مەسئۇل كاتىپ بولىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە ئىلى، قەشقەر ۋە ئۈ- رۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمى- لىرىدا ئەڭ ئالدى بىلەن سانايى نەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇ- لىدۇ. ئىلىدا قۇرۇلغان سانايى نەفىسە ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردىكى سانايى نەفىسەلەرگە نىسبەتەن خېلى ئىلغار ئىدى. ئىلىدىكى سا- نايى نەفىسىگە قاسىمجان قەمبىرى رېژىسسورلۇق قىلاتتى. ئۇ «زالىم شاڭيۇ»، «پارىخور شاڭيۇ»، «پېرىخون»، «يالغان تېۋىپ»، «زەينەپكە تۆھمەت» قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، زالىم بەگلەرنى ۋە نادانلىق، خۇراپاتلىقنى مەسخىرە قىلىدىغان دراممىلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى فېئوداللىق ئەنئەنە ۋە دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ قاتتىق چەكلىشىگە قارىماستىن، ئايالى رازىيەنىمۇ قابىلىيەتلىك سەنئەتچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەھنىلەردە رول ئالىدۇ.

1936 ـ يىلى قاسىمجان قەمبىرى بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك داستانى «غېرىپ ـ سەنەم» ئاساسىدا «غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىنى يېزىپ («غېرىپ ـ سە- نەم» ئوپېراسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر شائىرى ئىسمائىل ساتتار تۇنجى قېتىم سەھنە ئەسىرى قىلىپ يېزىپ چىققان) سەھنىلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭدا غېرىپ رولىنى ئۆزى، سەنەم رولىنى ئايالى رازىيە ئېلىپ چىقىدۇ. تاماشىبىنلار ئوپېرانى كۆرۈپ نا- ھايىتى مەمنۇن بولۇشىدۇ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

1936 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە غۇلجىدا سەنئەت ئىشلىرى خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. «مىللەتلەر كۇلۇبى» ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «نۇزۇگۇم»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «پەرھات ـ شېرىن»، «ئارشىن مال ئالان»، «قانلىق داغ» قاتارلىق چوڭ تىپ-

تىكى سەھنە ئەسەرلىرى ئويىنىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئۈندەيدىغان، خۇراپاتلىققا قارشى تۈ-رىدىغان كومېدىيە، ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە ئېيتىشىش نومۇرلىرى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ئىشلار قاسىمجان قەمبىرىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى، بىۋاسىتە قاتنىشىشى ۋە ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن بولغان دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە.

ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ خەلقنىڭ روھىي جە-ھەتتىن ئويغىنىشى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ئەندىشىگە سې-لىپ قويىدۇ. شۇڭا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 1937 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار ۋە ھەر مىللەت ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تۇتقۇن قى-لىشقا باشلايدۇ. قاسىمجان قەمبىرىمۇ 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىر-لىرىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى بىلەن قولغا ئېلىنىپ دەسلەپ غۇلجىدا قاملىدۇ، كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ 2 ـ تۈرمىسىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە ئۈمىدۋار بولۇپ، دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاقلىرى ئالدىدا تەۋرەنمەيدۇ.

1943 ـ يىلى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن تۈرمىدىن بىر تۈركۈم كىشى بوشىتىلىدۇ. بوشىتىلغانلارنىڭ ئىچىدە قاسىمجان قەمبىرىمۇ بار ئىدى.ئۇ تۈرمىدىن بوشىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن تولۇق ئازاد بولۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى شۇ چېغىدا تۈرمىدىن بو-شىتىلغانلار كېپىلگە بېرىلگەنىدى. قاسىمجان قەمبىرىمۇ تۈر-مىدىن مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ كېپىل بولۇشى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى سانايى نە-فىسىدە رېژىسسور ۋە ئارتىس بولۇپ ئىشلەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ خالىغان جايلارغا بېرىشى چەكلەنگەنىدى، ھەتتا غۇلجىغا بېرىپ ئائىلىسىنى يوقلاپ كېلىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىش ھەققىمۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. قاسىمجان قەمبىرى

شۇ مەزگىللەردە بىر تەرەپتىن سانايى نەفىسىدە خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆپلىگەن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازىدۇ، ياشلارنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھازىر مۇزىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پېشقەدەم نوتا ئىلمى ئۇستازى مەمەتجان ئىسمائىل ئەنە شۇلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قاسىمجان قەمبىرىنى «پەخرىي ئۇستازىم» دەپ قارايدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى ئۇرۇمچى سەھنىلىرىدە سەنئەت پائالىيىتى ئارقىلىق خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەشكە ۋە ئويغىنىشقا دالالەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەكسىيەتچىلەر ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرۇپ، زورلۇق بىلەن جەرىمانە قويىدۇ ھەمدە «جەرىمانە تۆلەش ئۈچۈن قەرز ئالغان پۇلنى ۋاقتىدا تۆلىمىدىڭ، خىيانەت قىلدىڭ» دېگەن بەدنام بىلەن ئۇنى قايتا قامايدۇ. ئەكسىيەتچىلەر قاسىمجان قەمبىرىنى تۈرمىدە ھاجەتخانا تازىلاش، كوچا سۈپۈرۈش ئىشلىرىغا سېلىپ، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى تۆكمەكچى بولىدۇ. ئامما ئىنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن قاسىمجان قەمبىرى يەنە تۈرمىدىن بوشىتىلىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى ئۇرۇمچىدە تۇرغان مەزگىلىدە ئۇرۇمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئىلغار كىشىلەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ، جۈملىدىن ئۇنىڭ قەشقەردىكى مەشھۇر دېموكراتىك ئىلغار زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى يېقىن ئىدى. 1944 - يىل 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، يەنى ئەخمەتجان قاسىمى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن بوشانغان كۈنى قاسىمجان قەمبىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزاق سۆھبەتلىشىدۇ ھەمدە ئەتىسى ئەخمەتجان قاسىمى ياڭخاڭ تاتار مەسچىتىنىڭ ئارقا كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق خوجائەخمەت دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋە باشقا ئىمتىيازلىق كىشىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتكە قاتنىشىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى تۈرمىدىن چىقىپ 3 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا كېتىدۇ. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن قاسىمجان

قەمبىرىمۇ غۇلجىغا قايتماقچى بولىدۇ. بىراق گومىنداڭ دائىرى-
لىرى ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىن سەۋەبسىزلا كېتىشىگە يول قويمايتى-
تى. شۇڭا ئۇ پۇرسەت كۈتىدۇ. 1944 - يىل 7 - ئايدا ئۈرۈمچى
مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەفىسەنى كېڭەيتىپ قۇرماقچى
بولىدۇ. قاسىمجان قەمبىرى سانايى نەفىسەگە سازەندە ئېلىپ
كېلىش باھانىسى بىلەن ئۇيۇشمىنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ غۇلجى-
غا بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، گومىنداڭنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، تېيىپ ھا-
جى، ھەبىب يۇنىچى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن كۆ-
رۈشىدۇ. ئۇ يەنە كەڭساي پارتىزانلىرى ۋە نىلقا، ئۇلاستايدىكى
پاتىخ، ئوسمان، ئەكبەر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار بىلەن ئالاقە
ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىكتىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ ھەمدە
غېنىنى پارتىزانلارغا تونۇشتۇرىدۇ. (قاسىمجان قەمبىرى غېنى
بىلەن شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە تونۇشقان).

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غۇلجىدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن،
قاسىمجان قەمبىرى پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىل-
لىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش قىسمىنىڭ شتاپ
باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا ئىدارە - ئاپ-
پاراتلار يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقانلىقى ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەر تەر-
تىپكە سېلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، قاسىمجان قەمبىرى ۋاقىتىنچە
ھۆكۈمەت رەھبەرلىك تەركىبىدە مەمۇرىي خىزمەتكە مەسئۇل بو-
لىدۇ. 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قاسىمجان قەمبە-
رى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، پولكوۋنىك سوپاخۇنلار رەھبەرلىكى-
دىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى باي، ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھى-
يىلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، قاسىمجان قەمبىرى بۇ قىسىمدا سى-
ياسىي رەھبەر بولىدۇ. بۇ قىسىم بۇيرۇقتا بىنائەن ئاقسۇدىن
چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى مەدەنىي -
مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، كېيىن سوت
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. 1946 - يىل ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمى-
تى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالىغان 11 ماددىلىق تىنچ-

لىق بىتىمگە ئاساسەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.
قاسىمجان قەمبىرى قەشقەردە مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، جۈملىدىن ئاممىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە خىلاپلىق قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. 1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈرۈمچىدە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغان ئاممىنى قانلىق باستۇرىدۇ. شۇ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئىنقىلابىي ياشلار تۇتقۇن قىلىنىدۇ. قاسىمجان قەمبىرىمۇ شۇ قاتاردا قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ھەربىي تۈرمىگە قامىلىدۇ، گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى دائىرىلىرىنىڭ تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ۋە قاتتىق قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىشى قاسىمجان قەمبىرىنى بويسۇندۇرالمايدۇ. ئۇ ھەر قېتىملىق سوراق جەريانىدا قاتتىق ئازاب چەككەن بولسىمۇ، لېكىن كامىرىغا ھېچنەرسە بولمىغاندەك خۇشال كىرىپ باشقا تۈرمىداشلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.
1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قاسىمجان قەمبىرى تۈرمىدىن چىقىدۇ. سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ تەكلىپى بىلەن 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولىدۇ، ئۇ بۇ جەرياندا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ 1949 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ گېزىتتە شىنجاڭ خەۋەرلىرىدىن باشقا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشۋىق قىلىنىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرلۈك توسالغۇلىرىنى يېڭىپ، گېزىتنىڭ سىياسىي ۋە ئەدەبىي بەتلە-رىنى ئۆزى قول سېلىپ تەھرىرلەيدۇ ھەم ئۆزى كۆپلىگەن ماقا-لىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى يەكەن ۋىلايىتىگە تۆت يىل ۋالىي بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئەك-سىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش قاتارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر-دە ئۆزىگە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى تولۇق ئورۇندايدۇ. ئۇ يەنە يە-كەننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھى-دە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك مۇ-زىكىسى 12 مۇقامنى رەتلەش، نوتىغا ئېلىش ۋە خەلق داستانلى-رى، قوشاق ـ بېيىتلىرىنى توپلاش ئىشلىرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئۇ يەنە خەلق سەنئەتچىلىرى ۋە سازەندىلىرى-نى تەشكىللەش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ قاتنىشىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى 1954 ـ يىلدىن باشلاپ جەنۇبىي شىن-جاڭ مەمۇرىي مەھكىمە مۇدىرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكى-لى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو كوممۇنىس-تىك پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزا-سى بولىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەردە خىزمەت قىلغان ۋاقتىدا تاشۋاينىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نوتىغا ئېلىش ۋە تاشۋايغا ئابىدە تىكلەش ئىشلىرىغىمۇ قاتنىشىدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى بىر ئىنقىلابىي رەھبەر بولۇپلا قالماس-تىن، يەنە شېئىرىيەت ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى جىددىي ئۇرۇش يىللى-رىدا كۈرەشچانلىق، ئۇمىدۋارلىق روھى بىلەن سۇغىرىلغان كۆپ-

لىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە نەشر قىلىد ـ ىىدىغان گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. ئۇ «رەيىقەمگە»، «پۇرسەت ساڭا»، «ياشلىق چاغلىرىم»، «ۋەتەن ئىشقىدا»، «يېـ ـ تىشسەم»، «ھەمشىرە»، «ئۇنتۇماسمەن» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىد ـ لىدۇ، كۆرەش قەھرىمانلىرىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ، خەلق دۈشمەند ـ لىرىگە نەپرەت ياغدۇرىدۇ. مىسال ئۈچۈن، ئۇنىڭ «رەيىقەمگە» دېگەن شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

زىكرى ئېيتىپ بەختىمنى مەن چۈچۈپ ئويغاندىم بۇ كېچە،
جۆرە ـ دىلدارىم بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم بۇ كېچە،
بۇ قەدەر ھىجرىڭ بىلەن ئاققان كۆزۈمدىن قانلى ياش،
مۆڭلىنىپ زوقۇڭ بىلەن ئۇيقۇمغا قاندىم بۇ كېچە،
ئاھ! پەلەكتىن ئايمۇ چىقتى، نۇر چېچىپ يۇلتۇز بىلەن،
مەڭگۈ ئايرىلماس ئىناق دوست بولدۇم ئەمدى ئۆلگۈچە.
......................

قاسىمجان قەمبىرى 1953 ـ يىل شىنجاڭ سەنئەت ۋەكىلـ ـ لەر ئۆمىكىنى باشلاپ چاۋشيەنگە بېرىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىد ـ كىگە قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسى بىد ـ لەن جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىغا مول مەزمۇندىكى سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان چاۋشيەن خەلقىگە بولغان چىن مۇھەببىتى ۋە دوستلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى 1956 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەردە يۈرەك كېسىلى بىلەن 46 يېشىدا ۋاپات بولدۇ. ئۇنى دەپنە قىلىش مۇراسىمىغا 40 نەچچە مىڭ كىشى قاتناشتى.

# مۇرات ئەپەندىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

## گۆلشات

مۇرات ئەپەندى (1855 ـ 1934) تاتار خەلقىنىڭ داڭلىق دىنىي ئالىمى بولۇپ، تولۇق ئىسمى شەيخ رامزان مۇرات. ئۇ خېلى بۇرۇنلا سوپىزم ئېقىمىنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن «رىشاھات»، «مەكتۇبات» قاتارلىقلارنى پارىسچىدىن ئەرەبچىگە، «قۇرئان»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىغان. ئۇ يەنە چۆچەكتە ھەم دىنىي بىلىم، ھەم پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپ قۇرغان. بۇ، ئەينى ۋاقىتتا بىر يېڭىلىق بولۇپ، چۆچەكتىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىغان.

مۇرات ئەپەندىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، ئانىسى قەشقەرلىك ئىدى، ئۆزى روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدە تۇغۇلغان. مۇرات ئەپەندى ئالتە يېشىدىن باشلاپلا دادىسىدىن «قۇرئان» ئوقۇشنى ئۆگەنگەن. توققۇز يېشىدىن باشلاپ ئەرەب تىلى تىلى توغرىسىدىكى دەسلەپكى بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، 11 يېشىدىن 18 يېشىغىچە تاغىسى ئىسمائىلغا ئەگىشىپ قەشقەرگە بېرىپ دىنىي بىلىم ئالغان. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ جايلاردىكى داڭلىق دىنىي ئالىملاردىن دەرس ئېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1880 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن مۇرات ئەپەندى تاشكەنتتىكى دىنىي ئالىملار ساھەسىگە قوشۇلۇپ، شۇ يەردىكى

دىنىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتكەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ سوپىزم ئە-سەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ سوپىزم نەزەرىيىلىرىنى تەتقىق قىلىشىغا ئاساس سالغان.

1881 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە مۇرات ئەپەندى بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن جاي — مەككە - مەدىنىگە بېرىشقا بەل باغلىغان ھەمدە لاھور، كاراچىلار ئارقىلىق مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان، كېيىن مەدىنىگە بېرىپ ئەمىر ۋە شىپاھ مەدرىسلەردە سەككىز ئاي ئوقۇغان. ئاخىرىدا مەھمۇدىيە دارىلئۇلۇمىنى پۈتكۈزگەن. مۇرات ئەپەندىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد-لىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مۇرات ئەپەندى مەھمۇدىيە دىرىل-ئۇلۇمىغا ئوقۇشقا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئوقۇش خىراجى-تىنى تاپشۇرالمىغاچقا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنمىغانىكەن. بىراق بىلىم ئېلىش ھەۋىسى كۈچلۈك مۇرات ئەپەندى بىر يىلدەك دې-رىزە سىرتىدا تۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان، يىل ئاخىرىدىكى ئىمتى-ھاندا، سىنىپتىكى ھېچقانداق ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرەلمىگەن قى-يىن بىر مەسىلىگە مۇرات ئەپەندى دېرىزە سىرتىدا تۇرۇپ توغرا جاۋاب بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسمىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەلا بولغانلىقتىن ئوقۇش پۈتكۈز-گەندىن كېيىن مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «رامزان» تەخەللۇسىنى قوللىنىشقا باشلىغان ۋە «شەيخ» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

ئۇ مەدىنىدە تۇرغان مەزگىلدە سوپىزم نەزەرىيىلىرىنى يە-نىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىمام رەببانى سۇسۇكىدىكى مەدىنە سوپىزم گۇرۇھىغا ئەزا بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سو-پىزمنىڭ مەشھۇر مۇقەددەس كىتابلىرىدىن «رىشاھات»ۋە «مەك-تۇبات» قاتارلىقلارنى پارسچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. «مەكتۇبات» ئىمام رەببانىنىڭ[1] ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەكىللىك ئەسەر بولۇپ، ئۇ پارس تىلىدىكى مۇ-

قەددەس ئەسەرلەر بىرقەدەر كۆپ تارقالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە بولـ ـسىمۇ، ئىراق ئەرەبلەر رايونىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۇنى چۈشىنىشى چەكلىك ئىدى. مۇرات ئەپەندىنىڭ «مەكتۇبات»نى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشى ئەرەب رايونىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرائاـ ـسىيا، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىكى سوپىزىم نەزەرىيىلىرىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«مەكتۇبات» نىڭ تەرجىمىسى 1899 ـ يىلى تاماملىنىپ مەككىدە نەشىردىن چىققان. ئۇزۇن ئۆتمەي باغداتتىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىنغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايوـ ـنىغا تارقالغان. «تاۋارىخى خەمسە شەرقىي»نىڭ ئاپتورى قۇربان ئەلى خالىدى «رىشاھات» ۋە «مەكتۇبات» لارنىڭ ئەرەبچە تەرجىـ ـمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇرات ئەپەندىنىڭ تەرجىمە ماھارىـ ـتى ۋە دىنىي بىلىمىگە يۇكسەك باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئاـ ـدەتتىكى كىشىلەرنىڭ ‹رىشاھات›نى پارسچىدىن ئەرەبچىگە تەرـ ـجىمە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «مەكتۇبات»نى تەرجىمە قىلىش ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى».[2] كېيىن مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغان خۇيزۇ دىنىي ئەربابلار «مەكتۇـ ـبات»نىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىنى ئېلىمىزگە ئېلىپ كېلىپ، 1917 ـ يىلى شاڭخەيدە قايتا باستۇرغان، شۇنىڭ بىلەن «مەكتۇـ ـبات» نىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسى خۇيزۇلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىغان.

مۇرات ئەپەندى 1912 ـ، 1913 ـ يىللىرى قازانغا قايتقان، كېيىن يەنە مەككىگە بارماقچى بولغاندا، 1914 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ غەربتىكى يول ئېتىلىپ قالغان، مەككىگە شەرقتىن ئايلىنىپ بېرىشقا توغرا كەلگەچكە، 1916 ـ يىلى ئاران جۇڭگو ـ روسىيە چېگراسىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ، دەل ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھارپىسى بولۇپ، روسىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى

داۋالغۇش ئىچىدە تۇراتتى. چار پادىشاھ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنقىلابنى باستۇرغان. جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگراسىنىڭ رۇسىيە تەرىپىدىكى قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر چارپادىشاھ توپ ـ زەمبىرەكلىرىنىڭ قۇربانى بولۇشنى خالىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، چارپادىشاھ ئەسكەر ئەۋەتىپ ۋەھشىيلەرچە باستۇرغان. بۇنىڭ بىلەن رۇسىيە چېگراسى ئىچىدىكى نەچچە يۈز مىڭ خەلق شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن③. مۇرات ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ شۇ قېتىمقى كۆچۈشتە شىنجاڭغا كېلىپ چۆچەكتە ئولتۇراقلاشقان. مۇرات ئەپەندى دەسلەپ چۆچەككە كەلگەندە، ۋەزىيەت مۇقىملاشسا ئاندىن مەككىگە بېرىشنى ئويلىغان. بىراق ۋاقىت ئۆزارغانسېرى چۆچەكنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغان ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى چۆچەكتە ئۆتكۈزگەن.

1929 ـ يىلى مۇرات ئەپەندى تۇرپان دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ دەرس ئۆتكەن. نۇرغۇنلىغان خەلق تۇرپاندىن 90 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى داۋانچىڭغا بېرىپ ئۇنى كۈتۈۋالغان. بۇ، ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى جىن شۇرېننى ھەيران قالدۇرغان. مۇرات ئەپەندىنىڭ ئامما ئارىسىدا بۇنچە چوڭ تەسىرى بارلىقىغا ھەيران قالغان جىن شۇرېن مۇرات ئەپەندىنىڭ بىلىمىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنى «قۇرئان»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان، بىراق مۇرات ئەپەندى خەنزۇ تىلىنى بىلمىگەچكە، «قۇرئان»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا ماقۇل بولغان.

مۇرات ئەپەندى تۇرپاندا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرماي چۆچەككە قايتىش قارارىغا كەلگەن، تۇرپاندىكى دىنىي زاتلار قايتا ـ قايتا قېلىپ قېلىشقا دەۋەت قىلىشىمۇ ئۇ رەت قىلغان. شۇ چاغلاردا كىشىلەر ئارىسىدا مۇرات ئەپەندىگە تەلۋىلەرچە چوقۇند-

دىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇرات ئەپەندىنى ئېلىپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، «ئۆزى قالمىسا، ئۆلتۈرۈپ جەسىدىنى ئېلىپ قې- لىپ تاۋاپ قىلىمىز» دەپ تۇرپاندا مۇرات ئەپەندى ئۈچۈن مازار سېلىشۋاتقانلىقى ھەققىدە گەپ تارقىلىپ كەتكەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇرات ئەپەندى ئالدىراپ - تېنەپ تۇرپاندىن چۆچەككە قايتقان.

ئۇ چۆچەككە قايتقاندىن كېيىن، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ «قۇرئان» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، 1931 - يىلى تەرجىمىنى تاماملىغان، ئەپسۇسكى ھازىرغىچە تەرجىمە قولىيازمىسىنىڭ نەدىلىكى مەلۇم ئەمەس.

ئۇ چۆچەكتىكى مەزگىلدە قىزىل مەسچىت (ئىشان سەئىد داموللا مەسچىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دە ئىماملىق قىلغان، ئەمما ئاساسلىقى ئۇيغۇر بازىرى مەسچىتىدە ھەم دىني بىلىم، ھەم پەنني بىلىم ئۆگىنىدىغان مەدرىسىگە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇيغۇر، قازاق خۇيزۇ، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن ئو- قۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

مۇرات ئەپەندى گەرچە سوپىزم مۇرىتى بولسىمۇ، ئەمما چۆ- چەكتە سوپىزم گۇرۇھى شەكىللەنمىگەن. پەقەت ئۆيىدە زىكرى - سانا④ ئېيتىپلا يۈرگەن.

مۇرات ئەپەندى 1934 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۆ- چەكتە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇرات ئەپەندىنىڭ ئايالى ئايىسما ۋە ھەسەن، مۇنىر، ئانىر، پاتىمە، ئىستىھار قاتارلىق ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزى بولغان، بېقىۋالغان ئوغلى ئەسئەت ھازىرمۇ چۆچەكتە تۇرماقتا.

**ئىزاھات:**

① ئىمام رەببانى — موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ جاھانگىر شاھ زاما- نىدا ئۆتكەن ساراھىندى (ھازىرقى لاھورنىڭ يېنىدا) لىق كىشى بولۇپ،

سوپىزم تەرىقىتى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تارىختىكى مەشھۇر باشچىسى، ئۇنىڭ «مەكتۇبات» ناملىق ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن ئېلىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

② «تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تارىخ ـ تەزكىرە خەۋەرلىرى» نىڭ 56 ـ بېتىگە قارالسۇن.

③ «سەۋەنلىكتىن خاتىرىلەر» قارالسۇن.

④ زىكرى ـ سانا ـ «پەس ئاۋازدا ئوقۇش، دېگەن مەنىدە بولۇپ سوپىزمنىڭ تىلاۋەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى، ئۇنىڭدا بوش ئاۋازدا ئاللاھ ۋە مۇھەممەدكە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)نىڭ 1988 ـ يىل 11 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن

## مامۇتوف قۇربان

كۆپ ئىدى ئۆمرۈڭدە ۋىجدان ئەھلىدىن ھۆرمەت ساڭا،
چۈنكى بولغاچقا مۇجەسسەم كۆپ ئېسىل خىسلەت ساڭا.
مىننىتى يوق تۆھپە سۈندۈڭ ئەل ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن،
بەردى جاي شۇڭلاشقا تۆردىن ئەل ساڭا، مىللەت ساڭا.
تېيىپچان ئېلىيېڧ



مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف 1915 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئالتە يېشىدا، يەنى 1921 ـ يىلى ئاتىسى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستانىنىڭ قارقول رايونىغا ئېلىپ چىقىپ، رۇسچە باشلانغۇچ مەكتەپكە، 1926 ـ يىلى يەنە ياركەنتتىكى رۇسچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بىرىدۇ. 16 يېشىدىن باشلاپ، يەنى 1931 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلغىچە ئۆزبېكىستان بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن باشلانغان مالغا مال ئالماشتۇرۇلىدىغان چېگرا سودىسى تىجارىتىدە رۇسچە تەرجىمان ھەم يارامىلىق بالا تىجارەتچى بولۇپ

ئىشلەيدۇ. ياش تالانت ئىگىسى مۇھەممەتئىمىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋاقتى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى گۈللىنىۋاتقان، پۈتۈن جەمئىيەت يېڭىلىنىقا يۈزلىنىۋاتقان قاينام ـ تاشقىنلىق دەۋرگە توغرا كەلدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مۇھەممەتئىمىننىڭ مېڭىسىدە ئىنكاس تاپتى. ئۇ چەت ئەلدە كۆرگەن تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقلاردىن ئىلھاملىنىپ، يۇرتىمىزنىڭ نادانلىق ۋە نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش تەسەۋۋۇرىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ 20 يېشىدا (1935 ـ يىلى) شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپلا خەلققە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تەقەززا بولدى. ئاخىرى ئۇ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان سۇچىلىق ئىشىنى تاللىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى كۆلىمى كىچىك، سۈپىتى تۆۋەن، قالاق ناتۇرال ئىگىلىك ئىدى، بۇ رېئاللىقنى كۆرۈپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىگە، ئەمما دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئاددىي، كىچىك كۆلەمدىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. بۇ مەرھۇم ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى توغرا تاللىشى بولدى.

مەرھۇم شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئېچىش» كېلىشىمنامىسى بويىچە قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بىز بىر قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدا 1935 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى. ئاسان قولغا كەلمەيدىغان بۇ ياخشى پۇرسەتنىڭ قولغا كېلىپ قالغىنىدىن روھلىنىپ، مۇتەخەسسىسلەرگە تەرجىمانلىق قىلىش ئورنىنى ھەم خەنزۇچە، رۇسچە تىل

سەۋىيىسىنى ئۆستۇرۇۋېلىشىنىڭ، ھەم سۇ قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىشىنىڭ مەكتىپىگە ئايلاندۇرۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان قىلچىلىك پۇرسەت بولسىمۇ زادى قولدىن بەرمەي، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىدى. ئۇ كىتابىي بىلىم بىلەن ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى بىرلەشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى توغرىسىدىكى مەلۇمات ۋە سۇ بايلىقىنى ئىچىش توغرىسىدىكى مەلۇمات ۋە سۇ بايلىقىنى ئىچىش بىلىملىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش نازارىتى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ ئىختىساسلىق خادىمى بولۇپ قالدى. مەرھۇم بۇنچىلىك بىلىم ئىقتىدارىدىن زادى قانائەتلەنمىدى. ئۇرۇمچى سۇ ئىشلىرى تېخنىكومىنى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سۇ ئىشلىرى فاكۇلتېتىنى خىزمىتىگە كىرىشتۇرۇپ كارامەت تىرىشچانلىق بىلەن ئەلا پۈتتۈرۈپ، كىشىلەر تېخىمۇ كۆز تىكىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئىقتىدارلىق مۇتەخەسسىسكە ئايلاندى. ئۇ 1938 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلىنىڭ 8 ـ ئايلىرىغىچە ئالتاي، مايتاغ، بوغدا، چوڭكۆل (خوڭيەنچى)، ماناس، ساۋەن قاتارلىق كەڭ رايونلارنىڭ سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىچىش قۇرۇلۇشلىرىغا سۇ ئىنژېنېرى سالاھىيىتى بىلەن قاتناشتى. بۇ ئىختىساسلىق ئىنژېنېر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە تازا ئەسقېتىپ، سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ، سۇ ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي باشقۇرۇلۇشىدا تايانچلىق رول ئوينىدى.

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان رايونلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرى ۋە مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ، مەدىكار ـ ئىشلەمچىلەرنىڭ ئاھ ـ زارىنى ئاڭلىدى، دەرد ـ ھەسرىتى، ئاچ ـ توق، يېلىڭ ـ يىرتىق غېرىبانە تۇرمۇشلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ئويلاندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىقتىساد جەھەتتە قان ـ تەرىنى شوراش، سى-

ياسىي جەھەتتە تەڭسىزلىك ئاساسىدا خورلاش، مەدەنىيەت جەھەتتە جاھالەت سىرتمىقىغا باغلاشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرى مەرھۇمنىڭ يۈرەك باغرىنى پۇچۇلىۋەتتى. ئۇ خەلقنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى ۋە ئاخىرى كۆرەش قىلىش يولىنى تاللىۋالدى.

1944 ـ يىلى ماناس دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقىنىدا دىققەت ـ ئېتىبارىنى سۇ قۇرۇلۇشىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەمدە ماناس، ساۋەن ۋادىلىرىدىكى خەلقنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەيپىياتلىرىنى بىلىشكە، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا، تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ تەشكىللەشكە قاراتتى. 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە قوشۇلۇپ، جىڭ، شىخولارنى ئازاد قىلىش چوڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى.

مەرھۇم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە «ئازادلىق تەشكىلاتى»، «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» گە قاتناشقان. «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، پارتىينىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىدا تېگىشلىك رول ئوينىغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىدە باش شتاب 1 ـ سىياسىي بۆلۈمىدە ئوفىتسېر، باش شتاب ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بۆلۈم باشلىقى، باش شتابنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش رازۋېدكا پونكىتىنىڭ مەسئۇلى، ئاتلىق پولك كوماندىرى، باش شتابنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مەن 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە باش شتاب سىياسىي بۆلۈمگە تەشۋىقات كادىرى بولۇپ خىزمەتكە تەيىنلەندىم. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف باش شتاب بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىكەن. باش شتابنىڭ مۇھىم بۆلۈملىرى بىر چوڭ قورۇدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئوفىتسېر ۋە باشلىقلار بىلەن ھەرقاچان دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇراتتى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ

نام ـ شەرىپىنى يېقىندىن بۇيان جىق ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆ-
رۈشۈش پۇرسىتىنىڭ كېلىشىگە تەشنا ئىدىم. سىياسىي بۆلۈمگە
ئىشقا چۈشۈپ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ
باش شتاب قورۇسىدا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چەبدەس،
جۈشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، ئىسسىق چىراي پودپولكوۋنىك
مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا دوقۇرۇشۇپ قالدىم ـ دە، ھەربىيچە
سالام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردۈم. پودپولكوۋنىك سالىمىمنى قو-
بۇل قىلىپ: «خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، بىر
تەرەپتىن ئىشلەيمىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىمىز، ئىككىسى
ئايرىلمايدۇ، بىرگە ماڭىدۇ، ئىشنىڭ يولى شۇنداق بولىدۇ، ۋاقىت
چىقىرىپ يەنە سۆزلىشىمىز» دەپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.
پودپولكوۋنىك كىبىرى يوق، ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، جەلپ قىلىش
خىسلىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئىشقا
چۈشۈپلا ئۇ مېنى چاقىرتتى، ئىشخانىسىغا كىرىپ سالام بېرد-
شىمگىلا: «ياخشىمۇسىز، ئولتۇرۇڭ» دېدى ـ دە، ئالدىراش ئىد-
شىنى يىغىشتۇردى، بىز ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق بىرەر
سائەت پاراڭلاشتۇق. ئۇ «ئۇياقنىڭ ئەھۋالىنى بىرەرقۇر بىلد-
مىز، بىز كۈرەش قىلدۇق، ھەممىمىز كۈرەش قىلدۇق، زۇلۇمغا
قارشى كۈرەش قىلدۇق، قان ئىچەر جاللات شېڭ شىسەينىڭ
ۋەھشىيانە قىرغىنلىق يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقىغا، گومىنداڭ
ئىستىبداتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلدۇق،
نۇرغۇن قۇربان بەردۇق... سىلەر كەنجە، قاسىم قاتارلىق
سەپداشلىرىڭلارنى قۇربان بەردىڭلەر، ئوت يۈرەك، ئاتاقلىق شا-
ئىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە بىلال ئەزىزى، ئابلا ياقۇپ قاتار-
لىق بىلىملىك ياشلىرىمىز ساۋاقداشلىرىڭلار ئىدى، ئابلا داۋۇتوف
قاتارلىقلار ھۆرمەتلىك ئۇستازلار ئىدى، بۇلارنىڭ سېپى چوڭ
ئىدى، ئۇلار گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمى، مىللىي كەم-
سىتىشكە قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ قانلىق
جادۇسىدا توغرىلىپ، قانلىق پالتىسىدا چانىلىپ قۇربان بولدى،

بىز بىكار قۇربان بەرمىدۇق... نۆۋەتتىكى ئىشلىرىمىزنى ياخشى قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم؛ نۆۋەتتىكى كۈرەش قوراللىق كۈرەش ئەمەس، «تىنچلىق بىتىمى» گە ئەمەل قىلىش، تولۇق يولغا قويۇش بىلەن تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولىدۇ، بىز تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلىدمىز، ماددىلار بويىچە يولغا قويىمىز، بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىمىز بولىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ تىلىكىگە ئۇيغۇن بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ تەسىرلىك سۆزلىدى. پودپولكوۋنىكنىڭ سۆزى خۇددى مارجاندەك تىزىلىپ چىقاتتى، تەكرار سۆز، ئارتۇق سۆز يوق ئىدى.

بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى يولداش توختى ئىبراھىم ماڭا: «تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ ئېلان قىلىندى، پۈتۈن قىسىم ئىچىدە تىنچلىق كېلىشىمى ئاساس قىلىنغان سىياسىي تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بارىمىز، رەھبەرلىك تەشۋىقىي تەربىيە تىزىسىنى يېزىپ چىقىشىمىزنى تاپشۇردى، دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ چىقىڭ» دەپ تاپشۇرغانىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پولكوۋنىك ئىمىنوف مېنى يەنە چاقىرتتى. ئىشخانىغا كىرسەم، بېشىنى كۆتۈرمەي ھۆججەت ۋە خەت ـ چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپتىكەن: «قېنى ئولتۇرۇڭ، مانا ھازىر بولىدۇ» دەپ 10 نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «قارىمامسىز، تۇتمىسىلا ئىش بېسىۋالىدۇ» دېدى. راست، ئىش ئۈستىلىگە ماتېرىيال، خەت ـ چەكلەر دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ئىمىنوف: «يەنە بىرەر سائەتتەك ۋاقىت بار، قېنى، ئەمدى پاراڭلىشىپ، چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيمىز» دەپ گەپنى باشلىدى. «تەشۋىقات ماتېرىيالى قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ مەلۇماتىمنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ: «ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىياسىي تەشۋىقىي تەلىم ـ تەربىيە ماتېرىيالىدا ئۈچ نۇقتا گەۋدى-

لەندۇرۇلسۇن، بىرىنچىسى، مەركىزىي ھۆكۇمەت ۋەكىللى بىلەن بىزنىڭ ئالاھىدە رايون ۋەكىللىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ماھىيىتى شىنجاڭدىكى قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت، تىنچلىق بىتىمى مەسىلىلەرنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەل قىلىش يولى، يەنى ئىتتىپاقلىشىش يولىدىن ئىبارەت. تەشۋىقىي تەربىيە ماتېرىيالىمىزدا مۇشۇ نۇقتا، يەنى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، بولۇپمۇ يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىمىز بىلەن خەنزۇ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى لازىم؛ ئىككىنچىسى، تىنچلىق بىتىمى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى جىددىي ئارزۇ ـ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇردى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلەپ ـ ئارزۇسى مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى يولغا قويۇش، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۇمەت باشلىقلىرىنى خەلق ئۆزى سايلاپ چىقىش، تىنچ تىرىكچىلىك قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. تىنچلىق بىتىمىدە بۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تەشۋىقىي تەربىيە ماتېرىيالىدا بۇ بىر مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى لازىم؛ ئۈچىنچىسى، مەركىزىي ھۆكۇمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك يېڭى بىرلەشمە ھۆكۇمەتنىڭ رەئىسى. ئۇ ئىلىغا كەلمەكچى، بەزى ئورۇن ۋە جايلارنى كۆرىدۇ، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. جاڭ جىجۇڭ مەركىزىي ھۆكۇمەت چوڭ ئەربابلىرىنىڭ بىرى، ئۇ بىرنەچچە ئەمەلدارنى باشلاپ كېلىشى مۇمكىن، ئۇلارنى بىخەتەر، ياخشى كۈتۈۋېلىش بىزنىڭ مۇھىم خىزمىتىمىز. بۇ توغرىدا قىسىم ئىچى ـ سىرتىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كۈتۈۋېلىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم» دەپ ئېنىق يوليورۇق بەردى.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۈەننىڭ قوماندانى گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قوماندانلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر تۈەنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چۇشۇش ئۈچۈن موگغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىغا يۆتكىلىپ، يۈرۈش تەييارلىقى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىم مىللىي ئارمىيىنىڭ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى، باش شتابتىن قوشۇلغان زاپاس ئوفىتسېرلار، 1947 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتكەن يەتتە ۋىلايەتتىكى ئىلغار زاتلاردىن تەشكىللەندى. قوشۇن قوماندانى پولكوۋنىك ئىمىنوفنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە شوتا يېزىسىغا جەم بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان يۈرۈش تەييارلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش ۋەزىپىلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. قىسىمىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كۆزقاراشنى يېڭىلايدىغان بىر قېتىملىق يېپيېڭى ئىدىيىۋى سىياسىي سەپەرۋەرلىك ئىدى.

چوڭ قوشۇن شوتا يېزىسىدىن قوزغىلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى پولكوۋنىك ئىمىنوف مېنى چاقىرتىپ: «ئوقۇش ئىسكادرونى چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىدا يۈرگۈچى قىسىمىمىز بولىدۇ، تەشۋىقات ئەترىتى (يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى 22 نەپەر)، زاپاس ئوفىتسېرلار (20 نەچچە) سىلەر بىلەن بىللە ماڭىدۇ، تەشۋىقات ئەترىتىدىكىلەر ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى، يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى، مۇھىم ئەربابلار، ئۇلارغا ئوبدان قارايسىلەر، ۋاقتى قارارىدا ياخشى ئوزۇقلىنىشى ۋە ياخشى دەم ئالدۇرۇلۇشى لازىم، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى جەڭچىلەر باقىدۇ، مىندۈرۈش، چۇشۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسىگە سىلەر مەسئۇل بولىسىلەر... زاپاس ئوفىتسېرلار كۆپرەك، مايوردىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەرمۇ باشقۇرۇشۇڭلاردا بولىدۇ. ئۇلار جەڭچىلەرگە ئوخشاش پائالىيەتتە بولۇشى لازىم. بۇ ھەربىي ئىنتىزام ... ئىسكادروننىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى مۇشكۈل، ھەربىي يۈرۈش ۋەزىپىسىلا ئە ـ

مەس، ئەڭ مۇھىمى ئامىسۇى خىزمەت ۋەزىپەڭلەر بار، ياخشى تەسىرات، ياخشى ئىزلار قالسۇنكى، بىرمۇ يامان تەسىر قالدۇردىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن ... ئەتە چوشلۇك تاماقنى يەپلا يولغا چىقىسىلەر، تېخى يەنە بىر كۈندەك ۋاقىت بار، تەييارلىق پۇختا بولسۇن، دەپ يوليورۇق بەردى.

پولكوۋنىك ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ، كۈندۈزى بولمىسا چۈشلۈك، كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەترەتلەرنى ئارىلايتتى. جەڭچىلەرگە خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش كۆيۈنۈپ، بېشىنى سىلاپ، كەڭ ـ كۈشادە مۇڭدىشاتتى. ئاتىدارچىلىق مېھرى ـ شەپقىتىنى كۆرسىتىپ، جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ باراتتى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىسكادرونىمىز كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن «مۇزارت غوجام» غا قاراپ يول ئالدى. 1 ـ قونالغۇ «خان يايلىقى» دا بولدى. چۈنكى مۇزارت داۋىنى ئالتە يىل توسۇلۇپ قاتناش تامامەن ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. داۋان ئۈستى يوللىرىدا يول سىزىقلىرىمۇ يوقاپ، مۇز ئەينەكتەكلا بولۇپ كەتكەنىدى. «خان يايلىقى» دىن داۋان ئۈستىگە يېتىپ بارغۇچە بولغان ئۆزۈن ئارىلىقتا مۇز چوقۇپ يول ئېچىش كۆپ ۋاقىت ئالاتتى. تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا زادى بولمايتتى. «خان يايلىقى» نى قونالغۇ قىلىش بىردىنبىر توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى.

«خان يايلىقى» غا يېقىنلاشقىنىمىزدا قۇياش خانتەڭرى چوققىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. شامال قارا بورانغا، قار ئۇچقۇنى قاتتىق قار شىۋىرغانغا ئايلىنىشقا باشلىدى ۋەئاسماننى قاپلىدى، تازا پەللىسىگە چىققان قار ـ بوران بىزنى خان يايلىقىنىڭ قارىغايلىرىغا ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك ھۆكۈرەپ كۆز ئاچقۇزمايتتى. قىلىچتەك تېگىۋاتقان شىۋىرغان تىنىق ئالدۇرمايتتى. ئاتلار كىشنەپ يۈگەن ـ نوقتىلىرىنى ئۈزۈشۈپ، بوي بەرمەي قاچقىلى تۇردى. قانداق قىلىش كېرەك؟ جان تىكىپ قاتتىق ئېلىشىۋاتقىنىمىزدا: «بارىكاللا، چىڭ تۇرايلى! قارىغايغا

ئاتلارنى ئۈچ ـ تۆتتىن باغلايلى، قوشۇپ يېقىن باغلايلى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ تونۇش ئاۋاز ئىدى. «بىر ئات، بىر تال قورال، بىر تېڭىق يۇكنىمۇ بېرىپ قويماي قاتتىق ئېلىشايلى!» دەپ چاقىرىق قىلدى قوماندان. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا جۇۋىمۇ، قولىدا پەلەيمۇ يوق ئىدى.

ئىلھاملانغان ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر: «قوماندان، بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، سىز بۇ ھالدا بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلسىڭىز بىز خاتىرجەم بولالمايمىز. ئامانلىقىڭىز بىلەن بىخەتەرلىكىڭىزنى ساقلاش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، سىز مۇھاپىزەتچىڭىز بىلەن ئاۋۇ پەستىكى تۆگمەنگە كىرىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، شۇندىلا بىز خاتىرجەم بولۇپ، بۇ جۇدۇن ـ چاپقۇن ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز» دەپ چۇقىراشتۇق. پولكوۋنىك: «رەھمەت، ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئوخشاشلا خاتىرجەم بولالمايمەن، بىللە بولۇپ، ھەممىنى تەڭ كۆرىمىز» دەپ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە بۇ دەھشەتلىك ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى. كۆرمىگەن كىشى ئىشەنمەيدۇ، بۇ جۇدۇن ـ چاپقۇن ھەقىقەتەن دەھشەتلىك، ھەقىقەتەن خەتەرلىك بولدى. قوماندانىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە بەش سائەتتەك قاتتىق ئېلىشىپ ھېچ نېمىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىدۇق. قار ئازايدى، بوران پەسەيدى، شىۋىرغان جىمىدى. ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئات ـ ئۇلاغ، قورال ـ ياراغ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تەكشۈرۈپ، تۈزەشتۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىشتى. قوماندان مۇخۇركىسىنى قاتتىق شوراپ، كۈلۈمسىرەپ جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ:«قىسمىمىز بوش ئەمەس، يارايدۇ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ـــ دەپ مەغرۇرانە كۈلدى ـ ئەمدىكى جەڭ ئىسسىققىنا ياخشى غىزالىنىش جېڭىدىن ئىبارەت. قېنى تېز تۇتۇش قىلايلى، ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر غىزالىنىپ بىرنەچچە سائەت دەم ئېلىۋالسۇن، ئاتلارنىمۇ تويغۇزۇپ، ھەممىنى تەق قىلىپ يولغا چىقىڭلار، ئامەت تى-

لەيمەن» دەپ تاڭ سۈزۈلمەيلا شوتىغا يۈرۈپ كەتتى.

خان يايلىقى بىلەن داۋان ئارىلىقىدا مۇز چوقۇپ يول ئې-چىش، مۇز ئۆرلەپ تۇپتۈز بولۇپ كەتكەن داۋان يولىنى چوقۇپ پەلەمپەي يول ياساش ئىنتايىن جاپالىق ئىش ئىدى. ئاۋانگارت ئەترەت بىلەن ئادەتتىكى ئىزۋوت ۋە بەنلەرنى ئۆزئارا كىرىشتۈ-رۈپ، قويۇلۇپ تۇرغان تەر، يېرىلىپ، زەخىملىنىپ تۇرغان قوللاردىن ئېقىپ تۇرغان قانلارغا قارىماي، بەس - بەستە 10 سا-ئەت قاتتىق ئىشلەپ، يوللارنى راۋانلاشتۇردۇق.

«مۇزارت غوجام» شىجائىتىمىزگە تەن بېرىپ يول بەردى. كەچتە مۇز چوققىسىدا تېپىلىپ، كۆز يەتمەس چوڭقۇر مۇزغارغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن جەسۇر جەڭچىمىز ئەمەت مۇسانىمۇ ئۆز پاناھىدا سالامەت ساقلىدى. بىر - بىردىن قاتار تىزىلىپ، ئاتلار-نى خۇددى غالتەكتە ئويناتقان ئوغلاقتەك تاقلىتىپ ماڭغۇزۇپ، ئەتىسى كۈن بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەندە مۇز داۋاندىن ئامان - ئې-سەن ئۆتۈپ، تەڭرىتاغ باغرىدىكى ئوتلاقلا چۈشۈپ بولدۇق.

چوڭ قىسىمنى باشلاپ كېلىۋاتقان قوماندان مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئېچىلغان يوللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تاڭ يورۇش ئال-دىدا داۋان ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ، ئاخىرقى ئىزۋوتىمىز بىلەن داۋاندىن چۈشۈپ، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ، ھال سورىدى: «ئالتە يىل توسۇلۇپ كەتكەن بۇ جاھان-غا مەشھۇر ‹مۇز داۋان› يولىنى يېڭىۋاشتىن ئاچتۇق، شىنجاڭنىڭ بۆلۈنۈپ تۇرۇش ھالىتىگىمۇ خاتىمە بېرىلدى... قاراڭلار، بۇ نې-مە دېگەن ئوبدان ئوتلاق! قاراڭلار، كۈمۈشتەك ئېقىن ۋە بۇلاق سۇلىرى نېمە دېگەن گۈزەل! بۈگۈن كۈن نېمە دېگەن ياخشى، قې-نى ئوبدان ناشتا قىلىۋېلىپ، سۇدا ئۈزۈپ چىمەنلەر ئىچىدە ئې-چىلىپ ئويناپ ھاردۇقىمىزنى چىقىرىۋالايلى». ئوفىتسېر - جەڭچىلەر كۆيۈمچان رەھبىرىگە مىڭلارچە مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈ-رۈشۈپ، ئۆز بەنلىرىگە خۇشال تارقىلىشتى.

مۇز داۋاندىن يۈرۈپ، قىزىل، جام قاتارلىق ئۈچ قونالغۇ

ئارقىلىق ئاقسۇ كوناشەھەرگە كىردۇق ۋە سەل بۇرۇن ئاقسۇغا ئورۇنلاشقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەن 2 ـ كورپۇس 5 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنىڭ كوچىلاردا قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق. قېرىنداش قىسىم جەڭچىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، غەلىبە شادلىقىنى تەنتەنە قىلىشتۇق. ئاقسۇ كونا ۋە يېڭى شەھەر خەلق ئاممىسى، بىرقانچە ناھىيە خەلق ۋەكىللىرى ۋە ھەربىي قىسىملاردىن ھاسىل بولۇپ، خۇددى ئاقسۇ دەرياسىدەك ئاققان قارشى ئېلىش توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مەردانە قەدەملىرىمىز بىلەن رەھمەت، تەشەككۇرلىرىمىزنى ئىزھار قىلىپ ئۆتۈپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ھەربىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇق.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ كورپۇسى شىنجاڭغا يېڭىلا كىرگەن، كونا ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى تېخى ئۆز پېتى ساقلانغان، قىسقىسى، كونا تۈزۈلمىنىڭ تېخى ھېچ نېمىسىگە تېگىش قىلىنمىغان چاغلار بولغاچقا، ۋەزىيەت مۇرەككەپ ئىدى. بولۇپمۇ ئاقسۇنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىي ئىدى. چۈنكى ئاقسۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ھەربىي كۈچى ۋە جاسۇسلۇق قۇرۇلمىسى ئالاھىدە كۆپ چېيتىلگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلار نەچچە يىللار داۋامىدا كۈچەپ ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەر كۆپ توپلانغان رايون ئىدى. جايلاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىللىرى قۇرۇلمىغان، يەرلىك مىللىي كادىرلار يوق دېيەرلىك ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىش قىلماق، ئىش قىلغاندىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقماق ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى.

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، سەيدۇللا سەيپۇللايېف باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئورۇنلىشىشى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى ئۈچۈن چەكلىنىپ تۇرغان رايونلارنىڭ چەكلىرى ئېلىپ تاشلاندى. ئازادلىق ئارمىيە 5 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ

كوماندىرى شۇگوشەن، سىياسىي كومىسسارى لى چۈەن يولداش ئىمىنوف ۋە سەيپۇللايېفلار بىلەن ئاقسۇ رايونىنىڭ يېڭى رەھبەر-لىك يادروسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇۋەتتى.

ئاقسۇدا تۇرشلۇق ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىنىڭ (بىر بىرد-گادا) يېڭىلىگىنىگە تەن بەرمىگەن ئايرىم بىرنەچچە كاتتىباشلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسىگە ھېلىمۇ قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ئاقسۇغا ئورۇنلاشقىنىمىزدىن باشلاپ بىزگە چېقىلىپ، چاتاق تېرىش ئۈچۈن ھەدېسە تېلېفون سىملىرىنى كېسىۋېتىپ، ئالاقىمىزنى ئۈزۈۋېتەتتى. گازارمىمىزنىڭ ئېگىز يار بېشىغا يوشۇرۇن، ئاشكارا كېلىۋېلىپ، قىسمىمىزنى رازۋېد-كا قىلاتتى. گازارمىنىڭ ئورۇنلىشىش خەرىتىسىنى سىزىۋالات-تى. قوراللىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ، تەھدىت سالاتتى. قىلماق-چى بولغان شۇملۇقلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدىن قولىنى تارتمىدى. لېكىن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ نەقەدەر نازۇك بولىدىغان تەرىپىنى ھېسابقا ئالماي بولمايتتى.

قىسمىمىزنىڭ تىزگىنى ئىمىنوفنىڭ قولىدا ئىدى. قاياققا تارتسا شۇ ياققا ماڭاتتۇق. چۈنكى مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش شۇنىڭ قولىدىن كېلەتتى. ئۇ دائىم «ئاقسۇنىڭ قىيىن-چىلىقى ئېغىر، ھازىر بىزنى شۇنچىلىكلا تەمىنلىيەلەيدۇ. بىز يولۇقۇۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىقلار ۋاقىتلىق، تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىنىڭ كۆپچىلىكى ياخشى، بىرقەدەر ياخشى، قۇتراۋاتقان جاھىللار ئازچىلىق، چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ. ھېچ نېمە قىلالمايدۇ... شۇنداقتىمۇ بىز يۇقىرى ھوشيارلىقنى ۋە جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. ئىشىنىشىمىز كېرەككى، كەلگۈسى ئامما-نىڭ يېقىندىن قوللىشى بار، بۇلارغا ۋە ئۆزىمىزگە تولۇق ئىشە-نىشىمىز لازىم» دەپ تەربىيە بېرىپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولىدا تۇتۇپ كەلدى. كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئىمىنوفتىن سۆيۈ-

نەتتى، ئىمىنوفتىن پەخىرلىنەتتى.

تازا جىددىي كۆنلەرنىڭ بىرى، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم شتابى قىسىمىمىزدىن ئىمىنوف باشلىق ئوندەك مۇھىم كوماندىرنى چايغا تەكلىپ قىلدى. چايغا بىرىش ياكى بارماسلىق مۇزاكىرە قىلىندى. بەزىلىرىمىز بۇ «بىر تۇزاق» دىيىشسەك، بەزىلىرىمىز بۇ «بىر سۈيىقەست» دىيىشتۇق. بەزىلىرىمىز «بىرىشقا بولمايدۇ» دەپ كىسىپ ئىيتىشتۇق. يولداش ئىمىنوف ئىغىر - بىسىقلىق بىلەن پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. ئاخىردا ئۇ: «بۇنىڭ سۈيىقەست ياكى سۈيىقەست ئەمەسلىكى توغرىلىق كىسىپ بىر نىمە دىيەلمەيمىز، بىپەرۋالىق قىلىشتىن ساقلانغىنىمىز، ھوشيار يۈرگىنىمىز ياخشى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى رەھبەرلىكى ئەتراپلىق ئويلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، بىخەتەرلىكىمىز كاپالەتكە ئىگە، بىرەر مۇھاپىزەتچى ئىلىۋالىمىز، سىز ماڭا ئوقۇش ئىسكادرونىدىن بەش نەپەر خىل جەڭچىنى زىيايەت زالى ئىشىكى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇڭ، بىزيوللۇق ئىش قىلىمىز، بارمىغاندىن بارغىنىمىز يوللۇق بولىدۇ. ئىھتىيات قىلدىم دەپ قورۇنۇپ تۇرماي غۇرۇرىمىز بىلەن كۆكرىكىمىزنى كىرىپ ئولتۇرىمىز، ئۇلارنى دۈشمەن دەپ تۆگۈلۈپ ئولتۇرماي، «دوست» دەپ ئىچىلىپ ئولتۇرىمىز. زىيايەتتە ئىش چىقمايدۇ، خاتىرجەم بولايلى» دەپ زىيايەتكە بارىدىغان بولدى ۋە كوماندىرلارنى قايىل قىلدى. زىيايەت قانداق بولمىسۇن، راست - يالغاندىن بولسىمۇ، ھىجىيىپ، كۈلۈشۈپ ياخشى كەيپىياتتا ئۆتتى. ئۇلار باشقا بىر نىمىلەرنى سۆزلىسە، ئىمىنوف ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئاساسلىق مىھمانلار رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركەزنىڭ ھەقىقەتكە قايتقۇچىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى، شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بۇيرۇقلارنى ھەم ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىشنى سۆزلەپ، ئۇلارنى «بۇلار بوش ئەمەسكەن» دىگەن كۆزقاراشقا كەلتۈردى.

1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۈن يىرىمىدا

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف مېنى ئىشخانىسىغا چاقىر-
تىپ: «سىزنى قىسمىمىزنىڭ ئالدىن قەشقەرگە بېرىپ جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - كورپۇسىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن
ئالاقىلەشقۇچى قىلىپ بەلگىلىدۇق، ئەتە بىر كۈن ۋاقىت بېرى-
مىز، ياخشى تەييارلىنىپ ۋاقتىدا يولغا چىقىڭ، 26 - دېكابىر-
دىن قالماي قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ، كورپۇس كوماندىرى گو
فېڭ، كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋ، مۇدىر زوچى ۋە باشقا مۇناسىۋەت-
لىك رەھبەرلەرگە يولۇقۇپ، ئەھۋالىمىزدىن مەلۇمات بېرىڭ،
ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى بىزگە خەۋەر
قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ ۋەزىپە تاپشۇردى. مەن 12 - ئاينىڭ 21 -
كۈنى ئاتلىق يولغا چىقىپ، يول بويى كۈتۈۋالغۇچى يۇرت باش-
لىقلىرى بىلەن ئاممىغا ئازادلىقىمىزنى تەشۋىق قىلىپ، قەش-
قەردىكى 2 - كورپۇس رەھبەرلىرىگە قىسمىمىزنىڭ ئەھۋالى بى-
لەن ئىمىنوف باشلىق رەھبەرلىرىمىزنىڭ سالام ۋە تىلەك -
ئارزۇلىرىنى يەتكۈزدۈم، پولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف-
نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قەشقەردىكى ئابدۇرېھىم ئىمىن (پې-
تەك)، ئابدۇلھەق ئېزىز، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ
يېقىندىن ھەمكارلىشىشى، 2 - كورپۇسنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن
پولكوۋنىك ئىمىنوف تاپشۇرغان ۋەزىپىلەر ياخشى ئىشلەندى.

1950 - يىلى 3 - يانۋار بولسا كېرەك، پولكوۋنىك ئىمى-
نوفنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا چوڭ قوشۇنىمىز قەشقەرگە يې-
تىپ كەلدى، قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققان
ئازادلىق ئارمىيە 2 - كورپۇسىنىڭ باشلىقلىرى، ئوفىتسېر -
جەڭچىلىرى، قەشقەر خەلقىنىڭ قارشى ئالغۇچىلار توپىنىڭ بۇ
بېشى بىلەن ئۇ بېشىغا كۆز يەتمەي قالدى. قەشقەر داغدۇغىلىق
بايرام تۈسىگە چۆمدى، قەشقەر ئاسمىنىنى ياڭراتقان ناغرا - سۇ-
ناي، دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ - ساپايى، داقا - دۇمباق ساداسى ئى-
چىدە قىسمىمىز قوماندانلىق شتابىغا كىردى.

مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمى-

يىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قۇرۇش تۈزۈمى بو-يىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. پولكوۋنىك ئىمىنوف دىۋىزىيە كوماندىرى، دىۋىزىيە پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ 13 -، 14 - دىۋىزى-يىسى، يەتتە پولكى شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيە-سى قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، سەيدۇللا سەيپۇللايېف قەشقەردە كومپارتىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رەھبەرلىك يادرو-سىنىڭ غول رەھبەرلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار يەرلىك خەلق ھاكى-مىيەتلىرى، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇ-ھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

پارتىيە 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1950 - يىلىنىڭ 4 - ئېيىغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆركۈم - تۆركۈم بويىچە، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ناھىيە، پولك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، كوممۇنىزم ئېڭىغا ئىگە، مۇنەۋۋەر كا-دىرلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا كان-دىداتسىز ۋە كاندىداتلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئالدىن قوبۇل قىلىنغان ئىككى تۆركۈمدىكىلەر ئىمىنوف قاتارلىق رەھبەرلەر بولۇپ، كاندىداتسىز قوبۇل قىلىندى. بۇلار يەرلىك مىللەت ئى-چىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان كوممۇنىستلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا كومپار-تىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاساس قىلىپ يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇشنىڭ ھەم يەرلىك كومپارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنىڭ نېگىزلىك شەرتى ھا-زىرلاندى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف يېڭىدىن قۇرۇلۇۋات-قان يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قى-

لىش ئۈچۈن، پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە يۈكسەك مەسئۇلىيەت-
چانلىق روھى بىلەن كېچىلەپ ئىشلەپ ناھايىتى كۆپ ساندىكى
مىللىي كادىرلار بىلەن تونۇشۇپ چىقتى، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن
ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىي، ھاكىملىرىنى، سىياسىي - قانۇن ئورۇن-
لىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئاساس-
لىق كادىرلىرىنى، جەنۇبقا چۈشكەن مىللىي ئارمىيە، ئۈچ ۋىلا-
يەتكە ئۆتكەن خەلق ۋەكىللىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى كۈرەش قىلىپ كەلگەن يەرلىك ئىلغار كۈچلەر ئىچىدىن
تاللاپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى
قۇرۇش خىزمىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇۋەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گەۋدىلىك مەسىلە مىللىي كادىر ئاز،
ئېھتىياج زور بولۇش مەسىلىسى ئىدى. پاك - دىيانەتلىك بو-
لۇش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئىمى-
نوف، سەيپۇللايېف باشلىق يولداشلار شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى
ئاساس قىلىپ، مىللىي كادىرلارنى «مەخسۇس كۇرسلاردا تەربى-
يىلەپ يېتىشتۈرۈش»، «خىزمەت ئورنىدا ئىشىنىپ دادىل ئىش-
لىتىپ يېتىشتۈرۈش» قوش فاڭجېنىنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي
كادىر يېتىشتۈرۈشنى تېزلەتتى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف يۇقىرى ساپالىق كادىر
يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنىڭغا ئۆزى نەمۇنە بولۇپ بەر-
دى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن شانلىق نەمۇنە تىك-
لەپ بەردى. ئۇ مىللىي كادىرلارغا خۇددى ئۆزىگە تەلەپ قويغاندەك
قاتتىق تەلەپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر جەھەتتىن كۆيۈ-
نەتتى، كادىرلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىغا ھەرگىز سۈكۈت
قىلمايتتى، تەنقىد قىلاتتى. بەزىدە قاتتىق تەنقىد قىلاتتى، لېكىن
كادىرلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيتتى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئى-
مىنوف بىلەن بىللە ۋە قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلار ئۇنىڭدىن تەپ
تارتىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلى-
شاتتى. سۆزسىزكى، ئۇنىڭدا رەھبىرىي كادىرلاردا بولۇشقا تې-

گىشلىك ھەممە ئالىي پەزىلەت مۇجەسسەم ئىدى.
يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف مىللىي كادىرلار سانىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. بۆ-لۇم باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ياش، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى مىللىي كادىرلارنى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قو-يۇپ، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگى-نىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۆزى خىزمەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى تولىمۇ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنەتتى ۋە ئۆگەنگىنىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىپ باراتتى. شۇ ۋاقىتتا بىز مىللىي كادىرلاردىكى ئاساسلىق مەسىلىلەردىن بىرى خەن-زۇچىنى ئۇقۇيالماسلىق ياكى ئوقۇساقمۇ تولۇق چۈشىنىپ كې-تەلمەسلىك، دېمەكچى بولغىنىمىزنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەس-لىك ئىدى، بىر كۈنى ئىمىنوف ماڭا: «كەلگىنىڭىزگە بىر ئايدىن ئاشتى، سىز كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەيسىز، ئالدى بىلەن تەشكىلات بۆلۈمى ۋە دىۋىزىيە كومىتېتىدا، ھەر كۈنى ئەتىگەندە خىزمەتكە چۈشۈش بىلەن بىر سائەت مىللىي كادىرلارنىڭ خەن-زۇچە تىل - يېزىق ئۆگىنىش تۈزۈمىنى تۈرغۈزۈڭ، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگىنىشنى پۈتۈن ئىدارە بويىچە (جەنۇ-بىي شىنجاڭ پارتكوم ئىدارىسى بويىچە) قانات يايدۇرايلى» دەپ كۆرسەتمە بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۆگىنىش باشلاندى، ئۇنۇمى تېز كۆرۈلۈشكە باشلىدى.
1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 5 - كورپۇس كا-دىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ بىرىنچى قارا-رىدا ئوقۇۋاتاتتىم. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بولسا كېرەك، غەر-بىي بىنادا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش زىياپىتىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-تى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك بايرىمىغا قاتنىشىدىغان 5 - كورپۇس ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە مېنىڭ بارلىقىم ئۇق-

تۇرۇلدى. مەن خۇشاللىقتا ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. بۇ ئۆمەك مەركەزدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. ئۆمەك 5 ـ كورپۇسنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بولۇپ 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان، ئۆمەك باشلىقى كورپۇس كوماندىرى پولكوۋنىك لىيسكىن، ئۆمەك پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى پولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئىدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ، جيۇچۈەن، لەنجۇ، شىئەن شەھەرلىرىنىڭ رەھبەرلىكى، بولۇپمۇ شىئەندە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى پېڭ دېخۇەينىڭ قارشى ئېلىشى ھەم دەرىجىدىن تاشقىرى كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتۇق. بېيجىڭدا ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىكى ۋاقىتلاردىكى ئالىي مېھمانخانا ـ بېيجىڭ مېھمانسارىيىنىڭ يۇقىرى قەۋەتلىرىنىڭ ياخشى ياتاقلىرىدا كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. 30 ـ سېنتەبىر ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا كەچتە رەئىس ماۋ زېدۇڭ بېرىدىغان تەنتەنىلىك دۆلەت زىياپىتىگە ئۆمىكىمىز بويىچە تولۇق قاتنىشىدىغانلىقىمىز، زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ باشلىق پارتىيە، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتۇق. چاقماق تېزلىكىدە ئۆمەك يىغىنى ئېچىلدى. سېكرېتار مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقىدا ھەربىي بۇيرۇقچە، روھىي قىياپەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئەستايىدىل تەييارلىنىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى. ئارمىيىمىزنىڭ كىيىم فورمىلىرى قاتارغا ئۆتمىدىكەن. بىر ـ بىرىمىزنى تۈزەشتۈرۈپ تەييارلىقىمىز شۇنچە پۇختا ئىشلەندىكى، دۆلەت زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقى، چاۋشيەن خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەت ئارمىيە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىدىن زادىمۇ قېلىشمىدۇق.

زىياپەت زالى ئىشكىنىڭ ئىككى قانىتىدا سۆيۈملۈك جۇ ئېنلەي زۇڭلى، دېڭ يىڭچاۋ ئاچىلار ئىسسىق قوللىرى بىلەن

بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ: «خۇش كېلىسىزلار، قارشى ئالىدىمىز»، «مەرھەمەت قىلىڭىزلەر» دەپ يېقىملىق ئوچۇق چىراي بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىشىپ، زىياپەت تۆرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇشتى. زىياپەت تۆرىدىن تەرەپ ـ تەرەپكە چاقناۋاتقان پارلاق نۇرلار كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، پۈتۈن زىياپەت زالىنى نۇرغا چۆمدۈرۈپ تۇراتتى. ئاجايىپ قامەتلىك رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە ليۇ شاۋچى، جۇدې قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا مېھمانلارغا قول سۇنۇۋاتاتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ ھەر بىرىمىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ: «ياخشىمۇسىز، ئامانلىق ھەمراھ بولغاي!» دەپ تىنچلىق سوراپ خۇشاللىققا چۆمدۈرۈۋەتتى. رەھبىرىمىز ئىمىنوف خەنزۇ تىلىنى خېلى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن رەئىس ماۋز زېدۇڭنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يوللىغان سالىمىنى، ئالىي ھۆرمەتلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى يەتكۈزۈپ، رەئىسنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى.

1 ـ ئۆكتەبىر تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق سەھنىسىدىن ئۆمىكىمىزگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇن تيەنئەنمېن راۋىقىغا يېقىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغان ياخشى جاي ئىكەن. بايرام كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى، قۇياش ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرىنى تيەنئەنمېن ئۈستىگە چېچىپ تۇراتتى. بىزنىڭ بىر كۆزىمىز تيەنئەنمېن راۋىقى ئۈستىدە، رەئىس ماۋ زېدۇڭدا، ئۇنىڭ يېقىن سەبداشلىرىدا، يەنە بىر كۆزىمىز تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسىدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەيۋەتلىك پارات قوشۇنىدا ئىدى، بىز چەكسىز ھاياجان ئىچىدە «ياشىسۇن رەئىس ماۋ زېدۇڭ!»، «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!» دەپ جاھاننى زىل ـ زىلىگە سېلىپ، سەكرىشىپ كەتتۇق. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف تېخىمۇ ھەيۋەت شادلاندى.

3 ـ ئۆكتەبىر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش
قوماندانى جۇدې خۇەيرېنتاڭدا ئۆمىكىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئالىي
ھەربىي قوماندانلاردىن نيې رۇڭجېن، لو رۇڭخۇەنلەر قوبۇل قىـ
لىشتا بىللە بولدى. باش قوماندان 5 ـ كورپۇسنىڭ ئۈچ ۋىلايەتـ
تە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى خورىتىش، 100 مىڭدىن
ئارتۇق ئەسكىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق
بىلەن ئازاد قىلىنىشى، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئازاد قىلىنىـ
شىدا ئوينىغان مۇھىم رولى ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.
باش قومدان: «شىنجاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى
ساغلام، كۈچلۈك بولىدىكەن، سىلەر ئات مىنىشكە ماھىر، ئازادـ
لىق ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاتلىق قىسمىنى سىلەردىن
ئېلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، يەرلىك قوراللىق قوشۇنلارغىمۇ
سىلەردىن كۆپرەك ئېلىش، ھەتتا سىلەردىن ھاۋا ئارمىيىسىگىـ
مۇ قوبۇل قىلىش كېرەك»... دېگەن مەزمۇندا سۆزلەپ، بىزنى
ئىلھاملاندۇرى. ئىمىنوف ئۆمەك نامىدىن باش قوماندانغا، ئالىي
ھەربىي قوماندانلارغا سەمىمىي ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈپ، كۆپـ
تىن ـ كۆپ مىننەتدارلىقىمىزنى ئىزھار قىلدى: «باش قوماندان
شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىكەن. باش قوماندان كۆرسـ
تىپ ئۆتكەندەك، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەت خەلقىنىڭ بەدەن
سۈپىتى ياخشىراق كېلىدۇ، ياشلىرى ھەربىي ئىشلارغا ھەۋەس
قىلىدىغان ياراملىق كېلىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ
تۈرلۈك قۇرۇلۇشىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىدىن
قوبۇل قىلىپ يېتىشتۈرۈپ بېرىشكە مەركىزىي ھەربىي كومىـ
تېتىنىڭ كۆپرەك غەمخورلۇق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز»
دېدى.

ئۆمىكىمىز تيەنجىنگە زىيارەتكە باردى. تيەنجىندە تۇرۇشلۇق
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 20 ـ بىڭتۇەنىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى
قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. رەھبەرلىك تيەنـ

جىن شەھەر مەنزىرىلىرىنى، تارىخىي ئورۇنلارنى، ئاسار ئەتىقى-لەرنى، بىكتۇەنىنىڭ ھەممە مۇھىم ئورۇنلىرىنى دېگۈدەك ساياھەت قىلدۇرۇپ ئويناتتى. ئاخىرقى كۈنى بىكتۇەنىنىڭ قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇۋاتقاندا يولداش ئىممنوفنىڭ كۆزى شال پاخىلىدىن كۇلا ـ ئارغامچا قا-تارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىۋاتقان «ئاددىي» قول مەش-غۇلاتىغا زەڭ سېلىپ تۇرۇپ قالدى. بىرنەچچە جەڭچى خۇددى ۋې-لىسىپىتتەك پۇتىنا، قولدا ئايلاندۇرىدىغان چاقتا «كۇلا» (پاخال ئارغامچا)، تاغار، يىپ قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچى-قىرىدىكەن، بۇنداق بىر ئىشقا كىممۇ نەزەر سالسۇن، يەنە شۇ خەلق غەمگۇزارى مۇھەممەتئىمىن ئىممنوف! بىكتۇەن رەھبەرلى-رى: «بىزدە نۇرغۇن شال پاخاللىرى ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى، ھازىر مانا مۇنداق ئاددىي ئۈسكۈنىلەر بىلەن كۇلا، پالاس، تاغار قاتارلىقلارنى توقۇپ كىرىم قىلىۋاتىمىز، بۇنىڭ بازىرى ئىتى-تىك، تەننەرخى تۆۋەن، كىرىمىمىز ياخشى» دەپ تونۇشتۇردى. ئىممنوف «شۇ ئەمەسمۇ، بىزدە شال پاخاللىرى ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا پاخاللار جىق، ئۇلار ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، بىزدە ئارغامچا كۆپ ئىشلىتىدۇ، ئەمما يۇگىدىن ئېشمىز، شۇ-نىڭدەك ھەممىگىلا ئىشلىدىغان پالاس، تاغارلارنىمۇ يۇگىدىن، پاختا يىپتىن توقۇيمىز، يوق، پاختا كۆپ ئىسراپ بولىدۇ، مال باققۇچىلىرىمىز يۇگىدىن، كېۋەز تېرىغۇچىلىرىمىز پاختىدىن ھېچ قانچە كىرىم قىلالمايدۇ، بولمىسا يوق، پاختىنىڭ ئىچكى ـ سىرتقى بازىرى ئوبدان، بىز بەك چارىسىزكەنمىز، — دېدى ۋە كۇلا ـ ئارغامچا ئېشىدىغان چاقتا سەپ سېلىپ قاراپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ ئۆزى ئاددىي، توك تەلەپ قىلمايدىكەن، ھەر-قانداق يەردە ئىشلەتكىلى بولىۋېرىدىكەن، ھەرقانداق ئادەم ئاد-دىي، توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ئالتۇننىڭ قىممىتى نېمە دېگەن چوڭ ـ ھە!».

كەچلىك زىياپەتتە ئۆمىكىمىزنىڭ بېيجىڭغا قايتىشى، ئە-

تىسى يولداش لى ۋېيخەننىڭ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىگە بېرىدىغان دوكلاتىنى ئاڭلاشقا قاتنىشىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. زىياپەتتىن چىقىشىمىزغا ھېلىقى چاقلاردىن سوۋغىلار تەييار قىلىپ قويۇلۇپتۇ. ئىمىنوف كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىپ: «يولىمىز يىراق، قاتناش قىيىن، بۇلارنى ئۆز پېتى ئېلىپ كېتەلمەيمىز، ماۋۇ بىرنىلا ئەۋرىشكە قىلىپ ئېلىۋالايلى» دەپ كۇلا ئارغامچا ئېشىدىغان چاقنى كۆرسەتتى. كەچ سائەت سەككىزنىڭ پويىزىدا مېڭىشقائالدىراپ قالدۇق. سوۋغات بۇ قېتىمقى پويىزدا ئېلىپ مېڭىشقا ئۇلگۇرمىگەنلىكتىن كېيىنكى پويىزدا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

*　　　*　　　*

1951 ـ يىلى قەشقەردە چەتكە باغلانغان، مەلۇم دۆلەتنىڭ پىلانلىشى، قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن يېڭى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش تەشكىلاتى» پاش قىلىنىپ، بىرمۇنچە كىشى قامالدى، بىرمۇنچىلىرى خەلق نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى. ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش تەشكىلاتىغا بىرنىڭ 13 ـ دىۋىزىيىدىن ئون نەچچە ئوفىتسېر ـ جەڭچى قاتناشقان، بىرقانچىلىرى تەشكىلاتنىڭ غول ئۇنسۇرلىرى ئىكەن. بۇ، چەت ئەلنىڭ قولىدىكى ئىنتايىن خەتەرلىك تەشكىلات بولغىنى ئۈچۈن، قەشقەردىن ئۆلكىگىچە، ئۆلكىدىن غەربىي شىمالغىچە، ھەتتا مەركەزگىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىكىنىڭ قاتتىق دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپتۇ.

1952 ـ يىلىنىڭ 9 ـ ياكى 10 ـ ئېيىدا بولسا كېرەك، ئىمىنوف غۇلجىغا كېلىپ ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرۇپ، قەشقەرگە قايتتى ۋە كورپۇس رەھبەرلىرىنى يوقلاپ ئائىلىلەرنى پەتىلىدى. پېقىرنىڭ ئۆيىدە پاراڭلىشىۋېتىپ: «... بۇ دىۋىزىيە كورپۇسنىڭ تەستىقىگە يوللىنىپ قالار، دىۋىزىيە ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغۇچى

ئايرىم كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ باشقىچە پىكرى باردەك» دېگەن سۆزنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۇ دېلو 5 ـ كورپۇسنىڭ تەستىقلىشىغا تاپشۇرۇلدى. تەستىقلاشقا سۇ-نۇلغان ماتېرىيالدا بىزنىڭ 13 ـ دىۋىزىيىدىن مەزكۇر دېلوغا قاتناشقان ئالتە نەپەر باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى، بىرقانچىسىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانىكەن. كور-پۇس رەھبەرلىكى دېلونى ئاۋۋال كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىدا، مۇھاپىزەت، رازۋېدكا تارماقلىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، كورپۇس پارتكومىنىڭ مۇزاكىرە قى-لىشى ئۈچۈن كونكرېت پىكىر تەييارلىشىغا تاپشۇردى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن بىرنەپەر كورپۇس رەھبىرىنىڭ باشقۇ-رۇشىدا كورپۇس سىياسىي بۆلۈمى، سوت، مۇھاپىزەت، تەش-كىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتنىشىپ، كور-پۇس پارتكومىنىڭ مۇزاكىرىسىگە پىكىر تەييارلاش ئۈچۈن دېلو-نى ئالدىن مۇزاكىرە قىلىشنى باشلىدۇق. بىرىنچى كۈنى سوت، مۇھاپىزەت بۆلۈملىرى دېلونى كۆرۈپ چىققانلىقى توغرىسىدا مە-لۇمات بەردى. ئەتىسىدىن باشلاپ، دېلونى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىشقا چۈشتۇق. بىركۈن تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئاخىرى كۆپچىلىك بىرىنچى باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھۆ-كۈمىگە قوشۇلۇشتۇق. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرى 2 ـ، 3 ـ نومۇرلۇق جىنايەتچىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، مۇزاكىرە قىلغاندا تالاش ـ تارتىش جىق بولدى. ئۇلارغىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھۆكۈمى ئۈستىدە بىر پىكىرگە كېلىشەلمىدۇق. تۆتىنچى كۈندىكى مۇزاكىرىدە دېلو مۇزاكىرە قىلىنمىدى. مۇ-ھىمى: دېلو قەشقەردە يۈز بەرگەن، دېلونى پاش قىلىپ، سوراقنى تۈگىتىپ دېلو ئاياغلاشتۇرغۇچى كورپۇسىمىزنىڭ قانۇن ساھە-لىرى بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى. شۇنچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى، شۇنچىلىرىغا مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدى-كەن. بىز بۇ دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيتتۇق. شۇڭا،

كورپۇس پارتكومىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بۇ دېلونى تەستىقلىشى تەس ئىدى. بىز مۇشۇنداق ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، «كورپۇس پارتكومىغا بۇ دېلونى مۇزاكىرە قىلماي قايتۇرۇۋې- تىش، زۆرۈر بولسا، كورپۇس مەسئۇل ئادەم چىقىرىپ، دېلو يۈز بەرگەن ئورۇنغا ئەۋەتىپ، دېلونى ئىشلىگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە قايتا كۆرۈپ چىقىپ، دوكلات سۇنغاندىن كېيىن مۇزاكىرە قى- لىش لازىم» دېگەن پىكرىمىزنى بېرىپ، مۇزاكىرىنى توختىتىش قارارىغا كەلدۇق.

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىرقەدەر سىياسىي سەۋىيىلىك رەھ- بەرلەر ئىدى. دېلو ئۈستىدە يۇقىرىقىدەك غۇلغۇلا ۋە ئوخشاشمى- غان قاراشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئىمىنوفنىڭ يېرىم يىل ئىلگىرى بۇ دېلو ئۈستىدە ماڭا بەرگەن بىر جۈملە بىشارىتى يەنە باشقا ئۈچ نەپەر مەسئۇل خادىمغىمۇ بېرىلىپتىكەن. بۇ بىشارەت بىزنىڭ ئېھتىياتچانلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىقى- مىزنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1953 ـ يىل 8 ـ ئايدا قەشقەرگە ئائىلە يوقلاپ باردىم. بۇ چاغدا ئىمىنوف هامۇت جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سەنمۇجاڭى ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭى شەھەرگە چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى ۋە ھەربىي رايون باشلىقلىرىغا سالام بېرىپ يوقلىدىم. جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتـ- قان يولداش زو چى بىلەن كۆرۈشكىنىمىزدە:«ئوبدان بولدى، ياخشى كەلدىڭىز، سىز 5 ـ كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مەس- ئۇلى، سىز قايتماي قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، هازىرغىچە بىر تەرەپ قىلىنماي كېلىۋاتقان ھېلىقى ‹ۋەتەنگە ئاسىيلىق قى- لىش تەشكىلاتى› دېلوسىنى 5 ـ كورپۇسقا ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ كېتىڭ، هازىرلا 5 ـ كورپۇسقا تېلېگرامما يوللاي- مەن» دەپلا تېلېگرامما تېكىستىنى يېزىپ، كاتىپىنىڭ يوللىۋې- تىشىگە تاپشۇردى. ئاندىن يولداش چىگو (جەنۇبىي شىنجاڭ پارتـ- كومىنىڭ دائىمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل 3 ـ سېكرېتارى) قاتار-

لىقلار بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇلارمۇ يولداش زوچى دېگەندەك گەپ-لەرنى قىلىشتى. كونا شەھەرگە قايتىۋېتىپ، ئىمىنوف ھامۇت ماڭا: «بۇرادەر، ئالدىرىمايلى، قەشقەردە كۆپرەك تۇرايلى، قەشقەر-نىڭ تازا ئوبدان ۋاقتى ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى پىكىرلەر ئەسلى مۇ-ھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ تەكلىپى، بۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى، ھەربىي رايون رەھبەرلىرى قوشۇلۇشقان، بىرلىكتە بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى» دېدى. ئىككىنچى كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ 4 - سېكرېتارى ئىمىنوف بىلەن ئايرىم ئۇچراشتىم، ئۇ «بۇ دېلو ناھايىتى چوڭ ئىش بولۇپ كەتتى، بۇ يەردىكىلەردىن باشقا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگىنىمۇ قول سال-دى. غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي رايونى كۆڭۈل بۆلدى، مەركەز خەۋەر تېپىپ، بۇ ئىشقا بەك جىددىي قاراۋاتىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگىنى ‹ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئېھ-تىياتچانلىق بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلىش› يوللىرىنى كۆرسىد-تىپ تۇردى، قوغلاپ پاش قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، سوراق ئاخىرلىشىپ، «جىنايەتچى»لەر ئۈستىدىن ھۆكۈم بېكىتىلىپ، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇۋاتقاندا، بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنىڭ ھۆ-كۈمگە نارازىلىقى بولدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاتاق-لىق رازۋېدكىچىلىرىنىڭ بۇ دېلوغا قارىتا ئوخشىمايدىغان پىكرى بولۇپتۇ، غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ دېلونى تەتقىق قىلى-غۇچى خادىملىرىدىمۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەر باردەك قىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى ۋە ھەربىي رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ دېلونى قايتا قاراپ چىقىش لازىم، دەپ قارايدۇ. مەيد-لى قانداق بولسۇن، دېلونى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قايتا قاراپ چىقىشىمىز لازىم.

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئىككى يېرىم ئاي جەريانىدا، ھەرقايسى تەرەپ يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە

قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىق «دېلونى قايتا قاراپ چىقىش» ئىشى ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، رەھبەرلىككە دوكلات سۇنۇلدى. خۇلاسە ئۇ-مۇمەن مۇنداق بولدى: «چەتكە باغلانغان ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش دېلوسى» ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، دېلو بىكار قىلىنىشى لازىم، قاماقتىكىلەر قويۇپ بېرىلىشى، ئاممىنىڭ نازارىتى ئېلىپ تاشلىنىشى، خەلق كۆڭلى خاتىرجەم قىلىنىپ، جەمئىيەت تىنچلاندۇرۇلۇشى لازىم. دېلوغا چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ ئاخىر-قى خىزمەتلىرى ھەركىمنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بويىچە تولۇق، توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئىلگىرى دېلونىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشتە ئاساس قىلىنغان «XXX دۆلەت كونسۇلىنىڭ دەل ئۆز ئىمزاسى، كونسۇلخانىنىڭ سوقىچاق ئۆيىدىكى مەجلىستىكى تاپشۇرۇقلىرى» دېگەندەك «قىل سىغمايدىغان پاكىت» لار يالغان بولۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن دېلو بىرمۇنچە ياخشى كا-دىرلارغا بېرىپ چېتىلاتتى، بىرنەچچە ياخشى كادىرلار ئۈستىدە گۇمان تۇغدۇرغانىدى. يۇقىرىقى دېلو مەسىلىسىدە ئىمىنوف مۇ-ھىم رەھبەرلىك ئورنىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. تېخىمۇ قىممەتلىكى، بۇ تالانت ئىگىسى قايىل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى، ھەربىي رايوننىڭ ئاساسلىق رەھ-بەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىمىنوفنىڭ كادىرلارغا نىسبەتەن پرىنسىپچانلىقى كۈچ-لۈك ئىدى. ئۇ يېقىنلىرىنى ئەمەس، ياخشىلارنى ئىشقا قوياتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ شەخسىيەتچىلىك بىلەن گۇرۇھ بولۇۋالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كادىرلارنىڭ ھەر جاي، ھەر ساھە، ھەر مىللەت-تىن بولۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى ۋە شۇنداق بولۇشىغا كۈچ چىقىراتتى. 1955 ـ يىلنىڭ خېلى بىر ۋاقىتلىرىغىچە ھېلىقى دېلودىكى «تايانچ» لاردىن بىرنەچچىسىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى، بۇ بىرنەچچىسىنىڭ ئەسلى خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەي، ئۆزلىرىگە لايىق يېڭىدىن خىزمەت تەقسىم قىلىنغان

لايىھەنى سېكرېتار ئىمىنوفنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردۇق. ئىمىنوف لايىھەگە قوشۇلدى ۋە مۇنداق دېدى: «بۇ يەتتە كىشى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى، ئاقلاندى، چوڭ جىنايىتى بولمىغىنى بىلەن باشقا ياقلاردىن كەمچىلىك ـ خاتالىقلىرى بار. ئۇلار 13 ـ دىۋىزىيىنىڭ شەنگە يامان تەسىر بېرىشتى، ئىلگىرىكى خىزمىتى ھەربىي ئوفىتسېرلىك خىزمەت ئىدى. بۇ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ، بىراق يەرلىككە مەمۇرىي خىزمەت بىلەن چۈشۈرۈش توغرا. ئۇلارغا كەمچىلىك، يېتىشسىزلىكلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىپ ياخشى كادىرلاردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مانا بۇئۇلارغا كۆيۈنگەنلىك بولىدۇ». ئاخىرىدا ئىمىنوف بۇ كىشىلەرنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ ياردەم قىلىپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتىدىن ئالاھىدە تەكىتلىدى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قەلەمدىمۇ ـ ئەلەمدىمۇ بار، ئەتراپلىق يېتىلىۋاتقان ئۇمىدلىك ئىختىساس ئىگىسى ئىدى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان، سانائەت ـ قاتناش كەسپى ئەھلى بولۇپ، خىزمەتداشلىرى ئۆز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سانائەت ـ قاتناشنىڭ بۇ نوپۇزلۇق رەھبىرىدىن پەخىرلىنەتتى.

يولداش ئىمىنوف ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۇمىدى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدا، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بولسا، زامانىۋى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدا، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىمۇ مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدا بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھاياتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى ھېسابلانغان سانائەت ـ قاتناش قۇرۇلۇشى بىلەن بەنت بولسىمۇ، مىللىي مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئالايلۇق، ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىدا

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى پىلانىنى تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا، مالىيە خام چوتىنى تەقسىملەپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا مائارىپنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ بېرىشكە كۈچ چىقىراتتى؛ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئاما ئىچىگە بارغاندا، مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئاساسىي مائارىپ ئەھۋالى بىلەن تونۇشاتتى، مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى سۈرۈشتۈرەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئىززەتلەيتتى، دوست تۇتاتتى، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە بەرگەن تەكلىپلىرىنى، پىكىر، تەقىدلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئاڭلايتتى.

1957 ـ يىلى خوتەندە ئىككى رايوننىڭ مەركىزىي مەكتەپلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتىمىزنىڭ بەك تۆۋەنلىكىنى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ھەسرەتلەندى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ غېرىبانە قىياپىتىگە، مۇكچىيىپ يۈرگەن دېھقانلىرىمىزنىڭ نۇرسىز چىرايلىرىغا بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئالاھىدە سەپ سېلىپ، ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «كەمبەغەللىك مانا، كەمبەغەللىكنىڭ يىلتىزى مانا، خەلقىمىز بىيىسا، مائارىپىمىز تەرەققىي قىلالايدۇ، مائارىپىمىز تەرەققىي قىلسا، مۇشۇ خەلقىمىزنىڭ غېرىبانە قىياپىتى ئۆزگەرسە، ساپاسى يېڭىلانسا، خەلقىمىزنىڭ بېيىشى تېزلىشىدۇ» دېگەنىدى.

مەھەللە ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، سائەت 11 بولاي دەپ قىلىپتۇ، ئىمىنوف: «مۇشۇ يەردە بىر ـ ئىككى ئائىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى» دەپ ماشىنىنى توختاتقۇزدى. ئېرىق بويىدىكى خېلى كۆركەم بىر ھويلىغا كىردۇق. ئائىلىدە بەش جان بار ئىكەن، ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرا ياش بولۇپ، بىر ئوغۇل، بىر قىزى ئەمدىلەتىن ئەمگەككە يارىغان، ئۆزلىرى خېلىلا تىمەن كىشىلەردىن ئىكەن، بىز

كىرگەندە ئۇلار ھويلا پېشايۋىنىدا ئۇماچ ئىچىشىۋېتىپتۇ. ئىـ-
چىۋاتقىنى ئورۇمغا كېلىپ قالغان بېدە كۆكىنى قورۇق سۇغىلا
سېلىپ ئەتكەن ئۇماچ ئىكەن. يولداش ئىمىنوف تەكلىپ قىلىنـ-
غان ئورۇندا چازا قۇرۇپ چىرايلىق ئولتۇرۇپ، سۇنغان بىر ساپال
قاچا ئۇماچنى پاك - پاكىزە ئىچىۋېتىپ، خۇش چىرايى بىلەن
ئېچىلىپ تۇرۇپ رەھمەت دۇئاسىنى بەردى.

— بۇ چۈشلۈك تامىقىڭىزلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— يوقسۇ، ئەتىلگەنلىك تامىقىمىز.

— ھازىر چۈش بولاي دەپ قالدىغۇ؟

— ئەتىگەندە ئۇلاغقا قارىۋېتىپ ئەمگەككە كېتىمىز، نور-
مىمىزنى تۈگىتىپ كېلىپ تاماق يېيەلەيمىز.

— بۈگۈن ئۇماچ ئىچتۇق، ئەتىچۇ؟ بۇنىڭ بولغىنىغىمۇ مىڭ
شۈكرى غوجام، بەك كەمبەغەلمىز.

— سىلىچە قانداق قىلساق باي بولالايمىز؟

— باي بولۇش؟ چۈشىمىزدىمۇ يوق غوجام، بۇنىڭغىمۇ
شۈكرى، پارتىيە بار، ئاللاھ بار.

— سىلەرنىڭمۇ ئويلايدىغىنىڭلار باردۇ؟

— ياقەي غوجام، دېھقان دېگەن مالغا ئوخشايمىز، نەگە دېسە
شۇ ياققا ماڭىمىز، بىز قانداقمۇ ئويلىيالايمىز.

— باللار ئوقۇمدۇ؟ ئىككىڭلار ئوقۇغانمۇ؟

— ياق، ھەممىمىز قاراتۇرۇك دېسىلە.

يولداش ئىمىنوف يول بويى ئۇندىمەي ئويلاپ ماڭدى. بىر
يەرگە كەلگەندە ماشىنىنى توختاتتى. ھەممىمىز ماشىنىدىن چۈ-
شۈپ بىرئاز ئارام ئالدۇق. ئىمىنوف تاماكىسىنى چېكىۋېتىپ
مۇنداق دېدى: «ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ، مەسئۇلىيىتىمىز نېمە دېگەن
ئېغىر ھە! مۇشۇ كەمبەغەللىكنى، ئاشۇ نادانلىقنى يوقىتىشىمىز
كېرەك. بىلەمسىلەر، بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيمىز. ئاشۇ بىچا-
رىلەرنى بەختلىك تۇرمۇشقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىز يەنە كۆپ تەر
تۆكۈشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق ئەمەلدار بولۇپ نېمە قىـ-

لىمىز؟ بىز ئەمەلدار ئەمەس، بىز ئاشۇ ئويلاشنى بىلمەيدىغان، نەگە باشلىسا شۇ ياققا كېتىۋېرىدىغان جاپاكەش ئىنسانلارنىڭ چاكىرىمىز؛ بىز چوقۇم مائارىپىمىزنى، ئىقتىسادىمىزنى تەرەق-قىي قىلدۇرىمىز، دەرۋەقە بۇ مۇشكۇل ۋەزىپە، بۇ تارىخنىڭ بىز-گە يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتى». شۇ تەرىقىدە ئۇ تولىمۇ چوڭقۇر، تولىمۇ تەسىرلىك سۆزلەپ كەتتى.

مەرھۇم ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يې-قىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ نەتىجى-لىرىدىن شادلىناتتى. ئۇنىڭ دائىم ئۇيغۇر تارىخىي داستانلىرى-نى، شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنى، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى-نىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇچرىتاتتىم. ئۇ قو-لىدىكى كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ۋاقىت يوق، ۋاقىت چىقىپ قال-غاندا، ئاساسلىقى ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئوقۇيمەن، ۋاقىت يوق دېگەندىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ ئوقۇپ تۇرىمەن، كىتاب ئوقۇش بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشنى بىلىش بۈگۈنكىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەينىكى بولى-دۇ» دەيتتى. ئۇ ھەقىقەتەن كىتابخۇمار ئىدى. ئۇ كلاسسىك ئەدە-بىياتىمىزنىڭ نامايەندىلىرىنىمۇ، شۇنداقلا زاماندىش ئەدىب ۋە سەنئەتچىلەرنىمۇ قەدىرلەيتتى. يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان ياش يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن تولىمۇ زوقلىناتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىمىنوفنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئىچىدە يازغۇچىلار، سەنئەتچىلەر كۆپ ئىدى. ئالىي-لۇق، تۇرداخۇنكام، تېيىپچان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجايېۋ قاتارلىقلار ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئىدى.

1955 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئېيىدا ھەربىيدىن كەسىپ ئۆزگەر-تىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىگە خىزمەتكە باردىم. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ 4 ـ سېكرېتارى (ۋاڭ ئېنماۋ 1 ـ سېكرېتارى، زوچى 2 ـ سېك-رېتارى، چىگو 3 ـ سېكرېتارى)ئىدى. چىگو كۈندىلىك ئىشلارغا

مەسئۇل سېكرېتار ئىدى، ئەمەلىيەتتە چىگو ئىمىنوف بىلەن جە-نۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. يولداش قاسىمجان قەمبىرى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن مۇ-دىرى، يولداش مۇھەممەتئىمىن خەلپەتھاجىيېف باش كاتىپ ئى-دى. مەن خىزمەتكە چۈشۈپ بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئىمىنوف، قاسىمجان ئاكىلار ئون ئىككى مۇقامىنىڭ پې-شىۋاسى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىشىنى سىمغا ئېلىۋاتقان سو-رۇنغا مېنىمۇ ئېلىپ باردى. ئىمىنوفلار مىدىر قىلىشماي ئاڭلاشتىكى، ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ سائەت ۋاقىتنى بىلىشمەي قې-لىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنىمۇ تاشلىماي ئېلىپ بارىدىغان بولۇشتى. كېيىنرەك بىر نۆۋەت مەن يولداش ئىمىنوفقا: «بۆلۈم-دە كادىر ئاز، ئىش بېسىپ كەتتى، مەن بارمىسام بولارمۇ؟» دېدىم. ئىمىنوف: «بولمايدۇ، ئون ئىككى مۇقام ئەدەبىيات ـ سەن-ئىتىمىزنىڭ جەۋھىرى، بىباھا گۆھەر، تارىخى ئۇزۇن، نۇرغۇن قىسىملىرى كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ. بەختىمىزگە تۇراداخۇنكام 12 مۇقامنىڭ ئاساسىنى بىزگە يەتكۈزۈپ كەلدى. قېرىش، رەتلەش، ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ھازىر ئەڭ چوڭ ئىشلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ قالدى؛ سىز ئادەم (كادىر) خىزمىتىنى ئىشلەيسىز، بىلەمسىز، ئون ئىككى مۇقامنى سىمغا ئېلىۋاتقان سورۇندا مۇ-ھىم كادىرلار خىزمىتى بار. تۇرداخۇنكامدىن سىمغا ئېلىۋېلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىمىز. تۇرداخۇنكام، ئوغۇللىرى قاتار-لىقلار چوڭ ئالىملار، كادىرلار تۈزۈمىمىز بويىچە بولارنى دۆلەت كادىرلىرى ئىچىگە ئېلىشىمىز، دۆلەت كادىرلىرى بەھرىمەن بو-لىدىغان تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىشىمىز، بەلكىم ئۇلارغا يۇ-قىرى پەخرىي نام، ھۆرمەت ئورنى بېرىپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى، مائاش، تۇرار جايلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىزنىڭ ئۆ-زى كادىرلار خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ؛ شۇنداق قىلالىساق ئون ئىككى مۇقام تولۇق قېزىلىدۇ، تولۇق سىمغا ئېلىنىدۇ، ئەسلى

ئاساسىدا قايتا رەتلىنىپ، پارلاق نۇرىنى چېچىپ، خەلقىمىزگە، سوتسىيالىستىك ئېلىمىزگە ئوبدان خىزمەت قىلالايدۇ، شۇنداق- قۇ دەيمەن؟» دەپ تەسىرلەندۈرۈپ بىللە ئېلىپ باردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئىمىنوف تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇرداخۇنكامنى ئىز- دەپ تاپتى. يەكەندىن قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى، قىيىنچىد- لىقلارغا قارىماي چىرايلىق ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىن كەسىپ ئەھلىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ مۇقامنى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىرىنچى بولۇپ باشتىن - ئا- خىرغىچە سىمغا ئېلىشنى كاپالەتلەندۈردى؛ سىمغا ئېلىشقا بىر- لەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون، قەشقەرلەردىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، قايتىدىن رەتلەپ چىقىشقا ئاساس سالدى.

ئىمىنوف ياخشى كۆڭلى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەينەن مەلۇم قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ دىققەت قىلىد- شىغا ئېرىشىپ، 1958 - يىلىنىڭ با- ئېتىراپ- ئىجابىي پىكرىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، 1958 - يىلىنىڭ با- ھارىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى مەركەز قىلغان ئىستىل تۈزد- تىش كېڭەيتىلگەن چوڭ يىغىنىدا خاتا ھالدا تەنقىد قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقى، ئاپتو- نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ قوشۇمچە نازىرلىقى قاتارلىق بىرقاتار مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاش- لىنىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىدىنمۇ قالدۇرۇشتەك ئېغىر پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلىپ، بېيد- جىڭدىكى ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. پارتىيد- مىز ئىچىدە سولچىللىق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، راست گەپ قىلىش گۇناھ ھېسابلاندى. ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن پار- تىيە، دۆلەت خىزمىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن پىكىر - تەك- لىپ بەرگەنلەر زەربىگە ئۇچرىماي قالمىدى.

مەن بۇ ئەسلىمەمنى يېزىش جەريانىدا مۇھەممەتئىمىن ئىـ-ـمىنوفنىڭ 1958 ـ، 1959 ـ يىللىرى ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندا يازغان تۆت چوڭ دەپتەر، نەچچە يۈز بەتلىك دەرس خا-تىرىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، 1958 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد پۈتۈنلەي خاتا بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئاشۇرۇۋېتىلگەن؛ بېرىلگەن جازا ھەم خاتا، ھەم ئېغىر بولۇپ، ئۇۋال قىلىنغان.

لى جىڭجې، خې مىڭ، جاۋ چاڭشۇ يولداشلارنىڭ گېنېرال مايور مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف توغرىسىدا يازغان زىيارەت خا-تىرىسىگە «ئوغلى ئانىسىدىن ئايرىلالامدۇ؟» دېگەن سەرلەۋھە قو-يۇلغان. زىيارەت خاتىرىسىدە: «يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف باشتىن ـ ئاياغ شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر-قىسمى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بىلىمى، قان ـ تەرىنى ئۆزىنى بې-قىپ ئۆستۈرگەن زېمىنغا بېغىشلىغان ... (1957 ـ 1958 ـ يىللار كۈزدە تۈتۈلىدۇ) يېڭى جۇڭگوغا بولغان چەكسىز ئارزۇ ـ ئۈمىدىدىن تەۋرەنمەي، ۋەتەننى، يۇرت ـ ماكانىنى، ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغدىدى... ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر ئۇنىمۇ چەت ئەلگە (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا) چىقىپ كېتىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەسكىن ھالدا: ‹باشقا نەرسە بولسا ئۈنىڭدىن كېچىشكە رازىمەن، لېكىن ۋەتەندىن ئاي-رىلالمايمەن، ئوغلى ئانىسىدىن ئايرىلالامدۇ؟› دەپ جاۋاب بەر-گەن» دەپ يازىدۇ. بۇ سۆزلەر ئادىل بولدى.

يولداش لى جىڭجېلار زىيارەت خاتىرىسىدە يەنە: «ئىمىنوف پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ ئومۇم بىلەن شەخسىي ئىشلارنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەيتتى. ھەتتا پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ماشىنىسىغا ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. بىرقېتىم سەنئەت مەكتىپىدە ئىشلەيدىغان يالغۇز سىڭلىسى تەتىل ئاياغلاشقاندا ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھۆكۈ-

مەتنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ، مەكتەپكە يۈك ـ تاقلىرىنى ئا ـ پىرىۋالىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىمىنوف ئاچ ـ چىقلىنىپ: «ھۆكۈمەت ماشىنىسى مېنىڭ سىرتقا چىقىپ خىزمەت ئىشلىشىم ئۈچۈن سەپلەپ بېرىلگەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىسۇن» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. رەيھان ئىمىنوۋا ئاپ ـ تونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ رەپىقىسى بولۇپ تۇرۇغ ـ لۇق: «ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن سەيلى ـ ساياھەت قىلىش ئۇ ـ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مەن ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بىرەر جايە ـ غا بېرىپمۇ باقمىدىم، پايتەختتىمىز بېيجىڭغا بېرىپ نەزەر دائىـ ـ رەمنى ئېچىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ» دېدى» دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى يازىدۇ. بۇ سۆزلەر يولداش ئىمىنوف ـ نىڭ ساپ كوممۇنىستىك خىسلىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق گۈزەل ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ھېلىھەم مۇھىم رېئال ئەھـ ـ مىيەتكە ئىگە.

ئىمىنوف 1960 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئېيىدا مەركىزىي ئالىي پار ـ تىيە مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلدى. مەركىزىي ئالىي پار ـ تىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەس ـ ئۇلى ماڭا: «يولداش ئىمىنوف بىلىمى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچان، ئويلاش، پىكىر قىلىش، تەپەككۇر قىـ ـ لىش يولى توغرا، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر ـ لىرى ئىچىدە كەم ئۇچرايدىغان ئىقتىدارلىق رەھبەر ئىكەن» دې ـ گەنىدى (ئۇ چاغدا مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆ ـ لۈمىنىڭ بىر مەسئۇلى ئىدىم). 1962 ـ يىلى ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەلىرى يۈز بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىمىنوفنى ئاپ ـ تونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىغا ئەۋەتكەن مەسئۇل كادىرلاردىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن خەۋىرى بار يولداشلارغا مەلۇمكى، بۇ ۋەقەنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ سىياسىيلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، زىل، قىـ ـ

يىن خىزمەت ئىدى. يولداش ئىمىنوفنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلى-
كىدە، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تىرىشچانلىقىدا دۆلەت چېگرا-
سىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلارنى توختىتىش، ئۆز ماكانىغا قايتۇ-
رۇش، ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن
يولداش ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەر ئۇ-
نىڭ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ھەم تالانتىغا قايىل بولۇپ
ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشقانىدى.
ئىمىنوف بېيجىڭدا مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئو-
قۇپ كېلىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، خىزمەت-
لەرنى كارامەت ئىجتىھات بىلەن ئىشلەۋاتقاندا، پۈتۈن جۇڭگو
خەلقىنىڭ بەختىگە قارشى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلى-
نىپ، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىن
ئىمىنوفمۇ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ
قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى، دەسلەپتە ھەرقايسى ئورۇنلار-
نى ئايلاندۇرۇپ كۆرەش قىلىندى، كېيىن تۈرمىگە قامىلىپ،
پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەنمۇ
كۆرۈشتۈرمەي، ۋەھشىيانە ئازابلاش ئارقىسىدا 1970 - يىل 5 -
ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەلەم بىلەن 55 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بىز
بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، خەلق ئاممى-
سىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە، پەخىرلىنىشىگە ئې-
رىشكەن ئىختىساسلىق رەھبىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بۇ
خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى.
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ناھەق، ئۆۋال قىلىنغان
دېلولار ئاغدۇرۇلۇپ، نامىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىدا،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا يازغان
دوكلاتى ۋە مەركەزنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، 1958 - يىلدىكى
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ مۇھەممەت-
ئىمىن ئىمىنوفقا كۆرگەن چارىسى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-

بى»دا بېرىلگەن جازا پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەرھۇمغا تېڭىلغان تۆھمەت، بوھتانلار تامام ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، مەرھۇمنىڭ نامى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ جەسىتى ئۇلانباي ئىنقىلابى قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەپ دەپنە قىلىندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئىدارە - ئورگان خادىملىرى، زاۋۇت - كارخانا، مەكتەپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋەكىللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرى قاتناشقان قايغۇلۇق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز، رەھبىرىمىز، ئەڭ يېقىن دوستىمىز مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ نامىغا مەڭگۈلۈك شان - شەرەپلەر بولسۇن!

# يىقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئۇيغۇر «ئېكسپېدىتسىيىچىلەر»

غالىپ بارات ئەرك

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ «سىرلىق ماكان» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دۇنياغا جاكارلىغان چاغدا، ئۇلارنى ئاشۇ شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرگەن ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلارنى غىل ـ پاللا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۆھپىسىگە يېتەرلىك باھا بېرىلمىگەن.

ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، يول باشلىغۇچى ئۇيغۇرلار پەقەتلا قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى ۋە يۇرتلار ئارىسىدىكى ئۆتەڭ ـ يوللارنى پىششىق بىلىدىغان ئادەتتىكى كىشىلەرلا ئەمەس، بەلكى يەنە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ تىلىدىن سىرت، يەنە ئۆز ئانا تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتىكىلىرىنى پۇختا بىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم. رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پرژېۋالىسكى (1839 ــ 1888) ۋە فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى گابرىيېل بونۋالوت (1853 ــ 1933) لارغا يول باشلىغۇچى ھەمدە تەرجىمان بولغان ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندىنى شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ئازغىنە مەلۇماتلاردىن بىز ئۇ كىشىنىڭ رۇس، خەنزۇ، موڭغۇل تىللىرىنى بىلىشتىن سىرت، ئۇزاق تارىختىن بېرى ئۇمۇمىي

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان لوپنور ئۇيغۇرلىرى-نىڭ دىئالېكتىكىدىنمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. مەلۇمكى، چاقىلىق، لوپنور ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى ئې-قىنلىرىدا بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، قۇشچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن خەلق بولۇپ، تەكلىماكان چۆل-لۈكى ئۇلارنى تىل ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئومۇمىي ئۇيغۇر جەم-ئىيىتىدىن ئايرىپ تۇراتتى. شۇڭا لوپنورلۇقلارنىڭ تىلى ئۇي-غۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتى بولۇپ ئايرىلىپ چىققان. قاتناش ۋە ئالاقە ئىشلىرى ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان 19 ـ ئەسىردە بۇ پەرقنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. شۇنداقتىمۇ شىمالىي شىنجاڭدا ياشىغان بىر ئادەمنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق ئىجتىمائىي ئالاقىدە بولۇپ باقمىغان ئىككى جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىمالال ئالاقىدە بولالىشىدىكى سەۋەبنى ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ مول تىل بىلىمىدىن كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە پىرژېۋالىسكى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز پەقەت بەزى ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز. بىزنىڭ تەرجىمانىمىز غۇلجىدا تۇغۇلغان تارانچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەيلى تارىم دەريا بويلىرى، ياكى لوپنور كۆلى بويلىرىدا بولسۇن ناھايىتى بىمالال ئالاقە قىلالايتتى. مانا مۇشۇنىڭغا قارىغاندا تارانچى تىلى بىلەن سارتلارنىڭ تىلىنىڭ بۇ يەرنىڭ دىئالېكتى بىلەن چوڭ پەرقى يوقلۇقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ». ئەمەلىيەتتە ئىككى ئوتتۇرىدىكى پەرقنىڭ ئابدۇللا يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ مول تىل بىلىمى ئارقىلىق كىچىكلەپ كېتىپ بارغانلىقىدا شەك يوق. ئابدۇللا يۈسۈپ ئەپەندى پىرژېۋالىسكىنىڭ 1876 ـ ۋە 1885 ـ يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە يول باش-لىغۇچى ھەم تەرجىمان بولۇپ، رۇس، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىد-رىنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلغان. ئابدۇللا يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ خەنزۇ ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ھەققىدە

گابرېل بونۋالوت مۇنداق دەيدۇ: «ئارىمىزدا يەنە خەنزۇ ۋە موڭ-غۇل تىللىرىنى بىلىدىغان ئابدۇللا بار، ئۇ ئىلگىرى رۇسىيە-لىك پىرژېۋالسكىي بىلەن بىللە جۇڭگودا ئېكسپېدىتسىيىدە بولغان».

ئەينى زاماندا ئۈچ - تۆت خىل تىلنى پۇختا بىلگەن، نۇر-غۇن يۇرتلارنى ئارىلاپ، نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئابدۇللا ئەپەندىدىن بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىزگە ھېچ نەرسە قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ تىل بىلىمدانى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ لوپنور، چەرچەن، چاقىلىق ئەتراپلىرىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە ئابدۇرېھىم، ئۆردەك ۋە كۈنچىققانبەگنىڭ ئوغلى توختاخۇنلارنىڭ تارىخ ئۇن-تۇپ بولمايدىغان تۆھپىلىرى بار. شۇ قاتاردا ئۆردەك كىرۇران قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۆردەك قەبرىستانلىقىنىڭ بايقىلىشىدا ئوينىغان رولى بىلەن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان.

چارروسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەردىن پىرژېۋالسكىي ۋە شاگىرتى كوزلوف بىلەن گېرمانىيىلىك رىچخوفېن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي جېدەل سەۋەبىدىن سۋېن ھېدىن تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى ۋە لوپ قۇملۇقلىرىدا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇيغۇر يىگىتى ئۆردەك 1899 - يىلىدىن باشلاپ سۋېن ھېدىنغا يول باشلىغۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1900 - يىلى تۇزسىز كۆل — قاراقوشۇن كۆلىنىڭ تارىختىكى لوپنۇر كۆلى ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاتمىشبۇلاقتىن جەنۇبقا، يەنى پىرژېۋالسكىي لوپنور كۆلى دەپ ئاتىغان قاراقوشۇن كۆ-لىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. قاراقوشۇن كۆلىگە تۆت - بەش كۈنلۈك يول قالغاندا توختاپ قۇدۇق كولاپ سۇ ئالماقچى بولىدۇ، شۇن-دىلا ئۇلارنىڭ ئېسىگە ئۆزلىرىدىكى بىردىنبىر گۈرجەكنىڭ يولدا ئۇچراتقان خارابىدە ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ چاغدا «قۇملۇقتا تەرەپلەرنى خۇددى كومپاستەك پەرق ئېتە-

لەيدىغان» ئۆردەك گۇرجەكنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ھارغىن بىر ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىدۇ. ئىككى سائەتتىن كېيىن تۇ- يۇقسىز قارا بوران چىقىپ توپتوغرا بىر كۈن داۋاملىشىدۇ. شۇ بوراندا ئۆردەك بىر قەدىمي شەھەر خارابىسىغا بېرىپ قا- لىدۇ ھەمدە ئۇ يەردىن ناھايىتى نەپىس ياسالغان ئىككى ياغاچ بۇيۇم ۋە گۇرجەكنى تېپىپ، ئەتىسى سۋېن ھېدىنلارغا يېتىد- شىۋالىدۇ. ئۆردەك يولدا كۆرگەنلىرىنى سۋېن ھېدىنغا دوكلات قىلىدۇ. بۇ 1900 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى ئىش ئىدى، سۋېن ھېدىن سۇ، ئوزۇقلۇق قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ شەھەر خارابىسىغا قايتا بېرىشنى پىلانلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كېيىنكى يىلى بۇ خارابە قايتا تېپىلىدۇ، ئۇي- لىمىغان يەردىن بۇ ۋەيران بولغىنىغا مىڭ نەچچە يۈز يىل بول- غان، تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىدىغان كىروران شە- ھىرىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ خەۋەر سۋېن ھېدىننىڭ «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم» ناملىق كىتابى ئارقىلىق دۇنياغا جاكارلىنىدۇ. بۇ خەۋەر ئىلىم ساھەسىنى قاتتىق لەر- زىگە كەلتۈرىدۇ.

ئۆردەك 1901 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەردە سۋېن ھېدىندىن ئايرىلىدۇ.ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كې- يىن، ئۆزى يالغۇز بىرقانچە قېتىم قۇملۇققا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئۇ بىر قوم دۆۋىسى- گە جايلاشقان قەبرىستانلىقنى بايقايدۇ. بۇ كېيىنكى كۈنلۈكتە «ئۆردەك قەبرىستانلىقى»، «5 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق»، «مىرەن قەبرىستانلىقى» دەپ ناملانغان قەبرىستانلىق ئىدى.

1927 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو ـ شىۋېتسىيە بىرلەشمە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تۇرپان ۋە تەكلىماكان ئەتراپىدىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋاملىشىدۇ. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لوپنورنىڭ چارادا تۇ- رۇۋاتقان ئۆردەك سۋېن ھېدىننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپ- قاندىن كېيىن ئوغلى بىلەن ئاتلىق دەريا بويىغا بېرىپ، كېمە

بىلەن كېلىشۋاتقان سېۋېن ھېدىننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىدۇ. ئۆردەك ئۆزىنىڭ سېۋېن ھىدىندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى 30 نەچچە يىللىق ھاياتى ۋە قەبرىستانلىقتا كۆرگەنلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېۋېن ھېدىن شىۋېتسىيىلىك فورگ بېرگمان باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۆردەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھېلىقى قەبرىستانلىقنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئون نەچچە كۈنلۈك جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇ قەبرىستانلىق قايتا تېپىلىدۇ. قەبرىستانلىقنى ئىزدەپ تېپىش جەريانى ۋە بۇ جەرياندىكى كەچۈرمىشلەر، قەبرىستانلىقتىن قېزىلغان بۇيۇملار ھەققىدىكى مەلۇماتلار سۋېن ھېدىننىڭ «ئاسىيا كىندىكىدىكى سەككىز يىللىق تەكشۈرۈش (1927 ـ 1935)» ناملىق كىتابى ۋە فون بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» دېگەن كىتابىدا تەپسىلىي بېرىلگەن. بولۇپمۇ بېرگمان بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلىي مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. بۇ قەبرىستانلىق كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قۇم كۆل ۋە ياقىنلىق كۆل ئەتراپىدىن جەنۇبقا ئاققان ئارغان دېگەن ئېقىننىڭ تۆت كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى بىر قۇم دۆڭدە بولۇپ، قەبرىستانلىقتا 100 نەچچە تال بېزەلگەن ۋە سىرلانغان ياغاچ تىكلەنگەن. بۇ قەبرىستانلىق شۇ قېتىم تېپىلغاندىن كېيىن، يەنە قۇم ئاستىدا قېلىپ، 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن قايتا تېپىلدى.

بېرگماننىڭ يۇقىرىقى كىتابىدا ئۆردەكنىڭ 1934 ـ يىلى 72 ياشتا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ 1862 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولسا كېرەك. سۋېن ھېدىن يەنە ئۆردەكنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە تەتقىقاتچىلار ئۆردەكنىڭ ئەسلىي چارلىق بولۇپ، 1944 ـ يىلى 82 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى، ئۇنىڭدىن بىر قىز، بىر ئوغۇل قالغانلىقى، قىزىنىڭ بالدۇر ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى، ئوغلى

مۇسانىڭ 1964 ـ يىلى 68 يېشىدا لوپنورنىڭ تارىم يېزىسىدا ۋاپات بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

تەتقىقاتچى ياڭ ليەن ئەپەندىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى لوپنورلۇق» دېگەن كىتابىدا ئۆردەكنىڭ ئەسلىي كونا ئابدال (قۇمچاپقان، 1898 ـ يىلى ۋەيران بولغان)لىق بولۇپ، بۇ يەر ۋەيران بولغاندا يېڭى ئابدال (شىرگە چاپقان)غا كۆچمەي ئارغان تەرەپكە كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ سادىق ئىسىملىك بىرلا ئوغلىنىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ياڭ ليەن ئەپەندىگە بۇ مەلۇماتلارنى ئۆردەكنىڭ قەدىناس دوستى نىيازنىڭ يۈزنەچچە ياشلىق ئوغۇللىرى ئوسمان ۋە ياسىنلار دەپ بەرگەن ئىكەن.

سۋېن ھېدىن «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىدا ئۆردەكنىڭ 1899 ـ يىل 11 ـ ئايدىن باشلاپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن چاراغا يېقىن يېڭىكۆل ئەتراپىدا ئۇچراشقانلىقىنى يازغان. بۇ كىتابتا يەنە ئۆردەكنىڭ 1901 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەردە سۋېن ھېدىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانلىقى، 1934 ـ يىل 4 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم ئۇچراشقاندا سادىق دېگەن ئوغلىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكى يېزىلغان. سۋېن ھېدىن ئۆردەك بىلەن 2 ـقېتىم ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ ئايالى، كېلىنى ۋە قىزلىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن قانچە قىزىنىڭ بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئۆردەك خۇددى بىرگمان تەرىپلىگەندەك «قۇملۇقتىكى يوللارنى بەش قولدەك بىلىدىغان» تۆھپىكار تارىخىي شەخس. چۈنكى سۋېن ھېدىن قاتارلىق مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك زور بايقاشلىرى ئەنە شۇ ئۆردەكنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلانغان.

يۇقىرىقى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر قاتارىدا لوپنورلۇقلارنىڭ يۇرت ئاتىسى كۇنچىققانبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى توختاخۇننىڭ نامىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. كۇنچىققانبەگ لوپنورلۇقلارنىڭ بېگى بولۇپ، ئۆزىنىڭ خەلقچىللىقى، ئادالەتپەرۋەر-

لىكى بىلەنلا مەشھۇر بولۇپ قالماي، يەنە پېرژېۋالىسكىي، سۋېن ھېدىنلارنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىگە ئەمەلىي ياردەم كۆرسەتكەنلىكى بىلەنمۇ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۇنچىققانبەگنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرى كىروران ۋەيران بولغاندىن كېيىن، دەريا ۋە كۆل بويلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ، بېلىقچىلىق، قۇشچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرگەن. كۇنچىققانبەگنىڭ سۋېن ھېدىنغا ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىسمقۇللۇ ۋە ماتتىئاس قاتارلىق ئەجدادلىرى قاراقوشۇن كۆلىنىڭ شىمالىدىكى بىر كۆل بويىدا يەنى ئابدالدا ياشىغان ئىكەن. ماتتىئاسنىڭ ئوغلى نۇرمەتبەگ ئابدالدا ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ يۇرت بەرپا قىلغان ۋە بۇ يۇرتنى كونا ئابدال دەپ ئاتىغان. نۇرمەتبەگ 95 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇنىڭدىن جاھانبەگ دېگەن بىر ئوغۇل قالغان. كۇنچىققانبەگ 1812 ــ يىلى ئەنە شۇ جاھانبەگنىڭ ئائىلىسىدە كۈن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە جاھانساي دەرياسى بويىدا تۇغۇلغان. كۇنچىققانبەگدىن نىياز، ئابدۇراخمان، توختاخۇن ۋە جان ئىسىملىك تۆت ئوغۇل قالغان. ئالدىنقى ئىككى ئوغۇل 1886 ــ يىلىدىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان. توختاخۇن قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىدىكى ئاھالىنىڭ ئاخۇنى بولۇپ دىنىي خىزمەت قىلغان. سۋېن ھېدىنلار كەلگەندە ئۇلارغا يول باشلىغۇچى بولۇپ، نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا سەۋەبچى ۋە شاھىت بولغان. كېيىنكى ئۆمرىنى مازارلاردا سوپىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. كۇنچىققانبەگنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى ياتاق، تاماق ۋە باشقا قۇلايلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەپ ئۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىگە ھەمدەمدە بولغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ئۇزۇك، پارچە ــ پۇرات مەلۇماتلار بار. خەلقى ۋە يۇرتى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ «يۇرت ئاتىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىش جەريانىدىكى ئاجايىپ مىساللارمۇ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ لوپنور، چەرچەن، چاقىلىق، ئەتراپلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل ئارخېئولوگىيىلىك بايـ. قاشلىرىنى ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندى، ئۆردەك، كۇنچىققانبەگ ۋە توختاخۇنلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا بىز بۇ تەرجىمان ۋە يول باشلىغۇچىلارنىڭ تەرجىـ. مىھالىنى قايتا تۇرغۇزۇپ، تارىخ سەھىپىسىدىن مۇۋاپىق ئورۇن بېرىشىمىز كېرەك.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

پرژېۋالىسكىي: «لوپ كۆلىگە سەپەر».

گابرېل بونۋالوت: «ئادىمىزاتسىز چۆلنى جەسۇرانە كېزىش».

سۋېن ھېدىن: «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم»، «كۆچمە كۆل»، «لوپنور كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ».

# تۈركىستان (تۈيۈزى)نىڭ ئۆلۈمى

## ئىسلام ھوشۇروف

## تاھىر تاشباييۇ

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن قوراللىق كۈرەشتىن جىددىي ھەم كەسكىن سىياسىي كۈرەشكە ئۆتكەنىدى.

بۇ كۈرەشتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق، بىرلىككە كەلتۈرۈش، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىشىش شوئارىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى پارچىلاش، يېمىرىش، ئاغدۇرۇش، يوقىتىش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەلۋەتتە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىمۇ تىنچلىق بىتىمىدىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنقىلاب ئۇچقۇنىنى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان باشقا يەتتە ۋىلايەتكە كېڭەيتىشكە تىرىشتى.

بۇ كۈرەشنىڭ مەزمۇنى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلانغانىدى، بىرىنچى، ھەربىي قىسىم مەسىلىسى ئۈستىدە گومىنداڭ تەرەپ بىتىمدىن پايدىلىنىپ مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ھالسىزلاندۇرۇشقا ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇندى. دەل مۇشۇ چاغدا جياڭ جيېشى كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن چۈشەنچىدا تۈزۈلگەن «10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى»نى يىرتىپ تاشلاپ، ئازاد رايونلارغا

ئومۇمیۈزلۈك ھۇجۇم باشلىۋەتكەنىدى. مۇشۇنداق پەيتتە ھەربىي ھوقۇقنى گومىنداڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇش ــ قولنى قوشتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇ ئىشقا ھوشيار پوزىتسىيە تۇتتى. ئىككىنچى، ھۆكۈمەت مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن سىياسىي كۈرەش بولۇپ، ئۇ ئۆلكىلىك ۋە ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشنى ئاساس قىلغان دې-موكراتىك سايلام ئۈستىدە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان كەسكىن سىياسىي كۈرەش بولدى.

1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 9 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنى ئېچىپ، ئۆلكىلىك سايلام كومىسسىيىسىنىڭ تەشكىللىي نىزامىنى ماقۇللىدى ھەمدە جاي ـ جايلارغا سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. قارار بويىچە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن ئۆل-كىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى سالىس باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى تارباغاتايدىكى نازارەت خىز-مىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ۋىلايەتكە قاراشلىق ئالتە ناھىيىنىڭ كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە ھا-كىملىرىنى سايلاپ چىققاندىن سىرت، يەنە ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابلىز راخمانوف، نىزامىدىن، نۇرساپا سېيتجانوف، ئابىت، ئۆز-دۇرخان، چاڭ بۇ، گۇڭ چىڭ لامادىن ئىبارەت سەككىز كىشىنى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ۋەكىلى قىلىپ سايلاپ چىقتى. ئەمما جە-نۇبىي شىنجاڭدا سايلامنى گومىنداڭ كونترول قىلىپ، سايلام ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە ۋىلايەتتە ھاكىمـ-مۇتلەقلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى كەڭ كۆلەمدە بېسىپ، دېموكراتىك كۈچلەرنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى باستۇرۇپ، ئۇلار-نى تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئېلىپ مەخپىي ئۇ-جۇقتۇرۇش قاتارلىق ۋەھشىيانە ۋاسىتە قوللانغانلىقتىن، يەتتە ۋىلايەتكە ئەۋەتىلگەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ھاياتمۇ ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالدى. نەتىجىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا قەشقەر، يو-

يۇرغا، پەيزاۋاتتىن باشقا ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك گو-
مىنداڭچىلار سايلاندى. شىمالىي شىنجاڭدا بولسا گومىنداڭ
سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتمىشنى ئۆزىنىڭ ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، مىللىي
ئاداۋەت پەيدا قىلىپ، ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇشنىڭ تېپىلماس
پۇرسىتى دەپ بىلدى. تۇيۇزى باشچىلىقىدىكى ئالتاي ۋىلايىتىگە
ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ جى-
نايى قىلمىشلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

1946 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە، تۇركىستان نوغايىبايېف (قازاق،
خەنزۇچە ئىسمى تۇيۇزى) باشچىلىقىدا كامالبېك ئۇۋاشېف
(قازاق، خەنزۇچە ئىسمى كې بېنچۈەن)، نۇسرەت شەمسى ئوغلى
قاتارلىقلار ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سايلام ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش
ئۈچۈن، ئۇرۇمچىدىن «ماز» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى ۋە بىر
پىكاپ بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ماناس دەرياسى (شۇ ۋاقىتتىكى
ۋاقىتلىق پاسىل)دىن ئۆتۈپ، جايىر تېغى ئارىسىغا كىرگەندىن
كېيىن، پىلانى بويىچە جىددىي ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى
باشلىۋېتىدۇ. ئۇلار تاغ ئارىسىدا ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، قازاق
مالچىلارنىڭ ئۆيىدە خالىغانچە مېھمان بولغاچ مالچىلارنى يىغىپ
نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ھەر قېتىملىق نۇتقۇدا خەلق ئىچىگە پىتنە -
ئىغۋا تارقىتىپ، قازاق خەلقى بىلەن باشقا مىللەت خەلقلىرى
ئارىسىدا زىددىيەت تۇغدۇرۇپ، خەلقنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلى-
قىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئۇلار يەنە: ئالتاي خەلقى گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىگە تولۇق بويسۇنىدۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇ-
رۇقلىرىنى تولۇق ئورۇندايدۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالتاي خەل-
قىنى بار كۈچى بىلەن قوللايدۇ، كېيىن قازاقلارغا ئايرىم دۆلەت
قۇرۇپ بېرىدۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يېقىندىلا گۈچۈڭ ئارقىلىق
ئالتاي خەلقىگە نۇرغۇن ياردەم بۇيۇملىرىنى ئاپىرىپ بەردى، دەپ
قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. ئۇلار يەنە يول بويى تېلېفون، تېلېگراف
ئىستولبىلىرىنى ئۆرۈپ، سىملارنى ئۈزۈپ، قىلمىغان ئەسكى-

لىكلىرى قالمايدۇ.

ئۇلار 13 ـ ئۆكتەبىر دۆربىلجىنگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيە ـ لىك خەلق كۇلۇبى يېنىدىكى يازلىق كىنوخانىنىڭ دەرۋازىسى قاسىنقىغا ئۇلاپ سېلىنغان ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. ئەتىسى (14 ـ ئۆكتەبىر) ئۇلار ئەسلى پىلانى بويىچە ئالتايغا قاراپ يولغا چىـ ـقىشى لازىم ئىدى، ئەمما تۇركىستان نوغايباييېف، كامالبېك ئۇۋاشېۋ، شوپۇر سۇك نەنشىڭلار گۇرۇپپىنى دۆربىلجىندە قال ـ دۇرۇپ قويۇپ، قانۇنسىز ھالدا چۆچەك شەھىرىگە بېرىپ، سا ـ لىسلار بىلەن تېپىشىدۇ ۋە ئۇ يەردە دۇبېك شالغىنباييېفنىڭ ئۆ ـ يىگە مېھمان بولۇپ چۈشىدۇ (ئۇلار دۇبېك شالغىنباييېف بىلەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يۈرگەندە تونۇشاتتى) ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىش تەلىپىنى قويىدۇ. دۇبېك شۇ كېچىدە چۆچەكتىكى بالقاش ئەلىمغازى، ماغاز مىرزاقانوف، سۇلتان قاناپىن، مەخسۇت تاتانوف قاتارلىق قازاق زىيالىيلىرىنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىدۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن تۇركىستان ئەكسىيەتچى سەپسەتە ـ لىرىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىشىغا، دۇبېك شالغىنباييېف، بالقاش، ماغاز قاتارلىق ھوشيار قازاق زىيالىيلىرىنىڭ قاتتىق رەددىيە ـ سىگە دۇچ كېلىپ جىمىپ قالىدۇ.

زىياپەت تارقىغاندىن كېيىن، دۇبېك شالغىنباييېف، بالقاش، ماغازلار بىلەن تۇركىستان، سالىس، كامالبېكلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مۇنازىرە باشلىنىپ، ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن ئاغدۇرما ـ چىلىققا قارشى كۈرەش تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا دۇبېك شالغىنباييېف: سىلەر بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئالتايغا سايلام ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن قانۇنىي ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى، تارباغاتاي ۋىلايىتى بېسىپ ئۆتىدىغان يولۇچىلار بول ـ غاچقا مەنزىلىڭلارغا سالامەت بېرىۋېلىشقا رۇخسەت قىلدۇق. شېڭ شىسەينىڭ قانچە يىللىق زەي تۈرمە ئازابىمۇ مېنىڭ ئىرادەمنى تەۋرىتەلمىگەن، سەن بىر تۇركىستاننىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟! سەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈك، ئازادلىقى ئۈچۈن قان تۆكۈپ كۈرەش قىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەق ـ

قانى كۆرەش ئىرادىسىدىن هايا قىلغىن، سىنىڭ سەپسەتىلىرىڭ بىزنىڭ جەڭگىۋار خەلقىمىز ئىچىدە ئاقمايدۇ، بۇ تەرىپىنى ئېنىق بىلىپ قويغىن، — دەپ يولغا سالىدۇ.

تۈركىستان چۆچەكىكە كېتىش ئالدىدا، دۆربىلجىندىكى ئىشلارنى ئەسلى پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىشنى توختاش توختى ئوغلىغا تاپشۇرغانىدى. توختاش توختى دۆربىلجىندىكى ئىنقىلابىي ئىرادىسى بوش ئايتقازى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى مەزمۇندىكى يەتتە تاغار كىتاب، ژۇرنال، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى 14 ـ ئۆكتەبىر كېچىدە دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى خەلق باغچىسىغا، كوچا دوقمۇشلىرىغا، قورۇلارنىڭ ئالدىغا تارقىتىدۇ. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ئەتىسى ھەر تەرەپتىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ساقچى دائىرىلىرى بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ئاتالمىش ئالتايغا كېتىپ بارغان نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تارقاتانلىقىغا گۇمانى كۈچلۈك بولسىمۇ، خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ، نەق پاكىتنى قولغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

15 ـ ئۆكتەبىر كەچتە خەلق كۈلۈبىنىڭ يازلىق كىنوخانىسىدا كىنو قويۇلىدۇ. كىنو كۆرۈشكە كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق ئاما كىنوخانىغا كىرىشى بىلەنلا ئورۇندۇقلىرىنىڭ ئاستىدىن كۈندۈزى شەھەر كوچىلىرىدىن تېپىۋېلىپ ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ماتېرىيالىغا ئوخشاش تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تېپىۋالىدۇ. بۇ چاغدا غەزەپكە چىدىمىغان ئاما: شۇنچە يۈرىكى يوغان كىملەر! بىزنى نېمە چاغلاۋاتىدۇ، ساقچىلار بۇ ئىشنى ئېنىقلايمىز دېگەنىدى، ئەمدى نەدە ئۇلار؟ ··· دەپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بىرقانچە ئوت يۈرەك ئەزاسى سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ: خالايىق تىنچلىنىڭلار! بۇ كىنوخانا كۈندۈزى تاقاقلىق تۇرىدۇ، تاملىرى شۇنچە ئېگىز، ئادەتتىكى ئادەملەر تامدىن ئارتىلىپ چۈشەلمەيدۇ. پەقەت پەنجىرىسى كىنوخانىغا قارىغان ئاشۇ ئۆيدىكى ئاتالمىش ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەڭ گۇمانلىق، دەيدۇ. شۇ

ئەسنادا ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر بالا ئورنىدىن تۇرۇپ: كۇندۇ-
زى مەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ماشىنىدىن تا-
غارغا قاچىلانغان كىتابقا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى ياتاقلىرىغا
توشۇغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، گەپ شۇ ماشىنىدا، دەپ تۇۋلايدۇ.
تۇنۇگۇندىن بۇيان غەزىپىنى باسالماي تۇرغان خەلق بىرلا
ھۇررا دېيىش بىلەن ماشىنىنى قورشىۋالىدۇ. بىرقانچە ياش ما-
شىنىغا سەكرەپ چىقىپ، مەزمۇنى تۇنۇگۈندىن بۇيان دۆربىلىجىنىد-
نى پاراكەندە قىلغان تەشۋىقات ماتېرىيالىغا ئوخشاش كىتاب -
ژۇرنال، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدىن بەش - ئالتە تاغار تېپىپ چىد-
قىپ، نەق مەيداندا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.
جىنايەت گۇماندارى ياتاقلىرىغا كىرىۋېلىپ خەلق ئاممىسى
بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇنىمايدۇ.خەلق ئاممىسى مەسىلىنى تەشكىل
ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر بۆلۈمى جىنايەت گۇماندارلىد-
رىنى قورشاپ تۇرىدۇ، بىر بۆلۈمى نامايىش قىلىپ، ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت قورۇسىغا بارىدۇ. بۇ چاغدا ھاكىم نۇرساپا سېيىتجانوف
جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن نامايىشچىلار قوشۇنى بىلەن
بىللە خەلق كۇلۇبى تەرەپكە ماڭىدۇ.
دەل مۇشۇ چاغدا چۆچەكتە دەككىسىنى يەپ قايتقان تۇر-
كىستان قاتارلىقلار ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار دۆر-
بىلجىن بازىرىدىكى دېڭىز شاۋقۇنىدەك ئۆركەشلىگەن خەلق تو-
پىنى ئېمىل دەرياسىنىڭ غەزەپلىك دولقۇنىنى كۆرىدۇ. ۋەزىيەت-
نىڭ ئۆزگەچە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن تۇركىستان
سۇلڭ نەنشىڭنىڭ: بىز ساقچى ئىدارىسىگە بارايلى، دېگەن مەسلە-
ھىتىگە قۇلاق سالماي، يان قورالىنى چىقىرىپ، خەلق ئاممىسىغا
دوق قىلىپ، نامايىشچىلار قوشۇنىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل بار-
غىنىچە ماشىنىغا چىقىپ، بېرزىنت ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان
ئىككى تاغار نەرسىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن
نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئالدىغا ئىنتىل-
گەن ئاممىغا قورال تەڭلەپ ئاسمانغا ئوق چىقىرىپ يېقىن كەل-
تۇرمەيدۇ. تاشلانغان ئىككى تاغاردىكى بۇيۇم رەسمىي ئوت ئېلىپ

كۆيگەندىن كېيىنلا ياتاققا كىرىپ بېكىنىۋالىدۇ.

بۇ چاغدا غەزەپكە چىدىمىغان ئاممىا ناھىيە ھاكىمى نۇرساپا سېيىتجانوف، ساقچى باشلىقى مىرخەمىت مىرغابىدىن ۋە 2 ـ باتاليون ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككى سائەتكە قەدەر نەسىھەت قىلىپ توسۇشىغا قارىماستىن ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، تۇركىستان، كې يۇنچۇەن (كامالبېك ئۇۋاشوف)، شوپۇر سۇڭ نەنشىڭنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. داۋباي مازاكوف، توختاش توختى قاتارلىقلارنى ئېغىر ـ يېنىك دەرىجىدە يارىلاندۇرىدۇ (نۇسرەت شەمسى تۇركىستان بىلەن چۆچەككە بارماي، دۆربىلجىندىكى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولۇپ، ۋەقە ئاياغلىششقا ئاز قالغاندا كەلگەچكە يېنىك يارىلانغان). خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرىكىتىنى نەسىھەت قىلىپ توسقان ھاكىم ۋە ساقچى باشلىقىمۇ قاتتىق زەخىملىنىدۇ.

ۋەقە تۇغۇلغان شۇ كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 14 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا بىنائەن، كېچە سائەت 12 دە يولغا چىققان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ئابلىمىت ھاجىيوف، ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مايور ئابلىز راخمانوف، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كادىرى دۈيسەنبى سىنباي، تۇرسۇن مۇستافىن، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باش دوختۇرى ئابلەھەت ئابدۇرېشىتوف قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان تەكشۈرۈش ئۆمىكى سائەت ئىككىدە دۆربىلجىنگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇ قاتاردا سالىسالارمۇ يېتىپ كېلىدۇ.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى يېتىپ كەلگۈچە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىپ، ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان گۇماندار ئىبراھىمجان، قۇتلۇق، مۇقاش، جاقان، ئابدۇلئەخەت، ياقۇپ، غىنايات قاتارلىقلارنى تۇتۇپ تۇرغانىدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان نۇسرەت شەمسى قاتارلىقلارنى كۆرۈپ تالاغا چىققاندا، دوختۇرخانا ھويلىسىدا 600 دىن ئارتۇق ئاممىا توپلىنىپ نامايىش قىلماقتا ئىدى. «خەلق دۈشمىنى سالىس، نۇسرەتلەرنى

بىزگە بېرىڭلار، ھۇررا! يوقالسۇن خەلق دۇشمەنلىرى! دۇشمەن جاسۇسلىرىغا ئۆلۈم!» دېگەن شوئارلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ياڭرايدۇ (سالىس، نۇسرەتلەر ئەشەددىي گومىنداڭچىلار بولۇپ، 1943 ـ، 1944 ـ يىللىرى ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغان يوشۇرۇن كورەش تەشكىلاتىغا قاتناشتى، دېگەننى باھانە قىلىپ، ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. بۇ يەردە سالىس، نۇسرەتلەر ۋەقە توغۇلۇشىغا بىۋاستە سەۋەبچى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابقا قارشى مەيدانى بىلەن ئىلگىرىكى جىنايىتى كۆزدە تۇتۇلغان). تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر دوختۇرخانىدىن چىقىپ، خەلق كۇلۇبى مەيدانىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى تەكشۈرۈشكە ماڭغاندا، توپلانغان ئامما مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇلار ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغاچ: «خەلق دۇشمەنلىرى سالىس ۋە باشقىلارنى بىزگە بېرىڭلار! بولمىسا سوت قىلىپ ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىڭلار! ھۇررا! ھۇررا! ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدىن 400 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ بىر كۈندە ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان نۇسرەتنى بىزگە بېرىڭلار! نېمە ئۈچۈن سىلەر خەلق دۇشمەنلىرىنى ھىمايە قىلىسىلەر؟» دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن شوئار توۋلايدۇ.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى نۇرساپا سېپىتجانوف، ساقچى باشلىقى مىرخەمىت مىرغابىدىن، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باش دوختۇرى خارشىنكو قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنى تەكشۈرۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئاكت تۇرغۇزىدۇ.

ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا يېتىپ بارغاندا، مىڭدىن ئارتۇق ئامما قورۇغا توپلىشىپ ئۇلاردىن جاۋاب كۈتمەكتە ئىدى. ئۆمەكتىكىلەر قانچە قېتىملاپ چۈشەندۈرۈپ، تارقىلىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، بىرمۇ ئادەم تارقىلىپ كېتىشكە ئۇنىماي شۇ جايدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ. 16 ـ ئۆكتەبىر سەھەردە تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر توپى نامايىشچىلار سېپىـ

گە قوشۇلىدۇ. سائەت توققۇزلاردا 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان نامايىشچىلار «خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ئاتامانى سالىس باشلىق جىنايەتچىلەرنى خەلق قولىغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن!»، «خەلق دۈشمەنلىرى ۋە دۈشمەن جاسۇسلىرىغا ئۆلۈم!»، «كۆپچىلىكنىڭ ئىشى ئۈچۈن بىرقانچە كىشىنىڭ جاۋابكارلىقىقا تارتىلىشىغا بىز رازى ئەمەس! بىزلەرنى ھەم شۇلار بىلەن قاماپ قويۇڭلار!»، «بۇ ئىشقا بارلىق خەلق جاۋاب قىلىدۇ!» دېگەن شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرگەن ھالدا نامايىشچى ئامما توپىغا قوشۇلىدۇ.

شۇ كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى ـ تېشى ناھايىتى جىددىي تۈس ئالغانىدى. ئۆمەكتىكىلەر ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئېنىقلاش، خۇلاسە چىقىرىش ئاكتى تۈزۈش، ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ئاكت تۈزۈش بىلەن جىددىي ئىشلەشتىن سىرت، خەلق ئاممىسىنىڭ تاقەت قىلىشىنى، خۇلاسىنى كۈتۈشىنى تەلەپ قىلغاچ ئۆلارغا نەسىھەت قىلاتتى. ئامما ۋە ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت قورۇسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەي نەتىجىنى كۈتۈش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي تەلىپىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ شوئار توۋلايتتى. شۇ تەرىقىدە كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ۋەقەنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن «تەكشۈرۈش ئاكتى» تۈزۈپ چىقىلىپ، خەلق ئاممىسىغا جاكارلاندى. «ئاكت»نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

تەكشۈرۈش ئاكتى

1946 ـ يىل 16 ـ ئۆكتەبىر.

بىزلەر تۆۋەندىكى قول قويۇپ ئاكت تۈزگۈچى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن كومىسسىيىلەر: ئابلىز راخمانوف؛ ئابلىمىت ھاجىيوف؛ ئابدۇلئەخەت ئابدۇرېشىتوف؛ ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن دۈيسەنبى سېيىتباي ئوغلى، تۇرسۇن مۇستافىن ۋە دۆربىلجىن ھاكىمى نۇرساپا سېيىتجانوف، ساقچى ئىدارىسى باشلىقى مىرخەمىت مىرغابىدىن.

شۇ توغرىدا بۇ ئاكتنى تۈزىمىزكى:
ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئالتاي ۋىلايىتىگە سايلام ئۈچۈن كېتىپ بارغان تۈركىستان نوغايباييېڧ، كامالبىيك ئۇۋاشىڧ ۋە سوۋېت نەنشىگىلارنىڭ 15 ـ ئۆكتەبىر كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا دۆربىلجىن خەلق كۇلۇبى ئالدىدا خەلق تەرىپىدىن تو- ساتتىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ھەمدە نۇسرەت شەمسى ئوغلى، داۋباي مازاكوف، توختاش توختى ئوغلىنىڭ يارىلانغانلى- قىنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، مەزكۇر ئۆلتۈرۈل- گەن كىشىلەر ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدا خەلقنى غەزەپلەندۈرۈ- دىغان تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشلارنى قىلغانلىقى مەلۇم بولدى (بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ دۆربىلجىنگە كەلگۈچە تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋالىرى، دۆربىلجىندە قىلغان تەشۋىقاتلىرى ۋە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ قوللانغان تەدبىرلى- رى بەش تۈرگە بۆلۈنۈپ سۆزلەنگەن. مەزمۇنىنىڭ تەكرار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىسقارتىلدى).
تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ راستلىقى ئۈ- چۈن تەكشۈرۈش ئاكتى تۈزۈپ قول قويدۇق.
كومىسسىيىلەر:
1. ئابلىز راخمانوف؛ 2. ئابلىمىت ھاجىيوف؛ 3. دوختۇر ئابدۇلئەخەت ئابدۇرىشىتوف؛ 4. ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن دۈيسەنبى سىپىباي؛ 5. تۇرسۇن مۇستافىن؛ 6. دۆربىلجىن ھاكى- مى نۇرساپا سىيىتجانوف؛ 7. دۆربىلجىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى باشلىقى مىرخەمىت مىرغابىدىن؛ 8. دۆربىلجىن ناھى- يىلىك بانكا مۇدىرى ئابدۇرېھىم كەنجاخۇنوف؛ 9. دۆربىلجىن نا- ھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى خارچىنكو.
يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ راستلىقى ئۈچۈن تۈركىستان سە- پەرداشلىرىدىن ئالتايغا كېتىۋاتقانلار:
1. توختاش توختى ئوغلى؛ 2. مامىرىبېك ئەكىم ئوغلى؛ 3. ئۇرىمقان ئىماش ئوغلى؛ 4. بايجۇما دەنجىت ئوغلى؛ 5. قامار ئاقباي قىزى؛ 6. كۈلەيزە مەسەلىم قىزى؛ 7. گۈلجەمىلە قۇسە-

يىن قىزى؛ 8. ئامىنە شەمسى قىزى؛ 9. خەتىپە ئابابەكرى قىزى؛ 10. خەنىپە ئەمەت قىزى؛ 11. چيەن سەنسەن؛ 12. ما خۇيدى؛ 3. شۇ خېڭشى.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ئىنىقلىقىنى تەستىقلاپ ئىمزا قويغۇچى: بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى سالىس؛ ۋەكىللىرى: مۇھەممەتجان ئەپەندىم، ئىردە.

كومىسسىيە ۋەكىللىرى ئاكتىنى خەلق ئاممىسىغا ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن ئاممىنىڭ تارقىلىپ دەم ئېلىشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ 3 ـ 5 كىچە ۋەكىل سايلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۆزلىرى سايلاپ چىققان ھاكىم ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا ئىشەنگەن خەلق ئاممىسى ئۆز ۋەكىللىرىنى سايلاپ بېرىپ قايتتى. بۇ ۋاقىتتا كېچە سائەت 12 بولغانىدى. خەلق ۋەكىللىرى بىلەن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى باش قوشۇپ، ۋاقىتنىڭ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، سۆھبەتنى ئەتىسى داۋاملاشتۇرۇشقا كېلىشىپ تارقىدى.

ئەتىسى، يەنى 17 ـ ئۆكتەبىر كومىسسىيە ۋەكىللىرى بىلەن خەلق ۋەكىللىرى ۋەقەنىڭ قالدۇق ئىشلىرىنى، تۇتۇقتىكى ئادەملەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە تولۇق بىر كۈن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. كومىسسىيە ۋەكىللىرى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ئېلىپ، ۋىلايەتكە يەتكۈزۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كەچ سائەت توققۇزدا چۆچەككە يۈرۈپ كەتتى.

18 ـ ئۆكتەبىر كۈنى كومىسسىيە ۋەكىللىرى دۆربىلجىن خەلق ۋەكىللىرى بىلەن بولغان سۆھبەت ئەھۋالىنى ۋالىي مەھكىمىسىگە ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى، تارباغاتاي سايلام ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سالىس، ۋەكىل مۇھەممەتجان ئەپەندىلەرگە دوكلات قىلدى. سالىس دوكلاتقا تۆۋەندىكىدەك تەستىق سالدى:

«مەزكۇر قامالغان كىشىلەرنى دۆربىلجىنگە بارغان مۇھەممەتجان ئەپەندىم، غالىمجان ئەپەندىلەر دۆربىلجىن خەلق ئەھۋالىغا قاراپ بوشىتىش چارىسى كۆرسۇن.

ھۆكۈمەت ئەزاسى: سالىس
ۋەكىل: مۇھەممەتجان ئەپەندى».

يۇقىرىدىكى تەستىق بويىچە، مۇئاۋىن ۋالىي ئالىمجان ھاكىمبايېۋ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋەكىلى مۇھەممەتجانلار دۆربىلجىنگە بېرىپ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلدى، يارىلانغانلارنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بويىچە، تۇتۇپ تۇرۇلغانلار تولۇق قويۇپ بېرىلدى. بۇ كۈنى دۆربىلجىن خەلقى خۇددى جەڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلغاندەك، ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇتۇقتا تۇرغان قېرىنداشلىرىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەشتى.

بۇ ۋەقە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ئۈچۈن بىر قوللۇق پىلانلاپ ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى ئىدى، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ئۇرۇنغان گومىنداڭ تەرەپ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىتىمنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە بەزى توسالغۇلارنى پەيدا قىلدى. بۇ ئىشتا تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە گېنېرال مايۇر ئىسھاقبېكنىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، دۆربىلجىندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنقىلاب مېۋىسىنى، ئىسسىق قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن ھۆرلۈك، ئازادلىق ھاياتىنى قوغداش يولىدا ھەققانىيەت ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

# ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس — س. گ. كلياشتورنىي

## ئابلىز ئورخۇن



مۇشۇ ئەسىردىكى رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنىڭ بىرى سېرگېي گىردگورىيېۋىچ كلياشتورنىيدۇر. ئۇ قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئالىملارنىڭ بىرى.

كلياشتورنىي 1928 ـ يىلى لېنىنگراد شەھىرىدە ۋراچ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، لېنىنگراد دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا كىرىپ، تۈرك فىلولوگىيىسى كەسپىدە ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىملاردىن س. يې. مالوف، ئا. ن. كونونوفلاردىن قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر فىلولوگىيىسى بويىچە دەرس ئاڭلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس پروفېسسور ئا. ن. بېرنىشتامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قاتناشقان.

كلياشتورنىي 1957 ـ يىلدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى (لې-

نىنگراد شۆبىسى)نىڭ تۈركىيشۇناسلىق ۋە موڭغۇلشۇناسلىق بۆلۈمىدە ئىلمىي خادىم ۋە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1968 ـ يىلدىن باشلاپ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە موڭ-غۇل ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە قېدىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ھەمدە غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. بۇ نەتىجىلەر-نىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىلىم دۇنياسىغا شۇ چاغقىچە مەلۇم بولمى-غان بىرنەچچە مەڭگۇ تاشنىڭ بايقىلىشى ئىدى. بۇلار كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت بۇغۇت مەڭگۇ تېشى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى خانلىرىغا ئاتاپ تىكلەنگەن تېرخىن، تەس ۋە سېۋرېي مەڭگۇ تاشلىرى ئىدى.

1969 ـ 1975 ـ يىللار ئارىلىقىدا كلياشتورنىي تەس مەڭگۇ تېشىنى قايتا تەكشۈردى ۋە ئۇنى ئېلان قىلىش ئىمكا-نىيىتىگە ئىگە بولدى. مەڭگۇ تاشنىڭ ئاپتورى تۇپەك ئالىپ شۇل بولۇپ، ئۇنىڭ تامغىسى ئەلئەتمىش بىلگە قاغان (747 ـ 759)نىڭ تامغىسىغا ئوخشاش ئىدى. ئالىم بۇنىڭدىن تۇپەك ئالىپ شۇلنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى بولغان ياغلا-قارلارغا مەنسۇبلۇقىنى ئېنىقلىغان.

مەزكۇر مەڭگۇ تاش مەزمۇنىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەس-لەپكى دەۋرىگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئېرىشكىلى بو-لىدۇ. كلياشتورنىينىڭ تەس يېزىقىنىڭ مەزمۇنىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر قاغانى باشقۇرغان دەسلەپكى خاند-لىق 300 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ئاندىن غۇلىغان، ئۇنىڭدىن كې-يىنكى ئۇيغۇر خانلىقى 80 يىلدىن كېيىن غۇلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نامى كۆل بىلگە قاغان ۋە ئەلئەتمىش بىلگە قاغانلارنىڭ نامى بىلەن باشلىنىدۇ. مەز-كۇر مەڭگۇ تاشتا يەنە يوللىغ قاغان ۋە بۇمىن قاغانلاردىن ئى-بارەت ئۈچ قاغان (يەنە بىر قاغاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان جاي بۇزۇلغان) نىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر خانلىقىدا 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكىدەك مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇ خانلىق غۇلى-

غاندىن كېيىن ئەلئەتمىش بىلگە قاغان «مېنىڭ ئەجدادلىرىم» دەپ ئاتىغان كىشىلەر قۇرغان خانلىق تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ خانلىق 80 يىل ھۆكۈم سۈرىدۇ. مانا بۇلار ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قاراڭغۇ دەۋرلىرىگە تەئەللۇق قىممەتلىك مەلۇماتلاردۇر.

خەلقئارادا خېلى بىر مەزگىلگىچە كۆلكىلىك بىر مەدەنىيەت دەۋاسىغا ئايلانغان تېرخىن مەڭگۈ تېشى دەۋاسى ئاخىرى س. گ. كلياشتورنىينىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى ۋە ئۆز ئىگىسىنى تاپتى.

ھەر قانداق تېمىنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش كلياشتورنىينىڭ ئىلمىي تەتقىقات مېتودىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى، تارىخ، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، يەر ناملىرى قاتارلىق تۈرلۈك تېمىلارغا بېغىشلانغان 170 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ۋە ئەسىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. جۈملىدىن ئېلىمىزدىمۇ ئالىمنىڭ «قەدىمكى تۈرك رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر مەنبەدۇر» دېگەن نوپۇزلۇق ئەسىرى ۋە بىر نەچچە پارچە ماقالىسى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى ۋە نەشر قىلىندى.

ئۇ يۇقىرىقى ئەمگەكلەردىن سىرت يەنە نۇرغۇنلىغان تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ۋە ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان.

# چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى



چوقان ۋەلىخانوف 19 ـ ئەسىردە قازاقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخچى، جۇغراپىيىشۇناس ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ھەنەپى بولۇپ، چوقان ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. چوقاننىڭ دادىسى چىڭگىز، چىڭگىزنىڭ دادىسى ۋەلى، ۋەلىنىڭ دادىسى بولسا ئوتتۇرا يۈز قازاقلىرىنىڭ مەشھۇر خانى ـ ئابلاي خاندۇر. شۇڭا چوقاننىڭ تولۇق ئىسمى چوقان چىڭگىز ئوغلى ۋەلىخانوف دەپ ئاتىلىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوف 1835 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ قوسمۇرۇن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدە ئەنئەنە بويىچە ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن. كېيىن يەنە بىرمۇنچە شەرق تىللىرى بىلەن تونۇشقان. كېيىن ئومبى شەھىرىگە بېرىپ رۇسچە مەكتەپتە ئوقۇپ بېلىنسكىي قاتارلىق رۇس دېموكراتچىلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان.

چوقان 18 يېشىدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، روسىيىنىڭ غەربىي سىبىر گوبىرناتورلىقىدا شتاب ئوفىتسېرى بولغان. 1856 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چار روسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن سېمېنوف تيانشانىسكى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەركىبىدە تەڭرىتاغنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان. 1856 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە غۇل-

جىدا ئۈچ ئايلىق تەكشۈرۈشتە بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ «چاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غۇلجا شەھىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان. 1857 ـ يىلى ئىسسىقكۆل بويىدىكى قىرغىزلار ئارىسىغا سەپەر قىلىپ، قىرغىزلارنىڭ قەدىمىي داستانى «ماناس»نىڭ بىر قىسمىنى يازما خاتىرىگە ئېلىپ، رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان. چوقان مۇشۇ تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «ئىسسىقكۆلگە سەپەر»، «قىرغىزلار ھەققىدە بايان» قاتارلىق خاتىرىلەرنى يېزىپ چىققان. ئۇ 23 يېشىدا رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ 1858 ـ يىلدىن 1859 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەرگە قىلغان سەپىرى ۋە بۇ ھەقتىكى دۇنياغا مەشھۇر خاتىرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. چوقان ۋەلىخانوف 13 ـ ئەسىردە شىنجاڭدىن ئۆتكەن سەيياھ ماركوپولودىن كېيىن، پۈتكۈل ياۋروپا ئەللىرىگە ناتونۇش بولۇپ كېلىۋاتقان ئالتە شەھەردىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ماكاننى قايتىدىن ياۋروپاغا تونۇتقان تۇنجى ئېكىسپېدىتسىيىچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوف قوقان سودىگەرلىرى بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردە ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇ چاغلاردا يۈز بېرىۋاتقان خوجىلار يېغىلىقىنى، مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ. ئۇ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەت بويىچە بىر دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ.

ئۇ قەشقەردىكى پائالىيىتى جەريانىدا «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «تەزكىرەئى خوجىكان»، «تەزكىرەئى تۇغلۇق تۆمۈرخان» ۋە «ئەبۇ مۇسلىم مەرۋەزى» قاتارلىق قوليازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاز ئۇچرايدىغان تاغ جىنىسلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرى-

نى توپلايدۇ. چوقان قەشقەر سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن «قەشقەرگە سەپەر» ناملىق كۈندىلىك خاتىرىسى بىلەن «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قەشقەر سەپىرى جەريانىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ئۇنى ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا قىلىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوف 1865 ـ يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، كېسەلدىن ساقىيالماي 30 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ دادىسى تېخى ھايات ئىدى.

# ۋۇ جۇڭشىن ۋە مەسئۇد

خۇاڭ جيەنخۇا



ۋۇ جۇڭشىن ئەسلىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇل - تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئىدى، مەسئۇد باش شتابنىڭ چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىگەنىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئانچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. بىراق، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا شەكىللەنگەن پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەت مەسئۇدنى ۋۇ جۇڭشىن رەئىسلىكىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. ۋۇ جۇڭشىن گەرچە مەسئۇدنى ياقتۇرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىر قانداق قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇلار بىر خىل سىرلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ ماقالىدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ مۇناسىۋەت ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ۋۇ جۇڭشىننىڭ يەنە بىر ئىسمى لى چىڭ بولۇپ، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدىن. ئۇ ياش ۋاقتىدا ياپونىيىدە ئوقۇغان، كونا «ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە چېن چىمېي بىلەن بىرلىكتە جىڭجياڭ قوزغىلىڭىنى قوزغىغان. شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ سۇڭخۇ ساقچى نازارىتىنىڭ نازىرى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ھەيئىتى بولغان. كېيىن ئەنخۇي، گۈيجۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەر-

نىڭ رەئىسى بولغان. 1936 ـ يىلى موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ چېگرا رايون خىزمىتىگە كۆپ يىل رىياسەتچىلىك قىلىپ، چېگرا رايونلارنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە مەلۇم تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان.

مەسئۇدنىڭ مىللىتى ئۇيغۇر، شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن، باي سودىگەر ھەم چوڭ پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، تۈركىيىدە ئوقۇپ، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئۇ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، باشقىلارنى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىپ، داۋاملىق تۈردە مەكتەپ ئاچقان. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، مەسئۇد كۈنىنىڭ تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتكەن، كېيىن نەنجىڭغا بارغان. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشقانلىقتىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇدنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شېڭ شىسەيگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى گومىنداڭچى كۈچلەرنىڭ كەلگۈسىدە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشتىكى قورالى قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتقان. گومىنداڭنىڭ يېقىنچىلىق قىلىپ تەربىيىلىشى بىلەن، مەسئۇد باش شتابنىڭ چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىدا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ۋۇ جۇڭشىن بىلەن مەسئۇد مەركەزدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چاغلىرىدا «ناھايىتى ئاز بېرىش ـ كېلىش قىلاتتى، دېگەندەك تونۇشۇپ كەتمەيتتى»[①].

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

ۋۇ جۇڭشىن موڭغۇل - تىبەت كومىتېتىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇيغۇر تىلىدا بىر سىياسىي كۇرس ئاچقان. مەسئۇد تەكلىپ بىلەن شۇ كۇرستا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەرگەنىدى. مەسئۇد كونا پانتۇركىزمچى بولغاچقا، دەرستە كۆپىنچە تۈركچە تەلەپپۇز ۋە تۈرك تىلى گراماتىكىسى بويىچە سۆزلەيتتى. ۋۇ جۇڭشىن بۇنىڭدىن تولىمۇ نارازى ئىدى. بىر قېتىملىق يىغىندا مەسئۇد ھاياجىنىنى باسالماي، ھە دەپ پانتۈركىزم نەزەرىيىسىنى بازارغا سالغاندا، ۋۇ جۇڭشىن ئۇنىڭ بىلەن «قاتتىق توقۇنۇشۇپ قالغانىدى»①. 1944 - يىلى 8 - ئايدا جياڭ جيېشىنىڭ قىستىشى بىلەن شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىدىن ئىستېپا بېرىپ، چۇڭچىڭغا قايتىپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ۋۇ جۇڭشىن ئۆتكۈزۈۋالدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، مەسئۇد شىنجاڭغا قايتىدىغان پەيتنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەيدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ گەرچە مەتبۇئات ۋاستىسى بىلەن پانتۇركىزم نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، شىنجاڭدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولغاچقا، ئۇنىڭ تەشۋىقاتلىرى شىنجاڭدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان مىللەتلەرگە دېگەندەك تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ، پەقەت شىنجاڭغا قايتسامىلا ئاندىن پانتۇركىزم نەزەرىيىسىنى شىنجاڭنى ئايرىۋېلىشنىڭ كونكرېت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرالايمەن، دەپ ئويلايدۇ. مەسئۇدنىڭ ۋۇ جۇڭشىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يىرىكرەك بولغانلىقتىن، ئۇ، ۋۇ جۇڭشىندىن بىۋاسىتە ياردەم سورىيالماي، جياڭ جيېشى ئارقىلىق ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئۆزىنى ئىشقا قويۇشىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ

① دىشى: «مەسئۇد ۋە ئەيسا»، «غەربىي شىمال خەۋەرلىرى» 7 - سان، مىنگونىڭ 36 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

ياساۋۇلخانىسىدىكى 2 ـ باشقارمىنىڭ مۇدىرى چېن بولبىغا ئۆ-
زىنىڭ «شىنجاڭغا قايتىپ تۇغقان يوقلاش ئارزۇسى»نى جىياڭ
جېيشىغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئىككى قېتىم ھاۋالە قىلىدۇ.
بىراق، چېن بولبى ھەر ئىككى قېتىمدىلا شىنجاڭغا قايتىش
پۇرسىتى تېخى كەلمىدى دەپ، ئۇنىڭ ھاۋالىسىنى جىياڭ جېي-
شىغا يەتكۈزمەيدۇ. بىراق مەسئۇد يەنىلا قايىل بولماي، چېن بو-
لبىنى يەنە بىر قېتىم قىستاپ تۇرۇۋالىدۇ. چېن بولبى نائىلاج
10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋۇ جۇڭشىنغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، ئۇ-
نىڭدىن مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا قايتىشىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى
سورايدۇ. ۋۇ جۇڭشىن مەسئۇدنىڭ پانتۈركىزم نەزەرىيىسىنى
تەرغىب قىلىشىغا ئۇزۇندىن بۇيان ئىچىدە غۇم ساقلاپ كەلگەچ-
كە، «ئۇ شىنجاڭغا كېلىۋالسا باشقۇرۇش قىيىن بولۇپ قالامدى-
كىن» دەپ ئويلاپ، ئۈرۈمچىدىكى 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ باش
قوماندانى جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىرلىكتە دەرھال تېلېگراما ئەۋە-
تىپ، مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە قارشى تۇرىدۇ. ۋۇ جۇڭ-
شىن بىلەن جۇ شاۋلياڭنىڭ چېن بولبىغا يوللىغان تېلېگرام-
مىسىدا مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە قارشى تۇرۇشىنىڭ
سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن:

1) ئۇ مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) شىنجاڭغا ئا-
ھالە يۆتكىمەسلىك، ئەسكەر كىرگۈزمەسلىك، شىنجاڭنى شىن-
جاڭلىقلار ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈر-
كىستان» دەپ ئۆزگەرتىش توغرىسىدا مەركەزگە تەكلىپ بەرگەن،
ئۇنىڭ تار مىللەتچىلىك كۆزقارىشى ناھايىتى كۈچلۈك.

2) سابىق رەئىس شېڭ شىسەي ئۇنىڭدىن بەكلا نارازى ئىد-
دى. ھازىر شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى يەنىلا كۆپ،
بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا پايدىسىز بولۇپ قالارمىكىن①. ئۇنىڭ رەپىقى-
سى شىنجاڭدا تېخىچىلا چاتاق چىقىرىپ يۈرىدۇ. مەسئۇد شىن-

① لو شاۋۋېن: «ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆمۈرلۈك خاتالىق»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»،
ئۇيغۇرچە 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

جاڭغا قايتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ جىم يۈرۈشى ناتايىن. شۇ ۋە-
جىدىن بىز ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېيىنرەك كېلىشىنى تەۋسىيە قى-
لىمىز ۋە بۇ ئىشنىڭ ھازىرچە تۇرۇپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلى-
مىز»[①].

ۋۇ جۇڭشىننىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن، مەسئۇدنىڭ
شىنجاڭغا قايتىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا قايتىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغاند-
دىن كېيىن، ئۇ ئەيسا ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرادىن ئىبارەت
ئىككى پانتۈركىزمچى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنى شىنجاڭ-
لىقلار ئىدارە قىلسۇن» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، لەنجۇدا
ھەدەپ ھەرىكەت قىلىدۇ. جياڭ جيېشى بۇ ھەقتە گەنسۇدىن ئەۋە-
تىلگەن مەخپىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن،
دەرھال ۋۇ جۇڭشىنغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، مەسئۇد قاتارلىقلار-
نىڭ شىنجاڭ بىلەن ئالاقىسى بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.
ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىغا قايتۇرغان جاۋاب تېلېگراممىسىدا:
«مەلۇم قىلىنىشىچە، مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭدا ھەرد-
كەت قوزغاش ئۈچۈن مەخپىي ئادەم ئەۋەتكەن، لېكىن بۇ مەلۇمات
تېخى ئىسپاتلانمىدى» دەيدۇ ھەمدە جياڭ جيېشىغا: «ئۇنى لەنجۇ-
دىكى تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكا قىلىش ئىدارىسى نازارەت قىلسا
ياكى ئۇ چۇڭچىڭغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇل-
سا»[②] دەپ تەكلىپ بېرىدۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىننىڭ مەسئۇدقا تېخىمۇ ئو-
غىسى قايناپ، مەسئۇدنىڭ لەنجۇدا بۇنداق بىمەنە چاقىرىقلارنى
چىقىرىشىدا يامان غەرىزى بار، ئۇ، يەرلىك ئۈچۈنمۇ، مەركەز

---

① جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارنىڭ 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چېن
بۇلېيغا يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسى، ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش
خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 33 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

②«ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جياڭ جيېشىغا يول-
لىغان جاۋاب تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىد-
رى»، مىنگونىڭ 33 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

ئۇچۇنمۇ پايدىسىز، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى «كەچۈرگىلى بولماي-
دۇ» دەپ قارايدۇ، ئۇ يەنە «ئىلگىرى مەركەزدىكى ئەھۋالنى ئۇق-
مايدىغان ئاز ساندىكى ئەربابلارنىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارنى ھەدەپ
قانات ئاستىغا ئېلىپ، كۆككە كۆتۈرگەنلىكى تازىمۇ ئورۇنسىز
ئىش بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا بولۇۋاتقان نۇرغۇن
قىيىنچىلىقلار مەركەزدىكى ئاز ساندىكى «ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان
كىشىلەر»نىڭ مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىق قارا نىيەتلەرنى يېنىغا
تارتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارمۇ تېگىشلىك مەسئۇلىي-
يەتتىن باش تارتالمايدۇ»① دەپ ئاغرىنىدۇ.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى پارتلايدۇ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى بىلەن، گومىنداڭنىڭ ئىلى
رايونىدىكى ھەربىي كۈچلىرىنى ناھايىتى تېزلا يوقىتىدۇ، ئىك-
كىنچى يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا تارباغاتاي ۋە ئالتاي رايونلىرىنى
ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاساسلىق
كۈچىنى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي ساھىلىدىكى جايلارغا
توپلاپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بول-
غان ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالىدۇ. شىنجاڭدىكى ۋەزىيەت-
نىڭ تەرەققىياتى جياڭ جيېشىنى گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كو-
مىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭ
مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن شىن-
جاڭغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. جاڭ جىجۇڭ چۇڭچىڭدىن ئۈ-
رۈمچىگە ئۇچۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى 9 - ئاينىڭ 12 -
كۈنى ۋۇ جۇڭشىنغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇد، ئەي-
سا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بې-
رىپ «مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرماقچى» بولۇۋاتقانلىقىنى ئېي-
تىپ، بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ
ھەمدە ۋۇ جۇڭشىنغا بۇ ھەقتىكى پىكرىنى گەنسۇ ئۆلكىلىك

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 33 - يى-
لى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى گۇ ئەپەندىگە تېلېگرامما ئارقىلىق يوللىد-شىنى، ئۆزىنىڭ گۇ ئەپەندى ئارقىلىق ۋاقىپلىنىدىغانلىقىنى تا-پىلايدۇ. تېخى ئۈچ ئاي ئىلگىرىلا، جياڭ جېيشى چۇڭچىڭدا ۋۇ جۇڭشىندىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى توغرى-سىدا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ پىكىر ئالغاندا، ۋۇ جۇڭشىن ئۇلار پانتۇر-كىزىم ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن شىنجاڭغا بارسا بو-لىدۇ[①]، دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇرغانىدى. بىراق ھازىر شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى، ئۈرۈمچى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ بىۋاستە تەھدىتىگە ئۇچراپ، قولدىن كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋۇ جۇڭشىنىڭ بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمىگەچكە، ئۇنىڭ «خان مۇپەتتى-شى» جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىشنى رەت قىلىشىمۇ بىئەپ ئىدى، شۇڭا ئۇ جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىرلىكتە: مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ئو-مۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، بىز ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى قارشى ئالىمىز، دېگەن مەزمۇندا جاڭ جىجۇڭغا تې-لېگراممما ئەۋەتىدۇ. جاڭ جىجۇڭ لەنجۇدىن ئۆتكەندە، رەئىس گۇ ئەپەندى تاپشۇرغان تېلېگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن مەسئۇد قا-تارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ كەلمەي، ئۆزىلا كېلىدۇ. پە-قەت 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا جاڭ جىجۇڭ ئىككىنچى قېتىم چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە-كىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن بۇرۇن يەنە بىر قېتىم يۈز-مۇيۈز تۇرۇپ ۋۇ جۇڭشىن قاتارلىقلارنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىنلا، ھاۋا ئارمىيىسىگە مەسئۇد قاتارلىقلارنى دەر-ھال ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارنى ئۈرۈم-چىگە ئېلىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ، لېكىن بۇ سەۋەبلەر-

---

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

نىڭ بىرى ھەممىگە ئايان ئىدى، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سۆھبەتكە ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەرنىڭ بىرى بولغان رەھىمجان مەسئۇدنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى، مەسئۇد شىنجاڭغا كەلسە، سۆھبەتتە «ئۇلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلانغىلى بولاتتى»①. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە سىياسىي ئېھتىياجى تۈپەيلى-دىن، مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىبارەت ئۇ-زۇن يىللىق ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشىدۇ.

1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەسئۇد، ئەيسا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئۈچەيلەن لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. ۋۇ جۇڭشىن ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئۆزى بارماي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى زېڭ شياۋلۇ ۋە ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرىنىلا ئەۋەتىدۇ. شۇ كۈنى چۈش-تىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن مەسئۇد قاتارلىقلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ، قول ئاستىدىكى ئەمەلدار مەسلىھەتچىلىرىنى دەرھال يىغىنغا چاقىرتىدۇ ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارنى كۈتۈۋېلىش ئۆلچىمى، دەرد-جىسى ھەم ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ. يىغىندا يەنە ئەتىسى ۋۇ جۇڭشىننىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىشى، كېيىن ھەرقايسى نازارەت، باشقارمىلارنىڭ ئاي-رىم ـ ئايرىم كۈتۈۋېلىشى ھەمدە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى ئاساسلىق خىزمەتلەرنى ئۇلارغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تونۇشتۇرۇپ تۇرۇشى بەلگىلىنىدۇ. ۋۇ جۇڭشىن ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچرىشىشىنىمۇ، سۆھبەتكە قاتنى-شىشىنىمۇ تەشەببۇس قىلمايدۇ، مۇبادا سۆھبەتتە قىيىنچىلىق تۇغۇلسا، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ، مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇ-

① لو شياۋۋېن: «ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆمۈرلۈك خاتالىق»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، ئۈيغۇرچە 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

رىغا چىقىپ ئارىلىشىش ـ ئارىلاشماسلىقىنى بەلگىلەشنى تەـ شەببۇس قىلىدۇ. بىراق، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ھوقۇقى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ۋۇ جۇڭشىن بۇ پىكىرنى جاڭ جىجۇڭنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇشنى قارار قىلىدۇ.

مەسئۇد قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى جاڭ جىجۇڭنىڭ كۈچى بىلەن بولغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بەرىبىر شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭـ شىنىڭ تەۋەلىكىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ناھاـ يىتى ھۆرمەتلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

مەسئۇد قاتارلىقلار ھەر قېتىم ۋۇ جۇڭشىن بىلەن كۆرۈشـ كەندە يا «كەمتەر بولۇۋالىدۇ، يا ئۇنىڭغا ھەددەپ خۇشامەت قىلىـ دۇ، ۋۇ جۇڭشىننى «بۇرۇن مەركەزدىكى ساناقلىق ئەربابلارنىڭ بىرى ئىدى»، «بىز شىنجاڭلىق بولساقمۇ، رەئىس جانابلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى بىزـ نىڭكىدىن كۆپ ئىكەن، بىز بۇنىڭغا ئىنتايىن قايىلمىز» دېگەنـ دەك سۆزلەر بىلەن ئۇنى كۆككە كۆتۈرىدۇ، ۋۇ جۇڭشىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلغان بىر يىلدىن بۇيانقى ھاكىمىيەت يۈرـ گۈزۈش يۈنىلىشى ۋە سىياسەتلىرىنى ئۇلارغا تونۇشتۇرغاندا، مەسئۇد قاتارلىقلار ئۇنىڭغا بولغان «قايىللىقى»نى، ئۇنىڭغا «ئاـ پىرىن ئوقۇيدىغانلىقى»نى بىلدۈرىدۇ. ۋۇ جۇڭشىن خەنزۇلار بىـ لەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى بايان قىلغاندا، مەسئۇد دەرـ ھاللا ۋۇ جۇڭشىننىڭ سۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىـ تابلىرىغا زورمۇزور باغلاپ: «ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان كەرىمدىمۇ مەدەنىيەتتە قالاق مىللەتلەر مەدەنىيەتتە ئىلـ غار مىللەتلەردىن ئۆگىنىشى كېرەك. بولمىسا، ئاللاھ ئۇنى كەـ چۈرمەيدۇ، دېيىلگەن. رەئىس جانابلىرىنىڭ بايا ئېيتقانلىرى پەـ قىرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر بولدى»[1] دەيدۇ. ۋۇ جۇڭشىنمۇ پۈرـ

[1] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى.

سەتنى غەنيمەت بىلىپ، «يۈكسەك ئاپتونومىيە»نى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان مەسئۇد قاتارلىقلارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاپتونومىيە بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقمىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ، ناھايىتى ئۇزۇن باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈشى ھەم زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك. بولمىسا ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ». ۋۇ جۇڭشىن يەنە ئۇلارنى ھەدەپ ئۆ-زىگە تارتىپ، ئۇلارغا ئاجايىپ «خەيرخاھلىق قىلىدۇ» ھەمدە خۇ-رۇم چاپان، سوكنو كىيىملەرنى سوۋغا قىلىدۇ. قۇربان ھېيتتا ۋۇ جۇڭشىن بىلەن جاڭ جىجۇڭ بىرلىكتە ئۇلارنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلەپ كاتتا زىياپەت بېرىدۇ. 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋۇ جۇڭشىن ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق مەسئۇد، ئەيسا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرالارنىڭ ھەربىرىگە 200 مىڭ فابى پۇلى ئەۋەتىپ بې-رىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن، «ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ»، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلىمەكچى بولىدۇ. بىراق، مەسئۇد قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش ھە-رىكىتىنى ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئارزۇسى بويىچە توختىتىپ قويماس-تىن، ئەكسىچە، شىنجاڭغا كېلىۋالغان پۇرسەتنى غەنيمەت بىلىپ، مەركەزدىن كەلگەن كاتتا ئەربابلىق سالاھىيىتى بىلەن[1]، بارغانلا يەردە كۆز بويامچىلىق قىلىدۇ. 1945 ـ يىلى 11 ـ ئاي-نىڭ 18 ـ كۈنى، مەسئۇد قاتارلىقلار ئۆز تۇرالغۇسىدا يىغىن ئېچىپ، بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. ئەتىسى يەنە يىغىن ئاچقاندا، قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى 50 كە يېتىدۇ. 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۈچىنچى قېتىم يىغىن ئاچقاندا، قاتناشقۇچىلار بىردىنلا 150 كە يېتىدۇ. ئۇلار يەنە ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇق ئەتراپىدىكى مەسچىتلەردە ئاممىنى قۇترىتىپ، ئۇلارنى «تۈركىي تىللار»نى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ-نىڭ «يۈكسەك ئاپتونومىيە» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرى-

[1] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

سىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار يەنە چوڭ ئاخۇن، ئىمام قاتارلىقلارنى جامائەت يىغىلغاندا ئۇلارغا ۋەز ئېيتىشقا، بۇرۇنقىدەك گەپ قىلىشقىمۇ يېتىنالماي يۇرۇۋەرمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان كىشىلەر «خەنزۇلار توگەشتى، ھاكىمىيەتنى تېزدىن بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك، بولمىسا پالتا ـ پىچاق، تاياق ـ توقماقلار بىلەن ئۇلارنى يوقىتىپ تاشلايمىز»[1] دەيدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەرنى ۋە كىشىلەرنى چەتكە قاقىدۇ، ھەتتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خۇيزۇلارنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىغا قارشى تۇرغان ئۇيغۇرلارنىمۇ چەتكە قاقىدۇ[2]. ۋۇ جۇڭشىنغا يوللانغان ئاخباراتتا ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇمچىدە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان مەخپىي تەشكىلاتلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان، ئەيسا تېخى ئۇلارغا بىۋاسىتە يەل بېرىپ، پۇرسەت كۈتۈشنى تاپشۇرغان. ۋۇ جۇڭشىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ھەرىكەتلىرىنى بەش قولدەك بىلگەچكە، ئۇلاردىن قاتتىق نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، «ئۇلار ئۆزۈندىن بۇيان مەركەزنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ... قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، چاتاق چىقاردى... بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بەردى، بۇ، كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ» دەپ ھېسابلايدۇ. ۋۇ جۇڭشىن يەنە «مەسئۇد، ئەيسا، مۇھەممەتئىمىنلەرنىڭ ھېچقانچە بىلىمى، قابىلىيىتى، ئابرۇيى يوق ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ تار مىللەتچىلىك كۆزقارىشى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، ئەپسۇسكى، مەركەزدىكى ئاز ساندىكى ئەربابلار ئۇلارغا يول قويۇپ، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئەتىۋارلاپ ۋە كۆككە كۆتۈرۈپ،

---

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

ئۇلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتتى ۋە يوقىلاڭ دەۋالىرىنى ئۇلۇ-غايىتىۋەتتى»؛ ئۇلار ھەدەپ «ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، بۇرۇن شىنجاڭنىڭ نامىنى سېتىپ مەركەزگە كىرىۋالغان بولسا، ئەمدى-لىكتە مەركەزنىڭ نامىنى سېتىپ، شىنجاڭغا كېلىۋالدى، ئۇلار-نىڭ مەقسىتى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، ئۆزى مەنپەئەتلە-نىشتىن ئىبارەت ـ خالاس» دەپ قاتتىق ناله قىلىدۇ. ۋۇ جۇڭ-شىن مەسئۇد قاتارلىقلارغا بولغان غەزىپىنى باسالماي، ئاخىرى جاڭ جىجۇڭغا تەكەللۇپ قىلمايلا، «مەسئۇد قاتارلىقلارنى بال-دۇرراق يولغا سېلىۋېتەيلى»[①] دەيدۇ.

چۇڭچىڭدا تۇرۇۋاتقان جياڭ جېيشىمۇ مەسئۇد قاتارلىقلار-نىڭ ئۈرۈمچىدە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللى-نىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاخبارات تاپشۇرۇپ ئېلىپ، جاڭ جىجۇڭ ۋە ۋۇ جۇڭشىنلارغا كۆپرەك پەخەس بولۇش توغرىسىدا تېلېگرام-ما يوللايدۇ. مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى شۇ چاغلاردىلا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى نۇرغۇن زاتلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغايدۇ، ئۇلاردىن بىرەيلەن: مەسئۇدنىڭ «شىنجاڭدا يۇكسەك دەرىجىدە ئاپتونومىيە ئورنىتىمىز دەپ توۋلىشى» ئەمەلىيەتتە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئەمەس»، بەلكى «پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر»، بۇ، «خەلقنى پارچىلاپ، شىنجاڭنى بۆلۈپ تاشلاپ»، شىنجاڭنى «قۇتۇلغىلى بولمايدىغان پاجىئەگە دۇچار قىلىش»تەك ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ[②] دەيدۇ.

جياڭ جېيشىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى، ۋۇ جۇڭشىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مەسئۇد قاتارلىقلارغا تايىنىش سىياسىتىنى ئۆز-

---

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

گەرتەلمەيدۇ. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋۇ جۇڭشىن مەركەزنىڭ مەسئۇدنى شىنجاڭغا باش تەپتىش قىلىپ تەيىنلى-مەكچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەرنى چۇڭ-چىڭدىن كەلگەن مەلۇماتلاردىن ئۇقۇپ قالىدۇ. باش تەپتىشلىك نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۆلكە رەئىسلىكىدىنمۇ يۇقىرى مەرتىۋە① ئىدى. ۋۇ جۇڭشىن بۇ خەۋەرلەرنىڭ راست ـ يالغانلى-قىنى ھازىرچە ئىسپاتلىغىلى بولمىغان ئەھۋالدا، جياڭ جيېشىغا دەرھال تېلېگرامما يوللاپ، بۇنداق قىلىشقا قارشى تۇرىدىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر مەسئۇد بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنسە، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، خەۋپ ئاستىدا قالىدى-غانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق، ۋۇ جۇڭشىن بۇنىڭلىق بىلەن مەس-ئۇدنىڭ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. 2 ـ ئاي-نىڭ 12 ـ كۈنىدىكى خەۋەرلەر ئارىسىدا دۆلەت مۇداپىئە كومى-تېتىنىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى يىغىندا مەسئۇدنىڭ لۇ جيالۇننىڭ ئورنىغا شىنجاڭغا باش تەپتىش قىلىپ تەيىنلەنگەنلى-كى ئېلان قىلىنىدۇ. ۋۇ جۇڭشىن يەنە جاڭ جىجۇڭغا تې-لېگرامما ئەۋەتىپ مەسئۇدنىڭ باش تەپتىشلىككە تەيىنلەنگەنلى-كى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ بەك بالدۇر ئېلان قىلىنىۋېتىلگەنلى-كىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ئىشتىن ئالدىنئالا خەۋەردار بول-غان ـ بولمىغانلىقىنى سورايدۇ. جاڭ جىجۇڭ خېلى كۈنلەردىن كېيىن ئاندىن ۋۇ جۇڭشىنغا تېلېگرامما قايتۇرۇپ، بۇ ئىش توغرىسىدا ئۆزىدىن ئالدىنئالا پىكىر ئېلىنمىغانلىقىنى، بۇ خەۋەر-نىڭ ئېلان قىلىنىشى «ھەقىقەتەن بالدۇر» بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ چىۋ ۋۇ (يۈ يۇرېننىڭ كۈيئوغلى) ئارقىلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈ يۇرېندىن «سەل كېچىكتۈرۈپ ئېلان قىلىش»نى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، «ئىشنىڭ ئەپلەشمەي قالغانلىقى-

① (ئەنگلىيە) A .D .W فوربىس: «شىنجاڭدىكى مىلىتارىستلار ۋە مۇسۇلمانلار (1911 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)»، كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 210 ـ بەت.

نى»، «ھېلىمۇ ياخشى مەسئۇدنىڭ تېخى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئال-مىغانلىقى»نى ئېيتىدۇ.

ۋۇ جۇڭشىن مەسئۇدنىڭ شىنجاڭنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلىنىشىنى توسۇپ قالالمىغان بولسىمۇ، مەسئۇدنىڭ يېڭى ۋەزىپىگە ئېرىشكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى گومىنداڭ ھۆ-كۈمىتىنىڭ ھەيئەتلىكىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇ جياڭ جيېشىغا تېلېگىراما ئەۋەتىپ، ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى: «مەسئۇد يېڭى خىزمەتكە تەيىنلەندى، ئەمدى ئۇ مەركىزىي ھۆكۈ-مەتنىڭ ھەيئەتلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىۋەرمەسلىكى كېرەك، ئەل-ۋەتتە»، مۇبادا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىكىگە شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلاردىن بىرىنى تەيىنلەشكە توغرا كەلسە، شىنجاڭ ئۆلكى-لىك مۇۋەققەت كېڭەشنىڭ باشلىقى سەئىد ئەھمەد تەيىنلەنسە، چۈنكى ئۇ «ئابرۇيلۇق، سادىق ھەم ئىشەنچلىك، ۋەزىپىنىڭ ھۆد-دىسىدىن چوقۇم چىقالايدۇ» دەيدۇ.

شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل بولۇش ۋەزد-يىتى ئايدىڭلىشىپ بارغانسېرى، ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېگىراما ئەۋەتىپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا سورايدۇ. بىراق ۋۇ جۇڭشىننىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىمەكچى بولغان جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرد-سىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلاشنى كې-چىكتۈرىدۇ. تاكى 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئاندىن ۋۇ جۇڭشىننىڭ چۇڭچىڭغا قايتىشىغا ئىجازەت بېرىدۇ. جاڭ جى-جۇڭمۇ شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە ھازىرلىنىدۇ. ۋۇ جۇڭشىن جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ كېلىۋاتقىنىغا نارازى بولۇپ يۈرگەچكە، بۇ چاغدىمۇ جاڭ جىجۇڭنى مەسئۇد قاتارلىقلاردىن ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندەپ، «چاتاق چىقىرىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بەكلا ئىختىيارىغا

قويۇۋەتمەسلىك كېرەك» دەيدۇ. ئىلگىرى جاڭ جىجۇڭ مەس-ئۇدلار مەسىلىسىدە ۋۇ جۇڭشىننى خېلى ھۆرمەت قىلاتتى، چۈن-كى، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، جاڭ جىجۇڭ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە ئەھۋال ئۆزگەرگەندى، جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ خوجايىن-لىق قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ تەك-لىپ - تەۋسىيىلىرىنى ياقتۇرماي «بىز ئىككىمىزنىڭ شىنجاڭ-نى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى پىكرىمىز 80% ئوخشايدۇ، پەقەت مەسئۇد قاتارلىقلار توغرىسىدىكى كۆزقارىشىمىزلا ئوخشىمايدۇ. مەن مەسئۇد قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرماقچىمەن»[①] دەيدۇ. بىراق ۋۇ جۇڭشىن يەنىلا قايىل بولمايدۇ، ئۇ مەسئۇد قاتارلىقلار مەسىلىسىدە شەخسىي ئاداۋەتنى ئەمەس، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن دەپ ئويلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكچى بولۇۋاتقان لىيۇ مېڭچۈن ئارقىلىق جاڭ جىجۇڭغا مۇنۇ پىكرىنى يەتكۈزىدۇ، يەنى «بۇ قېتىم مەسئۇد قاتارلىقلار شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش ئىدىيىسىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ، ھوقۇق - مەرتىۋىسىدىن پايدىلىنىپ، تەشكىلات قۇرۇپ، خەلقنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۈچ ئۇ-يۇشتۇرۇپ ... شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ»[②] دەيدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، مەسئۇد بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مۇتەخەسسىس[③] ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا جاڭ جىجۇڭ مەسئۇد

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 35 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 35 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

③ دىشى: «مەسئۇد ۋە ئەيسا»، «غەربىي شىمال خەۋەرلىرى» 7 - سان، مىنگونىڭ 36 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

قاتارلىقلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مەيداندىن پايدىلى-
نىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنى
تىزگىنلىمەكچى ۋە بۇ ئارقىلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ئۆز چاڭ-
گىلىغا ئېلىۋالماقچى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىقىرىدۇ. بىراق،
مەسئۇد قاتارلىقلار مۇھىم ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن
كېيىن، خۇددى ۋۇ جۇڭشىن ئالدىنئالا ئېيتقاندەك، خەنزۇلارنى
چەتكە قېقىپ ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب
قىلىدۇ. بۇنىڭغا جاڭ جىجىڭمۇ چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى جياڭ
جيېشىغا مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلى-
كىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ.

ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكى-
دىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قايتا
قول تىقىشقا ئامالسىز قالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ مەسئۇد بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىدۇ. بىز ۋۇ جۇڭ-
شىننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇ-
ۋېتىشكە كۈچەپ ئۇرۇنغانلىقىدەك بىرمۇنچە تەرەپلىرىنى ئەيىب-
لىسەكمۇ، ئۇنىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ پانتۈركىزملىق ئىدى-
يىسى ۋە ھەرىكەتلىرىنى سەزگەنلىكى ھەم ئۇنىڭغا قارشى تۇر-
غانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

خەنزۇچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق
3 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **ئالپ ئارسلان**

# ئالتاي قوزغىلىڭى ۋە ئوسمان

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى، ئابدۇرېھىم ياقۇپ

## 1. 1940 ـ يىلىدىكى 1 ـ قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى

1933 ـ يىلىدىكى ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان شېڭ شىسەي دەسلەپكى مەزگىلدە ئاخىرقى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بەزى پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى. «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش»تەك ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىرنەچچە مۇنەۋۋەر ئەزاسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرنەچچە جەمئىيەت ئەربابىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى ماقۇل كۆردى. بۇ كىشىلەر شىنجاڭنىڭ سىياسىي، قانۇن، ئىقتىساد، مائارىپ، مەتبۇئات قاتارلىق ساھەلىرىدە مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شېڭ شىسەينىڭ سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى يېڭىلىققا يۈزلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، سانائەت، سودا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردە خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. جۈملىدىن ئالتاي تەۋەسىدىمۇ خەلق ئىگىلىكىدە خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، زامان ـ زاماندىن بۇيان پەقەت چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلق ئەمدى دېھقانچىلىق، سودا ـ سېتىق، ئالتۇن قېزىشقا ئوخشاش كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1938 ـ يىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىد-

دىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى قازاق تىلىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا بېسىلدى، زىيالىيلار بىلەن ئاممىا ئۇنى ئۆگىنىپ زور ئىلھام ۋە ئوزۇق ئالدى؛ جاھانگىرلىك بىلەن تاجاۋۇزچىلىق سىياستىنىڭ ھەقىقىي سىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا خېلىلا ئوبدان چۈشەنچىگە ئىگە بولدى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئالدى. نەتىجىدە پۈتكۈل ۋىلايەت خەلقى بىردەك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بەش ئايروپىلان، 200 ئات، 2000 تون، قىممىتى بىرنەچچە مىڭ سەر ئالتۇنغا باراۋەر كېلىدىغان پۇل ئىئانە قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە بىرلىكى يولىدا پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر نىيەتتە بولىدىغان كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى.

ئەپسۇس، ئىگىلىكى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، مەدەنىيىتى خېلىلا ئىلگىرىلىگەن، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىن خېلى مۇقىم كۈن كۆرۈشكە باشلىغان ئالتاي خەلقىنىڭ بۇ ئالتۇن دەۋرى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئۆلكىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى سىياسىي ئەركىنلىك، دېموكراتىك ھوقۇق، مىللىي باراۋەرلىكتىن تولۇق مەھرۇم قىلدى؛ ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ئادالەتنى ياقلىغۇچى جەمئىيەت ئەربابلىرىنى پۈتۈنلەي قولغا ئالدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۈرلۈك ـ تۈمەن ئالۋان ـ ياساقنى بارغانسېرى كۆپەيتىپ، خەلقنى ئاچ قالغان بۆرىدەك تالاپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئېزىپ، كۈن كۆرگۈسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ئالتاي خەلقىنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى: جاللات شېڭ شىسەي خەلق ئىچىگە سان ـ ساناقسىز يوشۇرۇن تىڭتىڭچىلارنى ئەۋەتىپ، ئىلغار زاتلار ئۈستىدىكى نازارەتنى كۈچەيتتى؛ يالغاندىن پاكىت ئويدۇرۇپ ھەر خىل دېلولارنى ياساپ چىقتى؛ تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەردىن ئۇرۇمچىدە خوجانىياز، جاڭ

شىن، ما شاۋۋ، بۇرھان شەھىدى، بايمۇللا قاتارلىق ئادەملەرنى قولغا ئالدى. ئالتايدا بولسا ھەسەنباي، غوپۇر شاڭيۇ،مۇقەممەتقان داموللا، مامكەي مامىيوف، جيۇ شيۇڭخۇي، ليۇ بىلىڭ، سەلىم، شابدان، قەمبەر، تىمىر غالى، ئونىكوف، مانكەي، قالىل قاتارلىق 60 ـ 70 كىشىنى قولغا ئالدى. شىڭ شىسەي يەنە «موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قۇرۇلتىيى» ئاچىمىز دەپ 1939 ـ يىلى ئالتاي-دىن ئالتاي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋە مۇداپىئە شتابىنىڭ باش-لىقى شەرىپقاننى ۋە ئەلەن ۋاڭ، ئەبىلمەجىن گوڭ، بۇقات بەي-سى، تابىن بەيسى (موڭغۇل)، مۇقاش، دەلىلقان تەيجى، كۆكەناي تەيجى، بورانباي تەيجى، نۇرمۇقامبەت ئۇكىرداي، جولدى زالىڭ (موڭغۇل)، قازانباي قاتارلىق 40 نەچچە ئادەمنى ئۇرۇمچىگە يى-غىپ، ئۇلارنى ئۇزاققىچە مىرزا قاماققا ئالدى ۋە شەرىپقان، ئە-لەن، بۇقات، مۇقاش قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. مىرزا قاماققا ۋە قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالتاي تەۋەسىدە قازاق خەلقىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كاتتىلىرىدىن ئىدى. شۇ سەۋەب-تىن بۇ ھال قازاق خەلقى ئىچىدە زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى ۋە ئالتاي رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، جاللات شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئىشقا ئاشۇرغان ئالدام-چىلىق سىياسىتى سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، ئىقتىسادىي جە-ھەتتىمۇ سىرىنى ئاشكارىلاپ، خەلق ئاممىسىنى تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتى قېيىن بولغان ئېغىر كۈنگە قالدۇردى. 1937 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ئۆلكىنىڭ باشقا يەرلىرىدىكىگە ئوخشاش ئالتاي ۋىلايىتىدىمۇ ئالۋان ـ ياساقنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇ-رىدۇ. چۆپ ئۇچى بېجىنىڭ ئاشۇرۇلۇشى، ئالتۇن قازغۇچى ئىش-چىلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ كېمەيتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ نازارەت ئاستىدا مەجبۇرىي ئىشقا سېلىنىشى ھەم باشقا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئالۋان ـ ياساقلار ھايات ـ ماماتلىق ئارىسىدا ئالتاي خەلقىنى قوزغىلىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قىستىغان يەنە بىر ئوبيېكتىپ

سەۋەب.

يۇقىرىقىدەك زۇلۇملارغا چىدىمىغان ئالتاي خەلقىنىڭ قوز-غىلىپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن قورققان شېڭ شىسەي 1939 - يىلى 10 - ئايدىن كېيىن خەلقنىڭ قولىدىكى قورال - ياراغنى يىغىۋېلىش ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ، ھەتتا مال سويىدىغان پىچاق-لىرىنىمۇ تاپشۇرۇشقا زورلايدۇ. قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا پۈتكۈل ۋىلايەتتىكى 400 دىن ئارتۇق ئەل باشلىقلىرى بىلەن جامائەت ئەربابلىرىنى سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى)گە كېلىپ، «يوشۇرۇپ قويغان» قورال - ياراغلارنى ئۆزۈڭلار كېلىپ تاپشۇرۇڭلار دەپ بۇيرۇيدۇ. سارسۇمبە، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي نا-ھىيىلىرىنىڭ ئەل باشلىقلىرى قۇرۇق قول بولسىمۇ ۋەدە قىلغان كۈنگە ئۈلگۈرۈپ سارسۇمبىگە كېلىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ بولسا ئۇلارنى «ئۆگىنىش»كە قاتنىشىسىلەر دېگەن باھانە بىلەن توخ-تىتىپ قويىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ ئەل باشلىقلىرى «بارساق كۆرىدىغان كۈنىمىز شۇ بولىدىكەنغۇ» دەپ بارمايلا قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن چىڭگىل ناھىيىسىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئېرىسبېك، كېرىم باشلىغان 40 نەچچە ئەسكىرى خەلق ئارىسىغا كېلىپ، بايانباي، بايقادام، ساق-ساباي قاتارلىق ئادەملەرنى ئارقا - ئارقىدىن زور ئىناۋەتكە ئىگە ئىككى ئۆلىمانىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئاقىت ئۆلىمجى ئوغ-لىنى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن تۇتقۇن قىلىپ، مەسچىتكە ئوت قويۇپ، قۇرئان كىتابلىرىنى يىرتىپ چەيلەيدۇ. سارسۇمبە، بۇ-رۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي ناھىيىلىرىدىن قۇبىجاپ، قاراغۇل، ئۆنەرقان قاتارلىق ئەل باشلىقلىرىنى زىندانغا تاشلايدۇ. ئەنە شۇ تەرىقىدە خەلقنىڭ بېشىغا خەۋپلىك كۈنلەر كېلىدۇ، پۈتكۈل ئەل قايغۇ - ئەلەمگە قالىدۇ. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۇ ئېرلىن، قورال يىغىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خەن چىڭلىن، كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كېرىم باشچىلىقىدا ئون نەچچە ئادەم ئۇلۇڭگۇر دەرياسى بويىدى-

كى جايلارغا كېلىپ، ئالدى بىلەن قارابۇلغۇندىكى مەكتەپتە مەج-لىس ئېچىپ، «يوشۇرۇپ قويغان» قورال - ياراقلارنى تاپشۇرۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاقتېكە، ئېسىم-قان قاتارلىق 30 نەچچە يۇرت چوڭلىرىغا ئۈچ - تۆت كۈندىن قالماي سارسۇمبىدە ئېچىلىدىغان قورال يىغىش بويىچە 2 - نۆۋەتلىك مەجلىسكە قاتنىششىنى بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاپچىغايغا كېلىپ، سايىپ قالىپ ئوغلىنى تۇتۇپ ئەكېتىشكە سارنوغايغا قوشۇپ ئىككى ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا ئېسىمقان ئۆكسىرداي بىرنەچچە ئوغلىنى، ئوقان، شاغالاق، ئېڭسەگېن قاتارلىق دوست - يارەنلىرىنى چاقىرىپ:

— بۇ دورەم سارسۇمبىگە مەجلىسكە بارساق قايتىپ كېلەل-مەسلىكىمىز مۇمكىن، بارماسلىق بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىش ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى قالغىنى بىرلا يول — يا ئۆ-لۈم، يا كۆرۈم. سىلەرگە ماقۇل كەلسە، بۈگۈن كېچە تەۋەككۈلگە بەل باغلاپ ئاۋۇلار (ئوقاننىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ھۆكۈمەت ئادەم-لىرىنى دېمەكچى)نى كۆزدىن يوقىتايلى - دە، قوزغىلىپ كۆرەش قىلايلى، — دېيدۇ.

مۇشۇ قارارغا كەلگەن بۇلار ئاز كەم 20 ئادەم بولۇپ تەش-كىللىنىپ، 1940 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تۈندە ئوقاننىڭ ئۆيىگە ئىشىك - دېرىزىدىن بىردىنلا ئېتىلىپ كىرىپ، ھاكىم باشلىق 11 ئادەمنى ئۇخلاپ ياتقان يېرىدىلا ئۆلتۈرۈپ قوراللىرى-نى تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرى - تۆۋەن ھەممە تە-رەپكە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق تەۋەككۈلگە بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتىپ خەت يېزىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. بۇ دەل ئاقتېكە سارسۇمبى-گە ئاتالىماقچى بولۇپ تۇرغان، ئۇرۇق - تۇغقانلىقىرى ئۇزىتى-مىز دەپ كېلىپ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بو-لۇپ تۇرغان ۋاقىت ئىدى. ئاقتېكىلەر ئېسىمقاننىڭ خېتىنى ئالغاندىن كېيىن:

— بولار ئىش بوپتۇ، ئەمدىكى مەسىلە كۆپ بولۇپ بىرلىد-شىپ، بەربىر بولىدىغان ھايات - ماماتلىق كۈرەشكە دەرھال

تەييارلىنايلى، — دېگەن قارارغا كېلىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئاق-تېكىننىڭ ئۆيىگە قالپىلىنىڭ 4 - ئوغلى قازىر كېلىدۇ. ئۇ: تۈنۈگۈندىن بېرى ئاۋۇلىمىزغا سارنوغاي (ھەقىقىي ئىسمى مۇقەمەتقالى، تاتار بولغانلىقتىن جامائەتچىلىك ئۇنى سېرىق نوغاي دەپ ئادەتلىنىپ قالغان — ت) باشلىق ئۈچ ئەسكەر كېلىپ ياتىدۇ. ئېگەرلەنگەن بىر ئېتى بار، سايىپنى ئىزدەيدىكەن، مېنى ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاقتېكە، قابى بىلەن سايىپ سارنوغاينىڭ نېمە ئىش بىلەن يۈرگەنلىكىنى دەرھال پەملەيدۇ - دە، ئاۋۇلغا كېلىدۇ. ھېلىقى «مېھمانلار» مىلتىقلىرىنى كىگىز ئۆينىڭ ياغىچىغا ئېلىپ قويۇپ، ئاتلىرىغا چۆپ سېلىپ بېرىپ، بىخارامان يۈرگەندە، كەلگەنلەر ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ جەھەننەمگە يولغا سالىدۇ.

دېمەك، ئالتاي خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرگەن تۇنجى قوراللىق قوزغىلىڭى ئەنە شۇ تەرىقىدە باشلىنىدۇ. خەلقىنىڭ بۇ قوزغىلىڭى توققۇز ئاي داۋام قىلىدۇ. توققۇز ئاي ئىچىدە سان - ساناقسىز جەڭ بولىدۇ. شېڭ شىسەي جاللاتلىرى 4000 دىن ئارتۇق ئاتلىق، پىيادە ئەسكىرىنى ئىشقا سالغاندىن باشقا، بىرقانچە تانكا، برونېۋىك، مىناميوت - زەمبىرەكلىرىنىمۇ ئىشقا سالىدۇ. ھەر كۈنى ئۈچ - تۆت قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت - بەش، كۆپ بولغاندا يەتتە ئايروپىلان كېلىپ، پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ، بومبا تاشلايدۇ، لېكىن خەلق قوزغىلاڭچىلىرى چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىنى يەر چىشلىتىدۇ، نۇرغۇن قورال - ياراغ ئولجا ئالىدۇ. ئۆز قاتارىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، دۈشمەننى ئىلگىرىلىيەلمەس قىلىپ قويىدۇ. جەڭ راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە قۇچاقلاشما جەڭگە ئايلىنىدۇ، دۈشمەن مىلتىقلىرىنى ئىشقا سالالماي، نەيزە - قىلىچ ئىشلەتسە، قوزغىلاڭچىلار سويىل، كالتەك - چوماق ئىشلىتىدۇ ۋە دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ ئۇلارنى ھالسىرىتىدۇ.

لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدىكى كۆكسېگېن دېگەن كىشىنىڭ ماڭا مەسئۇل كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن بەرمىدى دەپ خاپا بولۇپ، 400 ئادىمىنىڭ نەق يېرىمىنى ئەگەشتۇرۇپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشى، قابسەمەت دېگەن بىرسىنىڭ قېچىپ ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى كەڭ جامائەت ئىچىدە بىر مەزگىل تەۋ-رىنىش پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئېرىسقان، ئېسىمقان، سۇلايمان باشچىلىقىدىكى كۆپچىلىك مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشەندۇرۇش ئارقىلىق ئاممىنى پىترىتىۋەتمەي ئامان ـ ئېسەن باشلاپ ماڭىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرى يەنە بۆلۈنۈپ جامائەت ئىچىگە بېرىپ، سەپەرۋەر-لىك، تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەيدۇ. ئۇزاققا بارماي ئەدىلقان، مۆمىنباي باشچىلىقىدىكى ئارال خەلقىمۇ، كۆكسېگېن، ۋاتقان باشچىلىقىدىكى چىگگىل خەلقىمۇ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق مۇشكۈل پەيتتە ئوسمانمۇ كېلىپ قوشۇلۇپ قوز-غىلاڭغا باشتىن ـ ئاخىر تولۇق قاتنىشىدۇ ۋە ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. مەسىلەن: 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوسمان 40 تەك ئا-دەمنى باشلاپ ئۆرئالتايدىكى جاپسار يايلىقى ئارقىلىق ئېرتىش دەرياسى بويىغا كېلىپ، دەريادىن سال بىلەن ئۆتۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆرتى دېگەن جايدىكى بىر پوچتا پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئون نەچچە ئەسكەرنى تولۇق يوقىتىپ پونكىتنى ئىشغال قىلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا سارسۇمبىدىن كۆكتوقاي بازىرىغا كېلىۋاتقان ئىككى پوچتالىيون ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالىدۇ. ئوسمان ئۇلارنى سوراق قىلغاندا ئۇلار ئارقا تەرەپتىن بىر ئىزۋوت ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ 200 تۆگىگە ئارتقان ھەربىي تەمىناتى (بۇنىڭ ئىچىدە 10 تۆگىگە ئارتىلغىنى ئوق ـ دورا) كېلىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. ئوسمان دەرھال ئادەملىر-رىنى باشلاپ ئەپلىك جايدا پىستىرما قۇرۇپ ئۇشتۇمتۇت ھۇ-جۇمغا ئۆتۈپ، بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى تامامەن يوقىتىپ، 200 تۆگىگە ئارتىلغان بارلىق ئەشيانى ئولجا ئالىدۇ. ئوسماننىڭ بۇ

غەلىبىسى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تولۇق تەييارلىق بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا يەردىنمۇ، ھاۋادىنمۇ توختىماي ھۇجۇم قىلىدۇ. قايىرتى، ئاستاۋشا، ئالائايغىر، سايقىنبۇلاق، تارشاتى، ئاشىلى، كۆكتۇمشۇق، شىقىنتى، تابىنبىلسىرغا ئوخشاش ئون نەچچە يەردە جەڭ بولىدۇ. بۇ جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ مەغلۇپ بولۇۋېرىدۇ. شۇ جەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن بولغان تارشاتى، ئاشىلى، شىقىنتى جەڭلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش زۆرۈر.

تارشاتى جېڭى: شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تولۇق بىر تۈەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قوزغىغان چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش. دۈشمەن سۇلايمان باتۇر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا بارغانسېرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاخىرى ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ يارىدارلىرىنى سۆرىگەن پېتى چېكىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار دۈشمەننىڭ 200 دىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقىتىپ، 150 تەك قورال ـ يارىغىنى غەنىيمەت ئالىدۇ.

ئاشىلى جېڭى: تارشاتىدىكى جەڭ غەلىبىسىدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالغان قوزغىلاڭچىلار چېكىنگەن دۈشمەنگە توختىماي قوغلاپ زەربە بېرىدۇ، دۈشمەننىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقىتىپ 100 چە قورال ـ يارىغىنى غەنىيمەت ئالىدۇ.

شىقىنتى جېڭى: 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىش مەقسىتىدە 200 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئالدىن خەۋەر تاپقان قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن جەزمەن بېسىپ ئۆتىدىغان شىقىنتىدا بۆكتۈرمىدە يېتىپ، دۈشمەن دائىرىگە كىرگەندە ئالدى ـ ئارقىدىن توسۇپ قاتتىق زەربە بېرىدۇ، نەتىجىدە دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆلۈك ۋە يارىدارلىرىنى تاشلاپ كۆكتوقايغا قاراپ قاچىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەن

300 چە ئادەمدىن، بارلىق مىلتىقى بىلەن ئاتلىرىدىن، 200 دىن ئارتۇق تۆگىسىدىن، 100 ساندۇق ئوقىدىن ۋە نۇرغۇن ئوزۇق - تۈلۈكىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ئۈچ قېتىملىق جەڭدە سۇلايمان باشلىقلا ئەمەس، ئاددىي جەڭچى سۈپىتىدە قالتىس جاسارەت كۆرسىتىپ، رەھبەرلىك جەھەتتىمۇ، ئەر يۈرەك باتۇرلۇقى جەھەتتىمۇ تازا كۆزگە كۆرۈنىدۇ. شۇنداق قىلىپ 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىسمىقان، سۇلايمان، سايىپ باشلىغان كۆكتوقاي قوزغىلاڭچىلىرى كۆكتوقاي بازىرىنى قورشاۋغا ئېلىپ غەرب تەرەپتىن، ئىدرىسقان باشلىغان چىڭگىل قوزغىلاڭچىلىرى شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى پەقەت ئۇرۇش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ، قوزغىلاڭچىلارغا ئايرىپىلان ئارقىلىق تەشۋىقات ۋەرەقىسى تاشلاپ، سۈلھى قىلىپ بىتىم تۈزۈش تەكلىپىنى بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇقات، جانىمقان، راقات، شارى قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدىغانلىقىنى، نېمە تەلىپى بولسا شۇلار ئارقىلىق ئېيتىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قىش يېتىپ كېلىۋاتقانلىقى، قىشتا ئەركىن ھەرىكەت قىلىشقا تېخىمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدرىسقان، ئىسمىقان، سۇلايمانلار قارشى تەرەپنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغىنىنى لايىق تېپىپ، بۇقاتلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرغان يەرگە كېلىشىگە ماقۇل بولىدۇ ۋە قالىپل، دەلىلقان، نازىرلارنىمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئايرىپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئەكەلتۈرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى چيۇ زۇڭجۈن باش ۋەكىل بولىدۇ. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىتىم سۆھبىتى باشلىنىپ 18 - كۈنى كېلىشىم ئىمزالىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ھە دېگەندە قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرماسلىق، ساقچى ئىدارىلىرىنى بىكار قىلىش، يەرلىك خەلقلەرگە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى بېرىش قاتارلىق چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىرنەچچە كۈن قايتا - قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق مۇنداق ئالتە ماددىلىق بىتىم ھاسىل

قىلىنىدۇ:

1. بۇ قېتىم قوزغىلاڭغا قاتناشقانلاردىن ھېچقاچان، ھېچ-قانداق جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ؛

2. تۈرمىگە قامالغان بارلىق ئادەملەر قويۇپ بېرىلىدۇ؛

3. ۋىلايەت، ناھىيە باشلىقلىرىغا ۋە ۋىلايەتلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇنلىرىغا يەرلىك خەلقلەردىن ئادەم قويۇلىدۇ؛

4. كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشلىقى يەرلىك خەلقتىن بولىدۇ؛

5. قوزغىلاڭچىلار قولىلىرىدىكى قوراللىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇنىڭ ھېسابىغا ھۆكۈمەت ۋىلايەت مەركىزىدىلا مەلۇم ئەسكەر تۇرغۇزغاندىن باشقا، ئۆزگە ناھىيىلەردە خۇسۇسەن كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزمايدۇ؛

6. خەلقتىن ئېلىنغان ئالۋان ـ سېلىق يېنىكلىتىلىدۇ ۋە بۇ قېتىم قوزغىلاڭ جەريانىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان خەلقنى ھۆكۈمەت ياردەم بېرىپ قۇتقۇزىدۇ.

دېمەك، ئالتاي خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى 1940 ـ يىلىدىكى تۇنجى خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق غەلىبە بىلەن ئاياغلاشتى.

**2. 1941 ـ يىلىدىكى 2 ـ قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى**

ئالتە ماددىلىق بىتىمنىڭ بەزىلىرى خېلىلا ئىجرا قىلىنغاندەك قىلغىنى بىلەن بەزىلىرى چالا ـ پۇچۇق ئىجرا قىلىنىدۇ، تولىسى ئىجرا قىلىنمايدۇ ياكى دەسلەپتە ئىجرا قىلىنغاندەك قىلغىنى بىلەن كېيىن يەنە ئەسلىدىكىدەك بولۇپ قالىدۇ. «تۈرمىگە قامالغان بارلىق ئادەملەر قويۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن 2 ـ ماددىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ــ ۋىلايەت بويىچە مىلتىق يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن يىل بېشىدا سارسۈمبىگە يىغىۋېلىپ مىرزا قاماقتا ئالغان 300 چە ئادەمنى، 1939 ـ يىلى موڭغۇل ـ قازاق ـ قىرغىز قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەنلەردىن رەسمىي قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىرنەچچىسىنىلا قويۇۋېتىدۇ. بايانباي، بايقادام قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جەستىنى بېرىدۇ. شە-

رىپقان، مانكەيگە ئوخشاش 70 ـ 80 ئادەمنى بىتىم ئىمزالىنىپ بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ قويۇۋەتمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىدىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، جايلاردىن بىر ـ بىرلەپ ئادەم تۇتۇشنى يەنە باشلايدۇ. بىتىمنىڭ 3 ـ، 4 ـ ماددىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كەلسەك، بۇقاتنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، جانىمقان بىلەن تابىنىدى (موڭغۇل)نى مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، دەلىلقان سۇگۇربايوفنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ، راقاتنى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ، كۆكسىگىننى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، نازىرنى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، كادىرباي بىلەن قايىمنى كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەپلا جىمىپ قالىدۇ. قالغان ناھىيىلەرگە، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك باشقا ئورگانلارغا يەرلىك خەلقلەردىن ئادەم قويۇشنى قايرىپ قويىدۇ. خەلق ئىچىدىكى تىنچىتىلاش ھەرىكىتى سەل پەسەيگەندەك بولۇپلا يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ. ئالۋان ـ سېلىقنى يەڭگىللىتىش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش دېيىلگەن 6 ـ ماددىدىن ھېچقانداق سادا چىقمايدۇ. ۋىلايەت دائىرىسىدە تۇرىدىغان ھەربىي بۆلۈملەر 5 ـ ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە خېلىلا ئازايتىلغان، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى ھەربىي بۆلۈملەر 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئېلىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، 1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ كۆكتوقايغا 300، چىڭگىلگە 200 «ئالتۇن قازغۇچى» دېيىلىدىغانلار كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. كىشىلەر «ئالتە ماددىلىق بىتىم نېمە ئۈچۈن تولۇق ئىجرا قىلىنمايدۇ» دەپ ھەر خىل خىياللاردا بولۇپ يۈرگەندە، بىرەر ئاي ئۆتمەيلا يەنە كۆكتوقايغا 400، چىڭگىلگە 200 «ئالتۇن قازغۇچى» كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ، ئىككى ناھىيىگە ئىككى قېتىمدا كەلگەن ئادەم 1100 دىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ماشىنا ـ ماشىنىلاپ توشۇۋاتقىنى جۇتۇ، لوم تۆمۈر، گۈرجەك ئەمەس، پىلىموت، بەشئاتار قاتارلىق قورال ـ ياراغ ئىكەنلىكىنى كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ

مۇئاۋىن باشلىقى كادىرباي سىزىپ قىلىپ، ئۇنى ھاكىم راقاتقا ئېيتىدۇ. ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتمەي كادىرباي تۇيۇق-سىز يوقاپ كېتىدۇ. راقات سورىسا ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتىپى (خەنزۇ) يېزىدىكى ئۆيىگە كەتكەنىدى، تېخى كەلمىدى، دەيدۇ. ئۆ-يىگە ئادەم ئەۋەتسە، ئۆيىگە كەلمىگەن بولۇپ چىقىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا كادىرباينىڭ «ئالتۇنچىلار»نى سىزىپ قالغانلىقىنى بى-لىپ قېلىپ ئۇنى ۋىلايەتكە ئەۋەتمۇەتكەنىدى. كادىربايىنى ئىز-دەشتۇرگەن كۈنى كەچتە سەككىز ئەسكەر ھاكىم ئىدارىسىدىكى راقاتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنى تاپالماي خىزمەتچىسىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. ئەتىسى راقات كېلىپ ئەھۋالنى بىلىدۇ ـ دە، شۇ كۈ-نىلا بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ يايلاۋغا قېچىپ كېتىدۇ ۋە بولغان ئىشنى قالىپ باشچىلىقىدىكى ئادەملەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. قا-لىپ، ئېسىمقان، سۇلايمان، زەينەل، قالمان، شارىلار مەسلىھەت-لىشىپ، «ھۆكۈمەت بۇلتۇرقى بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئورنىغا ئۇنى يىرتىۋېتىپ ئۈچ ئېلىشقا كىرىشىپتۇ، ئەمدى قاراپ ياتماي-لى» دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ تۇرغان چاغدا 200دەك «ئالتۇنچى»: «راقات ھاكىم بىلەن كادىرباي جۇي-جاڭ يوقاپ كەتتى، شۇلارنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمىز» دېگەن باھانە بىلەن چارۋىچىلار ئارىسىغا كېلىپ سۈرتى دېگەن يەردە تۇرۇش-لۇق 20 نەچچە ئۆينىڭ مېلىنى بۇلاپ، تۆت ئادىمىنى تۇتۇپ كې-تىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇلايمان بىلەن كېلىپ بىرنەچچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ، «ئالتۇنچىلار»نىڭ بەش ئادىمىنى ئېتىۋېتىپ، ئۇلار تۇتۇپ كەتكەن تۆت ئادەم بىلەن ئاز كەم 30 يىلقىسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 2 ـ قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. قوزغىلاڭغا كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ خەلقى تولۇق ئاۋاز قوشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قالىپ جىڭگىلنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى كۆكسىگېنگە (ئىرىسقان بۇلتۇر قىشتا ۋاپات بولغان) «ھۆكۈمەت ۋەدىسىدە تۇرمىدى، بىز يېڭىۋاشتىن قوزغالدۇق، سىلەرمۇ قوشۇلۇڭلار» دەپ خەت ئەۋەتىدۇ. ئۇلار خەتنى ئالغان

هامانلا قوشۇلىدۇ.

2 ـ قېتىملىق خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە چيۇ زۇڭجۈننى ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئالداپ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە قايتا ـ قايتا «ۋەكىل» ئەۋەتىپ، ئۇلارنى سۆھبەتكە «چاقىرىدۇ».

1 ـ قېتىم، 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئەبلەمجىن گۈڭ، قابىل تەيجى، مامىلە زەڭگىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ: «قانداق پىكىر ـ تەلىپىڭلار بولسىمۇ ئېيتىڭلار، قىسقىسى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرمەڭلار» دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

— باشقا پىكىر ـ تەلىپىمىز يوق. بۇلتۇرقى كېلىشىم تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نەتىجىسى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلسۇن، ئۇنىڭغا كۆنمىسە يولىمىزدىن قايتمايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپ قايتۇرىدۇ قابىل.

2 ـ قېتىم، 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جانىمقان، قاجىنابى، قاقىشلارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قابىل، ئىبىمقان، سۇلايمان، زەينەل، راقات، قالمان، شارى قاتارلىق ئون نەچچە باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارنى سارسۇمبىدە، ھېچبولمىغاندا كۆكتوقاي بازىرىدا سۆزلىشىپ بىتىم تۈزۈشكە چاقىرىدۇ. بۇنىڭ بىر تۇرلۇك قەست ئىكەنلىكىنى بىلگەن قابىللار شەھەرگە بېرىشتىن قەتئىي باش تارتىپ:

— سۆھبەتلىشىش راست زۆرۈر بولسا، چيۇ زۇڭجۈن ئۆزى بىز تۇرغان يەرگە كەلسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

3 ـ قېتىم، 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چيۇ زۇڭجۈن بۇقاتنى باشلاپ سارسۇمبىدىن كۆكتوقاي بازىرىغا بارىدۇ. گەنسۇ، چىڭخەي تەرەپتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن دەللىقان سۇگۇربايوفنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن بىۋاستە كۆكتوقايغا ئالدۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇقاتقا: ھۆكۈمەت كۈچلۈك، ھېچنېمە قىلالمايسىلەر، قوراللىرىڭلارنى تاشلاپ تەسلىم بولۇڭلار، ھۆكۈمەت بۇ قېتىمقى ئىشىڭلارنىمۇ كەچۈرىدۇ، دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ

دەلىلقاننى ئەۋەتىدۇ. قالپللار: ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمايدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇرۇنمۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ باققانلىقىنى، ئەبلەمەجىنلەر ئارقىلىق بەرگەن جاۋابلىرى ئىشقا ئاشۇرۇلسا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى يولغا سالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ۋەكىل ئەۋەتىشنى توختىتىدۇ. چۈنكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەلچىلەرنىڭ ئۈچ قېتىم بىرىپ قايتقىنىغا كەتكەن ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە كۆكتوقايغا 4000 ئەسكەر (بەزىلەر 6000 دەيدۇ) يۆتكەپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولىدۇ. چيۇ زۇڭجۈن بۇقات بىلەن دەلىلقاننى ئەگەشتۈرۈپ ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا قايتىدۇ ـ دە، تۆت تۈمەن ئەسكەرنى بىراقلا ئاتلاندۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئادىمى جىق بولغىنى بىلەن قورالى 100 دىن ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناچار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جىبىبتى، شىقىنتى، قۇۋۇئۆي، تارشاتى، سايقىنبۇلاق، ئالائايغىر قاتارلىق يەرلەردە بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئالتە قېتىم قاتتىق جەڭ بولىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ 4000 كىشىلىك قوشۇنى يەر بېغىرلاپ ھۇجۇم قىلىپلا قالماستىن، كۈنىگە ئاز دېگەندە ئۈچ ـ تۆت قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت ـ بەش ئايروپىلان ئەۋەتىپ، بومبا تاشلاپ، پىلىموت بىلەن ئوق ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق جەڭدە دۈشمەننى نەچچە رەت چېكىندۇرۇپ، ئاز كەم 100 قورالنى غەنىيمەت ئالىدۇ. تۆتىنچى قېتىملىق جەڭدە باتۇر سۇلايمانغا ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ، بۇنىڭ تەسىرىدە ئاممىنىڭ قايغۇسى ئېشىپ، ئوقۇشسىزلىققا ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان قېرى ـ چۆرى، خوتۇن ـ بالىلار ئالدىدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى ئارقىسىدا، يېغىپ كەتكەن قېلىن قار دەستىدىن زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ ـ دە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى دۈشمەنگە بېقىنىپ كۆكەبۇلاق بىلەن ساربۇلاققا كۆچۈپ كېلىدۇ. قالپل، راقات، ئېسمقان، زەينەل، شارى، قالمانلار باشلىغان 300 چە كىشى كۇرتىنىڭ باش تەرىپىدىكى تاغقا قېچىپ كېتىدۇ. بىر-

نەچچە كۈندىن كېيىن، چيۇ زۈڭجۈن جانىمقاننى ۋەكىل قىلىپ قالىپلارغا ئەۋەتىدۇ. جانىمقان: «قورالىڭلارنى تاپشۇرۇپ، ئۆيۈڭ-لەرگە قايتىڭلار، سىلەرگە ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ، بۇلتۇرقى كېلىشىممۇ ئىشقا ئاشۇرۇلۇۋېرىدۇ. مەن — ئاغزىمدا خۇدا، قو-لۇمدا قۇرئان بار ھاجىمەن. بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ راستلىقىغا قەسەم ئىچىپ بېرىمەن» دەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، قالىپلار تەس-لىم بولۇپ كۆكەبۇلاقتىكى ئاۋۇلىغا كېلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن جانىمقان: «كۆكەبۇلاق يېنىدىكى قاراتاش دېگەن يەردە مۇھىم مەجلىس ئېچىلىدۇ، بارلىق ئەل باشلىقلىرى شۇ يەرگە يىغىل-سۇن» دەپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. قالىپ باشچىلىقىدا ئاز كەم 40 ئادەم كېلىدۇ. جانىمقان ئالدى بىلەن مەجلىسكە كەلگەنلەرگە «شىڭ دۇبەن ئاتىمىزنىڭ سالىمى» دەپ بەزى «ياخشى» سۆزلەرنى قى-لىپ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ بولغاندىن كې-يىن: «سارسۇمبىگە بېرىپ دوستۇڭلار چيۇ زۈڭجۈن بىلەن ئاماد-لىشىپ قايتىڭلار» دەپ قالىپ باشچىلىقىدىكى 13 ئادەمنى سار-سۇمبىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردە چيۇ زۈڭجۈنمۇ چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن: «مەن سىلەرنى دۇبەن ئاتاڭلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ يۈزۈڭلارنى يورۇق قىلىپ قايتۇرماقچىمەن. بۇقات بىلەن دەلىلقانمۇ بىللە بېرىپ قايتىدۇ» دەپ ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ دەلىلقاندىن باشقا (ئۇ بىردىنلا يوقاپ كېتىدۇ) بۇقات، قالىپ، راقات، زەينەل، شا-رى، قالمان، كارىمباي، قاقىش، ئىبرايقان، ناقىشتاي، قالىم، قۇمارلار ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئايرودروم-دىلا قولىغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇلاردىن تۈرمىدە ئەم-گەك قىلىپ يۈرگەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىققان قالمان بىلەن ئالتايدىكى 3 ـ قېتىملىق قوزغىلاڭ مەزگىلىدە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ بېرىپ ئامان قالغان شارى، قاقىش، قالىم، ئىبرايقاندىن باشقىسى تۈرمىدە قازا قىلى-دۇ. كېيىنكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ جىنايەتچى ئاتىلىپ سوراقتا تارتىلغانلار بۇقات مامىيېۋ،

قالپل بتممشى ئوغلى، ئپسمقان، راقات، قالپل، زېنەل بولغان.
بۇقات نېمە ئۈچۈن قالپللەر بىلەن بىرگە تۇتقۇن قىلىنىدۇ؟ دەلىلقان ئاياغ ئاستىدىن قانداقسىگە يوقاپ كېتىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش ئارتۇقلۇق قىلماس:
كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىلگە «ئالتۇنچى» ئەۋەتىشتىكى مەقسەت ئېنىق بولغاچقا، بۇ سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم «توپىلاڭ» كېلىپ چىقىشى مۇمكىن دەپ قارىغان شېڭ شىسەي 1941 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆزلىرى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن بۇقاتنى ئۇرۇمچىگە ئەكېلىپ: «سەن ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى بولغاندىن بېرى ياخشى ئىشلىدىڭ، مەن سېنىڭدىن رازى» دەپ ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ كۈتىدۇ ۋە تېخىچە تۇرمىدە ياتقان دادىسى شەمشى، بىر تۇغقان ئىنىسى ئەنۋەر، قېيناتىسى قابىلداي، قېيناغىسى مۇقاش، بالدىزلىرى مانكەي بىلەن ماقاتنى تۇرمىدىن چىقىرىدۇ. شەمشى، مۇقاش، ئەنۋەرنى ئۇرۇمچىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولىدۇ، بۇنىڭ سىرتىدا ئۆزىگە بىر چوڭ ئاپتوموبىل، ھۆكۈمەت ھېسابىدا ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن بىر پىكاپ بېرىدۇ ۋە بۇنىڭ بەدىلى ھېسابىدا: «ئالتايدا بۇنىڭدىن كېيىن بولۇتۇرقىدەك ۋەقە، توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ يۈرمەسلىكىنى ساڭا تاپشۇرىمەن» دەيدۇ.
شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى «ئالتاي قازاقلىرى ئىچىدە ناھايىتى ئابرۇيلۇق ئىككى ئادەم بار. بىرى شەرىپقان، ئۇ ھازىر قولدىمىزدا؛ يەنە بىرى بۇقات. بۇقاتنىڭ رولى ئەلەن ۋاڭنىڭكىدىن چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ باشلىقى، ئەمدى ئالتايدا ۋەقە يۈز بېرىش ـ بەرمەسلىكى بۇقاتقا بىۋاسىتە باغلىق. دېمەك، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ھېچكىم شىلتىڭ ئېتەلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. كېيىن يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋىدى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئاتامانى قالپل، پىلانلىغۇچىسى بۇقات دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇنى

قالپىل قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئەكېلىپ زىندانغا تاشلايدۇ. 1956 ـ يىلى كۇزدە چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق يولداشلارنىڭ جەسىتى قېزىۋېلىنغاندا بۇقاتنىڭ جەسىتىمۇ شۇلارنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن ئورۇندىن تېپىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆز يۇرتىغا دەپنە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

ئەمدى دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە كەلسەك، 9 ـ ئايدا دەلىلقاننىڭ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئەلچى بولۇپ بېرىپ نەتىجە قازىنالماي قايتىشىنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى: «سۆزگە كۆندۈرەلمىگەنلىكتىن ئەمەس، مېڭىش ئالدىدا بۇقاتتىن (مەخپىي يوليورۇق) ئالغانلىقتىن بولدى» دەپ ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىغان. بۇقات بىلەن دەلىلقان شۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ باشقىچە گۇمانلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىشىپ يۈرىدۇ. قالپىللار بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە بېرىپ دۇبەن بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىشىنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىن گۇمانلىرىنىڭ راستقا چىققانلىقىنى بىلىپ، غەپلەتتە قالماي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىدۇ. بىراق «ۋالىينىڭ ئامانلىقىغا جاۋابكارمىز» دېگەن باھانە بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىككى ئادىمى بۇقاتنىڭ قېشىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇقات خەۋپتىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قېلىپ، چيۇ زۇڭجۈن بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە ماڭىدۇ. دەلىلقان 1941 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سارسۇمبىدىن قېچىپ چىقىپ، جېمىنەي چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

### 3 . 1942 ـ يىلدىكى 3 ـ قېتىملىق خەلق قورallıق قوزغىلىڭى

ئالتاي خەلقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى 1 ـ ۋە 2 ـ قېتىملىقلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن داۋام قىلدى. شۇڭا ئۇنى تۆۋەندىكى باسقۇچلارغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

1941 ـ يىلدىكى 2 ـ قېتىملىق قوراللىق قوزغىلاڭ ئوس ـ تون ھەربىي كۈچىنىڭ ياۋۇزلۇق بىلەن چەيلىشى ئارقىسىدا ئۆچ ـ كەندەك قىلغىنى بىلەن ئۇچقۇنى ئۆچمەيدۇ. جانىمقاننىڭ «ئاغ ـ زىمدا خۇدا قولۇمدا قۇرئان» دېگەن قەسىمگە ئىشىنىپ قالپىلار قورال تاپشۇرۇپ ماكانىغا قايتىپ كەتكەندە، ئوسمان باشچىلىقى ـ دىكى بىر توپ كىشىلەر قوراللىرىنى تاپشۇرماي، تولا داۋراڭ قىلماي 20 نەچچە ئائىلىلىكنى باشلاپ جوڭغارىيە قۇملۇقىغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇلارنى ھېچكىم سەزمەي قالىدۇ. چۈنكى ئوس ـ مان ئۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئانچە داڭقى چىقمىغان ئۇچىنچى، تۆتىنچى قاتاردىكى باتۇرلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇقات بىلەن قالپىلارنىڭ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇققان سۇلايمان (بۇ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولغان سۇلايمان ئەمەس) ئون نەچچە ئائىلىلىكنى ئەگەشتۈرۈپ ئوسمانغا قوشۇ ـ لىدۇ. «ئالتۇنچىلار»نىڭ سىرىنى ئۇقۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان كادىرباي سارسۇمبىدىكى تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، كۆرتىدىكى ئاۋۇلىغا بارىدۇ. ئۇ كېلەس دېگەن كىشىنىڭ يوشۇرۇن ياردىمى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، بالا ـ چاقىسى بار يىگىر ـ مىدەك ئادەم بىلەن 6 ـ ئايدا ئوسمانغا قوشۇلىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇلار ئەللىكچە ئائىلە، 200 چە ئادەم بولىدۇ. ئۇلار ئوزۇق ـ تۈ ـ لۈكتىن قىسىلغاچقا، ئۇرۇمچىدىن ئالتايغا 20 نەچچە تۆگىدە گۈرۈچ ئېلىپ كېتىۋاتقان كىراكەشلەرنىڭ تۆگىلىرى بىلەن گۈرۈچلىرىنى بۇلاپ تارتىۋېلىپ ئادىمىنى قويۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولماي قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر بۇلاڭچىلىق قىلىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇپ كېلىشكە ۋاتقان بې، ماغاۋىيە زالىك، مامىلە زەڭگى باشچىلىقىدا ۋەكىللەرنى ئەۋەتىدۇ. ئوسمان ئۇلار ـ غا: «باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇڭلار، تونۇگۈنلا بۇقات بىلەن قالپىنى تۇتۇپ كېتىپ زىندانغا تاشلىغان ھۆكۈمەتڭلارغا بىز تەسلىم بولۇپ بارساق (تەگمەيدۇ) دېسەڭلار كىم ئىشىنىدۇ؟» دەپ ئۇلار ـ

نى ئېغىز ئاچۇرماي ھەيدىۋېتىدۇ.
شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ «بالايىئاپەتلەر»نىڭ ياز كەلگەندە ئالتاي تاغلىرى ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى قوملۇقتىن چىقىشتىن ئىلگىرىلا قورال كۈچى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ ـ دە، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بورىجاپ (موڭغۇل)نى باشلىق قىلىپ 200 ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇشبۇلاق ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ بىرئاز ئېلىشقاندىن كېيىن، ئوسمان ئۇرۇش شارائىتىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئون نەچچە ئادىمى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. بورىجاپ قالغان قوزغىلاڭچىلارنى، جۈملىدىن ئوسمان، سۇلايمان ۋە قاباسلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى سارسۇمبىگە ھەيدەپ كېلىپ نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن بورىجاپ دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ ئورنىغا سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.
3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى كېلەسنى ناھىيە بازىرىغا كېلىپ كېتىشكە چاقىرىدۇ. كېلەس ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئالدىنقى قاتاردىكى باتۇرلارنىڭ بىرى بولغاچقا ھەم كادىربايىنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ، ئوسمانلار تەرەپكە يولغا سالغان ئادەم بولغاچقا، بازارغا كىرسە كىرىدىغىنى تۇرمە، كۆرىدىغىنى ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ ـ دە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 20 چە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئازاتقۇم ئەتراپىدا يۈرگەن ئوسمانغا قوشۇلىدۇ. ئاز كەم 40 ئادەم بولۇپ قورال لانغان بۇ كىشىلەر بەيتىك تېغىغا يېقىن قارامايلى دېگەن يەرگە بارىدۇ. بۇنى بىلىۋالغان شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مالگاجدار موللا، ماساي، سېيىت دېگەن ئۈچ كىشىنى بېرىپ ئەل قىلىپ كېلىشكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئۇلار تاپالماي قايتىدۇ. ساقچى ئىدارىسى بولسا «تاپالمىدۇق دەپ يالغان ئېيتىشىسەن، سەنلەر تىل بىرىكتۈرۈپ كېلىشتىڭ» دەپ ئۇلارنى قولغا ئالماقچى بولىدۇ. بۇنى سەزگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ 20 نەچچە ئادەم بو ـ

لۆپ قېچىپ چىقىپ ئوسمانغا قوشۇلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئوسمان: «سارسۇمبىدىكى بالا ـ چا ـ قىلىرىمنى ئەكېلىپ بېرىپ ئىشەنچ بىلدۈرسە تەسلىم بولىمەن» دەپ يالغۇز ئىنىسىنى كۆكتوقايغا ئەۋەتىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ: «ئىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقتىن قاي ـ تالمايدىغان بولدى. بالا ـ چاقاڭنى 6 ـ ئاي ئىچىدە قاجىنابى ھاكىم بىلەن ماغاۋىيا زالىڭ ئاپىرىپ قولۇڭغا تاپشۇرىدۇ، شى ـ قىنتىغا كېلىپ كۈتۈۋال» دەپ خەۋەر بېرىدۇ.

ئەسلىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېيتقان گەپلىرى بىلەن قىلغان ئىشلىرى يالغانىدى. ئوسمان «تەسلىم بولىمەن» دېگەن باھانە بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەكەلدۈرۈۋالماقچى، ھۆكۈمەت تەرەپ ئوسماننىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ ئوسماننى ئالداپ قولغا چۈشۈرمەكچى ئىدى. قاجىنابى دېگەن كىشى ئوسمان قاتارلىق تۆت ئادەمنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى 300 ئەسكەرنىڭ «مۇھاپىزىتى» بىلەن ۋەدە قىلغان يېرىگە ئېلىپ كې ـ لىدۇ. ئۇلارنىڭ قوراللانغان ئەسكەرلەر بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان ئوسمانلار ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىماي، «كېيىن بىر گەپ بولار» دەپلا تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە 9 ـ 10 ئاي ئۆيلىرىدىن، بالا ـ چاقىلىرىدىن، ئەل ـ يۇرتتىن ئايرى ـ لىپ، ئاچ ـ يالىڭاچ، ئۇيقۇسىز، كۆلكىسىز يۈرۈپ ئۈمىدسىز ـ لەنگەنلىرىمۇ بار ئىدى. مۇشۇنداق پەيتتە يەنە شىڭ شىسەي ھۆ ـ كۈمىتىنىڭ سالىق تەيجى، ئەدىلقان بى باشلامچىلىقىدىكى «نە ـ سىھەت»چىلىرى كېلىپ نەسىھەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوسمان، كې ـ لەس باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر قۇلاق سالمايدۇ. لې ـ كىن قاپاس، ئابدۇراخمان، كادىرباي باشچىلىقىدىكى بەش ـ ئالتە ئادەم «تەلەي سىناپ بېقىش ئۈچۈن» تەۋەككۇل قىلىپ تەسلىم بولىدۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەستىن كادىرباي قولغا ئېلىنى ـ دۇ، ئوسماننىڭ «ئەلچىسى» بولۇپ بېرىپ نازارەت ئاستىغا ئې ـ لىنغان ئىنىسىمۇ قولغا ئېلىنىدۇ (بۇلارنىڭ ئىككىلىسى كېيىن

تۇرمىدە ئۆلىدۇ). بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان، قاپاس باشلامچىلىقىدىكى تەسلىم بولغۇچىلارنىلا ئەمەس، ئۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن كىشىلەرنىمۇ قورقۇنچ باسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاب-دۇراخمان، قاپاس باشچىلىقىدىكى 40 نەچچە ئادەم قېچىپ چى-قىپ يېڭىۋاشتىن ئوسمانلارغا قوشۇلىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئوس-مانلارغا قوشۇلىدىغانلار بارا - بارا كۆپىيىدۇ. ئۇچقۇن يانغىنغا ئايلىنىدۇ.

1941 - يىلىدىكى 2 - قېتىملىق قوزغىلاڭدا ئوخشىمىز-لىققا ئۇچراپ تەسلىم بولغانلاردىن ياكى قولغا ئېلىنىش خەۋپىدە قالغانلاردىن بىردىن ئىككىدىن، بەشتىن ئوندىن، ھەتتا ئوتتۇز - قىرقتىن بولۇپ قېچىپ چىقىپ، ئوسمان باشچىلىقىدىكى قوز-غىلاڭچىلارغا قوشۇلغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئەمدى ئوسمان بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

ئوسمان زادى قانداق ئادەم؟

ئوسمان ئىسلام ئوغلى، قازاقنىڭ كېرەي مۇلقى قەبىلىسى، ئايتوغان ئۇرۇقىدىن. ئۇ 1889 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسى ئۇندىرقارا كەنتىدە تۆۋەن ئوتتۇرا چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئات ئېگىز، ئۇزۇن تۇمشۇق، قىزىل ئۆڭلۈك، يوغان كۆز، قويۇق چاچلىق، بومبا ساقال، قاۋۇل، بەستلىك، كەم سۆز، ئىچ سىرىنى ئاسانلىقچە ئاشكارىلىمايدى-غان، سالماق، شۇنىڭدەك بەلۋېغىنى يېشىپ بىغەم ياتمايدىغان، ماۋزىرى ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن كەتمەيدىغان، ئوق خالتىسى بې-لىدىن چۈشمەيدىغان، بىر ئېتىنى ئوتلىتىشقا قويسا، بىر ئېتى ئېگەرلەنگەن ھالدا موميدا باغلاقلىق تۇرىدىغان، ھوشيار، ئېھتى-ياتچان ئادەم ئىدى. بىلىم جەھەتتىن ئالغاندا ئېلىپنى چوماق دەيدىغان ساۋاتسىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە دىنچىل، گۇمانخور، جاھىل، ئۆتۈپ كەتكەن ئابرۇيپەرەس ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇستا مەر-گەن بولغاچقا، ھەمراھلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى.

ئوسمان قىشتا ئۇندىرقارا دېگەن جايدا قىشلاپ، يازدا ئالا-غىز، ئارشاڭ، ئاقبۇلاق، قوجىرتى دېگەن جايلاردا تۇراتتى. ئۇنىڭ

بوۋسى خېلى ھاللىق ھارۋىچى بولۇپ، دىنىي بىلىمدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار موللىلاردىن ئىدى. دادىسى ئىسلامىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە تۇرمۇشى بارا ـ بارا نامراتلاشقان. ئوسمان ئۆي ـ ئو ـ چاقلىق بولغاندىن تارتىپ كەمبەغەلچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈر ـ گەن. 1941 ـ يىلىدىن ئىلگىرى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كۈرتى دېگەن يېرىدىكى ئىككى قىزىلتاش بۇلىقى بويىغا ئارپا، تېرىق تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بەزىدە يىپ ـ يىڭنە، تۈگمە، تارغاق قاتارلىق ئۇششاق ماللارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سودا ـ سېتىقمۇ قىلغان.

ئوسمان ئاكا ـ ئۇكا ئىككى ئوغۇل بولۇپ، ئىنىسى دەلىلقان ئىسلام 1942 ـ يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى شىڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا قىلغان.

ئوسمان ئۆمرىدە ئۈچ خوتۇن ئالغان. تۇنجى خوتۇنى نۇرغىزا بولۇپ، ئۇنىڭدىن شىرزىمان ، شىريازدان، نىغمەتۇللا، نەبى، باي ـ دۇللا، كارىي ئىسىملىك ئالتە ئوغۇل، كابىرا، پانسىيا ئىسىم ـ لىك ئىككى قىز تۇغۇلغان. نۇرغىزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى خوتۇنى مامەيدىن قاپىيا، ساپىيا، زامبىيا ئىسىملىك ئۈچ قىز پەرزەنت كۆرگەن. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بايان ئىسىملىك بىر تۇل ئايال بىلەن نىكاھلانغان ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىنلا باياشاد تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، باياننىڭ 100 دىن ئوشۇق چوڭ مال، 1000 دىن ئوشۇق قويىغا ئىگە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا ئوسماننىڭ نامى چىقىپ، «با ـ تۇر»، «باشلىق» ئاتىلىپ، ئابرۇيلۇق ئادەملەردىن بولۇپ قالغاچ ـ قا، كېلىدىغان تارتۇق، سوۋغىلارمۇ كۆپىيىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېيىنكى ھاياتىدا ئالتاينىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بايلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئوسمان باياندىن ئاماق ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. دېمەك ئوسمان ئۆمرىدە 12 بالىلىق بولغان (يەتتە ئو ـ غۇل، بەش قىز).

1943 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئوسمان ـ نىڭ ئادەملىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ئۇنىڭ خورىكىنى

خىلىلا ئۆستۈرۈپ قويىدۇ. ئادەم سانىنىڭ كۆپىيىشى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە دۇشمەنگە تېخىمۇ ئەجەللىك زەربە بېرىشىنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قولىدا مۇقىم جۇغلانمىسى بولمىغان ئوسماننىڭ بېشى قاتىدۇ. بۇنچە كۆپ ئادەمنى ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن مەسىلە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يول توسۇپ كارۋانلارنى بۇلاش، باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا ئوخشاش باندىتلىقتا كىرىدىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ باندىتلىق قىلمىشلىرى ئالتاي خەلقىگىلا ئەمەس، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلىرىدا ياشايدىغان قازاق، موڭغۇل خەلقلىرىگىمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ئاخىرى موڭغۇلىيە تەرەپ ئوسمانغا: «... سىلەرنىڭ شېڭ شىسەيگە، گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئومۇمىي يۆنىلىشىڭلار توغرا، لېكىن بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلىشتەك قوپال ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلار توغرا ئەمەس. سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۇرۇشۇڭلارنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن بولۇۋاتقانلىقىنى بىزمۇ چۈشىنىمىز. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قوپال ھەرىكەتلەردىن قول ئۈزۈپ، مىللىتىڭنىڭ ئۈچىنى پەقەت ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قارىتىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلىشقا ماقۇل بولساڭلار، بىز سىلەرنى قوللايمىز، ھەر تەرەپتىن كۆپلىگەن ياردەملەرنى بېرىشكە تەييارمىز» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، خەتنى ئوسمان بىلەن بىر قەبىلىدىن بولغان قاماش ئىسىملىك بىر قازاق كىشىدىن ئەۋەتىدۇ. بۇ تەكلىپ ئوسمانغا بەكمۇ ياقىدۇ. شۇڭا ئۇلار موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ بۇ تەكلىپىگە دەرھال ماقۇللۇقنى بىلدۈرۈپ جاۋاب خەت يېزىپ، قاباس، تىكرەش، شېرزىمان، تەسكەمباي قاتارلىق ئادەملىرىنى موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىدۇ. قاباس قاتارلىقلار موڭغۇلىيىگە بېرىپ بىرقانچە كۈن تۇ-

رۇپ سۆھبەتلىشىپ قايتىپ كېلىدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ ۋەكىل-لەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ماۋزېر، ئوسمانغا ئاتاپ بىر دانە ئاپ-تومات، بىر دانە دۇربۇن سوۋغا قىلىدۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوسمان موڭغۇلى-يە تەرەپتىن بىر مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ ئوسماننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قالقاباي، قابدىل، قۇرمانقان قاتارلىق ئالتە كىشىنى ئوسماننىڭ يېنىدا تۇرۇپ مەسلىھەتچىلىك قى-لىشقا ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەدرىجىي ھالدا ئەسلىدىكى مەقسىتى غۇۋا، ھەرىكىتى قوپال بولغان ئىستىخىيىلىك كۈچتىن توغرا يۆنىلىشكە، مۇئەييەن ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە بىر كۈچكە قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوسمان موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ بىرىنچى قېتىم ئەۋەتكەن 200 دانە بەشئاتار مىلتىق، 40 دانە پىلىموت، 50 ساندۇق ئوق ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالىرىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمى-تىنىڭ ئالتايدىكى دائىرىلىرىنىڭ زۇلۇمى ۋە ئالۋان ـ ياساقلى-رىدىن جاق تويغان كۆكتوقاي خەلقىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى يەنىمۇ كېڭىيىدۇ. بولۇپمۇ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى-غا قېچىپ كەتكەن دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن 12 كىشىلىك مەسلىھەتلەر گۇرۇپپىسىنى باشلاپ موڭغۇلىيە ئارقىلىق قايتىپ كېلىپ ئوسمان باشچىلى-قىدىكى قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇشى قوزغىلاڭچىلار قوشۇ-نىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. دەلىلقان سۇگۇربايوف باشلاپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق كىشىلەر ئاق چېدىرغا ئورۇنلىشىدۇ. ئىلگىرى موڭغۇلىيە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن مەسلى-ھەتچىلەر گۇرۇپپىسى كۆك چېدىردا تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىككى تۈركۈم مەسلىھەتچىلەرنى تۇرغان چې-

ىدىرلىرىنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئاق ئۆينىڭ كىشىلىرى (سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى)، كۆك ئۆينىڭ كىشىلىرى (موڭغۇلىيە مەسلىھەتچىلىرى) دەپ ئاتىشىدۇ.

دەلىلقان سۇگۇربايوف قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوسمانغا ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى، دەۋر يۆنىلىشىنى، ئىنقىلاب قىلىشنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتىنى سەممىيلىك بىلەن ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ، خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا تەكرار ـ تەكرار خىزمەت ئىشلەيدۇ. دەلىلقان سۇگۇربايوف يەنە ئوسمان ئارقىلىق ئوسماننىڭ قېشىدىكى باشقا كىشىلەرگىمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە ئوسماننىڭ ئىدىيىسىدە زور ئۆيغىنىش بولىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كېلىدۇ. شۇ ئاساستا قوزغىلاڭچىلار رەسمىي تەرتىپكە سېلىنىپ، 800 كىشىدىن تەركىب تاپقان پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىنىدۇ، ئۇلار تۆت ئەترەتكە ئايرىلىدۇ، ۋاقىتلىق باش شتاب قۇرۇلۇپ، ئوسمان باش قوماندان، دەلىلقان سۇگۇربايوف مۇئاۋىن باش قوماندان بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئالتاي خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى پارتىزانلار ئەترىتى رەسمىي بارلىققا كېلىدۇ.

مۇنتىزىم پارتىزانلار ئەترىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى 1944 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەنە 50 دانە ئېغىر ۋە يېنىك پىلىموت، 50 دانە ئاپتومات، 200 دانە بەشئاتار مىلتىق، 50 ساندۇق گرانات، 30 ساندۇق ئوق ئەۋەتىپ بېرىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئوسمان، دەلىلقان سۇگۇربايوفلار مەسلىھەتلىشىپ پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىگە كېڭەيتىشنى قارار قىلىدۇ ۋە تۆت پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي ناھىيىلىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل تەشۋىق ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ناھىيىلەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپچىلىكى پارتىزانلارنى قوللاپ،

پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتمىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نۇرغۇن ئەس-كىري كۈچىنى ئىشقا سېلىپ پارتىزانلارنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئوتنى كوچىلغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەندەك، پارتىزانلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، 9 ـ ئايغا كەلگەندە ئىنقىلاب يالقۇنى پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيىنىڭ ھەممىسىگە تۇتىشىدۇ.

ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ قانات ـ قۇيرۇقى يېتىشىپ قالغاندىن كېيىن، سارتوقاي، بۇلغۇن، قابدىقتاغ، قاراغايتى، ئۈچتاش، كۈرتى قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ئەسكەر-لىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلە-تىدۇ.

دېمەك، ئالتاي خەلقىنىڭ 1940 ـ يىلىدىن باشلانغان زو-مىگەرلىككە، زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىستىخىيىلىك قوراللىق قوزغىلىڭى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خېلى مۇكەممەل پارتىزانلىق ھە-رىكىتىگە ئايلىنىپ، ئالتاي خەلقىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى گو-مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلىدۇ، نۇرغۇن كىشى پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلىدۇ.

پارتىزانلار ھەرىكىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ ئوڭۇش-لۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر يادرولۇق رەھبەر-لىك كوللېكتىپى قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭگىل ناھىيىسى-نىڭ بۇلغۇن دېگەن يېرىدە بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىن ئېچى-لىپ، 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئالتاي مىللىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلىدۇ، ئوسمان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

ئالتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسترا-تېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشەپ، ئىشنى گومىنداڭ ئارمى-يىسىنىڭ ئالتاي تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق بازىلىرىغا ۋە ناھىيە بازارلىرىغا ھۇجۇم قىلىشتىن باشلايدۇ. پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ

سانىمۇ ئەسلىدىكى تۆتتىن كۆپىيىپ توققۇزغا، ئادەم سانى 2200 گە يېتىدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ يەنە 350 دانە بەشئاتار مىل-تىق، 100 دانە ئاپتومات، 20 دانە ئېغىر پىلىموت، 30 دانە يې-نىك پىلىموت، ئالتە دانە مىنامىيوت، ئىككى دانە تانكا ئاتار، 100 ساندۇق گرانات، 500 ساندۇق ئوق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، شۇ-نىڭدىن كېيىن ئالتاي پارتىزانلىرى بىرمۇنچە غەلىبىلىك ئۇ-رۇشلارنى قىلىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يوقىتىپ، خېلى كۆپ قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالىدۇ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىمۇ خېلىلا ھالسىرىتىپ قويىدۇ.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالتاي ئازادلىققا چى-قىدۇ، 20 - كۈنىگە كەلگەندە ئالتايدا تولۇق تىنچلىق ئورنايدۇ ۋە دەلىلقان سۈگۈربايوف كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تۇرغىن دېگەن يېرىدىكى ئاۋۇلىدا تۇرۇۋاتقان ئوسمانغا خەت يېزىپ، ئالتايدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاخىرقى قورغىنى بولغان سار-سۈمبە شەھىرىنىڭ ئازاد بولۇش ئەھۋالىنى، مىللىي ئارمىيە كەڭساي ئاتلىق ئۈچىنچى پولكىنىڭ كەلگەنلىكىنى تولۇق تو-نۇشتۇرۇپ مەلۇمات يوللايدۇ. بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگىلى كەل-گەن ئادەمگە ئوسمان: «ۋاي ئىستەي، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاتقا ئىككى كىشى مىنگىشىدىغان بوپتىمىز - دە!» دېگەن بىر ئې-غىزلا گەپنى قىلىدۇ.

4. ياتلىشىش

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىلار غۇلجىدىن ئالتايغا كېلىپ، دەلىلقان سۈگۈربايوف باشلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ئاخىرىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئالتاي ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلىدىغانلىقىنى، ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى تە-سىس قىلىنىپ، مەزكۇر مەھكىمىنىڭ غۇلجىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قى-

لىدىغانلىقىنى، ئوسمان ۋالىي، دەلىلقان سۈگۈربايوف، شەمسى مامىيوف، ھارىبايلار مۇئاۋىن ۋالىي بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ھەر قېتىملىق يىغىنغا ئوسمان ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان بول- سىمۇ، لېكىن ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ كەلمەيدۇ. بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى بىر ئېغىز گەپنىڭ تۈپ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. لېكىن يەنە شۇنىمۇ ئېيت- قاچ كېتىش زۆرۈردەك قىلىدۇ: 1944 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئوت- تۇرىلىرىدا، ئىلىدا «11 ـ نويابىر» ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازانغان- لىقى، غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاس، چاپچال قاتارلىق يەرلەرنىڭ ئازاد بولغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرلەر ئالتايغا يېتىپ كېلىپ، بارلىق ئادەم خۇشاللىققا چۆمگەن چاغدا، ئوسمان ئۇ- نىڭغا سوس مۇئامىلىدە بولىدۇ، باشقىلار بۇ نېمە قىلغىنىدۇ، دەپ گۇمانلىنىدۇ.

ئوسمان ئەسلىدە تولىمۇ ئابرۇيپەرەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆ- زىنى تولىمۇ كارامەت ھېسابلايدىغان ئادەم ئىدى. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ئىشنى مىسالغا ئالساقلا كۇپايە: 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاز كەم 30 ئۇرۇق ـ جەمەت باشلىقلىرى بىر ئۆيدە باش قوشۇپ ئولتۇرغاندا گەپتىن گەپ چىقىپ كىمدۇر بىرى:

— مۇشۇ ئوساكەڭنى (ئوسماننى دېمەكچى — ئاپتور) نېمە دەپ ئاتىساق توغرا بولار؟ — دەيدۇ.

— پادىشاھ» دەپ ئاتايلى، — دېيىشىدۇ بىرنەچچە خۇشامەت- كۆي ھەمراھ.

شۇ تەرىقىدە ھەممىسى چۇقان سېلىشىپ، ئوسماننى بىر ئاق تېكىمەت كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا باشقا خەلق ئاممىسى شۇنداقلا ئوقۇمۇشلۇق ئاق كۆڭۈل ئاقساقاللار خوپ دېيىشىپ ئاۋاز قوشمىغان، بولۇپمۇ تەشكىلىي جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ رەسمىيلەشمىگەن ئىش (بەزىلەر: «مارشال چويبالسان پارتىزانلار ئارىسىغا كەلگەندە ئوس- ماننى پادىشاھ قىلىپ سايلاپ كەتكەن» دېيىشىدۇ. بۇ پۇتۇنلەي يالغان، ئېلىپ قاچتى گەپلەر. چويبالسان ئۇنداق تەكلىپنى ئوت-

تۇرنغا قويمىغان، قويۇشقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ چويبالسان كېلىپ كېتىشتىن يېرىم يىل ئىلگىرى بولغان ئىش) بولغانلىقتىن، كېيىن ھەرقانداق خەت - ئالاقىلەردە ياكى چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا ئۇنىڭ بۇ «پادىشاھلىق» سالاھىيىتى يا تىلغا، يا قەلەمگە ئېلىنغان ئەمەس. پەقەت «ئوسمان باتۇر» دەپلا ئاتىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئوسمان بۇنىڭلىق بىلەن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ماختىنىپ يۈرەتتى، لېكىن ئوسمان ئالتاينىڭ يەرلىك پادىشاھى بولۇشۇم كېرەك دەيدىغان غەرەزدە بولغاچقا، بۇنى يوشۇرۇپ كېتەلمىدى.

ئېيتايلۇق، 1946 - يىلى 5 - ئايدا كۆكتوقاي كان رايونىغا سوۋېت ئىتتىپاقى كان قازغۇچىلار ئەترىتى قايتىدىن كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ئۆزىنىڭ ھەمتاۋاقلىرىنى ۋە ئامما ئىچىدە تەسىرى چوڭراق بىرمۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ، قۇۋۇۋي دېگەن يەردە مەجلىس ئېچىپ: «يەر مېنىڭ تۇرۇقلۇق ئورۇسلار نېمە ئۈچۈن مېنىڭدىن رازىلىق ئالمايلا بۇ يەرگە كېلىدۇ؟ ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن ھەيدىۋېتىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سالىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئوسماننىڭ ئالتاينى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي يېرى دەپ قارايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا سارسۈمبە شەھىرىگە كېلىدۇ ۋە گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايوف بىلەن بىرلىكتە كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تۇر يايلىقىدا تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ بىتىمگە كەلگەنلىكىنى، بىتىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشەندۈرىدۇ، ناھايىتى كۆپ مەسلىھەت بېرىدۇ، ئوسمان مىيىقىدا كۈلۈپلا قويىدۇ. ئۇلار ئوسمانغا تېزرەك خىزمەت ئورنىغا بېرىشنى ئېيتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى نامىدىن 1 - دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنى تاقالغاندا ئوسمان ئۇنىڭغا قاراپ: «مەن ئەمدى تەڭگە -

مارجان تاقايدىغان ئايال كىشى بولۇپ قالدىمىۇ!» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. خىزمەت ئورنىغا بېرىش توغرىسىدا «كۆز كېلىپ سال ـ قىن چۈشكەندە خىزمەت ئورنىغا بېرىشنى ئويلىشارمەن» دەيدۇ. ئوسماننىڭ ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېكلەرنىڭ سارسۇمبىـ ـدىكى مەجلىسكە چاقىرتسا كەلمەسلىكىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىـ ـدى. چۈنكى بۇ مەجلىسلەرگە كېلىپ قاتنىشىدىغان بولسا، يا ئالتاي ئىنقىلابى ئىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ بىر قىسمى دېگەن قاراشقا قوشۇلۇپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى كېرەك بولىدۇ، يا ئاش ـ كارا قارشىلىق كۆرسىتىشى كېرەك بولىدۇ. قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە رايى بارمايدۇ، ئاشكارا قارشى چىقاي دېسە دەرمانى يەتمەيدۇ. قىسقىسى ئوسمان ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىـ ـرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى خالىمايتتى، بۇ هال گومىنداڭ ئەكسىـ ـيەتچىلىرىنىڭ ئوسمانغا ئۈمىد باغلىشىغا، ئوسماننىڭ گومىنداڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈشىگە سەۋەب بولۇپ قالدى.

**5. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىش**

ئوسمان كۆرتىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ بۆلۈنۈپ چىقىش ئىشىغا كىـ ـرىشىدۇ:

1. لاتىپ، مۆمىنباي، مۇقامەتقان، نۇسۇپباي قاتارلىقلارنى مەسلىھەتچى، غاپباي مۇپتىنى قازى قىلىپ بەلگىلەپ، قول ئاس ـ تىدىكىلەرگە رەسمىي ئۇقتۇرىدۇ، شۇنداقلا راقىم جاقىپبېك باشلامچىلىقىدا 100 كىشىلىك «مۇهاپىزەتچىلەر» ئەترىتى قۇرى ـ دۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ هۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، قوراللىق قوشۇن تەشكىللەيدۇ.

2. مېھمانلىرىم كۆپ، خىراجەت يېتىشمەيدۇ، دېگەننى باھا ـ نە قىلىپ كۆكتوقاي ۋە چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ چۆپ ئۈچـى بېجىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغانلىقىنى جا ـ كارلايدۇ.

3. بىر تەرەپتىن، 1945 ـ يىلى ئېلىخان تۆرە بىلەن ئەخ ـ مەتجان قاسىملار سارسۇمبىگە كەلگەندە ئوسمان ئۇلار بىلەن

كۆرۈشكىلى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئېلىخان تۆرىنىڭ غۇلجىدا قىلغان سۆزلىرىدىن بولۇپمۇ دىن توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىدىن بەزىبىر ئورتاقلىقنى ھېس قىلغان ئوسمان 1946 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئالتاينىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە پىكىر ئېلىش ئۈچۈن، مۇئا-ۋىن ۋالىي شەمشىنى غۇلجىغا ئەۋەتىدىغان چاغدا ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لاتىپىنىمۇ بىللە بارسۇن دەپ قوشۇپ قو-يىدۇ ۋە ئېلىخان تۆرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئۇنىڭغا: «رەئىس ئېلى-خان تۆرە جانابلىرى، ئىنىم لاتىپ سىلەر تەرەپكە كەتتى، سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى، ماڭا بېرىدىغان يولىيورۇقىڭىزنى لاتىپنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا دېسىڭىز بولىدۇ» دەپ مەخسۇس خەت ئەۋەتىدۇ.

4. ئوسمان جىق باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ، ئاخىر ئۈمىدىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە باغلايدۇ.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچىدىكى گو-مىنداڭ دائىرىلىرىگە ئۆز نامىدىن 1 ـ قېتىم خەت يېزىپ، گو-مىنداڭ تەرەپتىن ئوسمانغا ئەۋەتكەن داشىرغا ئۆز ۋەكىللىرى قا-ناتباي، كەكىش، قاناتلارنى قوشۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. قانات-بايلار ئۈرۈمچىدىكى جانىمقاننىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. جانىمقان ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى جاڭ جىجۇڭغا مەلۇم قىلىدۇ. جاڭ جى-جۇڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقماي، ئالدى بىلەن ليۇ مېڭچۇننى ئەۋە-تىدۇ. قاناتباي ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ خېتىنى تاپشۇرىدۇ. ئۈچ كۈن-دىن كېيىن ليۇ مېڭچۇن قاناتباي، كەكىشلەر بىلەن يەنە كۆرۈ-شۈپ: «ئوسماننىڭ خېتىنى جاڭ جىجۇڭغا تاپشۇردۇم. جاڭ ئە-پەندى سىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى، ئەمما ئۇ ئۆزى يالغۇز قوبۇل قىلسا ئەپلەشمەيدۇ، چۈنكى بۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى سېزىپ قالسا ئوڭايلا ئۇلارنىڭ نارازىلىق پىكرى تۇغۇلىدۇ، ھەتتا چوڭ مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭا جاڭ جىجۇڭ سىلەرنى ئەخمەتجان، بۇر-ھانلار بىلەن بىرلىكتە قوبۇل قىلماقچى. ئوسماننىڭ خېتىنى

ئەخمەتجانلارغا كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەسلىھەتلىشىپ ئوسماننىڭ خېتىنى ئېلىپ قېلىپ باشقىچىرەك مەزمۇندا بىر پارچە خەت يېزىپ چىقتۇق، ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ تامغىسىغا ئوخشىتىپ ئويۇلغان تامغا بېسىلدى. بۇ خەتنى ئالدى بىلەن سىلەر ياخشى كۆرۈپ مەزمۇننى چۈشىنىپ، ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار، ئەتە جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان ۋە بۇرھانلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئاشۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدا سۆزلەڭلار ھەمدە بۇ خەتنى شۇ چاغدا ئېلىپ چىقىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ قولىغا تاپشۇرۇڭلار» دەيدۇ. ئەتىسى بۇلارنى جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان ۋە بۇرھانلار بىرلىكتە قوبۇل قىلىدۇ. دېگەندەكلا قاناتباي، كەكىشلەر لىيۇ مېڭچۈننىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. جۈملىدىن ھېلىقى ياسالما خەتنى قاناتباي يانچۇقىدىن چىقىرىپ جاڭ جىجۇڭغا تاپشۇرىدۇ. خەتتە بىرىنچىدىن، تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن ئالتاينىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت قىلمىغانلىقى، شۇڭا ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ئادىمىنى سالام بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكى؛ ئىككىنچىدىن، تىنچلىق بىتىمىنىڭ مەزمۇنلىرى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچە بېرىش؛ ئۈچىنچىدىن، قازاقلار ئىچىدە نام ـ شۆھرىتى بار نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بولغان ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان ۋە سۇلايمان بەكتۇرلارنى ئالتايغا قايتۇرۇش؛ تۆتىنچىدىن، قۇتقۇزۇش بېرىش؛ بەشىنچىدىن، ئالتايغا دۆلەت ئارمىيىسى (گومىنداڭ ئارمىيىسىنى دېمەكچى) كىرگۈزۈش يېزىلغاندى.

ئوسماننىڭ ئەسلى خېتىنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ئۇنىڭدا «ئالتاي پۈتۈنلەي قىزىللىشىدىغان (كوممۇنىستلىشىدىغان) بولدى. مەن قىزىلغا جان ـ جەھلىم بىلەن ئۆچ، چۈنكى قىزىللار دىنىنى يوقىتىدۇ، مال ـ مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىدۇ، موللا، قەبىلە باشلىقلىرىنى چەت ـ ياقا يەرلەرگە پالايدۇ، قامايدۇ، ئاتىدۇ. شۇڭا مەن ئۈچ ۋىلايەتتىن قول ئۈزۈشكە بەل باغلىدىم. ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن. ھازىر كۆكتوقايغا سوۋېتنىڭ تاش قازىدىغان كانچىلىرى كېلىپ چۈشتى. ھەرىكىتىمنى شۇلارغا تۇتۇش قىد-

لىشتىن باشلىماقچىمەن. ماڭا كۆپ ساندا قورال ـ ياراغ، ئەس-كەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىڭلار. جۈملىدىن ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىقلاردىنمۇ كۆپرەك ئەۋەتىڭلار» دەپ يېزىلغان.

ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ يەنە سۇڭ شىلى-يەن، ليۇ مېڭچۈن، جانىمقانلار بىلەن بىللە ئۇلار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، سوۋېت تەرەپ بىلەن بولغان كان ئېچىش مەسىلىسىنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى، ئوسماننىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ۋاقىت ـ شارا-ئىتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى، باشقا ياردەملەرنى بېرىپ تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ليۇ مېڭچۈن جاڭ جىجۇڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە بىر پارچە خەت يېزىپ كەكىشنى داشىر بىلەن كۆكتوقايغا قايتۇرۇپ، قاناتباينى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئېلىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمان، قاباس قاتارلىقلار گومىنداڭ تەرەپ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىشىشكە باشلايدۇ.

قاناتباي 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتراپىدا بىر دانە راتسىيە بىلەن گېنېرال مايور دەرىجىلىك جۇنتۇڭ ئىشپىيونى راۋ شىدى-جى، پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئىشپىيون ما شياڭشاڭ ۋە يەنە خۇاڭ فامىلىلىك بىرىنى ۋە 20 نەچچە يان قورال، 100 ساندۇق چاي، 100 توپ سوكنو، تاۋار ـ دۇردۇن، نەچچە يۈز توپ گەزمال، بۇل-غۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر جۇۋا (بۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئوس-مانغا قىلغان مەخسۇس سوۋغىسى) قاتارلىق نەرسىلەرنى 10 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىدۇ. بۇلارغا قوشۇپ ئوسمانغا مەسلىھەتچىلىككە ھېلىقى سۇلايمان بەكتۇرنىمۇ ئەۋە-تىدۇ. ئوسمان بۇ مەسلىھەتچىلەرنى كۆرۈپ دېگەن يەردە بەيگە ئۆتكۈزۈپ، توي قىلىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ مەن-سەپدارلىرى ئوسماننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئابرۇيلۇق كىشىلىرى-دىن تەركىب تاپقان تولۇق ھوقۇقلۇق بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئە-

ۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگراممىا يوللايدۇ. تېلېگراممىنى تاپ-شۇرۇۋالغان ئوسمان دەرھال لاتىپنى باشلىق قىلىپ قاناتباي، مۆمىنباي ۋە ئەدىلقان قاتارلىق سەككىز كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆ-مىكىنى ئەۋەتىدۇ. 1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ بۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ. لاتىپ جاڭ جىجۇڭغا ئوسماننىڭ بىر پولك ئەسكەر، 500 دانە بەشئاتار مىلتىق، 50 دانە پىلىمـ-موت، 50 مىڭ پاي ئوق سوراپ يازغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالدى بىلەن گۇچۇڭ ئارقىلىق 400 دانە بەشئاتار مىلتىق، 20 پىلىموت، 40 مىڭ پاي ئوق، ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى 100 تۆگىگە ئارتىپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا سۇڭ شىلىيەن ئۆزى بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۈرۈم-چىدىن قابدەش باشقۇرغان ئىككى ئىزۋوت پىلىموتچى بىلەن فۇكاڭدىن لىيەنجاڭ ما تيەنفۇ باشقۇرغان 200 ئەسكەرنى ئەۋەتە-دۇ، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ياردەم بېرىپ تۇرىدىغانلىقى-نى بىلدۈرۈپ، ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئۇرۇش قوزغى-شىغا ئىلھام بېرىدۇ.

**6. ئاسىيلىق**

ئوسمان گومىنداڭنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمىگە ئېرىشكەن-دىن كېيىن قۇتراشقا باشلايدۇ. ئۇ نەزەر دائىرىسى تار، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئادەم بولغاچقا، گومىنداڭغا تايىنىپ ئالتاي-نىڭ پاسبانى بولۇشقا ئالدىراپ كېتىپ، ئاقىۋەتنى بىلەن ھې-سابلاشمايلا تۇيۇق يولغا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ھالاكەت يو-لىغا كىرىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئاشكارا تۇتۇشۇشقا كىرىشىدۇ ۋە ئىشنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشتىن باشلىماق-چى بولىدۇ. 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئۇچۇق ـ ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىپ، مانات، داۋۇتخان باشچىلىـ-قىدىكى 200 دەك ئادەمنى ئەۋەتىپ، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلايدۇ. باندىتلار ناھىيە بازىرىنى ئىشغال

قىلغاندىن كېيىن خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزىدۇ، ناھىيى ـ
لىك ھۆكۈمەتتىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە ناھىيىلىك ساقچى
ئىدارىسىدىكى 10 نەچچە ئادەم ئالتاي شەھىرىگە چېكىنىدۇ. بۇ ـ
رۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش قوماندان ـ
لىق شتابى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالتايدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەس ـ
كەرلەر پولكىدىن پاتقۇللا، ئىستودېنكوف باشچىلىقىدىكى ئىككى
روتا ئەسكەرنى باندىتلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتىپ ناھىيە بازىرىنى
قايتۇرۇۋالىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئوسمان لاتىپ مۇستاپا باشچىلىقىدا
1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەۋەتىپ چىڭگىل ناھىيىسىگە ھۇ ـ
جۇم قىلىدۇ، باندىتلار چىڭگىل ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قى ـ
لىۋالغاندىن كېيىن، سارتوقاي قاتارلىق جايلاردا ئىلى مىللىي
ئارمىيىسىنىڭ خەمىت پولكى ۋە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر پول ـ
كىغا قاراشلىق پاتقۇللا باتالىيونىغا ھۇجۇم قىلىپ چېكىندۈرىدۇ.
10 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئوسماننىڭ
ئادەملىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. 12 ـ ئايدا ئوسمان يەنە جامىتقان
باشچىلىقىدا 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەۋەتىپ بۇرۇلتوقاي ۋە
بېيتۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزىدۇ. مىللىي
ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ تۆت روتىسىدىن
تەركىب تاپقان 1 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى (500 دىن ئارتۇق
ئادەم)نى ياردەمگە ئەۋەتىپ باندىتلار بىلەن تۇتۇشىدۇ. جەڭگە ئات ـ
لىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قوشۇمچە شتاب
باشلىقى كاكىم قوماندانلىق قىلىدۇ، جەڭ بەش كۈن داۋاملىشى ـ
دۇ، باندىتلاردا ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ئەھۋالى ئېغىر بولغاچقا،
بەرداشلىق بېرەلمەي كۆكتوقاي ناھىيىسىگە چېكىنىدۇ. مىللىي
ئارمىيىدىن 30 نەچچە كىشى قۇربان بولىدۇ. 1947 ـ يىلى 2 ـ
ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئوسمان 600 نەچچە باندىتنى باشلاپ بۇرۇل ـ
توقايدىن يولغا چىقىپ، مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەر ـ
لەر 3 ـ پولكىنىڭ ئىككى روتىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بى ـ

لەن بىر ۋاقىتتا ئوسماننىڭ ئادەملىرى كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقايلاردا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدۇ، ئەمما ئوسماننىڭ ئادەملىرى مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى ۋە كۆكتوقاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تارمار بولىدۇ، باندىتلارنىڭ ئاتامانلىرىدىن 127 سى تىرىك قولغا چۈشىدۇ. ئەمما مىللىي ئارمىيىنىڭ قازاق ئالاقىچىسى مۇقان دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، دۈشمەنلەرگە باش ئەگمەي مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ئوسماننىڭ ئادەملىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ پولك شتابىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ، ئىككى كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالىدۇ ھەمدە پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ باندىتلارنى تارمار قىلىدۇ، بۇ قېتىمقى جەڭدە مىللىي ئارمىيىدىن 20 نەچچە كىشى قۇربان بولىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر تەرەپتىن يۆلىشى بىلەن كۈرەڭلەپ كەتكەن ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە، مىللىي ئارمىيىگە ئوق ئېتىپ قىلىچ كۆتۈرىسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىزچىل ئېغىر بېسىقلىق قىلىپ، دۈشمەن ئۆزى كېلىپ تەگسە زەربە بېرىش، قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلماسلىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئەمما ئوسمان قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بۇ پرىنسىپال مەيدانىنى بىر خىل ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ، ئادەم سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ گومىنداڭنىڭ بىۋاسىتە ياردىمىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدۇ. گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن باندىتلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ ئېغىر تالاپەتكە دۇچار بولغان مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى تاشقى موڭغۇلىيىگە، ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى سوۋېت

ئىتتىپاقىغا چېكىنىدۇ، ۋالىي مەھكىمىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن تەڭلا چېكىنىدۇ. نەتىجىدە دەسلەپتە چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرى، 1947 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتى قولدىن كېتىدۇ. دېمەك، ئوسمان باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم باندىتلار يول قويغانچە ھەددىدىن ئېشىپ، ئالتاينى ۋاقىتلىق ئىگىلىۋالىدۇ. ئەمما ئوسمان قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئالىلىقاچان بىر تۇيۇق يولغا يەنى بارسا كەلمەس ھالاكەت يولىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەيدۇ.

## 7. باندىتلارغا قارشى ھۇجۇم

ئالتاي قولدىن كەتكەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە زېمىنىغا چېكىنىپ كىرگەن دەلىلقان سۇگۇربايوف ۋە خەمىت ئەلىيوفلار ئۆزى بىلەن بىللە چېكىنگەن مىللىي ئارمىيە شىمالىي فرونت قوماندانلىق شتابى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ قالدۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى بولۇپ 200 نەچچە ئادەمنى باشلاپ جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىسىنى بويلاپ مېڭىپ، 1947 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چېگرىدىن ئۆتۈپ چۆچەك شەھىرىگە كىرىدۇ ۋە شۇ كۈنىلا غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوفلارغا تېلېگرامما يوللاپ، پۈتۈن ئەھۋالنى دوكلات قىلىش بىلەن بىرگە ئالتاينى تېز ئارىدا قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يوليورۇق سورايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئالتاينى ئىگىلىۋالغان باندىتلارنى تەلتۆكۈس تازىلاشنى قارار قىلىدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

دەلىلقان سۇگۇربايوف ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، مىللىي ئارمىيە شىمالىي فرونت قىسمىنىڭ باش قوماندانى سۈپىتىدە 1947 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى

ئېلان قىلىپ، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى بىلەن 2 ـ پولكىنى قايتا تەشكىللەيدۇ. بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنىڭ ياردىمىدە 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئاتلىنىدۇ. 1 ـ يولدىكىلەر ئىلىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن مۇتورلاشقان ئەسكەرلەر كۆچەيتىلگەن باتالىيونى بولۇپ، لېسكىننىڭ قوماندانلىقىدا بۇرچىن ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالىدۇ؛ 2 ـ يولدىكىلەر قايتا تەشكىللەنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى بولۇپ، دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا نامىڭقارىدىن ئۆتۈپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى ئىشغال قىلىدۇ؛ 3 ـ يولدىكىلەر قايتا تەشكىللەنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى بولۇپ، پولكوۋنىك خەمىت ئەلىيوفنىڭ قوماندانلىقىدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە  قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىنىپ 3 ـ كۈنى يەنى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرى بىلەن ئالتاي شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئالتاي  ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قايتا قۇرۇلىدۇ؛ مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى دەلىلقان سۇگۇربايوف مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرى ئىشغال قىلىنىدۇ. ئوسمان باشچىلىقىدىكى باندىتلار گۇرۇھى ئالتايدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چىڭگىل قاتارلىق جايلاردىن 3700 نەچچە ئائىلىك 17 مىڭ 800 دىن ئارتۇق چارۋىچىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، چوڭ ـ كىچىك نەچچە يۈز مىڭ چارۋىنى ھەيدىتىپ، قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ بەيتىك تېغىغا قاراپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتى باندىتلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئازاد بولىدۇ.

ئوسمان باشچىلىقىدىكى باندىتلار گۇرۇھى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ بەيتىك تېغىغا چېكىنىپ، گۇچۇڭ، جىمىسار ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، 1947 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ

كۆنى ئەتراپىدا گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن قايتا ئالاقە ئورنى-تىپ ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھېچنېمىدىن تەپ تارتماستىن شەخسەن ئۆزى ھەمتاۋاقلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، جانىمقاننىڭ ۋاسى-تىچىلىقىدا جاڭ جىجۇڭ، سۇڭ شىلىيەنلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ، سۇڭ شىلىيەن ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى پاكستون ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ما-كىنان بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ. پاكستون ئوسمان بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنى ھە دەپ ماختاپ يەل بېرىدۇ، يوليورۇق بېرىپ ۋەزىپە تاپ-شۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوسماننىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كې-تىدۇ ۋە ماكىناننىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئۈرۈمچىدىن يىراقراق تۇرۇش قارارىغا كېلىپ بارلىق ئادەملىرىنى باشلاپ بارىكۆلگە كۆچىدۇ.

ئوسمان قاتارلىقلار بارىكۆلگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلىشىۋال-غاندىن كېيىن، يەرلىك ئاتامانلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ قومۇلنىڭ قورچاق ۋالىيسى يولۋاس بىلەن تې-خىمۇ يېقىن بولۇپ كېتىدۇ.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ-نىڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئەمما ئوسمان قاتارلىقلار كوممۇنىس-تىك پارتىيە ۋە خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش مەيدانىدىن يانمايدۇ، ئەكسىچە ئاتلىق ئەسكەرلەر 7 - دىۋىزىيىسى (ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم)دىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى جاھىل ئوفىتسېرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوسمان قاتارلىقلارنى ئەكسىلئىنقىلابىي يولدىن قايتۇرۇپ، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەۋرچانلىق بىلەن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. مەسىلەن، گېنېرال ۋاڭ جېن ئۆز نامىدىن ئوسمانغا مەخسۇس خەت يېزىپ، 1949 - يىلى 11 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەخ-مەت ۋاجىدى باشچىلىقىدا 12 كىشىلىك بىر خىزمەت ئەترىتى

تەشكىللەپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن باركۆلدىكى توقتار ـ ساي دېگەن يەردە تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئۇ ـ نىڭغا خەلق بىلەن دۈشمەنلەشمەي توغرا يولدا مېڭىش ھەققىدە خىزمەت ئىشلەيدۇ، ئەخمەت ۋاجىدى قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئوسمان يەقەت خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلسىلا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىش ـ لىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. 1950 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋاھىت خې ـ لىل، قۇرمانباي تىياناق قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ يەنە بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاتلىق بىر ھەپتە يول يۈرۈپ، باركۆلنىڭ غەربىي تاغ دېگەن يې ـ رىدە تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئەمما ئوسمان قاتارلىقلار خەلق ھۆكۈمىتى ـ نىڭ سەمىمىي نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا يىغىن ئېچىپ، ھۆ ـ كۈمەتكە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. جا ـ مائەت پىكرى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئامما ئارىسىدا «كوم ـ مۇنىستلار دىننى يوقىتىدۇ، قەبىلىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ئەل باشلىقلىرىنى، موللىلارنى قولغا ئالىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، بايلارنى چۆل ـ جەزىرىلەرگە سۈرگۈن قىلىدۇ، ھەممە شەخسىي مال ـ مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىدۇ، خوتۇننى ئومۇمنىڭ قىلىدۇ، ياشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ، شۇڭا ھەممىمىز بىرلىكتە كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرايلى، كىمدە ـ كىم كوممۇ ـ نىستلارغا قارشى تۇرمىسا، شۇ ئادەم دىننىڭ دۈشمىنى، مىللەت ـ نىڭ خائىنى، ئاشۇنداقلارنى كۆزدىن يوقىتايلى» دېگەن مەزمۇندا تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدۇ. شۇنداقلا يەنە باندىتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلار يەتتەقۇدۇقتا خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئارمىيىمىزنىڭ مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندى ـ رى ليۇ شاۋۋېي بىلەن تۆت جەڭچى قۇربان بولىدۇ، بىرمۇنچە جەڭچى يارىلىنىدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئارمىيىمىز باندىتلارغا

قەتئىي زەربە بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئارمىيىمىز تارسۇ دېگەن يەردە باندىتلارنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى باندىت تازىلاش ئۇرۇشى خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. باندىت تازىلاشقا ئاساسلىقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 ـ كورپۇسىنىڭ شۇ چاغدا قومۇلدا تۇرۇۋاتقان 16 ـ دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق قىسىملار قاتنىشىدۇ. كېيىن مىللىي ئارمىيە 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكىنىڭ 3 ـ باتالىيونى باتالىيون كوماندىرى ئىسمايىلوف مۇھەممەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئايروپىلان بىلەن قومۇلغا يۆتكىلىپ باندىت تازىلاشقا قاتناشتۇرۇلىدۇ. باندىتلار قومۇلدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىر قاتار ئۇرۇشلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئىچكىرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادىمى قالغانىدى. ئوسمان ئۆزىنىڭ قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرى چېگرىلىنىدىغان خەيزى دېگەن يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئوسمان قاتارلىق باندىتلارنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى بىلگەندىن كېيىن، توقاناي ئىسىملىك قازاق يول باشلىغۇچىنىڭ يول باشلىشىدا تاڭ سەھەردە ئۇلار يوشۇرۇنغان يەرگە كېلىپ باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئوسمان ئالدىراپ ـ تېنەپ ياۋىداق ئېتىنى مىنىپ تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قاچىدۇ. ئوسماننىڭ قاچقىنىنى يول باشلىغۇچى كۆرۈپ قېلىپ قىسىم كوماندىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر چوڭ ئەترىتى 3 ـ ليەنىنىڭ تەربىيىچىسى كۇڭ چىڭيۈننىڭ باشچىلىقىدا بەش ـ ئالتە جەڭچى دەرھال ئوسماننىڭ كەينىدىن ئاتلىق قوغلايدۇ، ئوسمان قاچقاچ كەينىگە قارىتىپ جەڭچىلەرگە ئوق ئاتىدۇ، دەسلەپتە ئىككى جەڭچىگە ئوق تېگىپ يىقىلىدۇ، ئارقىدىنلا يەنە ئىككى جەڭچىنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ، ئاخىرىدا كۇڭ چىڭيۈن ئۆزى يالغۇز قوغلاشقا باشلايدۇ، ئوسماننىڭ بىر پاي ئوقى

ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تىشىۋېتىدۇ، يەنە بىر پاي ئوقى ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ چىشىنى چىشلەپ داۋاملىق قوغلاپ ئوسمانغا يېتىشۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئېتىدىن تارتىپ چۈشۈ- رىدۇ، ئۇ ئىككىسى يەردە يومىداقلىشىۋاتقاندا ئېتىغا ئوق تەگكەن جەڭچى لىيۇ خۇالىن سەپداشلىرىنىڭ ئېتىغا مىنىپ يېتىپ كې- لىدۇ. كۈڭ چىڭيۇن لىيۇ خۇالىنىنىڭ ياردىمىدە ئوسمانىنى بوي- سۇندۇرۇپ باغلىۋالغاندىن كېيىن دەرھال باش شتابقا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ 1951 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى ئىش ئىدى.

**8. ھەققانىي سوت**

ئوسمان چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرى چېگرىلىنىدىغان خەي- زى دېگەن يەردە تۇتۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا سازايى قىلىنىدۇ، 3000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ ئوسمانغا لە- نەت ياغدۇرىدۇ، شوئارلار توۋلاپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئال- قىش سادالىرىنى ياڭرىتىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى غەلىبە مېۋى- سىنى قوغداش، باندىتلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇيىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1951 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، ئىككى قولى خەلقنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان باندىت ئوسماننى سوتلايدۇ. ئو- چۇق سوت يىغىنىغا ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بارلىق ۋە- كىللەر ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ئورگانلاردىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، ھەر مىللەت شەھەر ئاھالىلىرىدىن بولۇپ 80 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىدۇ. ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكە-

مىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامنامىسىنىڭ 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ، 7 ـ ، 9 ـ ، 10 ـ ، 17 ـ ماددىلىرىغا ئاساسەن ئوسمانغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندۇ.

ئوسمانغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ساقچىلار تەرىپىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شياۋدۇڭمېن دېگەن يېرىگە جايلاشقان جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ دەرھال ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى 1952 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كۆكتوقايدىكى ماكانىغا يۆتكەپ كېتىلىدۇ.

**9. قوشۇمچە**

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يامان غەرەزلىك بەزى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئوسماننى «ۋەتەنپەرۋەر»لىكتە ماختاپ كۆككە ئۇچۇرىدۇ؟ بىز تۆۋەندە قوشۇمچە قىلغان ئىككى مەسىلىدىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ توغرا جاۋاب تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

1) كۆكتوقايدىكى سوۋېت كان قازغۇچىلىرى ۋە ئوسمان

كۆكتوقايدىكى بۇ كان 1936 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان چارلىغۇچىلىرى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە چارلاپ ئېنىقلىغان، 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ئۆزى موسكۋاغا بارغاندا ستالىن بىلەن بىۋاسىتە قول قويۇشقان كېلىشىم بويىچە 1941 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ماشىنا ـ جابدۇق، ئىنژېنېر ـ تېخنىك، پۇل ـ خىراجەت چىقىرىپ ئاچقان كان ئىدى. كېيىن شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك بېسىمىغا ئۇچرىغان، شۇنداقلا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ ئادەم ۋە ماددىي كۈچىنى نېمىسلارغا قارشى ئالدىنقى سەپكە سەرپ قىلىشقا توغرا كەلگەن بولغاچقا، سوۋېت ھۆكۈمىتى 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋاقىتلىق

تاشلاپ كەتكەن كاننى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا يېڭىۋاشتىن ئادەم ئەۋەتىپ داۋاملىق ئىچىشقا باشلىغانىدى[①]. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ئەمدى بۇ كان مەسىلىسىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ھەم نەپ ئالىدىغان، ھەم ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئابرۇي تاپىدىغان بولدۇم دەپ «قۇۋ ئۆي» دېگەن يەردە ئۆزىنىڭ ھەمتاۋاقلىرى، گۇپپاڭچىلىرى ۋە بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، «يەر مېنىڭ تۇرسا، ئورۇسلار نېمىشقا مېنىڭ رۇخسىتىمسىز بۇ يەرگە كېلىدۇ؟ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سالىدۇ (بۇ «يەر جۇڭگونىڭ يېرى تۇرسا، نېمىشقا جۇڭگونىڭ رۇخسىتىسىز بۇ يەرگە كېلىدۇ؟ مەن جۇڭگو گىرازدانى، شۇڭا مەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشىم كېرەك» دېگەن مەنادا ئەمەسلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم، ئەلۋەتتە). لېكىن يىغىنغا قاتناشقان بەزى يۇرت مۆتىۋەرلىرى: «ئۇنداق قىلىدىغان بولساق ئالدىراقسانلىق قىلغان بولۇپ قالارمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىز بىلەن دوست دۆلەت، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى ئۇقۇشۇپ باققىنىمىز توغرا بولارمىكىن» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. ئوسمان ئامالسىز ۋەكىل ئەۋەتىپ: «مېنىڭدىن رۇخسەتسىز نېمىشقا كېلىدۇ؟ مەن، بىرىنچىدىن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېرىمگە قول سوزۇشىغا، ئىككىنچىدىن، دىنىمغا قول سېلىشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايمەن، دەرھال چىقىپ كەتسۇن» دەيدۇ. ۋەكىللەر: «بىز يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كەلدۇق، پىكرىڭلار بولسا، ھۆكۈمىتىڭلار بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىلەن سۆزلەشسۇن» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ قايتىدۇ. شۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەلىلقان سۇگۇربايوف ئوسمان تۇرغان يەرگە كېلىپ،

---

① بۇ كان ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قېزىلىپ كەلدى، ئازادلىقتىن كېيىن 1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا ستالىن بىلەن رەئىس ماۋ زېدۇڭ قول قويغان «جۇڭگو ـ سوۋېت ئۆزئارا دوستلۇق ـ ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن جۇڭگو ـ سوۋېت رەڭلىك مېتال شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پايدىلىنىپ كېلىندى.

ئوسمانغا خىزمەتلەردىن مەلۇمات بېرىپ، ئوسماننى خىزمەت ئورنىغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ. لېكىن ئوسمان: «سوۋېت كانچىلىرى مېنىڭ رۇخسىتىمسىز مېنىڭ يېرىمەگە نېمىشقا كېلىدۇ. بىكارغا ياتقان بايلىق نەدە بار ئىكەن. ۋەكىل ئەۋەتىپ چىقىپ كەتسۇن دېسەم، ئارقىغا سۆرەپ تۇرۇۋالدى. ئەمدى بىردىنبىر چارە قورال كۈچى بىلەن ھەيدىۋېتىش» دەپ دەلىلقان سۇگۇربايوفقا بېسىم ئىشلىتىدۇ. دەلىلقان سۇگۇربايوا ئۇنىڭغا: «بۇ، بىرىنچىدىن، تارىخىي يىلتىزى بار زور مەسىلە؛ ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ئۆتكەندە موڭغۇلىيىدىن ئېرىشكەن ياردىمىمىز ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىزگە موڭغۇلىيە ئارقىلىق بەرگەن خالىسانە ياردىمى ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان، دېمەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ ئەڭ مۇشكۇل چېغىمىزدا ياردەم قولىنى سوزغان دوستىمىز. ئاچچىق ئازدۇرىدۇ، ئەقىل ئالغا يېتەكلەيدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ كۆرەيلى» دەپ، قورال كۈچى ئىشلىتىپ قوغلاپ چىقىرىشقا قوشۇلمايدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر يەنە «بۇ ئىشنى بىزنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلىمىز بىلەن سۆزلىشىپ بىر تەرەپ قىلىڭلار، ئۇنىڭغىچە بىز كان قېزىش ئىشىنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرايلى» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ قايتىدۇ. ئوسمان بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمنەپەسلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ، دەلىلقان سۇگۇربايوفنى زورلاپ قول قويدۇرۇپ ئالتاي ئاتلىق پولكىنى يۆتكەپ كېلىپ كۆكتوقايدىكى سوۋېت كان قازغۇچىلىرىغا قوراللىق بېسىم ئىشلەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن دەلىلقان سۇگۇربايوف ئوسماننىڭ ئەسكەر يۆتكەش بۇيرۇقىغا قول قويغىلى ئۇنىمايدۇ.
شۇ ئەسنادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلى كۆكتوقاي كان رايونى ئارقىلىق 10 نەچچە تۆگىگە ھەر خىل گەزمال، ئۇن، گۈرۈچ، قەنت ـ گېزەك، چاي قاتارلىق بۇيۇملارنى ئارتىپ ئوسمانغا «سالام»غا كېلىدۇ ۋە كان قېزىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان بىر مەھەل كان قاز-

غۇچىلار ھەققىدە ئېغىز ئاچماي جىم بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئوسماننىڭ ئەسلى «يەر مېنىڭكى»، «مېنىڭدىن رۇخسەتسىز نېمىشقا كېلىپ كان ئاچىدۇ» دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىكى ھەقىقىي غەرىزى دوق ـ پوپوزا قىلىش ئارقىلىق ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئىدى. ھېلىقى 10 نەچچە تۆگىگە ئارتىلغان «سوۋغا ـ سالام» بىلەن ئۇنىڭ نەپسى ئازراق تويغاندەك بولىدۇ. لېكىن ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوسمان يەنە گومىنداڭ دائىرىلىرىدىنمۇ نەپ ئېلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتىدە «مەن ئۈچ ۋىلايەتتىن قول ئۈزۈشكە بەل باغلىدىم، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن. ھازىر كۆكتوغايغا سوۋېتنىڭ تاش قازىدىغان كانچىلىرى كېلىپ چۈشتى. ھەرىكىتىمنى شۇلار بىلەن تۇتۇش قىلىشتىن باشلىماقچىمەن. ماڭا كۆپ ساندا قورال ـ ياراغ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىڭلار. جۈملىدىن ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىق تەرەپلەردىنمۇ كۆپرەك ئەۋەتىڭلار» دەپ بۇ مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. نېمە ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭغا بۇنداق دەپ خەت يازىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى ئاددىي. ئوسمان گومىنداڭ خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ پەقەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگىلا ئەمەس، پۈتۈن كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ قەتئىي قارشى تۇرغۇچى ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ۋە مول ئىقتىسادىي ياردىمىگە تېزلىكتە ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسماننىڭ سوۋېت كانچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا زادى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇ مەسىلىنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئوسمان بۇ مەسىلىنى قايتا تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئوسمان 1947 ـ يىلى كۈزدە ئالتاينى تولۇق بىر ئاي بېسىۋالغان پەيتلەردە «ۋەتەنپەرۋەر»لىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ سوۋېت كانچىلىرىغا نىسبەتەن بىرەر ھەرىكەت قوللانمايدۇ.

2) «بەيتىك ۋەقەسى» ۋە ئوسمان

ئەمدى بەزىلەرنىڭ ئوسماننىڭ ئاللىقاندان «ۋەتەنپەرۋەر»لىكىگە «پولاتتەك پاكىت» قىلىپ كۆرسەتكەن «بەيتىك ۋەقەسى» توغرىلىق توختىلىشتىن ئىلگىرى شۇ ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتكە نەزەر تاشلاپ ئۆتمەك زۆرۈر. بىزگە مەلۇم، 1947 - يىلى ئەتىياز جياڭ جيېشى «10 - ئۆكتەبىر» كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازاد رايونلارغا قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن چېكىنىپ چىققان، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى ئەل جاھانگىرلىكى بىلەن ئەكسىيەتچىلەر كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى غالجىرانە سىياسىي ھۇجۇمغا ئۆتكەن، شۇنداقلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چەت ئەل جاھانگىرلىرى ۋە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ، «جۇڭگو كومپارتىيىسى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارا قولى، مالىيى» دەپ داۋراڭ كۆتۈرۈۋاتقان، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئازغۇنلار گومىنداڭ خوجايىنلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىت ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەمچۈك ئىزدىگەن بۆرىدەك يورغىلاپ يۈرگەن ئوسمانغا شىنجاڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال سۇڭ شىليەنگە ئوخشاش خېرىدار چىقىپ قالدى. سۇڭ شىليەن ئەپەندىگە بولسا ئوسماندىن پايدىلىنىپ «دۆلەت ئاتىسى»غا خىزمەت كۆرسىتىش ئارقىلىق خوجايىنلىرىدىن سەدىقە ئېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكى تۇغۇلۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ تونۇگۇنلا «ئىت - مۇشۈك» بولۇپ يۈرۈشكەن ئىككى پۇرسەتپەرەس ئەمدى بىرى ئەقىل كۆرسەتكۈچى، يەنە بىرى بەجا كەلتۈرگۈچى بولۇپ، «بەيتىك ۋەقەسى» كومېدىيىسىنى ئورۇنداپ چىقتى.

ئەمدى تېمىغا قايتايلى:

«بەيتىك ۋەقەسى» 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبى، جەريانى ۋە

خاراكتېرى توغرىسىدا بىرنەچچە خىل كۆزقاراش بار.

سوْڭ شىليەن ۋەكىللىكىدىكى قاراشتىكىلەر موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ دۆلەت زېمىنىمىزغا يامان غەرەز، يامان نىيەتتە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىپ كىرىشى تۇپەيـ لىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ خاراكتېرى تاجاۋۇزچىلىق، مەقـ سىتى كېڭەيمىچىلىك، ئوسماننىڭ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قان كېچىپ قارشى چىقىپ، موڭغۇلىيە قوشۇنىنى دۆلىتىمىز چېگرىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىشى ناھايىتى روشەن ۋەـ تەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر «بەيتىك ۋەقەسى» راستىنى ئېيتقاندا ئوسمانلارنىڭ چېگرا ئاتلاپ موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىدـ چىگە كىرىپ باندىتلىق قىلىشى، شۇ ئەل خەلقىنىڭ خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇشىغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى سەۋەب بولغان چېگرىدىكى توقۇنۇش، دەيدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر بۇ ۋەقەنى ئەسلىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر قېتىملىق سىدـ ياسىي كۆرەشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ مەخپىي پىلانلاپ، ئوسمان ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان، پىلاننى بېـ كىتكۈچى سوْڭ شىليەن، پىلاننى تۈتاشتۇرغۇچى ئوسمان، ئەمـ ما ھەر ئىككىسىنىڭ مەقسىتى سۈنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش، دەپ قارايدۇ.

بىزنىڭچە، بىرىنچى قاراشتىكىلەر بىلەن ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىنى دەلىللىسەك، ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئايدىڭلىشىپ كېتىدۇ.

«بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ھەقىقىي سىرى توغرىسىدا پىكىر باـ يان قىلىشقا ھەقلىق بولغان يەنە شۇ گومىنداڭ ئەربابلىرى گەپ قىلسۇن. «بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ھەقىقىي سىرى توغرىسىدا ئەينى زاماندا گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى بولغان لۇ چى 1964 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «ئوسمان ۋە بەيتىك ۋەقەسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە تاشقا مۆھۆر باسقاندەك قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى جياڭجۇن گوبېگە

قاپسىلىپ قالغان ئوسمان ئۆز ئادەملىرىگە سۇڭ شىلىيەننىڭ ئالدىنئالا تۈزۈپ قويغان پىلانى بويىچە، بەيتىك ئېتىكىدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگە قاراشلىق كېچىسى گوفەن تۈەنى بىلەن ماسلىشىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن بەيتىكنىڭ كۈن چىقىش تەرەپ باغرىغا بېرىشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن بولغۇن سازلىقىدىن دەريا بويلاپ شىمالغا قاراپ يۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلماقچى بولدى. مۇشۇ پىلان بويىچە ئوسماننىڭ ئادەملىرى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايلىنىپ مېڭىپ، ئالدىنئالا بەيتىكتە بەلگىلەنگەن توقۇنۇش ئورنىغا كەلدى. ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى چارلاشتا يۈرگەن خەن گوفەن تۈەنىنىڭ ماشىنا لىيەنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ تۇتۇشۇپ قالدۇ. ۋەقە مانا مۇشۇنداق باشلىنىدۇ».

ئەمدى ۋۇ جۈڭشىن دەۋرىدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان جىن شاۋشيەننىڭ «بەيتىك ۋەقەسى» توغرىسىدا نېمە دەپ يازغىنىغا نەزەر ئاغدۇرۇڭ:

«ئوسماننىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىدا تىنچسىزلىق تۇغدۇرۇشىغا ما چىڭشياڭ بەك خۇشال بولدى. ۋەقەنى ئۆزلىرى تۇغدۇرۇپ، جاۋابكارلىقنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئارتىپ، خەلقئارانىڭ نەزەرىنى بىر تەرەپكە بۇراپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئارىلاشتۇرماقچى بولدى. بۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تۈنجۇقتۇرۇشقا پايدىلىق، دەپ قارىدى ··· ئوسماننىڭ قالدۇق قاغا ـ قۇزغۇنلىرىنى قايتا ـ قايتا ئۇرۇشقا ھەيدىۋېتىپ، بۇ يولدا قولغا چۈشكەن بەزى قورال ـ ياراغلارنى ئايرو- پىلان بىلەن نەنجىڭغا ئاپىرىپ، يەردىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك يەر ـ كۆككە پاتماي كەتتى. ئۇلار موڭغۇلىيە دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى تۇتقان قورال ـ ياراغلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياسىغان ۋە تەمىن ئەتكەن، دەپ چۇقان كۆتۈردى. ما چىڭشياڭ قىسىملىرىـ

نىڭ بەيتىك تېغىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن شىنجاڭغا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش يولىدا پايدىلانماقچى بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دەپ گەپ يورغىلاتتى. مانا بۇ شۇ مەزگىلدە ئەك-سىيەتچىلەر ياساپ چىققان (بەيتىك ۋەقەسى)نىڭ ھەقىقىي سىرى».

لېكىن «بەيتىك ۋەقەسى»نى باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ چىققان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ گېنېرالى سۇڭ شىلىيەن «بەيتىك ۋەقەسى» ئارقىلىق موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋە شۇ ئار-قىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش قارا قولى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى گويا يەنە بىر قېتىم «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىنى تۇغدۇرغۇچى قىلىپ كۆرسىتىش، كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش يولىدا بىر قارا قويۇن چىـ-قارماقچى بولۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ، ۋاشىنگتون، لوندون، پارىژ قاتارلىق يەرلەردىكى ئاگېنتلىقلارنىڭ مۇخبىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئوسماننىڭ قېشىغا ئا-پىرىپ «تاۋاپ» قىلدۇردى. ئامال قانچە، «بەك ئېغىر ۋەقە» دەپ بولۇشىچە داۋراڭ سېلىشقان «بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ئۇچقۇنى يال-قۇنلىماي تۇرۇپلا ئۆچۈپ قالدى. چۈنكى چېرچىل «ئېيتىلىپ يۈرگەن بۇ سۆزلەر ئۇنچىۋالا قىزىقارلىق ئەمەس» دەپ ئۆزى ئىقرار قىلىپ سالدى.

قىسقىسى «بەيتىك ۋەقەسى» تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئوسمان تۇرغۇسىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئالغان رولى ۋەتەنپەرۋەر-نىڭ رولى ئەمەس، ئەكسىچە چېگرا ئاتلاپ باندىتلىق بىلەن شۇ-غۇللانغان خەلقئارالىق قاراقچىلىق، خالاس. لېكىن نېمە ئۈچۈن سۇڭ شىلىيەن قاتارلىقلارنىڭ «بەيتىك ۋەقەسى»نى غەربىي شىـ-مالدا بولغان ئىككىنچى بىر «18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دەپ، «ئوسماننىڭ بۇ ۋەقە جەريانىدا ئوينىغان رولى، كۆرسەتكەن خىز-مىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى كان ئاچقۇچىلىرىنىڭ كۆكتوقايدا كان ئې-چىشىغا قارشى چىقىشى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دەل ۋە-

تەنپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى» دەپ چوقان سېلىشىـنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك. بۇ ئوغرىـنىڭ «ئوغرىنى تۇت» دەپ توۋلىغىنىغا ئوخشاش، ۋاقتى كەلگەندە ئوسماننى شىپى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن بارلىق جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا «بەيتىك ۋەقەسى»گە مۇناسىۋەتلىك جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالماي ئۆتۈپ كېتىش. خۇسۇسەن ئۆزلىرىنى ئوسماندەك «ۋەتەنپەرۋەر»نى قوللىغان تەبىئىي «ۋەتەنپەرۋەر»مىز، بولۇپمۇ ۋەتەن يولىدا ساپ نىيەت بىلەن كۈچ چىقىرىپ، ئالاھىدە ئەمگەك سىڭدۈرگەن «دانالار»مىز، دەپ كۆرسىتىش. كاشكى ئوسمان «ۋەتەن»، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن ئاتالغۇنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ قوللىنىپ باققان بولسا! ئۇنىڭ «ئېلىم»، «يېرىم» دېگىنىمۇ شۇ پەقەت كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىن، كەڭرەك چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسىدىن ئاشسا!

**10. خاتىمە**

باندىت ئوسمان ئىسلامغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شېرزىمان بەيتىك تېغى ئەتراپىدا قۇرمانباي قاتارلىق بىر ئوچۇم باندىتلارنى توپلاپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ بەيتىك تېغىدىن تارتىپ ئۈرۈمچى نەنسەنگىچە بولغان ئەتراپتا باندىتلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا چىڭخەي، گەنسۇ ئەتراپلىرىدا مەغلۇپ بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن باندىتلار بىرلەپ ئىككىلەپ كېلىپ قوشۇلىدۇ، 1952 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئادەم سانى خېلىلا كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە گۇچۇڭ، جىمسار ناھىيىلىرى ۋە ئۈرۈمچى نەنسەندىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ.

1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھەربىي رايون 17 ليەن 1138 ئەسكەر ئاجرىتىپ ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر تارماق ئەترىتى تەشكىل-

لەپ، باندىت تازىلاش كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىنىڭ باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرى بىلەن باندىتلار ئوتتۇرىسىدا 30 نەچچە قېتىم چوڭ ـ كىچىك جەڭ بولىدۇ، بۇ جەڭلەردە 223 باندىت ئۆلىدۇ ۋە يارىلىنىدۇ، 132 باندىت تەسلىم بولىدۇ، 1759 چارۋىچى ئامما ئازاد قىلىنىدۇ. ھەربىي جەھەتتە زەربە بېرىش، سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈش ۋە يېتىم قالدۇرۇش نەتىجىسىدە شېرزىمان 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولىدۇ.

ئوسماننىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى شىريازدان ئالتاي خەلقىنىڭ 1940 ـ يىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ قايىرتىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولىدۇ؛ يەنە شۇ ئايالىدىن بولغان ئوغلى بايدۇللا، كارىي بىلەن قىزى كابىرانى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چاناپ ۋە تىرىك قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. 2 ـ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ساپىيا ئىسىملىك قىزىمۇ تىرىك پېتى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. پانسىيا دېگەن قىزى شىڭ شىسەينىڭ كۆكتوقايدىكى ھۆكۈمەت ئورنى تەرىپىدىن ئوسمانغا خىزمەتكە ئىشلەشكە ئەۋەتىلىپ شۇ پېتى دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قېلىپ ھايات قالىدۇ. ئوغۇللىرىدىن شېرزىمان، نىغمەتۇللا، نەبىلەر 1941 ـ يىلىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئوسمان 1951 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چىڭخەي بىلەن گەنسۇ ئارىلىقىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن تۇتۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ كونا ھەمراھلىرىنى توپلاپ شېرزىمان باشچىلىقىدا بەيتىك تېغىدىن ئۇرۇمچى نەنسەنگىچە بولغان دائىرىدە بىر مەزگىل باندىتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پارتىيىمىز سىياسىي خىزمەت ئىشلەشى نەتىجىسىدە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ. ئۇلاردىن شېرزىمان 1970 ـ يىلى تۈرمىدە ئۆلدى، نىغمەتۇللا 1972 ـ يە-

لى كېسەل بىلەن ئۆلدى، نەبى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كۇرتى يېزىسىدا ياشاۋاتىدۇ. 3 ـ قېتىم تۇل ئالغان خوتۇنى بايانىدىن تۇغۇلغان ئاماق ئىسىملىك ئوغلىمۇ ھازىر كۇرتى يېزىسىدا ياشاۋاتىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

2. «كۆكتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، كۆكتوقاي ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

3. «چىڭگىل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، چىڭگىل ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

4. «بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 7 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

5. بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 ـ يىلى 5 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

6. «بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە)، «بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، «بۈگۈنكى جۇڭگو» نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 7 ـ ئاي، بېيجىڭ، 1 ـ نەشرى.

7. «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»نى يېزىش ھەيئىتى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي، بېيجىڭ، 1 ـ نەشرى.

8. «شىنجاڭدا باندىت تازىلاش خاتىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، جاڭ يۇشى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 5 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

9. ساۋدانوف زاھىر: «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە)، ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 2 ـ ئاي، بېيجىڭ، 1 ـ نەشرى.

10. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 25 ـ، 29 ـ سان-لىرى، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

11. پاتىخان سۇگۇربايوف: «ئالتاي كۈرەشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاي، قازاقچە، 1 ـ نەشرى.

12. «تارىخي ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار» مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخي ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزگەن، خەنزۇچە نەشرى، 118 ـ بەت.

# قوراللىق ھەمشىرە پاتىمە

ھەسەن نۇر ھاجى بولۇس

1944 - يىلى كۈزدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېزلىك بىلەن كېڭەيدى، غۇلجا شەھىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىندى، پارتىزانلار ئەترەتلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاسارىتىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلدى.

شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى چىلپەڭزە (قورغاس) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىزانلاردىن بىر قىسمى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىگىلەپ ياتقان سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مەنسۇر لومىيېف (خۇيزۇ) كوماندىرلىقىدىكى خۇيزۇ ئەترىتى ئەنە شۇ پارتىزانلار قاتارىدا ئىدى.

12 - ئاينىڭ باشلىرى، ئەتىگەن سائەت يەتتە مەزگىلى ئىدى. پارتىزانلار ئەترەت شتابىدا كوماندىر مەنسۇر لومىيېفنىڭ جەڭ توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلاۋاتاتتى. قاراۋۇل ئىشىكنى چەكتى، ئۇ رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن كىرىپ:

— ھۆرمەتلىك كوماندىر، بىر موماي سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى، — دېدى. كوماندىر دەرھال قورۇغا چىقتى. ئۇ چاچلىرى ئاقارغان، ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك 70 ياشلاردىكى تاتار مومايىنى كۆردى - دە، ئۇڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ ھەربىيچە سالام بەردى.

— كوماندىر، — دېدى ئاق چاچ ئانا مەنسۇر لومىيېفنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قىزىم پاتىمەنى جەڭگە ئاتاپ سىزگە ئەكەلدىم، پاتىمە 16 ياشقا توشتى، ئۇ ئېزىلگەن خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، ئاكىسى رەخىمجاننىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرسۇن، قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن!

كوماندىر بۇ مومايىنى ياخشى تونۇيتتى.

— ئانا، — دېدى ئۇ، — سىز بولسىڭىز يالغۇز، قىزىڭىز سىز بىلەن تۇرسۇن، — دېدى. موماي بوش كەلمەي:

— مەن يالغۇز ئەمەس، خەلق بار، كەنجەمنى قوبۇل قىلىڭ! — دەپ تۇرۇۋالدى.

— ماقۇل، — دېدى كوماندىر ئاخىرى، — پاتىمەنى قوبۇل قىلايلى. ئانا، سىز يالغۇز قىزىڭىزنى ئەترىتىمىزگە تەقدىم قىلدىڭىز. سىزدەك ئاتا - ئانىلار بولغاندىلا، خەلق ئىنقىلابى غەلىبە قىلىدۇ، زۇلۇمدىن قۇتۇلىمىز!

كوماندىر تاتار ئانىنىڭ خەلقنىڭ ئازادلىقى يولىدا بارلىقىنى بېغىشلىغان بۇ ئالىيجاناپ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ قۇچىقىدىنى يېيىپ موماي بىلەن قىزنى چىڭ قۇچاقلىدى ۋە يېنىدىكى كانىۋيىدىن ئاپتوماتنى ئېلىپ پاتىمەگە بەردى - دە:

— پاتىمە، سىز بۈگۈندىن باشلاپ قوراللىق پارتىزان قىز بولدىڭىز، — دېدى. پاتىمە ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ، كەينى - كەينىدىن سۆيدى. بۇ، پاتىمەنىڭ خەلققە بەرگەن قەسىمى ئىدى. بۇ تەسىرلىك مەنزىرە بۇ يەردىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى چەكسىز ھاياجانغا چۆمدۈردى. قورۇ ئىچىدە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى:

— باتۇرلارچە قۇربان بولغان سەپدىشىمىز رەخىمجاننىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمىز!

— ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشقا جېنىمىز پىدا!

— ئاۋۇستاي ئانىغا رەھمەت!

رەخىمجان پاتىمەنىڭ يالغۇز ئاكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ دۈشمەن

ئوقىدا قۇربان بولغىنىغا تېخى بىر ئايمۇ بولمىغانىدى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غۇلجىدا قامىلىپ قالغان قىسىملىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدىن قوشۇن ئەۋەتتى، بۇ قوشۇن ئىككى بىرونىۋىكنىڭ ھىمايىسىدە كەڭسايغا كېلىپ، بۇ يەردىكى لېسكىن پارتىزان ئەترىتىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. باشقا ئەترەتلەر قاتارىدا مەنسۇر لوميېفنىڭ خۇيزۇ ئەترىتىمۇ بىر ئىزۋوت (30 ئادەم)نى كەڭسايغا ياردەمگە ئەۋەتتى. رەخىمجان بۇ ئىزۋوتنىڭ غوللۇق جەڭچىسى ئىدى، ئۇ شۇ قېتىمقى جەڭدە ئىككى سەپدىشى بىلەن بىللە دۈشمەن ئوقىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

پاتىمە سۇيدۇڭ دوختۇرخانىسىدا ئۈچ كۈن يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىش، دورا يەڭگۈشلەش، جىددىي قۇتقۇزۇش تەربىيىسىنى ئالدى، ئاندىن كېيىن ئاپتوماتنى قولىغا تۇتقان، دورا سۇمكىسىنى مۈرىسىگە ئاسقان ھالدا پارتىزانلار بىلەن بىللە نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتى.

دۈشمەن سۇيدۇڭ سېپىلى ئىچىدە قاتتىق مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغانىدى. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى سۇيدۇڭنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىش كۈنىنى، ئەترەتلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش لىنىيىلىرىنى بېكىتتى، خۇيزۇ ئەترەت شەرق تەرەپتىن لەڭگەرگە، مۇگۇتنوف ئەترىتى غەرب تەرەپتىن، باشقا ئەترەتلەر كۆرە دەرۋازا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېچە سائەت 12 دە تاغ لەڭزىدىن ئېتىلغان بۇيرۇق بەلگە ئوقى ئاسماندا پەيدا بولۇشى بىلەن كەڭساي تاشيول ئىشچىسى، كەڭساي پارتىزان ئەترىتىنىڭ پارتىزانى ھاكىمجان (لوسگۇڭلۇق) پارتلاتقۇچ پىلتىگە ئوق ياقتى، لەڭگەر سېپىلىنىڭ پارتلاش ئاۋازى سۇيدۇڭنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. پارتىزانلار كوماندىرلارنىڭ «ئالغا! ئالغا!» دېگەن كوماندىسى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى.

پارتىزانلار ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان شوتىلارنى سېپىلغا

قويۇپ، سىپىلغا ياماشتى. 1 ـ بولۇپ ياش پارتىزان خەنلۇر سىپىلغا يامىشىپ چىقىشى بىلەن دۈشمەننىڭ پىلىموت ئوقىدا يەرگە يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن پاتىمە دۈشمەنگە ئېتىۋاتقان ئاپتوماتنى ئېتىشتىن توختىتىپ، بوينىغا ئاستى ـ دە، دورا سومكىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ياربدارنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. ئۇ سىپىل ئۈستىدىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا پىسەنت قىلماي، خەنلۇرنىڭ جاراھىتىنى تاڭدى ـ دە، ھەمدەمچى خەلق قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ ئارقا سەپكە قايتۇردى.

جەڭ شىددەتلىك بولۇپ، دۈشمەن مۇداپىئەدە بولغانلىقى ئۈچۈن غالجىرانە ئېلىشتى، ھۇجۇمچى قوشۇن پاناھسىز ئورۇندا بولغانلىقى ئۈچۈن جىق چىقىم تارتتى. ئۇرۇش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى، پاتىمەنىڭ ۋەزىپىسى شۇنچە ئېغىرلاشتى. پاتىمە بىر تەرەپتىن، دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ياربدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىپ ئالغا ماڭغۇزاتتى، ئۆلگەنلەر ۋە ئېغىر ياربدارلارنى ۋاقتىدا ئارقىغا قايتۇراتتى. قەھرىمان پارتىزانلار ۋە خەلق توپى بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، سىپىل ئۈستىدىكى دۈشمەننى سۈرۈپ، غەلىبىسېرى سىپىل ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

پارتىزانلار ئاندىن قارىغاي بۇتخانىغا ھۇجۇم باشلىدى، پاتىمەمۇ ئاپتوماتىنى سايرىتىپ، بۇ ھۇجۇمغا قاتناشتى ۋە ياربدارلارنى داۋالىدى. ئۇ توپلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن خەلق ئاممىسىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇنۇپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئورۇنسىز چىقىمنىڭ ئالدىنى ئالدى. شەرقىي دەرۋازا ئالدىدا باگى بەييوزا ياربلاندى، پاتىمە ئۇنىڭ يېنىغا ئۈچقاندەك بېرىپ، يارىسىنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئەمما دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقى ئۇنىڭ ياربدارنى داۋالىشىغا ئىمكان بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يوغان ياربدارنى سۆرەپ ماڭدى. دۈشمەننىڭ ئوق ياغدۇرۇشى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ نائىلاج ياربدارنىڭ يېنىدا ئۆلگەن ھالەتتە يېتىۋالدى. دۈشمەن پاتىمەنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ

پىلىموتنى باشقا تەرەپكە قاراتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۇ باتۇر قىز باگىنى مىلىك تەسلىكتە تام تۆۋىگە ئەكىلىپ، يارىسىنى تېڭىشقا كىرىشتى.

— باگى ئاكا، — دېدى ئۇ تەسەللىي بېرىپ، — ياخشى بو-لۇپ قالىسىز.

باگىنىڭ يارىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ئۇ ئەشۇ ھالەتتە:

— رەھمەت سىزگە، باتۇر سىڭلىم، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، ئىن-قىلاب سىزگە مۇھتاج، — دېدى - دە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى.

پاتىمە باگىنىڭ جەسىتىنى ئارقا سەپكە قايتۇردى، ئۇنىڭ مىلتىقىنى قورالسىز بىر ياشقا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قا-رىغاي بۇتخانىغا ھېسسىپ كىردى.

پارتىزانلار شەنگەن يامۇلغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، قورو ئىچىدىن تاشلانغان بىر پارتلاتقۇچ دەرۋازا ئالدىدا پارتلاپ، ئىزۋوت كوماندىرى بەيشىزا يارىلاندى. بۇ يەردە دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچى توپلانغان بولۇپ، جەڭ كەسكىن داۋام قىلىۋاتاتتى. پاتىمە كوماندىرنىڭ يېنىدا شۇ ھامان ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ يارىلانغان ئوڭ بىلىكىنى تاڭدى. كوماندىر بەيشىزا بىلەن پاتىمە قوراللىرنى سايراتقىنىچە خەلق توپىنى باشلاپ شەنگەن يامۇلغا بېسىپ كىردى. ئۇلار بۇ يەردە «ئالتە ئوغرى» دېگەن بەدنام بىلەن قامال-غان بىرنەچچە يۈز كىشىنى ئازاد قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇت - قولىغا كىشەن - كويزا سېلىنغان ئايىنابېك (قازاق) ئاقساقالمۇ بار ئىدى. قەتەن (قازاق) كىشەن - كويزىلارنى چاقتى، پاتىمە ئايىنابېكنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، مەخسۇس كىشى ئارقىلىق شتابقا ئەۋەتتى.

بۇ قورۇ ئىچىدە 30 قىز ئوقۇغۇچى سولىنىپ قالغانىكەن. جاسۇس گۇخەيچاڭ بۇ قىزلارنى «قوغداش» نامى بىلەن يىغىۋې-لىپ، دۈشمەن ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلغان ۋە ئۇلار سولاپ قويۇلغان ئۆينىڭ سىرتىغا كىر-سىن چېچىپ ئوت قويۇپ، ئۆزى كۆرەگە قېچىپ كەتكەن. پاتىمە

ئامان قالغان قىزلارنى سىپىل ئىچىدىن يىغىۋېلىنغان 2000 دىن ئارتۇق يۇقىرا بىلەن بىرلىكتە ئاشلىق ئىدارە قورۇسىغا يىد-غىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

سۇيدۇڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ئەترىتى تەر-تىپكە سېلىندى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مەنسۇر لومىيېف ئەترىتى ئىززۇوتلارغا بۆلۈنۈپ، بۆيرۇققا بىنائەن غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. غۇلجىدا مەنسۇر لومىيېف كوماندىرلىقىدا خۇيزۇ ئەترەت قۇرۇلدى. ئەترەت كونا بانكا قوروسىغا (ھازىرقى شەھەرلىك جا-مائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا) ئورۇنلاشتى.

بۇ چاغدا غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىپ بولغان بىلەن شە-ھەر ئەتراپىدىكى ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسى (گۇيۋاڭمياۋ) گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ جايلار-نى ئازاد قىلىش يولىدا نۇرغۇن شىددەتلىك جەڭلەر بولدى، نۇر-غۇن قىز ـ ئوغۇللار ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلدى. باتۇر تاتار قى-زى پاتىمە بۇ قۇربانلارنىڭ كۆپىنىڭ ئوچۇق كەتكەن كۆزىنى ئۆز قولى بىلەن يۇمدۇردى.

لەڭشاڭ ئۇرۇشىدا پاتىمە مەنسۇر قاتارلىق ئالتە كوماندىر-نىڭ يارىسىنى ۋاقتىدا تېڭىپ داۋالاپ، ئۇلارغا جەڭگە داۋاملىق قوماندانلىق قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى لەڭشاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن قاچقان دۈش-مەن بايكۆل ئارقىلىق ھەيرانباغقا كىرىۋالدى. پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇم نىشانى ھەيرانباغ بىلەن ئايرودرومغا مەركەزلەشتى.

مەنسۇر لومىيېف ئەترىتى ھەيرانباغ چوڭ كوچىدىن «ئال-تۇنلۇق» گۇمبىزىگىچە بولغان ئارىلىقتا مۇداپىئەدە تۇردى. بۇ يەرنىڭ دۈشمەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 300 مېترچە كېلەتتى. شۇڭا سەللا بىخوتلۇق قىلىنسا، دۈشمەن لىنىيىنى بەش مىنۇت-تىلا تارتىۋالاتتى. پارتىزانلار كۈندۈزى نۆۋەت بىلەن ھەربىي مەشق قىلاتتى، ھەر خىل قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، ھەربىي تەلىم ئالاتتى، قاراۋۇللۇقنى كۈچەيتىپ، دۈشمەننىڭ

ئەھۋالىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇراتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە كوماندىر مەنسۇر لومىيېف كانىۋىيى ۋە بىر قىسىم كوماندىرلار بىلەن پوستلارنى تەكشۈرۈشكە چىقتى، پاتىمە ئۇلار بىللە چىقتى. ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئاساسلىق پوست «ئالتۇنلۇق» گۈمبىزىدە بولۇپ، «ئىم 42» گېرمانىسكى پىلىموت ئورنىتىلغانىدى. مەنسۇر لومىيېف پىلىموتچى مۇقاش ئىسمائىل (قىرغىز)دىن كېچىلىك ئەھۋالنى سوراپ بولۇشىغا، دۈشمەن ئايروپىلانى ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە ئۈرۈمچىدىن ئۇچۇپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرى ئاسمىنىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ پاراشوت تاشلاشقا باشلىدى. ھەيرانباغقا تاشلانغان سەككىز پاراشوتنىڭ تۆتى ھەيرانباغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سازلىققا چۈشتى. كوماندىرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قەتەن ئىككى جەڭچىنى ئېلىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوق ـ دورا، نەرسە ـ كېرەك قاچىلانغان پاراشوتلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە ماڭدى. ئۇلار مازارنىڭ شىمالىي تەرىپى ئارقىلىق چىغىر يولنى بېسىپ پاراشوت چۈشكەن جايغا بېرىپ، پاراشوتتىكى يەشىكلەرنى ئاجرىتىپ ئېلىپ مېڭىشىغا، دۈشمەن گەزەرمە ئىچىدىن بىر ئوتدىلىبىنىيە ئەسكەر چىقاردى. ئىككى تەرەپ بىر قەپەس ئېلىشتى، قەتەن يەشىكتىن بىرنى مازار ئاستىغا ئېلىپ كەلدى. ئىككى مىنۇت ئېلىشىش داۋامىدا دۈشمەننىڭ ئىككى ئەسكىرى يەر چىشلىدى، ئىككى جەڭچىمىز قۇربان بولدى. قەتەن دۈشمەن ئوت نۇقتىلىرىنى ئوققا تۇتۇپ، دۈشمەننى تىنچىتتى ـ دە، 2 ـ يەشىكنى ئېلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلاندى، ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى قورسىقىدىن تېشىغا چىقىپ قالغانىدى. كوماندىر پاتىمەنى چاقىرغاندا، ئۇ ئاللىقاچان ئىككى جەڭچىنىڭ جەسىتىنى مازار تۆۋنگە ئەكىلىپ بولۇپ، قەتەننىڭ يېنىدا بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئاق جۇۋا كەيگەن، ئاپتوماتى قولىدا، دورا سومكىسى

بويندا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرگەن پاتىمەنى ئەتراپتىكى ھەممەيلەن كۆرۈپ تۇراتتى. كوماندىر مۇقاشقا تۆت جەڭچى بىلەن بىللە قەتەن، پاتىمەنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن پەخىردىننى ئىككى ئادەمى بىلەن ياردار، قۇربانلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مۇقاشنىڭ ئىستانكىۋوي پىلىموتىدىن ئېتىلغان ئوق دۇشمەن پىلىموتىنىڭ ئاۋازىنى باستى. شۇ ئارىدا پەخىردىن، ئىبلا، ئىدرىلار پاتىمەنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. پاتىمە ئۇلارنى قەتەننى ئارقىغا يۆتكەشكە بۇيرۇدى، ئۇلار قەتەننى ئېلىپ مېڭىشىغا، پاتىمە ئۆزىنىڭ ۋە قەتەننىڭ ئاپتوماتىدىن ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى قوغدىدى. پاتىمە ئاندىن مۇقاش تۇرغان جايغا قاراپ ماڭدى. مۇقاش تۇرغان جايغا 100 مېتىر ئارىلىق قالغاندا، دۇشمەن پىلىموتى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. پاتىمە «كەل نىجىسلار، نوچى بولساڭ!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاپتوماتتىن دۇشمەن پوتىيىگە ئوق ياغدۇردى. دۇشمەننىڭ رەھىمسىز ئوقى بۇ باتۇر تاتار قىزىنى جەڭ مەيدانىدىن، جەڭگىۋار سەپداشلىرىدىن، بىر قىش ھەمراھ بولغان ئاپتومات ۋە دورا سومكىسىدىن ئايرىدى. پاتىمەنى قوغدىغىلى كەلگەن تايىم جۇپ باغلانغان قول بومبىنى دۇشمەن پوتىيىنىڭ كۆزىگە ئېتىپ، پوتەينى پارتلىتىۋەتتى.

بۇ جەڭدە دۇشمەننىڭ 12 ئەسكىرى يوقىتىلدى، بىر پىلىموت، تۆت يەشىك ئوق ـ دورا غەنىيمەت ئېلىندى. پارتىزانلاردىن قەتەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قۇربان بولدى، يەنە تۆت جەڭچى قۇربان بولدى. قوماندانلىق شتابىغا قەتەن، پاتىمەلەرنى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر قاتارىدا ئەنگە ئېلىش توغرىسىدا دوكلات سۇنۇلدى.

پاتىمەنىڭ قەبرىسىگە بېكىتىلگەن تاختىغا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «باتۇر قىز پاتىمەگە:

روھىڭ مەڭگۈ بولسۇن شات،
ياتقان يېرىڭ بولسۇن جەننەت.
خەلق ئۈمىدىنى ئاقلىدىڭ،
ئەمدى ئارام ئېلىپ يات!»

قوراللىق ھەمشىرە باتۇر تاتار قىزى پاتىمە ئىلى خەلقىنىڭ ۋە ھايات قالغان بارلىق سەپداشلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈرەشچان ئوغلى ئۇيغۇر سايرانى

## ماھنۇر قاسىم

مەن ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن 1946 ـ يىلى تونۇش- قان. بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ۋە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە قول قويۇپ، بىتىم ئا- ساسىدا شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن غۇل- جىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى، ئۇ دائىم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىردەم ئۇيغۇر تىلىدا، بىردەم رۇس تىلىدا سۆزلىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئاپىسى زەينەپ خانىم بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. چاي ئىچىپ ئولتۇ- رۇپ ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ:

— ئەخمەت ئەپەندىم، ئوغلۇمنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشقا ياردەم قىلغان بولسىڭىز، ئوغلۇم ئىنساپلىق، ئاقكۆڭۈل، ئوقۇ- مۇشلۇق يىگىت بولۇپ يېتىشتى، مېنىڭ كۆڭلۈمگە قاراپ ئۆزد- نىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە ئېغىز ئاچالمايۋاتىدۇ، مەن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، سىزگە كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى قىلغىلى كەل- دىم، ئاكامنىڭ قىزى سۇيۇمنى كېلىن قىلىۋالغۇم بار ئىدى، بىراق، ئاكام بۇرھانغا ئېغىز ئاچالمايۋاتىمەن، سىز مېنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى ئاكامغا دەپ باققان بولسىڭىز؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان بۇ ۋەزىپىنى قىزغىنلىق بى- لەن ئۈستىگە ئالدى. ئەخمەتجان زەينەپ ھەدىنىڭ پىكرىنى بۇر-

ھان ئەپەندىمگە دېگەنىكەن، بۇرھان ئەپەندىم بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تويىنى 1947 - يىلى 3 -، 4 - ئايلاردا قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشنى ئېيتىپتۇ.

بۇ كېلىشكەن يىگىت ئۆزىنىڭ تەمكىنلىكى بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش روھى ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلاتتى. بىر كۈنى مەن ئەخمەتجاندىن:

— بۇ يىگىت نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ شۇنچىلىك بىلىملىكمۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئەخمەتجان:

— بۇ يىگىت ئەسلى تۇرپان ئاستانىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن، — دەپلا قويدى. مېنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلگۈم كەلدى، چۈنكى سوۋېتتا ئوقۇغان، موسكۋادا تۇرغان دېگەن سۆزلەرگە ھەيران قالغانىدىم. كېيىن ئاڭلىسام ئۇيغۇر سايرانى 1918 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇرپاندا تۇغۇلۇپ، 1927 - يىلى 9 - ئايدىن 1931 - يىلى 7 - ئايغىچە تۇرپان ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە چۆچەكتىكى مەكتەپتە، 1931 - يىلى 7 - ئايدىن 1934 - يىلى 12 - ئايغىچە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەكتەپ ۋە رۇس گىمنازىيىسى (رۇسچە ئوتتۇرا مەكتەپ) دە، 1934 - يىلى 12 - ئايدىن 1938 - يىلى 7 - ئايغىچە موسكۋادىكى 273 - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر سايرانى شۇ دەۋردە قانداق قىلىپ موسكۋاغا بېرىپ قالىدۇ؟

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى مۇقىمسىزلىق بىر قەدەر پەسىيىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن كادىرلارغا ئېھتىياجلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان قىزغىنلىقىنىڭ ئۆرتكىسىدە بۇ مەسىلىگە جىددىي قارىماسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر يىلى 100 ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ

بېرىشكە قوشۇلدى، بۇنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىندى. بۇ ۋاقىتلاردا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەزىيىتى تىنچ ئەمەس، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشلىرى جىددىي ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنئەندىن چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى ئېنىق ئىدى. ھۆكۈمەتكە خەلق ئىچىدىن 20 ~ 30 ياشقىچە بولغان ياشلار ئىچىدىن 100 ئوقۇغۇچىنى تاللاش تەسكە چۈشۈپ، شەرتكە توشىدىغان ئوقۇغۇچىلار چىقمىغاچقا، ئۇلار ياش چەكلىمىسىنى كىچىكلىتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا شۇ چاغدىلا ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئۇيغۇر سايرانىنىڭ شەرتى توشۇپ موسكۋادا تۆت يىل ئوقۇپ، شۇ ۋاقىتتا نىسبەتەن يۇقىرى بىلىملىك كىشى بولۇپ يېتىشكەن.

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈش توختاتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئىبوبۇلخەيرى تۆرىلەر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇش سەۋەبىدىن غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بارلار «ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە ماڭىدىكەن» دېگەننى ئاڭلاپ، خەت ـ خالتىلارنى ئېلىپ كېلىپ ئەخمەتجانغا بەردى. ۋەكىللەر 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇيغۇر سايرانى بىلەن ئۇچراشتى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن بۇرۇن غۇلجىدا ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىدە تۇرغان سۇڭ فۇسېڭ دېگەن كىشى

شۇ كۈنى نەنلياڭدىكى بۇرۇنقى رۇس كۇلۇبىدا ئېچىلغان بىر يىغىندىن چىقىپ، ئۆزىگە بۇرۇندىن تونۇش بولغان ئۇيغۇر سايرانىغا خۇددى بىر مەخپىي ئىشنى دەيدىغان قىياپەتتە:

— غۇلجىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋەكىللەر كەپتۇ، بىللە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى، — دەپتۇ. ئۇيغۇر سايرانى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىككىسى ۋەكىللەر تۇرغان جايغا كېلىپ، ئەخمەتجانلار بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپتۇ. پاراڭدىن كېيىن ئەخمەتجان ئۇيغۇر سايرانىغا غۇلجىدىن ئېلىپ كەلگەن خەت - خالتىلارنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ. خەتلەر ئارىسىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئۇيغۇر سايرانىغا يازغان بىر پارچە خېتىمۇ بار ئىكەن. ئۇيغۇر سايرانى ھېچقانداق ئەندىشە قىلمايلا خەت - خالتىلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر سايرانى ئىنقىلابىي كۈچلەر تەرەپتە قەتئىي تەۋرەنمەي تۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر سايرانى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا مەيدانى مۇستەھكەم، ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان، دۈشمەنگە بولغان غەزىپى كۈچلۈك، زەربە بېرىشكە ماھىر كىشى ئىدى.

بىز ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كەلگەن چاغدا گەرچە ئۇرۇمچىدە ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغان، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ پروگراممىسى ئېلان قىلىنغان، پۈتۈن شىنجاڭدا باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە تىنچلىق ئورنىتىلىدۇ، بۇنى ئىجرا قىلىغاندا خۇشاللىق ئىشلار بولىدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ تەرەپ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن دېموكراتىيىنى بوغۇش، ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇش، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق خەلققە تىنچ، خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتى بەرمىدى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى ئىنقىلابىي كۈچلەر تەرەپتە تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن چىڭ تۇرۇپ، قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىـ-

لىشتىن قورقماي، «شىنجاڭ گېزىتى» دىن ئىبارەت بۇ تەشۋىقات قورالىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ مەيدانىنى نامايان قىلدى.

بىتىمدىن كېيىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىتىمنىڭ 1 ـ ماددىسىدىكى «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ... ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى خەلق ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ ناھىيىلىك كېڭەشنى قۇرىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە بىنائەن، سايلام خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشقا كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال مەخسۇس سايلام نىزامنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شۇڭا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت سايلامنى يولغا قويۇش، بىتىمنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن 10 ۋىلايەتكە سايلام نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى قارار قىلىپ، بۇ گۇرۇپپىلارغا ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرىنى، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى مەسئۇل قىلدى. شۇنداق مۇشكۇل ۋەزىيەتنى زىممىسىگە ئالغان 10 گۇرۇپپىنىڭ بىرى بولغان قومۇل گۇرۇپپىسىغا ئۇيغۇر سايرانى مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ گۇرۇپپىلار ئۆز جايلىرىغا بېرىپ، بۇ خىزمەتنى ئىشلەپ، خەلق ئىچىدە دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈشنى باشلىۋەتكەندە گومىنداڭ تەرەپ قومۇلغا يولۋاسنى، باشقا ۋىلايەتلەرگە ئۆزلىرىگە مايىل ئادەملەرنى ۋالىي قىلىپ قويۇشقا تەييارلىنىپ، دېموكراتىك سايلامنى بۇزۇشقا ئاشكارا كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن سايلام گۇرۇپپىلىرى ئوڭۇشسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن تىنچلىق ۋەزىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۆلكە مىقياسىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت قۇ-

رۇلتىيى ئاچماقچى بولدى. شىنجاڭدىن بارىدىغان ۋەكىللەر قاتا-رىدا ئۇيغۇرسايرانىمۇ نامزاتلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ۋەكىللەر قۇ-رۇلتايغا مېڭىش ئالدىدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئوڭچى گۇرۇھى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر نەنجىڭغا قۇرۇلتايغا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تىنچلىقتا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ بۇ رەزىل پىلانىنى بىلىپ قالدى. مۇشۇنداق ھالەتتە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش، دۈشمەن كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم پىشقان، تەجرى-بىلىك، بىلىملىك كىشىلەر بولۇشى كېرەك دەپ قاراپ، ئۇيغۇر سايرانىنى «شىنجاڭ گېزىتى» نى تەشۋىقات بازىسى قىلىپ دۈش-مەن بىلەن بولغان كۈرەشتە چىڭ تۇرۇشقا تاللىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇ ئىشنى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ ما-قۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر سايرانىنى مەقسەت-لىك ھالدا ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇپ كەتتى. بۇنى بىلگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھى ئۇيغۇر سايرانغا سۇيىقەست ئىشلەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتى. ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇنى بۇ ئورۇندىن بوشىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. لېكىن ئىنقىلابىي كۈچلەر ئۇنىڭغا بوي بەرمەي ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇي-غۇر سايرانىنى قوغداپ، ئۇنىڭ ئۆز جايىدا مەھكەم تۇرۇشىغا مە-دەت بەردى.

ۋەكىللەر دۆلەت قۇرۇلتىيى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۈرۈم-چىگە قايتىپ كېلىپ، 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ دۆلەت قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھۋالىنى خەلققە يەتكۈزدى، بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلدى ۋە بىتىمنى بۇزىدىغانلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلدى. بىراق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پىلانلىغان «21 ـ فېۋرال»، «24 ـ فېۋرال»، «25 ـ فېۋرال» ۋەقەلىرى ۋە «5 ـ مارت» ۋەقەسى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ ئادەم ئۆلۈش، يارى-لىنىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. دەل مۇشۇنداق بوران ـ چاپقۇن

ئىچىدە، يەنى 1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇيغۇر سايرانى بىلەن بۇرھان شەھىدىنىڭ قىزى سۆيۈمنىڭ توپى بولدى.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى:

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۆيۈقسىز شىنجاڭ ئۆلكىسىگە مەس-ئۇت سەبرىنى رەئىس بولىدۇ، دەپ ھۆججەت چۈشۈرۈپ، غەربىي بىنادا مەسئۇتنىڭ «تەخت»كە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈز-دى. بۇ مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئاقفوۋۇق (نەنمېن) نىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا چوڭ ئاممىۋى يىغىن ئېچىلدى، يىغىنغا قاتناشقان خەلق «تىنچلىق، دېموكراتىيە ئۈ-چۈن كۈرەش قىلايلى» دەپ شوئار توۋلاپ، گومىنداڭنىڭ بۇ ئى-شىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

شۇ كۈنى كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە باشقا ئىلغار كۈچلەر قاتناشقان يىغىن ئېچىلدى. بۇ يىغىندا شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىنغا قاتناش-قانلار ئىچىدە ئۇيغۇر سايرانمۇ بار ئىدى، ئۇ ئۆزى قىلىشقا تې-گىشلىك ئىشلارنى دادىل ئۈستىگە ئالدى. 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈ-نى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈ-چۈن جايلاردىن كەلگەن ھەيئەتلەر 28 ـ كۈنى غەربىي زالدا ئۆت-كۈزۈلىدىغان يىغىنغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، رەئىس جاڭ جىجۇڭ-غا ئوچۇق خەت يازدى. بۇ ئوچۇق خەتنى يېزىش ۋە گېزىتتە ئېلان قىلىشتا ئۇيغۇر سايرانىنىڭ رولى چوڭ بولدى، ئۇ گېزىتخانى-نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ خەتنى ئوچۇق ئېلان قىلىشقا قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن كۈرەش قىلىپ گېزىتتە ئېلان قىلدى. كۈ-رەشنىڭ مۇشۇنداق كەسكىن بولۇشى دۈشمەننىڭ ئۇيغۇر سايرا-نىغا بولغان سۈيىقەستلىرىنى كۈچەيتمۇەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆ-كۈمىتى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى غۇلجىغا قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سايرانى 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىر ـ لىرىدا بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي ئىلغار كۈچلەر بىلەن غۇلجىغا كەتتى.

ئۇ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىـ قى ۋە باش مۇھەررىرى، 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭدا تىنچـ لىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئىتتىپاق قارىمىقىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ مەسـ ئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى.

ئۇيغۇر سايرانىنىڭ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن قىلغان ئىشـ لىرىدىن بىلىدىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

1947 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخـ مەتجانغا 2 ـ قېتىم خەت يازدى. بۇنداق خەت ـ ئالاقىلەرنى ئۇيـ غۇرچىغا تەرجىمە قىلىش «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدىكى ئابدۇـ رېشىت ئىمىنوف بىلەن ئۇيغۇر سايرانىنىڭ قولىدىن كېلەتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر سايرانى ئاساسىي كۈچلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەخـ مەتجان ئاغرىپ ياتقان چاغلىرىدىمۇ ئۇيغۇر سايرانىنى چاقىرىپ كېلىپ تەشۋىقات سىستېمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئورـ ۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇيغۇر سايرانى يوشۇرۇن ھالدا ئۈرۈمچىدىكى نۇسرەت شەھىدى بىلەن ئالاقە باغلاپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» ھەققىدىـ كى كىچىك بىر كىتابچىسىنى ئالدۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ، مىللـ ىي ئارمىيىنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلغانىدى. كېيىن يەنە ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئالدۇـ رۇپ ئۇنى ئەخمەتجانغا ئەكىلىپ بەرگەن ئەھۋالنى ئەخمەتجان خاـ تىرىسىگە يېزىپ قويغانىدى.

بىتىم بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قانداق قوغداپ قېلىش مۇھىم مەسىلىگە

ئايلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان ئىلغار تەشكىلات قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتـ ـجان تەشكىلات قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتـ ـتى. بىر يىلدەك تىرىشىش ئارقىلىق، 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجىدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. كېڭىشىش ئارقىلىق، بۇ تەشكىلاتـ ـنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا 35 ئەزا، بەش كاندىدات ئەزا، 11 تەشكىلىي ھەيئەت سايلاندى. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي كومىـ ـتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈستىگە ئالدى. 11 تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ بىرى ئۇيغۇر سايرانى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر سايرانى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ، ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئۇ بەـ ـزىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيتتى.

شۇ چاغدا ئىتتىپاقنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئالغا» گېزىتىدە مۇنداق خەۋەر بېرىلگەن:

«شۇ يىلى 26 ـ سېنتەبىر كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلات ھەيئىتىنىڭ قارارى بويىچە مەركىزىي تەشكىلات ھەيئەت ئەزاسى ئۇيغۇر ئەپەندى (سايرانى) مەركىزىي موڭغۇل جەمئىيىتىدە ئىتـ ـتىپاقنىڭ يەرلىك تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئۈچۈن مەجلىس ئۆتكۈزـ ـدى. مەجلىسكە موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە موڭـ ـغۇل مۆتىۋەرلىرى بولۇپ 15 كە يېقىن كىشى قاتناشتى. مەجلىس موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لوروف لامانىڭ رىياسەتچىلىـ ـكىدە ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەپەندى ئىتتىپاق ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. ئاندىن كېيىن مەجلىس قاتناشچىلىرى تەرىپىـ ـدىن ئىتتىپاققا ئەزا بولۇش ئۈچۈن قىزغىن پىكىرلەر بېرىلدى. لوروف لاما جانابلىرى باشلىق مەجلىس قاتناشچىلىرى ئاكتىپ تولدۇرۇشتى.»

ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى 1949 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 3 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنى ئېچىپ 1949 ـ يىلـ. لىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمى توققۇزتاراغا، ئۈيغۇر سايرانى ئىلىغا، باشقا توققۇز ئەزا توققۇز ناھىيىگە يۇرۇپ كەتـ. تى. ئۈيغۇر سايرانى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كۆرسىتىلگەن جايغا يېتىپ بېرىپ ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمـ. ھۇرىيىتى قۇرۇلدى. جۇملىدىن يۇرتىمىز شىنجاڭمۇ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. شىنجاڭدا يېڭى ھاكىمىيەتنى قانداق مۇسـ. تەھكەملەش، فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بولغان كۈـ. رەشنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش، يەر ئىسلاھاتىنى قانداق يولغا قوـ. يۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئەينى ۋاقىتتا جىددىي تۈتمىسا بولمايـ. دىغان مۇھىم مەسىلىلەر ئىدى. بۇ ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋاقتىدا تولـ. لۇقلاشقا توغرا كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇـ. نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروـ. سى «پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىـ. لىي بولمىسىمۇ پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن ھەمكارلاشقان، كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان تونۇشى خېلى ياخشى دەپ قارالغان زىيالىيلار، خەلق ئىچىدىن چىققان ئەربابلار ۋە 1947 ـ يىلى بىتىم بۇزۇلۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنى تاللاپ مۇھىم خىزمەتلەرگە تەيىنلىدى، بەزىلىرىنى ۋىلاـ. يەت، ناھىيىلەرگە ۋالىي، ھاكىملىققا ئۆستۈردى. ئىپادىسى ئالاـ. ھىدە ياخشىلىرىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. شۇ سەۋەبلىك ئۈيغۇر سايرانى 15 كىشى تەركىبىدە 1949 ـ يىلى 12 ـ

ئايدا تۇنجى تۇركۇمدە پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئىلىمىزنىڭ ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا مۇئاۋىن كونسۇل بولۇپ تۇردى.

ئۇيغۇر سايرانى بىلىملىك، بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، كەمتەر ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالمۇتىدىكى ئىككى يىللىق كونسۇللۇق ۋەزىپىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئالمۇتا شەھىرىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىنىستىتۇتىدا، 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1959 ـ يىلىغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. شۇ ۋاقىتتا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى تەشكىللىگەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىلمىي، ئەمەلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1969 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۈرمىدە ياتتى. 1981 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى، 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىقتى. 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر سايراننىڭ ۋاپاتى بىزنى بىلىملىك، ئىلمىي كىشىمىزدىن ئايرىدى. ئەلۋىدا، ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى!

# بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى زاھىر ساۋدانوف

ماھىنۇر قاسىم



توۋا، كۈنلەر شۇنداقمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ھەش – پەش دېگۈچە مەرھۇم زاھىر ساۋدانوفنىڭ ۋاپاتىغا ئالتە ئاي بولۇپتۇ. بۇ ئالتە ئاي جەريانىدا زاھىر ساۋدانوف توغرىلىق نۇرغۇن خىياللارنى قىلدىم. كۈن نۇرىنى كۆرۈپ، ھايات ياشاۋاتقان ۋاقىتتا ئادەم ھاياتلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىكەن، بولۇپمۇ، ياش ۋاقىتتا ئۆمۈرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىدىكەن. بەزى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارغا دۇچ كېلىپ، خۇشال بولۇپ، قىن – قىنىغا پاتمايدىغان، بەزى ۋاقىتلاردا زەھەردەك ئاچچىق ۋەقەلەرگە يولۇقۇپ، بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىدىغان، بەزىدە سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ، ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس كۈن ئۆتكۈزۈپ ياشايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. مەن بۇلارنى ئويلاپ گېنېرالىمىز زاھىر ساۋدانوف 87 يىللىق ھاياتىدا زادى قانداق ئىدى؟ دېگەن خىياللارنى كۆپ قىلىپ، ئاز بولسىمۇ ھازىرچە ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى يازاي، بۇنى مۇشۇ ماقالىنى ئوقۇغانلار بىلەن ئورتاقلىشاي دېدىم.

زاھىر ساۋدانوف مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچۇم ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدىكى بەش يىلدا ئۈچرىشىش

ئانچە كۆپ بولمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، زاھىر ساۋدانوف قىدىسىمدا، مەن يەرلىكتە خىزمەت ئىشلەپ يۈردۈق. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن يەنىلا قەدىناس دوستلار سۈپىتىدە داۋاملىق ئۇچرىشىشلار بولۇپ تۇردى. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا زاھىر ساۋدانوفمۇ مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ كەلگەندە بىرگە ئىشلەشكە توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا زاھىر ساۋدانوفنىڭ ھەربىيلەرگە خاس خىسلىتى، كوممۇنىستلارغا خاس ئادىللىقى، تەشكىلىي جەھەتتىكى ئىنتىزامچانلىقى، كىشىلەرگە مېھرىبانلىقى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

زاھىر ساۋدانوف 1920 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ توپادەڭ مەھەللىسىدە تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋاقتىدىكى ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن، مەكتەپ تەربىيىسىگە كىرىپ، ياخشى ئوقۇپ، ئۆزى باشقىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مائارىپ ساھەسىگە قەدەم قويۇپ، 1938 ـ يىللىرى غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ «ياردەم» مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. مەن دەل شۇ 1938 ـ يىلى «ياردەم» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەنىدىم. مەن 2 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا زاھىر مۇئەللىم ھېسابتىن دەرس بېرەتتى. بىز مۇئەللىمنىڭ بەرگەن تاپشۇرۇقلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئىشلەپ ماڭاتتۇق. ئۇ بىزنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىمىزنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يىغىۋالغاندا قايسىمىزنىڭ دەپتىرى مەينەت بولسا ياكى ئۆچۈرۈلگەن يەرلەر بولسا، بىزنى قاتتىق تەنقىد قىلاتتى. تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلىگەنلىرىمىزنى ماختاپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ ئوقۇغۇچىدىن ئۆگىنىشىنى تەكىتلەپ تۇراتتى. بىز زاھىر مۇئەللىمنىڭ بىزگە دەرس ئۆتۈشىنى ياخشى كۆرەتتۇق. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، بىرى، چۈشەندۈرۈشى ياخشى، ئاددىي تىل بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەيتتى. يەنە بىرى، پاكىزلىق ھەققىدە كۆپ سۆزلەيتتى. گەرچە ئۇ تازىلىق ئوقۇتقۇچىسى بولمىسىمۇ،

ئۆزلۈكىدىن بالىلارنىڭ تىرناقلىرىنى تەكشۈرۈپ، تىرنىقى ئۆ-سۈپ كەتكەنلىرى بولسا، ئۆزى ئېلىپ قوياتتى. بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولغان: بىر ساۋاقدىشىمىز ئاخشىمى ئۆيدە دەرس تەكرارلاۋاتقاندا، قارا چىراغنىڭ پىلىكىدىن ئوت چۈشۈپ كېتىپ ئۇنىڭ دەپتىرىنىڭ بىر بۇرجىكى كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ساۋاقدىشىمىز قورقۇپ كېتىپ، كىچىچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقىپتۇ. دادىسىنىڭ باشقا دەپتەر ئېلىپ بېرىشكە پۇلى بولمىغاچ-قا، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەتە زاھىر مۇئەللىم بالىمىزنى تىللاپ، مەكتەپتىن چىقىرىۋېتەرمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشىپ كې-چىچە ئۇخلىماپتۇ. ئەتىسى ساۋاقدىشىمىز بۇ ئىشنى بىزگە سۆز-لەپ تۇرۇشىغا زاھىر مۇئەللىم دەرسكە كىرىپ كەلدى. ھەممى-مىزنىڭ يۈرىكى پوك - پوك، ساۋاقدىشىمىزنى سىنىپتىن چى-قىرىۋېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرساق، مۇئەللىم ھەممىمىزنىڭ دەپتەرلىرىنى يىغىۋېلىپ، بىر بۇرجىكى كۆيۈپ كەتكەن دەپتەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھال ساۋاقدىشىمىزنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ساۋاقدىشىمىز ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ بىر كېچە ئۇخلىماي غەمدە تاڭ ئاتقۇزغانلىقىنى دەپ يىغلاپ كەتتى. زاھىر مۇئەللىم ساۋاقدىشى-مىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، يىغلىماسلىققا دەۋەت قىلدى. ئۇ ساۋاقدىشىمىز-نىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «بۇنىڭدىن كېيىن چىراغنى دەپتەر-دىن سەل يىراقراق قويۇڭ»، دەپ يېنىدىن بىر دەپتەرگە چۈشلۈق پۇل چىقىرىپ: «بۇنىڭغا يېڭى دەپتەر ئېلىپ، ھېسابنى كۆچۈرۈپ قويۇڭ، دەپتەرنى پاكىز تۇتۇڭ، دادىڭىزمۇ، ئاپىڭىزمۇ غەم قىل-مىسۇن، سىز ياخشى ئوقۇغۇچى، تىرىشىپ ئوقۇڭ، ياراملىق ئا-دەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىڭ» دېگەندە، ھەممىمىز خۇشال بولۇپ، چاۋاك چېلىشىپ كەتكەندۇق. ساۋاقدىشىمىزمۇ خۇش بولۇپ، «چوقۇم شۇنداق قىلىمەن»، دېگەنىدى.

زاھىر مۇئەللىم سەنئەت خۇمار ئادەم ئىدى، ئۇ شۇ چاغدا

مەكتەپتە ماندالىن چالاتتى. ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ئۆزىمۇ ئۇكرائىن خەلقىنىڭ «كاپپاك» دېگەن ئاياغ ئۇسسۇلىنى ئويناشقا ئۇستا ئىدى. ئۇنى بىزگىمۇ ئۆگەتتى. قاچان ئۆگەنگەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىراق، رۇس تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى. بەزىدە بىزگىمۇ گوركىينىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى ۋە بىزگە «سىلەر چەت ئەل تىلى بىلمىسەڭلەر بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەي بولمايدۇ»، دەپ تەلىم بېرەتتى.

1944 ـ يىلى كۈزدە گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيلەرچە زۇلۇمىغا، فېئودالللىقنىڭ ئېغىر يۈكلىرىگە چىدىماي، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قوزغالدى. تارىختا بۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇ ئىنقىلابقا «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى»، دەپ باھا بەرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن جۇڭگو تارىخىدىكى مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىنقىلابقا زاھىر ساۋدانوف قانداق قاتناشقان؟ بۇ توغرىدا شۇ ۋاقىتتا مەن ئاڭلىغان ئەھۋال مۇنداق:

مەن توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئەخمەتجان مېنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىمنى، مۇئەللىملىرىمنى سوراپ قالدى. مەن بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. مەن ئۇنىڭغا: «شۇلارنىڭ ئىچىدە زاھىر مۇئەللىم بار ئىدى. ئۇ مۇئەللىم 1940 ـ يىللار بولسا كېرەك، بىر كۈنى سىنىپىمىزغا كىرىپ: 〈مەن ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بارىمەن، كېيىن يارامىلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئوقۇمىسام بولمايدۇ، سىلەرمۇ ياخشى ئوقۇڭلار، كېيىن يارامىلىق ئادەم بولساڭلار، ئېھتىمال كېيىن سىلەر بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ قالارمەن، خوش〉 دەپ چىقىپ كەتتى» دەپ بەرسەم، ئەخمەتجان: «ھە، غېنى مەمەتباقى (غېنى باتۇر) گېپىنى قىلغان بالا شۇ ئوخشايدۇ» دېدى. مەن: «غەنى مەمەتباقى نېمە دېگەن، بىزنىڭ مۇئەللىم ياخشى

مۇئەللىم» دېسەم، ئەخمەتجان كۈلۈپ قويغانىدى.

نويابىر قوزغىلىڭى قوزغىلىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى رەھبەرلىرىدىن بىرى پاتىخ مۇسلىموفتىن گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويغانىكەن. پاتىخ بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغان. گومىنداڭچىلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، پاتىخنىڭ خوتۇن - باللىرىنى ئىدىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قارادۇڭدىكى قاماقخانىسىغا قاماپ قويۇپ، پاتىخ ئۇلارنى قۇتقۇزغىلى كەلگەندە تۇتۇۋالىمىز، دەپ پىلان تۈزۈشكەنىكەن. بۇنى شۇ ۋاقىتتىكى مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات بىلىپ قېلىپ، غېنى مەمەتباقىغا چوقۇم پاتىخنىڭ خوتۇن - باللىرىنى ساق - سالامەت قۇتقۇزۇپ چىقىش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، غېنى بىرنەچچە پارتىزاننى باشلاپ بېرىپ، دۈشمەنگە يوشۇرۇن زەربە بېرىپ، پاتىخنىڭ ئائىلىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، توپادەڭدىكى نىزامىدىن ئاكىنىڭ يەنى زاھىر ساۋدانوفنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىكەن. شۇ ۋاقىتتا زاھىر ساۋدانوف ئائىلىسىنى پاتىخنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ساقلايدىغان ئۆي قىلىپ بېكىتىپ، پاتىخنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى شۇ ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغان. غېنى مەمەتباقى قايتىش ۋاقتىدا زاھىر ساۋدانوف ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىنىپ، پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتناشقانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، زاھىر ساۋدانوف ھەربىي سەپتە ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپ ئورۇنلىرىدا تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ كەلگەن.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى. 1945 - يىلى 3 - ئاپرېل ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 254 - سانلىق قارارى بويىچە غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى مەيدانغا، يەنى هازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا «تۇغ مەيدانى» دەپ نام بېرىلگەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى شۇ جايدا ئۆتكۈزۈلگەن (بۇ تۇغ مەيدانى ھا-

زىر دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ ساقلىنىۋاتىدۇ). بۇ كۆنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، غۇلجىنىڭ ئەتىيازلىق ئىللىق شامىلى چىقىپ تۇراتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىرى ماش رەڭ ھەربىي فورما كىيىپ، ناھايىتى روھلۇق، جانلىق قىياپەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بايرىمىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن توغ مەيدانىغا كىرىۋاتقان ھالەت پۈتۈن خەلققە ئۈمىد، شادلىق، خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنىدى. مەنمۇ شۇ مەيدانغا رەھبەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تەكلىپ قىلغان تەكلىپنامىنى ئېلىپ كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا بارغانىدىم.

ھۆررا سادالىرى ئىچىدە ھەربىي پارات باشلاندى، مۇشۇنداق داغدۇغا ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم ئىچىدە مەن تونۇيدىغان ئەسكەرلەردىن مۇشۇ پاراتقا قاتناشقانلار بارمىدۇ، دەپ ئويلاپ، رەتلىك تىزىلغان ئەسكەرلەرگە سەپسېلىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن زاھىر مۇئەللىمنى كۆرۈپ قېلىپ، خۇشاللىقىمدىن «ۋاي مۇئەللىم» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتىمەن. باشقىلار ماڭا قارىشىپ قويدى. بەزىلەر «نېمانچە ۋارقىرايسىز؟ ئۇ كىمتى؟» دەپ سورىغانىدى. مەن مۇئەللىمنى كۆرۈپ قېلىپ، خۇشاللىقىمدىن ھاياجىنىمنى باسالماي قالغانلىقىمنى سۆزلىدىم. خۇددى زاھىر مۇئەللىم ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا ماڭغاندا ئېيتقاندەك، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، دىگەن سۆزى ئەمەلىيەتكە ئايلانغانىدى.

1948 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇشنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتۈپ، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇ تەشكىلات رەسمىي قۇرۇلدى. بىرلىكتە ئىرلىدىغان دوكلات، تەشكىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەندە، ئەخمەتجاننىڭ ئەتراپىنى بىر تەكشۈرۈش، خەلقنىڭ رايىنى سىناش ئارقىلىق بۇ قۇرۇلىدىغان يېڭى تەشكىلاتنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى. ھەربىي جەھەتتىن بولسۇن، يەرلىك

تەشكىلىي ئورۇنلارنى قۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى ياخ-
شى ئورۇنلاشتۇرۇشلار بولۇپ، ئەخمەتجان كەڭسايغا بېرىپ مال-
چىلار بىلەن پاراڭلاشتى، دوكلات تەييارلىدى. شۇنداق مۇھىم
پەيتتە زاھىر ساۋدانوف ئىككى جەڭچى بىلەن ئاتلىق تاغ ئارد-
ىسىدا چارلاپ يۈرۈپ، بىز تۇرغان جايغا كەپتۇ. مەن: «زاھىر مۇ-
ئەللىم كەپتۇ» دېسەم، ئەخمەتجان: «ياخشى بوپتۇ، كىرسۇن» دې-
دى. ئۇ ئەخمەتجان تۇرغان يەرگە كېلىپ، ھەربىيچە سالام بېرىپ
بولۇپ، ئەتراپتىكى ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ئەخمەتجان: «ياخ-
شى، يوشۇرۇن دۈشمەننىڭ ئىچىمىزدىن چىقىپ قېلىشىغا دىققەت
قىلىش كېرەك» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانىدى (شۇ ۋاقىتتا
زاھىر ساۋدانوف مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىدى).

1949 - يىلى جۇڭگو خەلقى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ
تاشلىدى، جۇڭگو ئازاد بولدى، خەلق ھۆرلۈككە ئېرىشتى. شىن-
جاڭدىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 5 -
كورپۇسى بولۇپ ئۆزگىرىپ، ئازادلىق ئارمىيە تەركىبىگە كىر-
دى. شۇ ۋاقىتتا زاھىر ساۋدانوفنىڭ قوراللىق ئىنقىلاب جەريا-
نىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، 5 - كورپۇسنىڭ
مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى ھەم 1950 - يى-
لى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. كېيىن
ئۇ ۋە ئايالى مەرھۇم روشەن بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەپ، ھايا-
جانلانغان ھالدا: «بىز ياشلىق باھارىمىزدا يەنىسەي، جىڭ، شىن-
خۇ، سۇيدۇڭ، كۈرەلەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن، تەڭرىتاغنى چۆرگى-
لەپ يۈرگەن كۈنلەر بىكارغا كەتمىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى بىزنىڭ تۆككەن قان - تەرلىرىمىزنى كۆرۈپ ياخشى
باھالىدى. ھازىر تىنچ دەۋرگە كىردۇق، ئەمدى سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇشقا قاتنىشىپ، ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ شەرەپ-
لىك ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا قەتئىي تەۋرەنمەي، تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىش بىز ئۈچۈن شەرەپ ھېسابلىنىدۇ»، دې-
يىشكەنىدى. بولۇپمۇ، ئۇ 1958 - يىلى 12 - ئايدا ئارمىيىنىڭ

سىياسىي خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ قاتار-لىق دۆلەت رەھبەرلىرى قوبۇل قىلغاندا «سىز يېڭى جۇڭگونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى»، دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولغان. شۇ يىغىندىن قايتقاندىن كېيىن بىز ئۇنى تەبـ-رىكلەپ ئۆيىگە باردۇق. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا: «رەئىس ماۋ زې-دۇڭ مېنى تىلغا ئالدى، ‹سىز بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى› دېدى. مۇنداق چوڭ باھا مېنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈردى، بۇنى مەن شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، بىرلىكى، مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمگە چوڭ ئىلھام ۋە مەدەت دەپ بىلـ-دىم»، دېگەنىدى. ھەقىقەتەن، بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى دېگىنىنى قىلدى. بىر ئۆمۈر جەڭچىلەرگە تەلىم بېرىپ، كۆپرەك ئۆگىنىشنى، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يەرلىكتە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە، يەنى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتىدىن تارتىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئېقىمغا قارشى ھەر خىل كۈچلەرگە قارشى كۈرەش-لەرگە قاتنىشىپ كەلدى. مەسىلەن: 1952 - يىلى قەشقەر سە-مەندە ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشقان ۋاقتىدا سەمەن خەلقى ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭغا خەت يازىدۇ. رەئىس ماۋ زېدۇڭ سەمەن خەلقىنىڭ زور غەيرەتكە كېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ياتقان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچان-لىق كۆرسەتكەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، جاۋاب خەت يازىدۇ. بۇ ئىشلار جۇڭگو تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنىڭ بىرى بولۇپ تارىخ-تىن ئورۇن ئالدى. مانا شۇنداق ھاياجانلىق پەيتتە زاھىر ساۋدا-نوف دەل شۇ سەمەندە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يېزىلغان خەتنىمۇ كۆرگەن. رەئىستىن كەلگەن جاۋاب خەتنىمۇ ئوقۇپ، سەمەن خەلقىنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خۇ-شاللىقى بىلەن ئورتاقلىشىپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورۇنلاردا داۋاملىق سۆزلەپ، خەلقنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن

بىردەك بولۇشى ئۈچۈن باشلامچىلىق قىلغان. ئۇ دائىم: «رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقى چەكسىز، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، بۇ يالغۇز سەمەن خەلقىگە بولغان غەمخورلۇق بولماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقى، بىز ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىشلەپ، مەيلى قوراللىق ئىنقىلاب جەريانىدىكى قولغا كەلگەن شەرەپ مېۋىلىرى بولسۇن، مەيلى جۇڭگو ئازاد بولغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا قولغا كەلگەن مېۋىلەر بولسۇن، ياخشى ئاسرىشىمىز لازىم»، دەپ سۆزلەيتتى.

1966 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق جۇڭگوغا ھەر خىل بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. جۈملىدىن بىزمۇ گېزەندە بولۇپ چەتكە قېقىلدۇق. 1969 ـ يىلى مېنى يالغۇز ئۆيگە قاماپ قويغان ۋاقىتتا رادىئودىن مۇنداق خەۋەر بېرىلدى: «ۋېيتنامنىڭ داھىسى خۇجىمىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭغا ماڭگو ئەۋەتكەنىكەن. ماۋ زېدۇڭ باشقا ئۆلكىلەردىكى جاپا تارتىۋاتقانلارمۇ ئېغىز تەگسۇن، دەپ شىنجاڭغا تۆت تال ماڭگو ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ھەربىي رايون مەسئۇل بولغان، زاھىر ساۋدانوف باشقا ئۈچ رەھبەر بىلەن بېيجىڭدىن پويىز بىلەن كېلىۋاتقان تۆت مال ماڭگونى شەرەپ بىلەن تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قومۇلغا بارىدىكەن. ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ماڭگونى ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كېلىدىكەن». مەن تۈرمىدە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ماڭگو دېگەن نېمىدۇ؟ (چۈنكى مەن بۇ مېۋىنى ياكى باشقا نەرسىمۇ بىلمەيدىكەنمەن) بۇنى شۇنچە داغدۇغا بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا چوقۇم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق نەرسە، يەنە بىرى زاھىر ساۋدانوف بار ئىكەن، ئۇ ھەربىي ئىچىدە بىنىلا مەسئۇل كادىر ئىكەن، ھەربىيدە ھەق ـ ناھەقنى ياخشى ئايرىيدۇ، ئەگەر زاھىر ساۋدانوف يەرلىكتە بولغان بولسا، بۇنداق

شەرەپنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلىشى خېلى تەسكە توختايتتى، دەپ ئويى-
لىدىم. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، بەزى كونا
سەپداشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ قالغىنىمىزدا، مەن ئۇنىڭدىن
ھېلىقى ماڭگونىڭ ئىشىنى سورىدىم. ماڭا: «خوجىمىن ماۋ زې-
دۇڭنى جاپا تارتتى»، دەپ بۇ مېۋىنى يېسۇن دېگەنىكەن. ماۋ زې-
دۇڭ ئۆزى يالغۇز يېسە، گېلىدىن ئۆتمەي بىزگە ئوخشاش چەت،
چېگرا رايون، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئويلاپتۇ. ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ
خەلقىنى ئويلاپتۇ. ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ خەلقىنى ھەقىقەتەن سۆ-
يىدۇ. بۇنى تارىخمۇ ئىسپاتلىغان. مەسىلەن: «قوراللىق ئىنقىلاب
جەريانىدا يەنئەندە چىقىرىلغان گېزىتلەردە شىنجاڭدىكى ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە كۆپ خەۋەرلەر بېرىلگەن. ماۋ زېدۇڭ-
نىڭ 1949 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىملەرگە يازغان تېلېگراممى-
سىدا: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرە-
شىڭلار جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىس-
مىدۇر»، دەپ بەرگەن باھاسى بىزنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلى-
شىمىزگە مەدەت، بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكىنىڭ ئەمەلى-
يىتى. بۇ بىزنىڭ قىلغىنىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپات-
لىغانىدى. ماڭگونى خۇددى دورا قاچىلىغاندەك قاچىلاپ، چەت ـ
چېگرا رايوندىكى بىزگە ئەۋەتىشى بىزگە بولغان مەدەتتىن ئىبا-
رەت» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

1955 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو-
نىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. زاھىر ساۋدانوف شۇ قې-
تىم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 1956 ـ يىلى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇل-
تىيى ئېچىلدى.

زاھىر ساۋدانوف 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكى-
لى سۈپىتىدە بۇ ساھەگە قەدەم قويغان. 1978 ـ يىلى مەركەزنىڭ
ئۆلكىلەردە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇش كېرەك

دېگەن يولىيورۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بۇ ئورگان قۇرۇلدى. مەن مۇئاۋىن مۇدىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. ھەربىر ئىلەردىن ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كو -مىسسارى تيەن يۈلىن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئۇ كىشىدىن كېيىن 1985 - يىلى زاھىر ساۋدانوف مۇئاۋىن مۇدىر، پارتگورۇپپا ئەزاسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىمىز بىر ئىدارىدە ئىش -لەيدىغان بولۇپ قالدۇق. باردى - كەلدىمىز، پىكىر ئالماشتۇرۇ -شىمىز چوڭقۇرلىشىپ باردى. زاھىر ساۋدانوف بۇ ساھەنىڭ رەھ -بەرلىك كوللېكتىپىغا قاتنىشىپ، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ماڭدى. تۆۋەنگە چۈشۈپ، يېزا - بازار، ناھىيە، ۋىلايەتلەردە خىزمەتلەرنى، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بول -ماي، 30 نەچچە يىل دىئابىت كېسەللىكىنىڭ دەردىنى تارتتى. شۇنداقتىمۇ دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە دورا ئىچكەچ، خىز -مەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

1986 - يىلى زاھىر ساۋدانوف ئىككىمىز ئىلىغا بېرىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، ئاسا -سىي قانۇن خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىنىڭ بىر ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئەھۋالى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردۇق. بولۇپ -مۇ، نىكاھ قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە تويلارنىڭ قىممەتلىشىپ كەتكەنلىكىنى، نىكاھ ئىشلىرى سودىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىك ئەھۋاللىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا زاھىر ساۋدانوف خاپا بولۇپ، «بىر تويغا 10 مىڭ يۈەنلەپ پۇل خەجلەن -سە، چارۋىچىلارنىڭ بىر يىللىق كىرىمى بۇنىڭغا يەتمىسە، بىز قانداق قىلىپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلايمىز، نىكاھ ئىشلىرىغا بۇنچىلىك جىق راسخوت كەتسە، بۇنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى ‹قا -لىڭ مال› (قازاقچە سۆز بولۇپ، ‹قىز مېلى›، دېگەن مەنىدە) ئې -لىشتىن نېمە پەرقى بار، بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك،

بۇنى خەلققە ياخشى چۈشەندۈرۈش كېرەك، ئۆزگەرگەن «قالماق مال، ئېلىشنى توسۇش كېرەك»، دەپ بەك كايىپ كەتكەندى. بىز قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۇ يەردىكىلەر چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى مېھمان كۈتۈش ئادىتى بويىچە مېھمانلارغا بىردىن ئات سوۋغا قىلىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. زاھىر ساۋدانوف ئورنىدىن دەس تۇرۇپ «ساھىبخانلار، بىزنى ياخشى كۈتۈۋالغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، بىزنىڭ خەلقىمىز تېخى كەمبەغەل، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 300 يۈەندىن ئاشمايدۇ، بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر ناھايىتى كۆپ، دۆلەت بۇلارنى يۆلەيدۇ، سىلەرنىڭ تاپقان پۇلۇڭلار تويغا كەتسە قانداق بولىدۇ؟ سىلەرمۇ كۆپ جاپا تارتىپسىلەر، بۇنى بىز بىلىمىز، يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى بەك ھەشەمەتلىك كۈتۈۋالماڭلار، ئاددىي، قورساق تويغۇدەك بولسا بولىدۇ، خەلقتىن ئارتۇق نەرسە ئالماسلىق كېرەك، بىز بۇ ئاتنى ئالمايمىز، رەھمەت سىلەرگە»، دەپ ئۇلارنىڭ سوۋغىتىنى قايتۇرۇۋەتتى. دېمەك، بۇ گېنېرال نەگە بارسا، ئاددىي ـ ساددا، كىچىك پېئىل، يۇمشاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ تۇراتتى.

2005 ـ يىلى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقانلىقىنىڭ 60 يىللىقى خاتىرىلەندى. زاھىر ساۋدانوف جۇڭگودا تارقىتىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 60 يىللىق خاتىرە ئوردېنىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بۇ خۇشاللىقتىن يالغۇز ئۆزىلا بەھرىلەنمەي، شۇ دەۋردىكى سەپداشلىرى بىلەن بىللە بەھرىلىنىشنى لايىق تېپىپ، ئىقتىسادىي چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ ۋاقىتتا قولىغا قورال ئالغان، ئۇرۇمچىدە ھايات 39 سەپدىشى بىلەن بىرگە بۇ خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلدى. بۇ يىغىلىش 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن (شۇ قېتىملىق يىغىلىشتىن كېيىن بىزدىن ئايرىلغانلار ئۇنىغا يېقىن بولۇپ قالدى).

1997 ـ يىلى دېكابىردا 1997 ـ يىلنى ئۇزىتىپ، 1998 ـ

يىلىنى كۆتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆرۈمچىدە «پېشقەدەم جەڭچىلەر ناۋاسى» ناملىق سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كېچىلىككە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن ئۆرۈمچىدە ھايات قالغانلىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان جەڭچىلەر، ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مەسئۇل خىزمەت ئىشلەۋاتقانلار، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. مۇشۇنداق چوڭ سەنئەت كېچىلىكىنى ئۆتكۈزۈشنى كىم تەشەببۇس قىلغان؟ بۇنىڭغا زاھىر ساۋدانوف تەشەببۇسچى بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورۇنلاشتۇرغان. زاھىر ساۋدانوف يالغۇز تەشەببۇس قىلىپلا قىلماي، پىلان تۈزەش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. سەنئەت نومۇرلىرى، ئىنقىلابىي ھەربىي مارشلارنىڭ ئېيتىلىشى، ئۇنى كىملەر ئورۇنداشا مۇۋاپىق بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارغىچە ئارىلاشتى. ھەتتا، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن، پېشقەدەم جەڭچىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سۆز قىلغاندىن كېيىن، رىياسەتچى مۇنىرە غوپۇر گېنېرال زاھىر ساۋدانوفنى سۆزگە تەكلىپ قىلغانىدى.

شۇ كۈنكى كېچىلىكتە شېئىرىنى تەلئەت ناسىرى يازغان، مەرھۇم پېشقەدەم جەڭچى، ئاتاقلىق كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللا مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن «بىزنىڭ ناخشىمىز» دېگەن ناخشا ئورۇندالدى. پېشقەدەم جەڭچىلەر مەيدىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ قان بەدىلىگە ئېرىشكەن ئوردېنلارنى تاقىغان، ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، خەنزۇ، تاتار، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەت ناخشىچىلىرى بىرلىكتە ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىتتىپاقلىقىنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىكەنلىكى، ھەممىنىڭ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ۋەتەننى گۈللەندۈ-

روپ، چېگرا رايوننى بىردەك ساقلىغانلىقى، بۈگۈنكى بەختىنىڭ قانچىلىك قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى ئەسلەتكەندى.

**ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا قىلغان كۆڭلۈل سۆزى**

2007 ـ يىلى 3 ـ ئايدا زاھىر ساۋدانوفنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى، دوختۇرلار بۇ قېتىم قۇتقۇزۇپ قېلىشىمىز قانچىلىك بولار، دېيىشىپ ئەندىشىگە چۈشتى، بېيجىڭ ھەربىي دوختۇرخانىسىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار داۋالاشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى. ئۇ كېسەل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەن يوقلاپ بارسام ئۇ كۈلۈپ يېتىپتۇ. مەن چاقچاق قىلىپ: «قانداق ئەھۋال، سىزنى ماركس تىزىمغا ئالماپتۇ، يازلار كېلىۋاتىدۇ، باغلارغا بارىمىز، تاغلارغا چىقىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ غەيرەت قىلىش كېرەك» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «ۋاي، ئەمدى بۇنداق ئىشلار مېنىڭ چۈشۈمدەك بولۇپ قالدى»، دېدى ۋە ئاخىرىدا بىرقانچە ئىشنى تەكىتلەپ ئۆتتى:

«بىرىنچى، 87 يىللىق ھاياتىمدا مېنىڭ پارتىيىگە، خەلققە قىلغان خىزمىتىم بىلەن، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى، خەلقنىڭ مەدىتى، داۋالىنىشىمغا يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى سېلىشتۇرسام، ماڭا بولغان غەمخورلۇق، مەدەت ئىنتايىن چوڭ بولدى. مۇشۇنى سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ خەلققە قىلغان خىزمىتىمنى غەمخورلۇق بېسىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پارتىيىدىن مىننەتدارمەن، خەلقتىن مىننەتدارمەن، داۋالىغۇچىلاردىن مىننەتدارمەن.

ئىككىنچى، مېنىڭ ھاياتىمدا ئەل ـ ئاغىنە، دوست ـ بۇرادەرلەر كۆپ يوقلىدى، ھال سورىدى. مېنى كۆڭلىدە ئەزىز كۆروپ، يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن قارىدى. مەن بۇنىڭدىن مىننەتدارمەن، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۈچىنچى، ئىنسان ئۆمرىدە بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، بەزى كىشىلەرنى رەنجىتىپمۇ قويىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، مەن

ئۆزۈمنى ئويلاپ كۆرسەم، بۇ دۇنياغا كەلگىنىمگە رازى، بۇ دۇن-
يادا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى كۆردۇم، دۇنيانىڭ قىزىقىنى كۆر-
دۇم، ئۆتكەن ئۆمرۈمگە رازى، شۇ جەرياندا مېنىڭدىن كۆڭلى
قالغان يارۇ بۇرادەرلەر بولسا مېنى كەچۈرسۇن، ئۇلاردىن ئەپۇ
سورايمەن، ئۇلار مېنىڭدىن رازى بولسۇن.

تۆتىنچى، سىزمۇ بىزنىڭ ئارقىمىزدىن مېڭىپ، چوڭ بولۇپ
قالدىڭىز، ياشىنىپ قالدىڭىز، نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىڭىز،
سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ.

مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلەر
بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىڭىزدا يەتكۈزۈپ قويارسىز، ھەممىڭلار
سالامەت بولۇڭلار...»

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، سا-
دىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئارمىيىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن
سىياسىي خىزمەتچىسى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇ-
ئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى
زاھىر ساۋدانوف كېسەل سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي
2007 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈم-
چى ۋاقتى سائەت 14:55 تە لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش
دوختۇرخانىسىدا 87 يېشىدا ۋاپات بولدى.

# يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ما جەنساڭ ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى



ماجەنساڭ ـ گەنسۇلۇق بو-لۇپ، ماجۇڭيىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ قويغان زە-ھەرلىك مىخى ئىدى، ئۇ، يېشى 25 تىن ئاشقان بولسىمۇ، بەس-تى ۋىجىك بولغاچقا، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنىدى-غان، تولىمۇ مەككار، قۇۋ ئادەم ئىدى.

ئۇ قارا شەھەردە ئۆزىنى «ساۋفېي زۇڭسىلىڭ» (باندىت تازىلاش باش قوماندانى) دەپ ئا-تىۋالغان ماشىمىننىڭ بۇيرۇ-قى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇيغۇر، تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى سۈپىتىدە 1933 ـ يىلى 6 ـ ماي يەكشەنبە كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى (تۆمۈر لۇيجاڭ 2 ـ ماي كۈنىلا كېلىپ بولغانىدى). قەشقەر خەلقى ئۇنى «ئىسلام مۇجاھىدى»، «مۇسۇلمانلار سەركەردىسى» سۈپىتىدە زور داغدۇ-غىلار بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى.

ئۇ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ قاتتىق مۇداپىئە قىلىنىۋاتقان دوتەي يامۇلىغا چۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن قوشۇننىڭ

بىر قىسمى شەھەرنىڭ غەربىدىكى ھەربىي لاگىر «يۇمىلاق شەھەر» قورغانچىسىغا، يەنە بىر قىسمى قەشقەر يېڭى شەھەر قەلئەسىگە ئورۇنلاشتى. ما جەنساڭ يۇقىرىقى ئىككى ئورۇندىكى بايلىقلا ئىگە بولۇپ كۈچىنى تېخىمۇ زورايتتى.

ئەينى چاغلاردا، ئۇنىڭ ئالدىدا مارالبېشىنىڭ ئاقساقمارال ئەتراپىدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان بىر تۈەن ھۆكۈمەت قوشۇنى مەسىلىسى ۋە يەكەن يېڭىشەھەردە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان 500 دەك ھۆكۈمەت قوشۇنى مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىككى مەسىلە تۇراتتى. بۇ ئىككى قوشۇن يەرلىك قوزغىلاڭچى كۈچلەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغانىدى. ئەگەر تېزدىن ھەرىكەت قىلمىغاندا، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ بارلىق قورال - ياراقلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا ما جەنساڭ مارالبېشى ئاقساقمارال مەسىلىسىنى ئۇستىلىق بىلەن ھەل قىلىپ، مۇھاسىرىدىكى 300 دەك ئەسكەرنى ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىمى بىلەن كىيىندۈرۈپ قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، يېڭىشەھەرگە چۈشۈرۈپ، قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ، ئازراق تۇرمۇش پۇلى بېرىپ كەشىنى توغرىلىدى. يەكەن مەسىلىسىدە بولسا، تۆمۈر لۈيجاڭ ئۆزى ئارىلىشىپ، تۇەنجاڭ ھاپىز ئاخۇننى بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن يەكەنگە ئەۋەتتى. ئوسمان ئېلى (قىرغىز) مۇ قاراپ تۇرماي، قوشمەت دېگەن قىرغىزنى بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن يەكەنگە ئەۋەتتى. بۇلار مۇھاسىرىنى ھە دەپ كۈچەيتىپ، يەكەن يېڭىشەھەردىكى ھۆكۈمەت قوشۇنىنى بوي سۇندۇرماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان ما جەنساڭ چىداپ تۇرالماي، تۆمۈر لۈيجاڭغا: «يەكەن يېڭىشەھەردىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىمۇ ما شاۋۋۇ بىلەن تۈزۈلگەن توختام ئىچىدىكى قوشۇننىڭ بىر قىسمى، ئۇلار توختام بويىچە تىنچلىق بىلەن تەسلىم بولۇشى، قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىشى، ئۇلارغا يول بېرىشى كېرەك، ئۇلار قولىدىكى ياراغلىرىنىڭ ھىمايىسىدە مۇھاسىرىدىن بوشاپ قەش-

قەرگە كېلىدۇ، ياراغلىرىنى تاپشۇرۇپ سىياسىي پاناھلىق تىلەيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنى قورشىۋالغان بارلىق قارشى تەرەپ ئەسكەرلىرى مۇھاسىرىنى بوشىتىپ قايتىشى لازىم، ئۇلارغا قىلچە دەخلى قىلىشقا بولمايدۇ...» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، تۆمۈر لۈيجاڭ بۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ، يەكەن مۇھاسىرىسىنى بوشىتىپ قارشى تەرەپكە يول بەردى. ئۇلار (ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى) ئاتلىق قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى، ئىككى كۈن يول مېڭىپ كۆك رابات دېگەن ئۆتەڭگە ساق ـ سالامەت يېتىپ كېلىشتى ـ دە، كۆزەتچىلىككە ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېتىپ ئارام ئالدى. ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئالدىدا نۇرغۇنلىغان قوراللىق ئادەملەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇلار ئەسلىدە قەشقەردىن كەلگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەسكەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۇيغۇر، قىرغىز ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى، ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانىدى، ئۇلار ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى سېزىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، خوتەن ئەسكەرلىرى ئات سېلىپ باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. نەتىجىدە بىردەمدىلا ئۇرۇش پارتلىدى. تۆت تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى زور چىقىمغا ئۇچراپ ئۆلۈكلىرى ساينىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتتى، ئاقىۋەت بەرداشلىق بېرەلمەي، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسە ماجەڭساڭنى ئارماندا قويدى، لېكىن ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئاللىقاچان ئاشكارىلىنىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك دەردىنى ئوسمان ئېلىدىن ئالماقچى بولدى. بۇنى بىلىپ قالغان ئوسمان ئېلى: «قەشقەرنى مەن ئالسام تۇڭگانلار ‹تەييارغا ھەييار› بولۇۋېلىپ يەنە مېنى سوراق قىلماقچىمىكەن؟» دەپ قاتتىق غەزەپلەندى. شۇنداق قىلىپ قىرغىزلار بىلەن تۇڭگانلار

ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت چۈشتى. بۇ، 1933 ـ يىلى 24 ـ ماي پەيشەنبە كۈنى ئىدى. شۇ كۈنى ماجەنساڭنىڭ «يۇمىلاق شەھەر» قورغانچىسىغا ئورۇنلاشقان لۈيجىڭى گامازا بىلەن ئوسمان ئېلى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. قىرغىزلارغا ئۆزبېك پولكى بىلەن ئوسمان ئېلى بىرىگادىسىغا قاراشلىق ئاتلىق قوشۇنلىرى ياردەملەشتى. ئۇرۇش بىر كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلىپ ئوسمان ئېلىنىڭ غەلىبىسى، گامازىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى. تۇڭگانلاردىن نۇرغۇن كىشى ئۆلدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى. قوراللىرى غەنىيمەت ئېلىندى.

ئەگەر بۇ قېتىم تۆمۈر ئاخۇن ئۇرۇشنى توسۇپ قويمىغان بولسا، گامازىنىڭ بىرىگادىسى پۈتۈنلەي تارمار بولاتتى، ماجەنساڭنى كونا شەھەردىن چىقارمايلا قورالسىزلاندۇرۇشقا بولاتتى. گەرچە مۇشۇنداق ئىمكانىيەت ھازىرلانغان بولسىمۇ، قىرغىزلارنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن يەرلىك دىنىي زاتلار تۇڭگانلارنىڭ كۆچىيىشىگە رازى بولۇشۇپ، ئۇرۇشنى توختاتقۇزدى. نەتىجىدە ئۇرۇشتىن كېيىن بىر سۈلھى كېلىشىم تۈزۈلدى، بۇ كېلىشىمدە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تۆمۈر ئاخۇننى لۈيجاڭلىقتىن سىجاڭلىققا ئۆستۈرۈش، ئوسمان ئېلىنى تۇڭلىڭلىقتىن لۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈش، ماجەنساڭ سىلىڭ (قوماندان) لىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بەلگىلەندى. مەمۇرىي ئىشلار جەھەتتە، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقى ماشاۋۋۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئورنىغا ئۇيغۇرلاردىن يۇنۇس بەگ ۋالىي، تۇڭگانلاردىن شۇ جىڭشۇ مۇئاۋىن ۋالىي بولۇش، ماجەنساڭ ئۆزىنىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىش، تۆمۈر سىجاڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان باغدىن دوتەي يامۇلىغا كۆچۈپ كىرىش، ئوسمان ئېلى «يۇمىلاق شەھەر» قورغانچىسىغا ئورۇنلىشىش قارار قىلىندى.

ماجەنساڭ يېڭىشەھەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شۇڭ ياتمىدى، ئۇ ئىچكى جەھەتتە سابىق خەنزۇ ھەربىي، مۈلكىي

ئەمەلدارلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى، قورالسىزلاندۇرۇلغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئەسلىگە كەلـ ـتۈردى. نەچچە يىللاپ قەشقەر خەلقىنىڭ يىلىكىنى شوراپ جە ـ نۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ماشاۋۇنى ئۆز يېنىغا تارتىش ئارقىلىق قەشقەردى ـ كى تۇڭگانلارنى ئۆزىگە رام قىلدى. شۇنىڭدەك ئاقسۇ، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، قىلمىغان ئەس ـ كىلىكى قالمىغان ياڭ تۇەنجاڭ (ياڭ لىن)نى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىپ ئىشقا قويدى، ھەتتا ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىغا ئۆيـ ـلىنىپ، ئۇنى ئۆزىگە قېيىنئاتا قىلدى. ئۇ بىرىنچى قەدەمدە پىتنە ـ پاسات تېرىپ تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئېلىنىڭ ئارىسىنى بۇزدى، ئىككىنچى قەدەمدە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن خو ـ تەنلىكلەرنى زىتلەشتۈردى. خوتەن ئەمىرى ئابدۇللا يەكەندىكى خوتەن قوشۇنى بىلەن تۆمۈر سىجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىـ ـلىشلەرنى ئۇششاش ئۇچۇن قەشقەرگە كەلگەندە، دەسلەپتە قىز ـ غىن قارشى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خوتەنلىكلەر بىلەن قەشقەرلىكلەر بىرلىشىپ تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇشتەك تەكلىپى كەسكىن رەت قىلىندى. ماجەنساڭنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە ئازدۇرۇشى تۈپەيلىدىن تۆمۈر سىجاڭ ئابدۇللانى قاماپ قويـ ـدى، ئابدۇللا بىلەن بىرگە كەلگەن ئەسكەرلەرنى قورالسىزلانـ ـدۇردى. نەتىجىدە خوتەن ئۇرۇشى پارتلىدى. تۆمۈر سىجاڭ ئا ـ ساسلىق كۈچىنى خوتەن ئۇرۇشىغا سالدى...

ئەينى چاغلاردا تۆمۈر سىجاڭ نەچچە قېتىم ماجەنساڭنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشقىلارنىڭ تەھلىكىسىدىن ئاسراپ قالغانىدى، ھەتتا خوجانىياز ھاجى نەچـ ـچە قېتىم تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرسىمۇ ئىجرا قىلمىغان ئىدى، ئەمما «ۋاپاغا جاپا» دېگەندەك ئۆزى ماجەنساڭنىڭ قول ئاستىدىكى تۇەنجاڭ گامازا تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ، 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاۋغۇست چارشەنـ

بە كۈنى ئىدى. ئارقىدىنلا ماجەنساڭ شەخسەن ئۆزى زور قو-
شۇننى باشلاپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى سازايى قىلىپ،
قەشقەر يېڭىشەھەردىن كونا شەھەرگە قاراپ جازا يۈرۈشى باش-
لىدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەرسىز ئولتۇرۇشقان
بىر قىسىم ئەسكەرلەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئېسىلغان بېشىنى
كۆرۈپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە،
ئەينى ۋاقىتتا ماجەنساڭ، تۆمۈر سىجاڭلار تەرىپىدىن قەشقەر
شەھىرىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىنغان ئۈچ پولك خەلق ئەس-
كىرىدىن ئىبراھىم لوزۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك ئەسكەر
ماجەنساڭغا تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇردى، بۇنىڭدىن پايدىلاڭ-
غان ماجەنساڭ شەھەرنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈپ، دوتەي يامۇ-
لىنى ئىشغال قىلىنۋالدى، بىخىراماان ئولتۇرغان باش كاتىپ
نىزامىدىن ئەپەندىنى قولغا ئالدى. بۇ چاغدا ۋالىي يۇنۇس بەگ
تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتكەن، يامۇلدىكى ئەسكەرلەرمۇ قال-
مىغان ئىدى. شۇڭا ۋالىي مەھكىمىسى ۋە دىۋىزىيە شتابىدىكى
ئالتۇن - كۈمۈشلەر ۋە زاپاس قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار-
نىڭ ھەممىسى ماجەنساڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ يېڭى شەھەرگە
توشۇپ كېتىلدى. ماجەنساڭ شەھەر ئەتراپىغا كېلىۋالغان ئۆز-
بېك قوشۇنىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جازا ئەترىتى چىقىرىپ ئې-
لىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ ئوبدانلا ئەدىپىنى يەپ، نۇرغۇن جە-
سەتلەرنى قالدۇرۇپ، بىرقانچە ئون تال مىلتىقنى ئولجىغا
تاشلاپ بېرىپ قايتىپ كىردى.

ماجەنساڭ گەرچە قەشقەر كوناشەھەرنى ئىگىلىۋالغان بول-
سىمۇ، ئۆز غورۇرىنى يوقاتمىغان ئوسمان ئېلى ئۇيغۇر، ئۆزبېك
ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، 16 - ئاۋغۇست كۈنى بىرلا ھۇ-
جۇم بىلەن كونا شەھەرنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالدى. ماجەنساڭ
قەشقەر يېڭىشەھەرگە يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بى-
لەن يېڭىشەھەر ئۇرۇشى پارتلاپ 165 كۈن داۋام قىلدى. بۇ ئۇ-
رۇشنىڭ مۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىگە، بىرىنچىدىن،

ماجەنساڭنىڭ جاھىللىقى، ئىككىنچىدىن، خەنزۇلارنىڭ پىدا-كارلىقى، بۇنىڭ ئەكسىچە ئوسمان ئېلىنىڭ كېيىنكى كۆنلەر-دىكى ئاينىشى، قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇشنى بايلارنى بۇلاش، قورساق بېقىشنىڭ يولى قىلىۋالغانلىقى، ئۇيغۇر ئەس-كەرلىرىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشەلمەسلىكى، ئىرادىسىنىڭ ئاجىز-لىقى، ئاڭسىزلىقىدىن دۈشمەنلەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى، ھەر خىل پىتنە - ئىغۋالارنىڭ ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ يۇرۇشى قاتارلىقلار سەۋەب بولدى. نەتىجىدە مافۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ماجەنساڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇ-زۇۋالدى.

ماجەنساڭ قەشقەرنى قايتىدىن ئۆز قولىغا ئالغاندىن كې-يىن، 1934 - يىلى 6 - فېۋرال كۈنى قەشقەردە قەتلىئام پا-جىئەسىنى پەيدا قىلدى، بۇ قېتىمى پاجىئەدە 6000 دىن ئو-شۇق بىگۇناھ كىشى ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. ماجەنساڭ يەنە خوتەنلىكلەر بىلەن يېڭىسارىدا بولغان ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنى-شىپ نۇرغۇن كىشىنى قىرىپ تاشلىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماجەنساڭ يېقىنقى زامان تارى-خىمىزدىكى ئىككى قولى قەشقەر خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى بى-لەن بويالغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇۋلۇق - شۇملۇقنى تاشلىمىغان بىر جاللات ئىدى.

# ئۇچار ئات ـــ شاتۇر

## ياقۇپ ئەمەت

شاتۇر (ئەسلى ئىسمى سەييىد جامالىدىنخان) پاكىستان بىلەن ئافغانىستان چېگرىسىدىكى قەندىھاردا تۇغۇلغان، 1930 ـ يىلى ئافغانىستاننىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ۋەكىلى ـــ جەنرال (گېنېرال) ساھىبىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ھەم ئالاقىچىسى بولۇپ يەكەنگە كەلگەن.

شاتۇر دېگەن لەقەم ئۇنىڭ چاققانلىقى، يول مېڭىشقا، يۈگۈرۈشكە ماھىرلىقى، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي، كېچە ـ كۈندۈز ھاردىم ـ تالدىم دېمەي توشقاندەك دىكىلداپ تېز يول ماڭىدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يەكەن خەلقى تەرىپىدىن قويۇلغان.

يەكەن ناھىيە ئىشقۇل يېزا 7 ـ كەنتتىكى 85 ياشلىق ئىبراھىم سىيىت مۇنداق دەيدۇ: 1959 ـ يىلى بىر قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا شاتۇر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىنىمدا، ئۇ ماڭا: «چوڭ يولغا چىقىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ كەينىدىن ماڭسام، بىر سائەتتىن كېيىن، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئات مەندىن كېيىن قالىدۇ، بىر سەكرەشتە بەش مېتىر ئارىلىققا سەكرەيمەن، سۈت، تۇخۇم ئىچىمەن، ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرۈشنى مەشق قىلىمەن» دېگەنىدى.

شاتۇر بۇغداي ئۆڭلۈك، چېچەك ئىزلىق، كەكە ساقال، ۋىدجىك، پۇت ـ قوللىرى تۈكلۈك، پاكارراق، ئۇچىسىغا دائىم خومارەڭ كىيىم، پۇتىغا لاتا ئاياغ كىيىپ، پۇتىنىڭ ئوشۇقىدىن تىزىغىچە ئاق خام يۆگەپ يۈرىدىغان، بىر ئىزدا جىم تۇرالمايدىغان، يول ماڭسا توشقاندەك سەكرەپ ماڭىدىغان، دولد-

بىسىدىن سىرىق سومكا چۈشمەيدىغان كىشى ئىدى. ھەر قانچە ئال-دىراش ئىشقا ماڭغان كىشىلەرمۇ ئۇنى كۆرگەندە ھەيرانلىق ئىل-كىدە: «شاتۇر، بارمۇ سەن؟» دېيىشەتتى.

پاكىستاننىڭ جەندۇل مايار دېگەن يېرىدىن كەلگەن 70 ياش-لىق ئەخمەتجان، يەكەن كونا شەھەردىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ ھا-زىرقى مەزىنى 79 ياشلىق ئابدۇللا كېرىم مۇپتى ئاخۇنۇم (شا-تۇرنىڭ ئەينى چاغدىكى قوشنىسى)نىڭ يېقىندا ئەھۋال تونۇشتۇ-رۇشىچە: شاتۇر ئافغانىستانلىق مۇكەررەمخان باينىڭ ھويلىسىدا تۇرغانىكەن، ئافغانىستاننىڭ يەكەندىكى كونسۇلخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، 1950 ـ يىلى يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە خەت ـ ئالاقىچى (خەۋەرچى) بولغان. يەكەن بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق 4 ـ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئورا كۆلبېشىدىكى كەشمىر كوچىسىغا ئورۇنلاشقان. ئەينى چاغ-دىكى كونسۇلخانىنىڭ ئىمارەتلىرى ھازىر نامانجان ھاجىمنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، مەشھۇر جايغا ئايلاندى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مە-مۇرىي مەھكىمىنىڭ 1953 ـ يىلدىكى كادىرى موللامەت ھاجىم ۋە يەكەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى غوپۇر مۇھەممەت قاتارلىقلارنىڭ تو-نۇشتۇرۇشىچە: شاتۇر يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋەرچىسى بولغان مەزگىلدە، يەكەن ناھىيىسىگە قاراشلىق، كۆلىمى 8195.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى 84 ئىدارە، مەكتەپ، 16 يېزىنى بىر نەچچە كۈندىلا پىيادە ئايلىنىپ كەلگەن. ئەينى چاغدا تېلېفون، ماشىنا يوق، ئات قىس، قاتناش-نىڭ قولايسىزلىقىنى بىلگەن شاتۇر پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پارتىيە، خەلققە سادىق بولۇپ، قىش ـ ياز دېمەي، تەرگە چۆمۈلۈپ جاپالىق ئىشلىگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان غەي-رەت ـ شىجائىتى بىلەن يەتتە ـ سەككىز كىلوگرام كېلىدىغان خەت ـ چەك سومكىسىنىمۇ ئۆزۈن مۇساپىدە ھارماي ـ تالماي كۆتۈرۈپ ماڭغان. شاتۇرنىڭ تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپ، قەشقەر

مەمۇريي مەھكىمىگە پىيادە بېرىپ، بىر كۈندە 193 كىلومېتىر يول بېسىپ، كەچتە قونماي يەكەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆر- گەن كىشىلەر: « شاتۇر ئۇزۇن سەپەر پالۋىنى، قاناتلىق ئات» دې- يىشكەن. موللا مۇھەممەت ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە: شاتۇر 1953 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە 40 كىلومېتىر مۇساپىنى بىر سائەتتە بېسىپ، چېمپىيون بو- لۇپ، ۋالىي قاسىمجان قەمبىرىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1953 - يىلدىكى كادىرى ئۆمەر روزىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە : شاتۇر 1953 - يىلى غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە 1 - بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

شاتۇرنىڭ يەكەن ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق 8 - مەھەللىدىكى قېيناغىسى 73 ياشلىق ئابدۇقادىر ۋاسىلنىڭ تو- نۇشتۇرىشىچە: بەدەخشاندا چوڭ بولغان شاتۇر 1961 - يىلى 79 يېشىدا ئافغانىستانغا تۇغقان يوقلاشقا بېرىپ، كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ، يەكەندىكى خىزمەتداشلىرىغا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ يەكەنگە قايتىپ كېتىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ئارزۇسى ئىشقا ئاشمايدۇ، ئۇ 1981 - يىلى ئافغانىس- تاندا قازا قىلىدۇ.

شاتۇر ئۆزىنىڭ بىھېساب تەر - ئەجرى بەدىلىگە زەرەپشان دەرياسى بويىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شا- تۇر دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنسا، يەكەن خەلقى ئۇنى ھۆرمەت، مۇھەببەت بىلەن ئەسلىشىدۇ.

# ئىپارخاننىڭ ھاياتىغا ئائىت يېڭى مەلۇماتلار

ئابلىمىت مۇھەممەت

ئېلىمىزنىڭ ئىپارخان توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتى خېلىلا چوڭقۇرلىشىپ مەلۇم باسقۇچقا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سىرلىق تارىخىي شەخس توغرىسىدىكى ھەر خىل رىۋا-يەتلەر ۋە يېڭى سىرلار ئۈزلۈكسىز تۇردە مەيدانغا كېلىپ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە بولغان قىزىقىشىمىزنى ئاشۇرماقتا.

سۆزنى ئالدى بىلەن شۇسۇڭنىڭ «ئىپارخاننىڭ مەقبەرىسى» ناملىق شېئىرىدىكى غوۋا بايانلاردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

سۇغا تاشلاپ شولىسىنى تۇرسا بۇندا سۇرلۇك مازار،
تاۋاپ قىلىپ ئىپارخانغا ھەر تەرەپتىن كېلەر قىزلار.
كۆزگە سۇرسە يەتكۈزەرمىش ئارمانىغا ئالتۇن تۇمار،
ئىخلاس بىلەن چىن دىلىدىن ئىچ سىرىنى قىلسا ئىزھار.

شۇندىن باشلاپ «ئىپارخان» ھەققىدىكى خىلمۇ خىل رىۋا-يەتلەر تېزلا تارقىلىپ، نۇرغۇنلىغان غەيرىي تارىخىي قول ياز-مىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. يالغۇز بۇ-نىڭ بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە 1914 ـ يىلى بېيجىڭ خان سارىيى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ئورنى لاڭ شىنىڭ تەرىپىدىن سىزىلغان ئاتالمىش «ئىپارخاننىڭ دوبۇلغا ـ ساۋۇتلۇق رەسىمى»نى كۆرگەزمە قىلدى. رەسىمنىڭ تېگىگە كى-شىنى ناھايىتى قىزىقتۇرىدىغان قىسقىغىنە تەرجىمىھالمۇ بې-رىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئىپارخان ئەسلى

ئۇيغۇر بەگلىرىدىن بىرىسىنىڭ قىزى بولۇپ، ھۆسنى ـ جامالى ئىنتايىن گۈزەل، ۋۇجۇدىدىن ئىللىق پۇراق چىقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىسرىقلاندۇرۇش كەتمەيتتى، شۇڭا ئەل ـ جامائەت ئۇنى «ئىپارخان» دەپ ئاتاشقان. چيەنلۇڭ خان بۇ ئاجايىپ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جاۋخۇي غەربكە قوشۇن تارتقاندا بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇغان. كېيىن جاۋخۇي چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىپ ئىپارخاننى پاي-تەختكە ئېلىپ بارغان. چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا مەخسۇس قەسىر سالغۇزۇپ بەرگەن، قەسىرنىڭ سىرتى گۈل ـ گىياھلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە ئىمارەت تۈسىگە كىرگۈ-زۈلگەن. چيەنلۇڭ خان بۇ ئارقىلىق ئىپارخاننىڭ يۇرتىغا بولغان سېغىنىشىنى تۈگەتمەكچى بولغان. لېكىن ئىپارخانغا كۆرسە-تىلگەن بۇنداق ئالىي ھىممەتلەر ئۇنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان مې-ھىر ـ مۇھەببىتى ۋە سېغىنىشىنى سۇسلاشتۇرالمىغان. ئەكسى-چە كېچە ـ كۈندۈز يېنىدىن خەنجەر ئايرىماي، چيەنلۇڭ خاننىڭ ھەرقانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى رەت قىل-غان. چيەنلۇڭنىڭ چوڭ خانىشى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، چيەنلۇڭ-نىڭ نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزۈشكە كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىپارخاننى ئارامگاھ سارىيىغا چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاخى-رەتلىك ئىنئام قىلغان».

ھۆكۈمەت تەرەپلەرنىڭ خانىشلارنىڭ مەخپىي تارىخى توغرى-سىدىكى بۇ كۆرگەزمىسى ئىپارخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسىنى ئاشۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنغان چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىپارخان توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ھېكايە تىلغا ئې-لىنغان، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەل بىر تارىخىي ۋەقەگە ئايلانغان. ئېلىمىز ۋە ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان نوپۇزلۇق تارىخ لۇغەتلىرى ۋە قامۇسلىرىغىمۇ ئىپارخان ئۈچۈن مەخسۇس سە-

ھىپە ئاجرىتىلغان. ئىپارخاننىڭ ھايات ـ پائالىيىتى تەسۋىر ـ لەنگەن دراما ۋە چاكچىلىلەر كەينى ـ كەينىدىن سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىپ، كۆپ قېتىم ئوينالغان.

تارىختا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر ئاجايىپ ئايال ئۆتكەنمۇ؟

«چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ۋە «چىڭ سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»دىكى ماتېرىياللار ـ غا ئاساسلانغاندا، چيەنلۇڭ خاننىڭ 42 نەپەر خانىش، توقاللىرى ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ غەربىي يۇرتلۇق بىر خانىش بار بولۇپ، ئۇ ـ نىڭ ھۆرمەت نامى ھۆسنى پۇچۇڭ (容妃 ) ئىدى.

1937 ـ يىلى مىڭ سېن ئەپەندى ماقالە يېزىپ، مەزكۇر ھۆسنى پۇجۇڭنىڭ دەل رىۋايەتلەردىكى ئىپارخاننىڭ ئۆزى ئى ـ كەنلىكىنى دەلىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىپارخان توغرىسى ـ دىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى قاراشلار تۈزىتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تارىخشۇناسلار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلار قولىدىكى ماتېرىياللارنى قېزىپ چىقتى، بولۇپمۇ 1979 ـ يىلى ئىپارخاننىڭ قەبرىسىنىڭ ئېچى ـ لىشى بىلەن بۇ ھەقتىكى دەتالاشلار جامائەتچىلىك ئالدىدا تولۇق ئاشكارىلاندى.

ئىپارخان ئەسلىدىكى شىنجاڭدىكى خوجىلار جەمەتىدىن بو ـ لۇپ، ھەرگىز بۇرھانىدىن خوجا ياكى خوجا جاھاننىڭ پۇجۇڭ خېنىملىرىدىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ يىراق تۇغقانلىرى ـ دىن ئىدى.

1757 ـ يىلى خوجا جاھان ۋە بۇرھانىدىن خوجىلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى ئامىنداۋنى ئۆلتۈ ـ رۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى ۋە بە ـ شىنچى تاغىسى ھەسەن خوجا بۇ قېتىمقى توپىلاڭدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، يەكەندىن ئىلىغا قېچىپ چىققان. چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي يەكەننىڭ سىرتىدىكى قاراسۇ دېگەن جايدا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق قورشاۋغا چۈشۈپ قالغاندا، تۇردى بۇيرۇت قوشۇنلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. بۇنىڭ

بىلەن ئىككى خوجا ئالدى ـ كەينى ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان. چىڭ قوشۇنلىرى ئىككى يۆنىلىشتىن ياردەمگە كېلىپ، قورشاۋدا قالغان جاۋخۇينى قۇتۇلدۇرۇپ توپىلاڭنى تىنچىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىپارخاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىنچىتىشتا غايەت زور خىزمەت كۆرسەتكۈچىلەر ئىدى.

ئىپارخان توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئۇنىڭ 1760 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خۇش پېئىل ئېسىلزادىلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئىنئام ئالغان ۋاقتىدىن باشلاپ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ شۇ قېتىمدا ئىنئام ئالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلىرى، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلىرىنىڭ تىزىملىكى ھازىرقى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان. ھەتتا ئۇنىڭ 1788 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋاپات بولغان كۈنگە قەدەر ئىنئام ئالغان ئېسىل نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ تەپسىلىي تىزىملىكمۇ تولۇق ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئىپارخاننىڭ ئوردىدىكى ھاياتى 28 يىل بولۇپ، بۇنى چىڭ سۇلالىسى ئوردا ئارخىپلىرىدا خاتىرىلەنگەن چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «ئىپارخاننىڭ 40 ياشقا تولغان كۈنىدۇر» دېگەن خاتىرىسىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

ئىپارخان ئوردىغا كىرىش بىلەنلا «ھەرەم قىزى» ۋە «ئىلتىپاتلانغۇچى»دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، بىراقلا «ئېسىلزادە»لىككە كۆتۈرۈلگەن. بۇ، ئۇنىڭ چيەنلۇڭ خاننىڭ نەزەرىدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىپارخان «ئېسىلزادە»لىككە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر يىلى ئوردىدىن 150 سەر كۈمۈش تەمىنات ئېلىپ تۇرغان. غۇنچەچىلىك (嫔妃) مەرتىۋىسىگە يەتكەندە بولسا، ئالغان تەمىناتى 300 سەرگە يەتكەن. ئۇنىڭ 40 ۋە 50 ياشقا توشقان خاتىرە كۈنلىرىدە چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ئېغىرلىقى 450 سەر كېلىدىغان كۈمۈش يامبۇ ۋە بىر تالاي ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ھەدىيە قىلغان.

ئىپارخان چيەنلۇڭ خاننىڭ جەنۇبقا قىلغان سەيلىسى،

شەرقتىكى تەيشەن تېغى، كۆكزى ئىبادەتخانىسى، مانجۇلارنىڭ مۇقەددەس ئەجدىھا بۆشۈكى بولغان شېكجىڭغا قىلغان ساياھەت ۋە ئوۋ ـ شىكارلىرىغا بىللە بېرىپ تۇرغان. ئۇ يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان نۇرخاچ ۋە خۇنتەيجىلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ ئېلىپ بېرىلغان كاتتا ئىبادەتلەرگە قاتناشقان ۋە خان سارىيىنىڭ سۇمرۇغ قەسرى دانىشمەنلەر زالىدا خان بىلەن بىللە ھەرقايسى ۋاڭ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ سالام ـ تازىمىنى قوبۇل قىلغان. خانىشلار ئىچىدە ئىپارخان يالغۇز بىر ئۇيغۇر بولغىنى ئۈچۈن، مەيلى ئوردىدا ياكى ساياھەت، ئوۋ ـ شىكار سەپەرلىرىدە بولسۇن، ئۇنىڭ تاماقلىرى مۇسۇلمانچە ئېتىپ بېرىلگەن.

چيەنلۇڭ 49 ـ يىلى ئىپارخان ئۆزىنىڭ 50 ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرىلىگەندىن كېيىن ناھايىتى ئاز كۆرۈنىدىغان بوپقالغان. چيەنلۇڭنىڭ 52 ـ يىلى (1787 ـ يىلى)دىكى ئوردا ئارخىپلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ «جەنىنەتكە كىرىش كۇمىلىچى» يېگەنلىكى ھەققىدە خاتىرە بار. چيەنلۇڭ 53 ـ يىلى (1788 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىپارخان 55 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇنىڭ جەسىتى خېبېي ئۆلكىسىدىكى چاڭرۇي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى خان، خانىشلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

ئىپارخان نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى پايتەختكە ئايرىلىپ ئۆمۈرۋايەت دۇنيانىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتى ۋە پاراغىتىنى كۆرۈپ، ئۆلگەندىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئىچىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ 200 يىلدىن كېيىنكى تەقدىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولغان. يەنە ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قەبرىسى يىل بويى يامغۇر سۈيىگە چىلىنىپ، ئالتۇن يالىتىلغان ۋە ئېسىل تاشتىن ياسالغان تاۋۇتى ئاللىقاچان چېقىپ تاشلانغان. ئىچىدىكى قىممەتلىك مال ـ دۇنيالار ئوغرىلاپ كېتىلگەن. باش سۆڭىكى تېنىدىن ئاجرىتىلىپ پەقەت ئاپپاق ئىككى ئۆرۈم چېچى ۋە بىرمۇنچە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارلا تاشلىنى-

ىنىپ قالغان. تاۋۇت بېشىغا ھەل بېرىلگەن «قۇرئان» قويۇلغان. بۇنىڭدىن ئىپارخاننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى، چيەنلۇڭ خاندىنىڭمۇ ئۇنىڭ بۇ ئېتىقادىغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ يالغۇز ئىپارخانغا كۆرسىتىلگەن ھۆرمەت بولماستىن بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە چىڭ سۇلالىسى خانلىرىنىڭ چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىدارە قىلىشتا يۈرگۈزگەن مىللىي سىياسىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئىپارخان قەبرىسىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقىدا ئىكەنلىكىدە شەك بولمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا شۇ سۆز تىلغا ئالغان «ئىپارخان قەبرىسى»نىڭ قەشقەردە بولۇشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇ سۆز كۆرسەتكەن قەبرە ئايال كىشىنىڭ قەبرىسى بولماستىن، بەلكى بىر ئەر كىشىنىڭ، يەنى ئىپارخاننىڭ بوۋىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن.

ھازىر كىشىلەرگە سىرلىق تۇيۇلىدىغان يەنە بىر ئىش ئىپارخاننىڭ رەسىمىدۇر. بۇ ھەقتە ھازىرغا قەدەر يېتىپ كەلگەن رەسىم ئۈچ بولۇپ، ئىككىسى ماي بوياق رەسىم. بىرى 1914 ـ يىلى كۆرگەزمە قىلىنغان ياۋروپاچە دوبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن يېرىم رەسىم، يەنە بىرى ياۋروپاچە كىيىم كىيگەن كۆڭلەكلىك، پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك رەسىم. ئۈچىنچىسى، مەلۇم بىر سەيياھ يۇلىڭ قەبرىستانلىقىدىن تارتىپ مىڭ سىن ئەپەندىگە ئەۋەتىپ بەرگەن ئىپارخاننىڭ چىپاۋ كىيگەن رەسىمىدۇر. بۇ ئىپارخاننىڭ نەزىر ـ چىراغ قىلغاندا ئىشلىتىدىغان ئىلاھىي رەسىمى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئالدىنقى ئىككى رەسىمدە ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس چىراي ئۆزگىچىلىكى يوق. شۇڭا جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بۇ ئىككى رەسىمنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۈچىنچى خىل رەسىمدىكى قىزنىڭ كۆزلىرى ئىچكىرىرەك، قاڭشارلىق، يۈزى دۈپ ـ دۈگىلەك، ئىككى مەڭزى سەل ئېگىزرەك كەلگەن بولۇپ،

ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئوماق ـ جەزبىلىك قىياپىتىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىپارخاننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن باش سۆڭەك رەسىمىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، چيەنلۇڭ خان ئىپارخان ئۆلۈپ ئۈچ يىلدىن كېيىن گۆھەر ئاي قەسرىگە ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئاسقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ سېغىنىش پىراقلىرىنى ئىزھار قىلغانلىقى مەلۇم.

دېمەك، ئىپارخاننىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق بىر پارچە رەسىمى بار بولغان بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن «مانجۇچە چىپاۋ كىيگەن ئىپارخان» رەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن تارىختا ئۆتكەن ئىپارخاننىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالايمىز.

يۇقىرىقىلار يېقىنقى مەزگىللەردە ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ماتېرىياللار ئاساسىدا چىقىرىلغان خۇلاسە، ئۇنىڭدا خاتالىق يوق دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

# يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئۆزبېك تېۋىپلار

مۇختار مامۇت مۇھەممىدى

چار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى بىلەن يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكلەر، شۇنىڭدەك ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 1930 - يىللاردا ئۆزبېكىستاندا يۈز بەرگەن سىياسىي داۋالغۇشلار تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئۆزبېك ئۆزىنىڭ يېقىن قېرىندىشى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار، ئاساسەن، قەشقەر ، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلارغا مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستا سەنئەتكارلار، نامدار تېۋىپلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر بار ئىدى. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە تېبابەتچىلىك ئىلمى جەھەتتە ماھارىتىنىڭ ئۈستۈن، ئېرىشكەن ئەمەلىي نەتىجە - ئۇتۇقلىرى ۋە بۇ ساھەگە قوشقان تۆھپىسىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى بىلەن شۆھرەت قازانغانلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۆزبېك تېۋىپلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان تېبابەتچىلىك ئىلمىنى يەرلىك ئۇيغۇر تېۋىپلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ ھەمدە تېبابەتچىلىكنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە خېلى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىدۇ. ئەنە شۇلار قاتارىدا خەلقنىڭ يۈكسەك ئىشەنچ - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان زاتلاردىن ئاتاقلىق شائىر ھەم تېۋىپ زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت، نەجمىدىن داموللا ھاجىم، ھېپىزخان مەخسۇم، فەتھىدىن مەخسۇم، ئورۇنبۇخان ئايىم، مىر ئەخمەت مەرۇپ، ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم، سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم، شاراپەتخان ھاجى خېنىم، غۇلامجان تۆرەم قاتارلىقلار خەلقنىڭ

سالامەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ۋەكىللىك شەخسلەردۇر. تۆۋەندە بىز ئۇلاردىن بىر نەچچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق.

## زاكىرجان خالمۇھەممەت

زاكىرجان خالمۇھەممەت (فۇرقەت ) 1858 ـ يىلى ئۆزبېـ- كىستاننىڭ قوقان شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئەشۇ يەردە مەدرىسىدە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان، 14 يېشىدىن باشلاپ شېئىرىيەتكە ھەۋەس قىلىپ، ئۆزىگە «فۇرقەت» تەخەللۇ- سىنى قويۇپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 18 يېشىدىن باشلاپ تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىپ، بىر مەزگىل كىتاب ئوقۇغاندىن كېيىن، مەرغىلانغا بېرىپ تېۋىپلارغا شاگىرت بولۇپ، تېبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن، كېيىن دۇكان ئېچىپ كې- سەل داۋالىغان. 1889 ـ يىلى سەمەرقەنتكە بېرىپ ئۇ يەردىن با- كۇ ئارقىلىق چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىپ، بۇلغارىيە، گرېت- سىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلغاندىن كېيىن ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ، 2 ـ يىلى دېڭىز يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا كەلگەن، بومبايدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن كەشمىرگە كېلىپ، بىر قىش تۇرغان، 1893 ـ يىلى با- ھاردا لاداخ يولى ئارقىلىق قاغىلىققا كېلىپ بىر مەزگىل تۇر- غاندىن كېيىن يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كېيىنچە كۆلبېشى مەھەللىسى سۆگەت سارىيىدا تېبابەتچىلىك دۇكىنى ئېچىپ كېسەل كۆرۈش، دورىپۇرۇشلۇق قىلىش بىلەن تۇرمۇشە- نى قامدىغان. تېبابەتچىلىك ساھەسىدە ئۇنىڭ يەل كېسىلى ۋە تېرە كېسىلىنى داۋالاش تەجرىبىسى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى، ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەننىڭ ئامبىلى يەل كېسەل بىلەن ئاغرىپ، ھېچقانداق دورا پايدا قىلمىغاندا، زاكىرجان ھاجىم ئۇنىڭغا ئۆزى ياسىغان دورىنى يېدۈرۈش، بىر خىل دورىنى تاماكا ئورنىدا چە- كىم بىلەن چەكتۈرۈش، سىرتىدىن سىماپلىق ماي بىلەن مايلاش، ھامامدا تەرلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن داۋالاپ ساقايتقان. ئامبال خۇرسەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا شەھەر سىرتىدىن 22

مو يەر بەرگەن. يەنە بىر ئىش، كۆچۈلا يەپ زەھەرلىنىپ قالغان بىر كىشىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى يىغا ـ زارە قىلىپ كەلگەندە، زاكىرجان ھاجىم دەرھال بىر داس سۈت تەييارلاپ، كېسەلنى سۈتكە چىلاپ، يۇيۇندۇرۇپ، ئىچىدىن زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار-نى ئىچكۈزۈپ، داۋالاپ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. زاكىرجان ھاجىمنىڭ ئايالى رەناخان قاغىلىقلىق سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن تېۋىپنىڭ قىزى بولغاچقا، ئۇنىڭ كەسپىي ئىشىغا كۆپ ياردەمدە بولغان. زاكىرجان ھاجىم رەھىمدىل، سېخىي ئادەم بولۇپ، دۇ-كىنىغا كەلگەن كەمبەغەللەرنى ھەقسىز داۋالاپ قويغان. لېكىن ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇرمۇشى ناھايىتى كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتكەن. مەشھۇر ئالىم تەجەللى زاكىرجان ھا-جىمغا «زۇبدە تۇل ھۆكەما» (ھۆكۈمالارنىڭ سەرخىلى) دەپ نام بەرگەن. 1905 ـ يىلدىكى بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە زاكىر-جان ھاجىمنىڭ دۇكىنىمۇ كۆيۈپ كېتىپ، دۇكان دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، دەسمايە تاپالماي، كامىلجان ئاقساقال دېگەن كىشىنىڭ كاتىپلىقىنى قىلىپ جان باققان. 1909 ـ يىلى بوغما كېسىلى بىلەن ئاغرىپ 51 يېشىدا ۋاپات بولغان. زاكىرجان ھاجىمنىڭ تېبابەت ۋە شېئىرىيەتكە قوشقان تۆھپىسى تا ھازىر-غىچە كىشىلەر ئاغزىدا داستان بولۇپ كەلمەكتە

**نەجمىددىن داموللا ھاجىم**

نەجمىددىن داموللا ھاجىم 1854 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتى خارتۇم قىشلاق گۇزەر مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى مەشھۇر تېۋىپ زاكىرجان داموللامدىن دىنىي ۋە تېببىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. نەجمىددىن داموللام داڭلىق ھۆ-كۈمانىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمالىقتا چىن دىل-دىن ئىخلاس قىلىپ، كەسپكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆزىمۇ تونۇلغان ھۆكۈما بولۇپ يېتىشىش بىلەن بىرگە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. نەجمىددىن داموللام بىمارنىڭ رەڭگى ـ رو-ھىغا قاراپ دىئاگنوز قويۇشقا ماھىر ئىدى. ئۆپكە كېسىلى، بۆ-

رەك ۋە تېرە كېسەللىكلىرىنى ئاددىي ئۇسۇلدا يەرلىك ئۆسۈملۈك دورىلارنى بۇيرۇش ۋە دورا ياساپ بېرىش بىلەن داۋالاپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، خەلقنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ 1926 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندىن قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، ھاياتىنى خەلقنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، 1942 ـ يىل 4 ـ ئاي مەزگىلىدە 88 يېشىدا ۋاپات بولغان.

فەتھىددىن مەخسۇم

فەتھىددىن مەخسۇم 1901 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتى خارتۇم گۇزەر مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى 17 ئەۋلاد تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ 18 ياشقا كىرگىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن دادىسى نەجمىددىن قارى داموللامدىن قالغان كىتاب ۋە رېتسېپلاردىن پايدىلىنىش بىلەن تۆرلۈك كېسەللەرنى داۋالاشتا خېلى شۆھرەت قازانغان. 1931 ـ يىلى قەشقەر شەھرىگە كۆچۈپ كېلىپ، تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا ، فەتھىددىن مەخسۇم بارلىق زېمىنىنى ۋە تېبابەتچىلىككە دائىر كىتاب ۋە دورىلاردىن بولۇپ، 3000 يۈەن قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ باش ۋراچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى تېببىي كىتابلارنى كۆپلەپ كۆرۈپ بۇ شىپاخانىنىڭ مۇرەككەپ دورىلارنى تەييارلىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان. «ھەببۇل ئەسرار»، «مۇرەككەباتى ھەببى ئىمساك»، «ھەببى ھىلتىت مۇرەككەبات»، «ھەببى شىفاھىيە»، «ھەببى سوئال مۇرەككەبات»، «ھەببى ھازىم»، «ھەببى مۇپاسىل» قاتارلىق 100 خىلدىن ئارتۇق رېتسېپنى ئىجاد قىلىپ، يامان خاراكتېرلىك ئىچكى كېسەللىكلەر، ئۆسمە ۋە تاناسىل كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ساقايتىپ، قەشقەر

شەھىرىدە زور شۆھرەت قازانغان. 1974 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلى بىلەن 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

### ئورۇنبۇخان ئايىم

ئورۇنبۇخان ئايىم 1906 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئورۇنبۇخان ئۆز زامانىسىدىكى ئۆزبېكىستاننىڭ مەشھۇر ئالىمى ۋە تېۋىپى ھېسابلانغان دادىسى دەۋران داموللامدىن دىنىي ۋە تېبىبىي بىلىملەرنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن. ئېرى فەتھىدىن مەخسۇممۇ تونۇلغان تېۋىپ ئىدى. «شەمسۇل ئەتىبا»، «مۇفرىدات» قاتارلىق كۆپلىگەن كىتابلارنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىنى تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن قوراللاندۇرغان ئورۇنبۇخان ئايىم كېسەللەرگە مۇستەقىل دىئاگنوز قويالايدىغان، دورا بۇيرۇيالايدىغان، داۋالاشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. 1931 ـ يىلى فەتھىدىن مەخسۇم بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. قەشقەر شەھىرىدە فەتھىدىن مەخسۇم ئەرلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ داۋالىسا، ئورۇنبۇخان ئايىم ئاياللارنىڭ ۋە باللارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ داۋالىغان.

ئورۇنبۇخان ئايىم يولدىشى فەتھىدىن مەخسۇم، ئوغلى سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم، ئەنۋەرخان مەخسۇم قاتارلىقلارنىڭ كېسەللەرگە يېزىپ بەرگەن دورىلىرىدىن «جاۋارىش كۇمۇنى»، «جاۋارىش ياقۇتى»، «ھەببى كىبرىت»، «ھەببى شىپا»، «ھەببى ئايارەج» قاتارلىق ئاز كەم 500 خىل دورىنى ئۆز قولى بىلەن ياساپ چىققان. 1969 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

### مىرئەخمەت مىرمەرۇپ

مىرئەخمەت مىرمەرۇپ 1907 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مىرمەرۇپ غازى باي تېۋىپنىڭ ئوغلى ئىدى. مىر ئەخمەت تېۋىپلىقنى دادىسى مىرمەرۇپتىن ئۆگەنگەن بولۇپ، 6 ـ ئەۋلاد تېۋىپ ھېسابلىنىدۇ.

مىرئەخمەت ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن باشلاپ، بىر تەرەپتىن

دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسى مىرمەرۇپتىن تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. 1924 ـ يىلى ئۇ دادىسى بىلەن بىللە قەشقەرگە بارىدۇ ۋە نۇرغۇن تېۋىپلار بىلەن تونۇشۇپ تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا تىبابەتچىلىككە دائىر نۇرغۇن كىتاب يىغىدۇ ھەمدە تاشكەنت، ئەنجان، سەمەرقەنت، مەرغىلان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تېۋىپلىق قىلىپ، 1925 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ.

مىرئەخمەت 1945 ـ يىلى ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئىلمىي ئەسەر يېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە بۇرۇن ئۆتكەن 16 مەشھۇر تېۋىپنىڭ تەرجىمىھالى، ئۇيغۇر تىبابىتى نەزەرىيەسى، داۋالاش ئۇسۇلى ھەمدە كېسەللەرگە بېرىلىدىغان دورىلارنىڭ ئۆلچىمى قاتارلىقلار ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان. ئۇ ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بۇ شىپاخانىنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان. غۇلجا شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنى كىشىلەرنىڭ ھازىرغا قەدەر مىرئەخمەت ۋە ئۇنىڭ دادىسى مىرمەرۇپ نامىدا ئاتاپ كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مىرئەخمەت ئون يىللىق بالايى ئاپەت ۋاقتىدا نۇرغۇنلىغان تېببىي كىتابلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۆزىنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرى ئاساسىدىكى 70 بەتلىك بىر خاتىرىسىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ خاتىرىدە مەيدە ئاغرىش، دەم سىقىش، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، زەخمىلىنىش، قورساقتا پەيدا بولىدىغان قۇرتلار، رېماتىزىم، يۇقىرى قان بېسىم، بەزگەك، باش تەمرەتكىسى، ئاق كېسەل، چىللە يارىسى قىچىشقاق، قاتارلىق نۇرغۇن كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى، ئالامىتى، داۋالاش ئۇسۇلى ۋە بېرىلىدىغان دورىلار ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان. ئۇ بۇ خاتىرىدە بىر قىسىم دورىلارنىڭ شىپالىق ئۈنۈملىرى ئۈستىدە توختىلىشتىن سىرت، يەنە ئىلى رايونىدا ھەر پەسىلدە يىغىشقا بولىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ چىقىش

ئورنى ئۇستىدىمۇ توختالغان. مىر ئەخمەت مىر مەرۇپ 1977 ـ يىلى 92 يېشىدا ۋاپات بولدى.

### ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم

ھاجى ئەبەيدۇللاخان تۆرەم ئابدۇللاخان تۆرەم ئوغلى 1921 ـ يىلى ئەنجان شەھىرىنىڭ توقماق گۇزەر مەھەللىسىدە مەرىپەت-پەرۋەر ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1928 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ دەس-لەپتە دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. 1946 ـ يىلى ئەبەيدۇللاخان ھاجى ھەزرەت ئىسمىلىك مەشھۇر تېۋىپقا شاگىرتلىققا كىرىپ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆ-گەنگەن. 1948 ـ يىلدىن تارتىپ خۇسۇسىي دۇكان ئېچىپ كې-سەل داۋالىغان. 1950 ـ يىلى يەكەن ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقار-مىسى پۈتۈن شەھەردىكى تېۋىپلارنى يىغىپ ئىمتىھان ئالغاندا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان كۇرسقا قوبۇل قى-لىنغاندىن كېيىن ئالتە ئاي تەربىيىلىنىپ، خاتىدى ۋە چارەك يېزىلىرىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ بۇ ئىككى يېزىدا يېزىلىق شىپاخانا قۇرۇش ئىشىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۆزى باشلىقلىققا تەيىنلەنگەن. لېكىن 1960 ـ يىلى شۇ ۋاقىتتىكى سول لۇشيەنىنىڭ تەسىرى بىلەن زەربىگە ئۇچراپ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان. ئۇ 1971 ـ يى-لى ئۆزىنىڭ ئوغلى ۋە شاگىرتى نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا بىلەن بىللە «ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىمىزدە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش» ناملىق 300 مىڭ خەتلىك كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ.

1976 ـ يىلى ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم ئۆزىنىڭ بارلىق دورا ۋە سايمانلىرىنى ئەكېلىپ «يەكەن بازارلىق ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى»نى قۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ھەمدە ئۆزى باش تېۋىپ بولۇپ، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم تېبابەت ئىلمىدا ھەر تەرەپلىمە

يېتىشكەن ۋە كۆپ تەجرىبە هاسىل قىلغان كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان بىر قىسىم دورىلىرى كېسەللەرگە ئىنتايىن شىپا بولاتتى. ئۇزۇن يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىفىلىس، سوغۇق يەل، ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرى، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرى، پالەچ، ھەرخىل يۆتەل ۋە رېماتىزىم - بوغۇم ئاغرىقلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ يۇقىرى ئۈنۈم قازانغانىدى.

ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 72 يېشىدا يەكەندە ۋاپات بولۇپ ئۆز مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى.

## ھېپىزىخان مەخسۇم

ھېپىزىخان مەخسۇم نەجمىدىن قارى داموللاھاجىم 1894 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ «خاكەنت» دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. سەككىز ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 20 يېشىغىچە خاكەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. 25 يېشىغىچە ئۆز ئاتىسىدىن تېبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن، شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 50 يىلدىن كۆپرەك تېبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان. ھېپىزىخان مەخسۇم 1933 - يىلى قەشقەرگە كەلگەن. كېيىن قەشقەر شەھىرىدە ئۆز ئالدىغا مەخسۇس تېبابەتچىلىك ئورنى ئېچىپ داۋالاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئېسىل خىسلىتى ۋە ئەتراپلىق ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا تونۇلغان. ھېپىزىخان مەخسۇم 1953 - يىلى ئۇيغۇر تېبابىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ھەققىدىكى تەشەببۇسقا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ھويلىسى ۋە داۋالاش ئۈيىنى بارلىق دورا - دەرمەك ۋە ئۈسكۈنىلەر بىلەن بىرلىكتە تېبابەت ئامبۇلاتورىيىسىگە تەقدىم قىلىپ، «قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى»نى تەسىس قىلىشقا ئاكتىپ قاتناشقان ھەمدە ئۆزى باش تېۋىپلىقتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

ھېپىزىخان مەخسۇم 1961 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» ۋە «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ چىقىشقا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان. ھېپىزىخان مەخسۇم 1966 ـ يىلى «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئېلىنغان. مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان. 1968 ـ يىلى تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن، 1979 ـ يىلى ئاقلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

# شىبە ئاغىچا ــ سارىخان

## ھاشىرجان ئىمىن

1864 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسى بولغان ئىلى سۇلتانلىقى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يىمىرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ دەۋردە يۈز بەرگەن تەسىرلىك ۋەقەلەر ھېلىھەم خەلق قەلبىدە يادلانماقتا.

سۇلتان ئوبۇل ئەلاخان بىلەن شىۋە قىزى سوخا توغرىسىدىكى ھېكايە ئەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى.

1864 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاش ئۆستەڭ، ئارا ئۆستەڭ، ئۇلاستايلاردىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنى بایانداینى ئېلىشقا، ئىلىنىڭ جەنۇبىدىكى دولاتا، كەتمەن، غالجات، خونخاي قاتارلىق 12 يۇرتتىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنى كۈرە، بایانداىدىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە غالجات، قاشاڭ غولىدىن تاكى تېكەستىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يولىغىچە بۆكتۈرمە، قاراۋۇللارنى قويغان. بۇ چاغدا خونخايلىق ئاققۇزا مىراب بىلەن غالجاتنىڭ يۈز بېگى توقىلەككە بىر تەرەپتىن خەلقنى تەشكىللەپ قوراللاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن سۇمۇلدىكى شىۋەلەرگە خىزمەت ئىشلەپ قوزغىلاڭچىلارنى قوللاشقا ئۈندەش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان. شۇنداق قىلىپ موڭغۇلكۈرەدىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جياڭجۈن مەھكىمىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلانغان.

1865 ـ يىلى سادىر پالۋان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار

باياندا‌ي قەلئەسىنى 2 ـ قېتىم مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شۇ چاغدا كۆرە جياڭجۇنى موڭغۇلكۈرەدىن كېلىدىغان كۆچلۈك ھەربىي ياردەمنىڭ يولىنى ئېچىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خونخايدىكى ئاققۇزا مىراب قوشۇنىنى ئۈجۈقتۇرۇشنى پىلانلايدۇ. يول ئېچىش قوشۇنىنىڭ يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئاققۇزا مىرابلار بۇ خەۋەرنى ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگكە يەتكۈزىدۇ ھەمدە تاقابىل تۇرۇپ چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

1868 ـ يىلى ئىلىدىكى 9 شەھەر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ خەلقنىڭ كۆڭلى ئەمدىلا ئەمىن تاپقان مەزگىلدە، 3 ـ قېتىم سۇلتانلىققا ئولتۇرغان موللا شەۋكەت ئاخۇن ئەمىر لەشكەر ئوبۇل ئەلاغا سومۇلدىكى شىبەلەرنى جازالاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ.

بۇيرۇقنى ئالغان ئوبۇل ئەلا 500 ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ قاراتام كېمىسى ئارقىلىق شىبە يېزىلىرىغا ئۆتىدۇ. قوشۇن سەككىز سومۇلدىن ئۆتۈپ، شىبە سەككىز تۇغ باش دورغىسى جايلاشقان ئالتە سومۇلغا كەلگۈچە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى بۇ يەرلەردىكى خەلق ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن ھالىدىن كەتكەنىدى. ئەمىر لەشكەرنىڭ چاپچال تەۋەسىگە ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان توقلەك يۈز بېگى 300 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئېلىپ ئالتە سومۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. توقلەك يۈز بېگى ئوبۇل ئەلانىڭ شىبەلەرنى جازالاش مۇددىئاسىغا ئاشكارا قارشى تۇرىدۇ. ئاشۇ جىددىي پەيتتە سەككىز تۇغ باشبۇغى قارماڭا ئوبۇل ئەلا ۋە توقلەكنى ئۆز مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

سورۇندا ھەر ئىككى تەرەپ قان تۆكمەسلىك توغرىسىدا چىرايلىق سۆزلىشىدۇ. شۇ ئارىدا سوخا ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىز مېھمانلارغا ئەدەب بىلەن چاي تۇتىدۇ.

نەتىجىدە ئەمىرلەشكەر ئوبۇل ئەلا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كېتىدۇ. مەيلى قانداق سەۋەبنىڭ بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر شىبە مۆتىۋەرلىرى قىرغىنچىلىق، قان تۆكۈلۈش-نىڭ ئالدىنى ئېلىشتا سوخانىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار، دەپ قاراپ ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەيلىنى ئېلىپ ئوبۇل ئەلاغا ياتلىق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ شىبە قىزى سوخا ئوبۇل ئەلاغا ياتلىق بولۇپ، شەھەرگە كىردىدۇ. ئۇيغۇرلار سوخاغا (سارىخان) دەپ ئىسىم قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن شىبەلەر ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم مىللىي دوستلۇق ئورنىتىلىدۇ.

سوخا 1848 - يىلى بەش سۇمۇللۇق ئەنجا جەمەتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 17 ياشقا كىرگەندە ئالتە سۇمۇللۇق پالىشەن دېگەن يىگىتكە ياتلىق قىلىنغان. ئۇ توي قىلىپ ئەمدىلا 3 - 4 ئاي ئۆتكەندە يۇقىرىقى سەۋەب بىلەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئوبۇل ئەلاغا ياتلىق بولغان، كېيىن ئوبۇل ئەلا ئىلى سۇلتانلىقىدا سۇلتان بولغان. چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋېلىپ ئىلى سۇلتانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئوبۇل ئەلاخان ئالمۇتا شەھىرى يېنىدىكى بىر جايغا كۆچۈپ چىقىپ كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. ئەل ئارىسىدا شىبە ئاغىچا سارىخان دەپ نام ئالغان سوخا ئوبۇل ئەلاخاندىن ئىككى ئوغۇل تۇغقان. چوڭى باتۇرخان، كىچىكى ئېلىخان ئىدى.

سوخا 1912 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 64 يېشىدا ئالمۇتا يېنىدىكى «سۇلتان قورغان»دا ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

1927 — 1929 - يىللىرىچە ئالمۇتىدا كونسۇلخانا خادىمى بولۇپ تۇرغان سارۇچۇن، بەي لىڭ (شىبە)لار سۇلتان قورغانغا بېرىپ سوخانىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە سوخانىڭ قەبرىسىنى تېپىپ قايتا رېمونت قىلدۇرغان. قەبرىگە «ئىلى سۇلتانى ئوبۇل ئەلانىڭ كىچىك ئايالى سوخا» دېگەن خەت يېزىلغان. كېيىن بەي لىڭ «سوخاغا مەدھىيە» دېگەن داستاننى

يېزىپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوخا توغرىسىدا بىرمۇنچە ھېكايە، ناخشا، قوشاقلار يېزىلغان ۋە توقۇلغان.

ھازىر ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى شىبە خەلـ ـقىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمىدا سوخا توغرىلىق ناخشىلار ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

# تەرەققىيپەرۋەر زات ــ ھەيدەر سايرانى

## ئىلچى سايرانى



**1. قىسقىچە تەرجىمھالى**

ھەيدەر سايرانى 1886 ـ يىلى باشقىرتىستاننىڭ ئۇفا شەھىرىدە سايرانلارنىڭ 6 ـ ئەۋلادى، تاتار زىيالىي ئوقۇتقۇچى مىنھاجىتتىن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئۇفا شەھىرىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇفادىن قازانغا ئوقۇشقا بېرىپ، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن (ئەينى چاغدا ئۇفادا پەقەت مەدرىسەلەرلا بولۇپ، پەننىي ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قازانغا جايلاشقانىدى. ئۇ 1905 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلغان.

1905 ـ 1907 ـ يىللاردىكى روسىيە ئىنقىلابى ئۇنىڭغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا قازاندا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇلىدىغان تۈرلۈك ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە، ئۇ تاتار خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابدۇللا توقاي بىلەن تونۇشتى. ئۇلار ئابدۇللا توقاي ئىشلىگەن «ئەلئىسلاھ»، «يەشىن» (چاقماق) «يالت ـ يۇلت» ژۇرناللىرىدىكى ماقالىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىشاتتى①.

1909 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىلىق مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى قازانغا بېرىپ ھەيدەر سايرانى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇ-نىڭغا ئۆز خەلقىنىڭ جاھالەت ۋە زۇلمەت تۇمانلىرى ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇش ـ ئاقارتىش ئىشلىرىنى يولغا سېلىپ، خەلقنى جاھالەت ۋە زۇلمەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، مەرىپەتكە باشلاش توغرىسىدا پىكىر ـ تەكلىپ بېرىدۇ. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سۆز-لىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەيدەر سايرانى خەلقنى جاھالەت ۋە زۇلمەت تۇمانلىرىدىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ①②.

ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىرقانچە مە-رىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ ۋە بىر مەزگىل ئۈرۈمچى-دە تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە دىنىي مەكتەپلەر بولسى-مۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپى «قۇرئان» ئاساس قىلىن-غان «خەت تونۇش» ئىدى. شەھەردە مىللىي تىلدىكى بىرەرمۇ يې-ڭىچە مەكتەپ يوق ئىدى③.

ئۈرۈمچىدە ئۇ يەنە ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئائىلىلىكەر ئول-تۇراق ئۆيىنى سېلىش قۇرۇلۇشىدا ياغاچچىلىق قىلىپ يۈرگەن تۆمۈر خەلىپە بىلەن تونۇشىدۇ. تۆمۈر خەلىپىنىڭ «تورپاق يېغى-لىقى» ھەققىدىكى بايانلىرى ئۇنى بەك قىزىقتۇرىدۇ. بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ تۆمۈر خەلىپىگە 1905 ـ يىلى روسىيە-نىڭ پېترگرات شەھىرىدە يۈز بەرگەن «قانلىق يەكشەنبە» ۋەقە-سىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قا-لىدۇ④.

ئۈرۈمچىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلەر ھەيدەر سايرانىنى ئۈرۈمچى-دە تۇرۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، لېكىن مەخسۇت مۇھىتى يە-نىلا تۇرپان ئاستانىگە بېرىش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ ئاستانىگە بارىدۇ ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىي

مائارىپ ۋە ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ①.

**2. ئاقارتىش پائالىيەتلىرى**

ھەيدەر سايرانى 1909 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىگە بارىدۇ. ئۇ زاماندا بىرەرمۇ يېڭىچە مەكتەپ يوق بولۇپ، ھەممەيلەن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

شۇڭلاشقا خەلقنى ئاقارتىش ۋە مەدەنىيەتكە باشلاش ـ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ھە دېگەندە ئوڭۇشلۇق بولمىغان، نەتىجىدە ھەيدەر سايرانى دەسلەپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتقان③⑧.

ھەيدەر سايرانى يازنىڭ ئىسسىق چاغلىرىدا ئۇرۇمچىگە چىقىپ ئەل ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ دەم ئالىدۇ③.

1913 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتى، ئۆزىنىڭ سىرداش دوستى تۆمۈر خەلپە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەيدەر سايرانى بۇ شېھىتنىڭ نامىزىغا قاتنىشىپ، ئۆز قولى بىلەن يەرلەپ ئاستانىگە قايتىدۇ⑨.

ئۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئەھۋالىنى زېڭ ۋېنئۇ تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مائارىپنى گۇللەندۈرۈپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى خالىمىدى. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا توسقۇنلۇق بولىدۇ، دەپ قورقتى. خەنزۇلار ئىچىدىكى ئازراقلا بىلىمى بار ئادەملەرنى بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ چەتكە قاقتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ زالىدا ياڭ زېڭشىن ئۆزى يازغان بىر مەسنەۋى (دۈيلىيەن) ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «جۇمھۇرىيەت چېچىكى ئەمدىلا ئېچىلدى، ئۇ ـ زۇمنى بەش ئەزىمەت، يەتتە قەھرىمان دېيىشتىن خىجىل بولىمەن. جېدەل ـ ماجىراغا ئايرىلاشمايمەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك

ئىشى بىلەن كارىم يوق. چېگرا مەھكىمىسىنىڭ مەنزىرىسى شاپتۇللۇق باغدەك ئىنتايىن گۈزەل، جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن شىمالدىكى جۇڭغارلارنى باشقۇرۇپ، گالۋاڭ باشلىقلارنى تىزگىنلەپ، پۇقراغا ئەمىنلىك يارىتىمەن». بۇ ياڭ زېڭشىنىڭ چېگرانى تاقىۋېلىپ، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى سىياسىتى ھەققىدىكى ئۆز ئىقرارنامىسى ... شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى بارغانچە كەينىگە چېكىنگەنىدى⑩.

ھەيدەر سايرانى مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ قىيىن شارائىتتا تۈرلۈك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قارشىلىقلارنى يېڭىپ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

سەۋرچانلىق بىلەن زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىق ـ تەربىيە نەتىجىسى، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئائىلىسىدە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچى باللار تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئاخىرى ئۇرۇمچى ۋە تۇرپاندىكى ئىلغار زاتلارنىڭ، بولۇپمۇ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن يۆلىشى بىلەن 1913 ـ يىلى ئاستانە مەدرىسىسى يېنىغا كۈنگەيگە قارىتىپ ئەينەك دېرىزىلىك، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق سىنىپ سېلىنىدۇ③⑧⑪. ھەيدەر سايرانىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى ئابدۇللا پەرسا شۇ چاغدا ئاستانىلىك مەلىك ھاشىمنىڭ ئوغلىنىڭ دېرىزىگە سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئەينەككە قىزىقىپ بىر پارچىسىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ قاچقاندا، قورسىقىنى كېسىۋېلىپ چوڭ غەۋغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ③⑪. بۇ مەكتەپتە تۇرپان، ئاستانە، قاراغوجا، سىڭگىم، مۇرتۇق، ياڭخى، پىچان، لۈكچۈن، تۇيۇق، خاندو، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن باللار ئوقۇيدۇ③.

مەكتەپنىڭ دەرس پروگراممىلىرى ئاساسەن قازان مەكتەپلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئانا تىلى، ھېساپ، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسىرى سائادەت (پەيغەمبەر تارىخى)، تەنتەربىيە ۋە

ناخشا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. گەرچە مەكتەپ ئېچىلىپ ئوقۇش رەسمىي يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى توختىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگەئالغان يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئىلىم شىنجاڭنىڭ فېئودال كونا مەدەنىيىتى ۋە كونا ئىلىمگەقارشى ئىدى. ھەيدەر سايرانى زور تىرىشچانلىقلار بىلەن ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ⑫.

زېڭ ۋېنئۇ 1935 ـ يىلى بۇ مەكتەپ ھەققىدە توۋەندىكىدەك بايان قىلغان: «يەنە مىنگونىڭ 9 ـ يىلى، تۇرپانلىق موسۇل ئاخۇنۇم (كېيىن ئۇ خوجانىيازنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولغان) قاتارلىقلار تاتارىستانلىق مۇسۇلمان خەسەن فەھمى، ھەيدەر قاتارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، مەخپىي مەكتەپ ئاچقان، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەكتەپمۇ پېچەتلەنگەن»⑬.

1914 ـ يىلى ھەيدەر سايرانى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەر ۋە بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار ئويلىنىپ كۆرۈشنى ئېيتىشىدۇ. ئۆزى ئاستانىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرس ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئادەم تەكلىپ قىلغانلىقىنى مەخسۇت مۇھىتىغا ئېيتقىنىدا ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئىمكان بار ئۇلارنى ئالدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ئېيتىدۇ①. چۈنكى بۇ چاغقا كەلگەندە ئاستانىدە ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپ بۇ ئەتراپتا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان بولۇپ، بىر قىسىم ئىلغار زاتلار ئۆز يۇرتلىرىدىمۇ مۇشۇنداق مەكتەپ ئېچىش نىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى، مۇمكىن بولسا يەنە مۇئەللىم تەكلىپ قىلىش پىكىرلىرىنى مەخسۇت مۇھىتىغا بىلدۈرگەنىدى③.

1917 ـ يىلى ئاستانىگە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋادىكى نۇرغۇن پۇلىنى ئۆتكۈزمەيۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كېلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشنى باھانە قىلىپ، موسكۋاغا

ھەيدەرمۇئەللىمنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ③. ئۇلارنىڭ ئويىچە ۋە-
تەننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت يېڭىلىققا كۆچۈش كېرەك
ئىدى. يېڭىلىققا كۆچۈش ئۈچۈن، پەقەت چەت ئەلدىن ئۆگىنىش
كېرەك ئىدى③. مانا مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،
ئۇلار بۇ نۆۋەت موسكۋا، قازان، ئۇفا، تاشكەنت، سېمىپالاتىنىسكى
قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ يېڭىلىقلارنى
ئۆگىنىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭغا ئەكىلىشكە ئادەم ئىزدەيدۇ ۋە ئۇ
يەرلەردىن مۇھىببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستاي، خىسام باۋىن،
خەسەن فەھمى، ئەلى ئىبراھىم، شاھى شەرەپ قاتارلىق ئالتە نە-
پەر مۇنەۋۋەر تاتار ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار
1917 ـ 1919 يىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ بولىدۇ. ئۇلارنى ئالدىن
ئويلىشىلغان پىلان بويىچە، مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن ئايالى گۈ-
لەندەم ئابىستاينى ئاستانىگە، ئەلى ئەپەندىنى تۇرپانغا، خەسەن
فەھمى بىلەن شاھى شەرەپنى لۈكچۈنگە، خىسام باۋىننى گۇچۇڭ-
غا ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھەيدەر سايرانىنىڭ بۇ خىل ئەكسى-
يەتچى ھۆكۈمەت ۋە فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن تىغمۇ
تىغ تۇرۇپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ خەلق ئام-
مىسىنىڭ ئىشەنچ ۋە يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئىككى قېتىم ئۆز يۇرتىغا قايتىشى، كىشىلەر كۆڭلىدە ئۇنى
يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ كەلمەي قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشىگە سې-
لىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جامائەت ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەپ
يەرلىك ئورۇندىن ئۆيلەپ قويۇشقا كۆندۈرۈپ، ئاخىرى 1917 ـ
يىلى ئاستانىلىك باھاۋۇدۇن ئاكىنىڭ قىزى ئايخان ئايىلغا ئۆيى-
لەپ قويىدۇ ⑯③. ئاستانە مەكتىپىنىڭ 1 ـ قارار ئوقۇغۇچى-
لىرى 1917 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملايدۇ. بۇقاراردا ئابدۇقەيۇمى،
مۆمىن ئەخمەت، شاۋۇدۇن ئەپەندى، مۆمىن ئىمىنھاجى، دۇگامەت
خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ھەۋەيدۇل توختىھاجى، ئابدۇللا پەر-
سا، ئابباس نەجىبى، ئەخمەت نەزەرى قاتارلىق 40 نەچچە ئوقۇ-
غۇچى ئوقۇغانىدى.ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ-

نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە بۈيۈك تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى⑳⑰③.

1917 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاستانىدىكى مەكتەپ كىچىكلىك قىلىپ قالدى. يېڭىچە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار كۆپەيگەچكە، مەكتەپنى كېڭەيتىپ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسىنىڭ قارشىسىدىكى بوش يەرگە دېرىزىلىرىنى كۈنگەيگە قارىتىپ ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق سىنىپلار سېلىنىپ، سىنىپ ئىچى دوسكا، پارتا ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرى بىلەن جاھازلىنىدۇ. مەكتەپ قورۇسىدا كۆل بولۇپ، ئەتراپى دەرەخ بىلەن ئورالغانىدى. مۇھىبۇللا ئەپەندى* بىلەن ئايالى گۈلەندەم ئابىستاي** 1918 ـ يىلدىن ئېتىبارەن بۇ مەكتەپتە ھەيدەر ئەپەندى بىلەن بىرگە دەرس ئۆتۈشكە باشلايدۇ③.

1919 ـ يىلى 18 ـ دېكابىردا ھەيدەر سايرانى بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر قويىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن بەختكە قارشى ئانىسى ئايخان ئايلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرنى چوڭ ئانىسى مەڭلىك قىز بىلەن ھەيدەر سايرانى ئۆزى باقىدۇ. ھەيدەر ئەپەندى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللا پەرسا قارايدۇ③.

1874 ـ يىلى ئۇرۇمچى ياڭ خاڭدا سېلىنغان تاتار مەسچىتى يېنىدا 1912 ـ يىلى مەدرىسە سېلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئوقۇتۇش «ئۇسۇلى قەدىم» ئىدى. دەرسنى قازاندىن كەلگەن زىننەتۇللا مۇئەللىم بېرەتتى.

---

* مۇھىبۇللا ئەپەندى 1923 ـ يىلى كېسەل بولۇپ ئاستانىدە ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر ئاستانىدە.

** گۈلەندەم ئابىستاي قىز بالىلارنى ئوقۇتىدۇ. يولدىشى دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن 1925 ـ يىلى ئوغلى فاتىخ، قىزى فاتىمانى ئېلىپ چۆچەككە كۆچۈپ بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، 1955 ـ يىل سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ.

1920 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچىدە ئۆز بالىلىرىنى يېڭىـ
چە ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار كۆپەيدى. ھەيدەر سايرانى ئۈـ
رۈمچىدە مەكتەپ ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ئىشنى شۇ
چاغدىكى زىيالىيلاردىن بۇرھان شەھىدى، خەسەن شاكۇلوف،
زاكىر ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ.
مەكتەپكە خىسام باۋىن ئەپەندىنى گۇچۇڭدىن تەكلىپ قىلىپ ئېـ
لىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە يېڭىچە دەرس ئۆتىدۇ. زىننەتۇللا
مۇئەللىم ئۆز سىنىپىدا كونىچە دەرس ئۆتىدۇ. بۇ ئىككى خىل
ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئايـ
رىم ـ ئايرىم بولىدۇ.

ئابدۇلھەق ھەزرەتنىڭ ئايالى گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزقورۇـ
سىنىڭ كوچا تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان ئۆيىدە قىز بالىلارغا «ئۇسۇلى قەدىم» چە دەرس بېرەتتى. بۇ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ياڭخاڭ تاتارلىرىدىن بىر ھەيئەت ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، ھەيدەر سايرانى ھەيئەتنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن ئىدى㉑.

1920 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى قۇرۇـ
لىدۇ. ھەيدەر سايرانى ئىنسپېكتورلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ ①㉒. ئۇ مائارىپ نازارىتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان مەكتەپتە دەرسمۇ ئۆتىدۇ ㉓. شۇنىڭ بىلەن ھەيدەر سايرانىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاستانە، قاراغوجا، لۈكچۈن، گۇچۇڭ، چۆچەكلەردە بىر يۈرۈش يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلىدۇ.

ھەيدەر سايرانىنىڭ بۇ جاپالىق ئەمگەكلىرى شۇ جايدىكى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ مەدھىيىلىشى ۋە ياردىمىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

بۇ چاغدا ھەيدەر سايرانىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمايدۇ، دوختۇرلار تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ 12 بارماق ئۈچەي يارىسىغا گىرىپـ
تار بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇنى داۋالانغاچ دەم ئېلىشقا بۇيـ
رۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1921 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ موپاڭ (تولى)

يايلىقىدىكى مىلى بار جايغا بېرىپ داۋالانغاچ ئەھۋال ئىگىلەپ، موپاڭدا مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدۇ.

1926 ـ يىلى ھەيدەر سايرانى زەينەپ بانۇخانىم بىلەن يەنە موپاڭغا بېرىپ تۇردۇ ۋە ھەر ئىككىسى ئوقۇتقۇچىلىق قىلدۇ. 1930 ـ يىللاردىن كېيىن موپاڭدىكى مەكتەپتە غەلى ئەبزىنىڭ ئايالى گۈلسۇم ئابىستاي ئوقۇتقۇچىلىق قىلدۇ.

1925 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچى ياڭخاڭ تاتار مەكتىپىدە رۇس تىلى ئۆتۈلۈشكە باشلايدۇ. دەرسنى كىرەشېن ئالمېتوف بېرىدۇ.

1928 ـيىلدىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچى ياڭخاڭ تاتار مەكتىپىدە يەنە خەنزۇ تىلى ئۆتۈلۈشكە باشلايدۇ. دەرسنى يۇنۇسبەگ (يۇۋېنبىڭ، ياڭ زېڭشىن ئاچقان ھۆكۈمەت شۆتاڭىدا ئوقۇغان) بېرىدۇ. 1934 ـ يىلاردىن كېيىن ئۇ قەشقەرگە ۋالىي بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، خەنزۇچە دەرسنى غۇلجىدىن كەلگەن ئىبراھىم شاھماي بېرىدۇ.

1931 ـ يىلدىن كېيىن رۇس تىلىنى سوۋېت كونسولخانىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاننا نېكفېروفنا بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شابالا (رۇس) بېرىدۇ. 1930 ـ يىلى ئەلى ئىبراھىم ئالتايدىن بۇ مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ دەسلەپ ھەيدەر سايرانىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا تۇردۇ. كېيىن ياڭخاڭ مەسچىتى كەينىدىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ㉑.

ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتىدە قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك تېز تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭدا ئۆتۈلگەن دەرسلەر قازان مەكتەپلىرىدە ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە ئوخشاش بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە خەنزۇ، رۇس تىللىرىنىڭ ئۆتۈلۈشى بىر ئوچۇم يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ دەرس پروگراممىلىرىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ بېسىم ئىشلەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ مەكتەپ بۇنداق تېز تەرەققىياتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قېلىۋاتاتتى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۇرۇمچىدىكى مىرسالىجانباي (ئۆز-
بېك): مەن قېرىپ قالدىم، ھەج تاۋاپ قىلالمىدىم، يەتتە يەرگە
مەسچىت سالسا، ھەج قىلغانغا تەڭ بولىدىكەن، دەپ ئۇرۇمچى
(ئۇچتاشتا)، تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا مەسچىت سالدۇ-
رىدۇ. ھەيدەر سايرانى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇرھان شەھى-
دى، تېمىرغەلى ئىسھاقوف، غەلى ئىبراھىم قاتارلىق ئىلغار
زاتلارنى باشلاپ، مىرسالىجانباينىڭكىگە بېرىپ، مەكتەپ سېلىپ
ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش مەسچىت سالغاندىنمۇ ساۋابلىق بولىدۇ،
دەپ خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ. نەتىجىدە مىرسالى-
جانباي ئۆزىنىڭ مويكا (ياڭ ماۋخۇ) دىكى قورۇسىنى مەكتەپ
ئۇچۇن ئىئانە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسچىت ئىچىدىكى يېڭىچە
مەكتەپ مىرسالىجانباينىڭ مويكىدىكى قورۇسىغا كۆچۈرۈلىدۇ.
«ئۇسۇلى قەدىم»چە مەكتەپ مەسچىت ئىچىدە قېلىۋېرىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە مىرسالىجانباينىڭ مەكتەپ ئۇچۇن بەر-
گەن قورۇسىنىڭ دەۋاسى چىقىپ قېلىشتىن ساقلىنىش مەقسى-
تىدە، مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى بىر چوڭ تاختىغا مىرسالى-
جانبايغا خەنزۇچە مەدھىيە يېزىپ، ئاستىغا ھەيدەر سايرانى قاتار-
لىق ئون نەچچە كىشىنىڭ قولىنى قويدۇرۇپ، سەنلاۋيېنىڭ *
تەستىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە ياڭخاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت مۆتى-
ۋەرلىرىنى مىرسالىجانباينىڭ قورۇسىغا يىغىپ، مەكتەپ بالى-
لىرىنىمۇ تىزىلدۇرۇپ ئەكىلىپ، مىرسالىجانباينىڭ مەرىپەت-
پەرۋەرلىكىنى مەدھىيىلەپ مەكتەپ بالىلىرى دىكلاماتسىيىلەر
ئوقۇپ ۋە خور ئېيتىپ، ئاخىرى مەدھىيە تاختىسىنى مىرسالى-
جانباينىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ئاسىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىئا-
نە قىلىنغان مەكتەپ قورۇسى قانۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار
ھەيدەر سايرانىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ

* سەنلاۋيې — شۇزاماندا ھۆكۈمەت ياڭ خاڭ رايونىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىپ قويغان ئادەمنى خەلق شۇنداق ئاتايتتى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى 3 - دوختۇرخانا ئور-
نىدا ئىدى.

دەرس ئۆتەتتى. يىرتىلىپ كەتكەن، نىپىزلاپ تاشلىرى قالمىغان كىتابلارنى ھەيدەر سايرانى، رەخمىتۇللا مەخسۇم دەرۋازىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى دۇكاننى ئاچقان بىر رۇسقا تۇپلىتىپ تولۇقلاپ تۇرىدۇ㉑.

شىڭ شىسەي ھەيدەر ئەپەندىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قىرائەتخانىدىكى بارلىق كىتابلار مۇسادىرە قىلىنغان. يېقىندا بىرى (1998 ـ يىلى) مۇشۇ كىتابلاردىن بىرسىنى «دادىڭىزنىڭ كىتابى ئىكەن» دەپ ماڭا ئەكىلىپ بەردى، دەيدۇ ئۇيغۇر سايرانى. دېمەك بۇ كىتابلار تارقىلىپ كەتكەن.

ھەيدەر سايرانى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە مالىيە ئىشلىـ ـرىغا مەسئۇل بولىدۇ. تېمىرغەلى ئىسھاقوف خوجىلىق ئىشلىرىـ ـغا ياردەملىشىدۇ. مەكتەپ خىراجىتىنى ياڭخاڭلىقلار چىقىرىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئۇرۇمچىدىكى ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، قىر ـ غىز، تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇيتتى. مەكتەپ ئىلغار بولغاچقا، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كەلـ ـگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى.

1936 ـ يىلغا كەلگەندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «سىنىپى ئالتىدىن، ئوقۇتقۇچى سانى 10 دىن ئاشقان مەكتەپلەرنى مائارىپ ئىدارىسى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، خىراجىتىگە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدۇ» دېگەن قارارىغا ئاساسەن، بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتۈپ، ئۇرۇمچىدىكى مەشھۇر 6 ـ مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئەسەت ئىسھاقوف، ئۇيغۇر سايرانى، ئەنـ ـۋەرخانبابا، نۇسرەت شەھىدى، مەرغۇپ ئىسھاقوف، رەقىپ ئابـ ـباس، ئەنۋەر ئىنكىيېف، مالىك غىمادى، ھامۇت خوجا، توقتاروف (قىرغىز)، سېيىت ھاسلوف قاتارلىق زور تۆركۈمدىكى ئىلغار زىيالىيلار تەربىيىلىنىپ چىقىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تۈرلۈك سەپـ ـلىرىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى㉜.

1933 ـ يىلى ھەيدەر سايرانى مائارىپ نازارىتى ۋە ھۆكۈ ـ مەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى

سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىش ئارقىلىق شىنجاڭ مائا-رىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە تەك-لىپ بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ھەيدەر سايرانى بالىلارنى تيەنجىن ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە چىقىرىش قارارىغا كېلىدۇ ۋە بىر قىسىم بالىلارنى يىغىپ ئىنگلىزچە ئۆ-گىنىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئىنگلىزچە دەرسنى روسوف بېرىدۇ. بۇ ئۆگىنىشكە ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەرخانبابا، ئەسەت ئىسھاقوف، نۇسرەت شەھىدى قاتارلىقلار قاتنىشىدۇ.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن، غەرب ئەللىرىگە ئوقۇشقا چىقىرىشتىن ۋاز كېچىپ، يە-نە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ㉑.

1934 ـ يىلى ئەتىيازدا ھەيدەر سايرانى دوختۇرلارنىڭ مەس-لىھەتى بويىچە كافكازدىكى «كىسلوۋودىسكى» ساناتورىيىسىگە بېرىپ ئۈچ ئاي داۋالىنىپ، سالامەتلىكى خېلى ئەسلىگە كەلگەن-دىن كېيىن، موسكۋا، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ، شىن-جاڭدىن ئوقۇشقا بالا چىقارسا، ئۇ بالىلارنى نەدە ۋە قانداق ئوقۇ-تۇش مەسىلىلىرىنى تەكشۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ھەقتە ھۆكۈمەتكە ئۆز تەكلىپىنى بەرگەن، شۇنداقلا مېڭىش ئالدىدا بەزى زىيالىيلار ئۆز بالىلىرىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش ئارزۇلىرىنى ئېيت-تىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشنى ئۆتۈنگەنىدى①.

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمەت ئورۇن-لىرىغا بۇ تەكلىپنى قايتا ـ قايتا بېرىدۇ. ئاخىرى خوجانىياز ھاجى قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، شۇ يىلى (1934 ـ يىلى) ھۆكۈمەت بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوقۇغۇچى چىقىرىپ ئوقۇتۇش كېلىشىمىنى تۈزىدۇ. شۇ كۈنى ئۇ ئۆيىگە ئىنتايىن خۇش بولۇپ قايتقانىدى، دەپ ئەسلەيدۇ زەينەپ سايرانىيە.

1934 ـ يىلى ھۆكۈمەت ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوقۇشقا چىقارغان

بىرىنچى تۇركۇمدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تۇرپان ئاستانە مەك-تىپىنى پۈتكۈزگەن بالىلاردىن ئون سەككىز نەپىرى بار ئىدى⑰.
1934 - يىلى 12 - ئايدا ھەيدەر سايرانى ھۆكۈمەت رۇخسى-تى بىلەن ئوغلى ئۇيغۇرنى ئەنۋەرخانىبابا، ئەسەت ئىسھاقوف، نۇسرەت شەھىدىلەر بىلەن بىللە ئۆز ئىقتىسادى بىلەن موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بىلەن يەنە تۆت خەنزۇ بالىسىنىمۇ بىللە ئوقۇشقا چىقىرىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى شۇ يۈجىن (徐毓積) دېگەن قىز ئىدى.
**3. ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى**
ھەيدەر سايرانى شىنجاڭدا مائارىپ - ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە كەڭ دائىرىدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئىستىبدات ھۆكۈمەتنىڭ ئەكسىيەت-چىل ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئاشىدۇ.
ھەيدەر سايرانى 1920 - يىللاردىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپا-قىدا چىقىدىغان گېزىتلەرنى ئالدۇرۇپ تارقىتىدۇ. بۇ ھەقتە 1950 - يىللىرى قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى قىرا-ئەتخانىسىدا ئىشلىگەن سابىرجان شاكىرجانوف 1920 - 30 - يىللىرى ئالمۇتا ۋە تاشكەنتلەردە چىقىدىغان «كەمبەغەللەر ئاۋا-زى» ۋە «قۇتۇلۇش» قاتارلىق گېزىتلەرنى ھەيدەر سايرانى شىن-جاڭدا تارقاتقانىدى، دەيدۇ㉑.
زىيائى ۋېنئۇ 1935 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلدۇرغان «جۇڭ-گونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «قۇتۇلۇش» گېزىتىنىڭ فوتو سۈرىتىنى بېرىدۇ.
1922 - يىلى ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە مەخپىي تەشكىل-لەنگەن ئىلغار ياشلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىدۇ. بۇ تەشكىلاتتا بۇرھان شەھىدى، لۇكچۇنلۇك تاھىربەگ، تۇرپان ئاستانىلىك مەخسۇت مۇھىتى، قەشقەرلىك كېرەم چوڭ ھاجى، بايلىق ئايۇپ، تۇرپانلىق يۇنۇسبەگ، ئالتايلىق شەرىپقانلار بار ئىدى㊲.
1925 - يىلى ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە بۇرھان شەھىدىنىڭ

سىڭلىسى زەينەپ بانۇ بىلەن توي قىلىدۇ ۋە ئاستانىدىن ئوغلى ئۇيغۇرنى يېنىغا ئالدۇرىدۇ*.

ھەيدەر سايرانىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر قويۇشىدا تۆۋەندىكىدەك ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى:

ئۇيغۇرلار دەسلەپ شامان (قامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-رىلىرىغىچە بولغان 100 يىل داۋامىدا مانى دىنى يېتەكچى دىن سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن.

شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان ساكلار، كۇشانلار مىلادىيىدىن ئاۋۋالالا بۇددىزىمنى قوبۇل قىلغان. بۇددا دىنى دەسلەپتە خوتەندە ۋە لوپنور كۆلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا تارقالغان. كېيىنرەك كۇچا، قەشقەر، تۇرپانلارغا تارقالغان... كۇچا ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردىلا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بول-غان... كۇچانىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى سەلتەنىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى شەھەرلەرگە يۆتكەلگەن ... بۇددا دىنىنىڭ بۇ يەردىكى تەرەققىياتى كۇچانىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن㉚.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى (866 ـ 1396) ۋە قاراخانىيلار دۆ-لىتى (915 ـ 1141) تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، ئىدىقۇت ئۇ-لۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە بۇددىزم ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى ۋە دۆلەت دىنى ھېسابلىناتتى. قاراخانىيلار دۆلىتىدە بولسا ئىسلام دىنى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى ۋە دۆلەت دىنى ھېسابلىناتتى. ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدىكىلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا

---

* سابىرجان شاكىرجانوف 1918 ـ يىلى ئالمۇتىدا چىقىدىغان «يەتتە سۇ ئىشچى خەلق مۇخبىرى» گېزىتىنىڭ تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن «ئۇچقۇن»، «يۇقرا» گېزىتلىرىدە ئىشلىگەن. 1922 ـ يىلدىن باشلاپ ئالمۇتىدا چىقىشقا باشلى-غان «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە ئىشلىگەن. 1950 ـ يىللاردا قازاقىستان پېدا-گوگىكا ئىنىستىتۇتىدا ئىشلىگەن㉕.

ئېتىقاد قىلغانلىقى تۈپەيلى «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغۇچىلار، يەنى «كاپىر» دېگەن ئۇقۇم بىلەن باراۋەر بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئۇقۇمنى مەھمۇد كاشغەرىي قوچو (ئىدىقۇت) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالغىنىدا: «ئۇيغۇر ــ بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ... ئۇنىڭ خەلقى ئەشەددى كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر ㉛ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەنە «مۇسۇلمان بولمىغان تۈركىي خەلقلەر» ياكى «ئۇيغۇر كاپىرلىرى» ۋە ياكى «تاتلار» نامى ئاستىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا دىنىي توقۇنۇشلارنىڭ بولۇپ كەلگەنلىكىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

1396 ـ يىلى خىزىر خوجا ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويىدۇ. ئۇ مەن «ئۇيغۇر» دېگۈچىلەرنى «مۇسۇلمان» دېيىشكە مەجبۇرلايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئورنىغا «مۇسۇلمان» دېگەن دىنىي نام، شۇنداقلا تۇرپانلىق، قەشقەرلىك... دېگەن تېررىتورىيىلىكناملار قوللىنىلغان. تارىخىي مەنبەلەردىكى «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى ئاساسىي جەھەتتىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يوقالدى. شۇ دەۋردىن كېيىنكى، يەنى 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمان، خۇيمىن (回民)، چەنخۇي (缠回)، چەنتۇ (缠头)، سارت (سودىگەر)، قەشقەرلىك،خوتەنلىك، تۇرپانلىق، تارانچى دېگەن ئىسىملار قوللىنىپ كېتىلگەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا خەلقئارادا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بىر پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە قوللىنىش ھەققىدىكى تەلەپلەر پەيدا بولدى. شىنجاڭدا ھەيدەر سايرانى باشلىق بىر قىسىم زىيالىيلاربۇ ھەقتە تەشۋىق ئېلىپ باردى. ئۇلار چۆچەكتە چىقىدىغان «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە بۇ ھەقتە ماقا-

لىلەر ئېلان قىلدى.
«ئۇيغۇر» دېگەن نام 1921 ـ يىلى تاشكەنتتە ئېچىلغان سو ـ ۋېت ئۇيغۇر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئومۇمىي خەلق نامى سۈپىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. شىنجاڭدا بولسا 1934 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى رەسمىي قارار ئارقىلىق ئومۇمىي خەلق نامى سۈپىتىدە رەسمىي قوبۇل قىلىنىدۇ.
مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ھەيدەر سايرانى بۇ ئىشنى خەلقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە، تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئىسمىنى «ئۇيغۇر» قويىدۇ①.
1928 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ھەسەن دولاننىڭ مېيىتىنى يەر ـ لىككە قويۇش ۋاقتىدا ھەيدەر ئەپەندى قەبرىستانىدا تۆمۈر خەلىپىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىۋاتقان بىر ناتونۇش ئادەمنى بايقاپ قالىدۇ.
بۇ كىمكىن ھە؟ ... دېگەن خىياللار بىلەن ھېلىقى ناتونۇش كىشىگە يېقىنلىشىدۇ .... «خاتالاشمىسام، سىز قومۇل ياقتىن كەلدىڭىزغۇ دەيمەن، تۆمۈر خەلىپىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولامسىز؟» دېدى. ناتونۇش كىشى سەل ئېھتىيات قىلغاندەك جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدى، ھەيدەر ئەپەندى داۋام قىلىپ «خاتىرجەم بولۇڭ، مەرھۇم تۆمۈر خەلپىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىككە قويغان، بۇ قەبرىنىمۇ ئۆزۈم ئۇستىدە تۇرۇپ قاتۇرغان، مېنىڭ ئىسمىم ھەيدەر، ئۆزۈم مۇئەللىم» دېدى... ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي، غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ، ھەيدەر ئەپەندىنى قۇچاقلىدى. «خوجانىيار پالۋانمۇسىز؟!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ھەيدەر ئەپەندى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى كۆكسىگە بېسىپ.
ھەيدەر سايرانى خوجانىياز ھاجى بىلەن مانا مۇشۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ تونۇشىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەت يوللىرىنى چۈشەندۈرىدۇ⑨. 1929 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ھەيدەر سايرانى شىنجاڭ مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ

بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، جىددىي خىزمەت قىلىدۇ㉝.

1931 ـ يىلى ئەتىيازدا قومۇل تاغلىرىدا يەنە قاتتىق گۈلـدۈرماما باشلىنىپ، هايت ـ هۇيت دېگۈچە پۈتۈن قومۇل ئاسمىنىنى غەزەپ چاقماقلىرى قاپلاپ كەتتى. هەيدەر سايرانى بۇنى جىن شۇرىن هۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئوبدان پەيتى، دەپ هېسابلاپ، قەشقەر، تۇرپان، لۈكچۈن، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى تەشكىلات ئەزالىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى جاۋ دېشۇ، تاۋ مىڭيۇ قاتارلىق هەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ㉞.

تەشكىلات ئەزالىرى ئۈرۈمچىدە ئۇچرىشىپ، چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىشاتتى ۋە خەۋەرلەرنى هەرقايسى ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇ هەقتە نەمەت خەلپەت* مۇنداق ئەسلەيدۇ: «تاهىر بەگ هەيدەر ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرىنى دائىم يەتكۈزۈپ تۇراتتى»㉑.

هەيدەر سايرانى قومۇل قوزغىلىڭىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدىكى ئەهۋاللارنى ئەسلەپ نەمەت خەلپەت مۇنداق دەيدۇ: «هەيدەرئەپەندى يېقىن تاغ يوللىرىدىن قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ئۈرۈمچىدىكى خەۋەرلەرنى ۋە ئۈرۈمچىدىن قومۇلغا قاراپ يولغا چىققان ئەسكەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنىڭ سانىنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇ قورال ـ ياراغ قاچىلانغان هارۋىلارنى ‹توپ مال›، دەپ، ئەسكەرلەرنى بولسا ‹سەرەڭگە ئەۋەتتۇق›، دەپ خەۋەر قىلاتتى. بۇ خەۋەرلەر قومۇلغا ئەسكەرلەردىن بالدۇر يەتكەنلىكتىن، تەييارلىقلار ياخشى بولۇپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلەتتى. قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا

---

* نەمەت خەلپەت ـ تۇرپان ئاستانىلىك ئادەم. دەسلەپ مەهمۇت شىجاڭنىڭ مەسلىهەتچىسى بولغان، قەشقەردىن خوجانىيازهاجى چاقىرتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي تەشكىللىگەن هۆكۈمەتنىڭ گېنېرال مايور (شياۋجاڭ) دەرىجىلىك ئەزاسى بولغان.

ئەۋەتىلگەن ئاق ئورۇس ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى مېزگىن ئۈ-رۈمچىدىن يولغا چىقىشىدا: «قومۇللۇقلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ قور-سىقىدىكى بالىلىرىغىچە قىرىپ تۈگىتىمەن» دەپ ۋەدە بېرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۈرۈمچى خەلقى قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ھەيدەر سايرانى ئۇنىڭ يولغا چىققىنىنى قومۇلغا يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا يولدا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ، مېزگىن قومۇلغا يېتىپ بارمايلا يولدا ئۆلتۈرۈلىدۇ㉑.

1932 ـ يىلى مەخسۇت مۇھىتى چەت ئەلدىن قايتىپ كەل-گەندىن كېيىن تەييارلىق ئىشلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ھەرد-كەتنى تېزلىتىدۇ ۋە 11 ـ ئايدا تۇرپاندىكى سىڭگىمگە بېرىپ، شۇ يەردىكى دېھقانلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ㉟.

ھەيدەر سايرانى قومۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بولغان خوجا نىيازھاجى، مەخسۇت مۇ-ھىتى قاتارلىق زاتلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايونىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشى-دۇ ۋە ئۇيۇشتۇرىدۇ. نۇرغۇن تەشكىلىي ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ھەيدەر سايرانى يەنە خەۋپ ئاستىدا قالغان تەشكىلات ئەزالىرى ۋە ئىلغار ياشلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇ-غۇللىنىدۇ.

1932 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جىن شۇرېن ئەكسى-يەتچى ھۆكۈمىتى شەرىپقانىنى قولغا ئالماقچى بولۇۋاتقانلىق خە-ۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان شەرىپقانىنى ئالتايغا قاچۇرۇۋېتىدۇ㊱.

1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدە-نىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ. ھەيدەر سايرانى ئۇيۇشما تەركىبىدىكى نەشرىيات باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە زور ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي،

ئەدەبىي ھەپتىلىك گېزىت ــــ «يېڭى شىنجاڭ» نىڭ 1 ـ سانى 1935 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نەشر قىلىندى.

شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق غالچىسى بولۇپ، قومۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان چاغلىرىدىلا ھەيدەر سايرانىنىڭ ئىسمىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، جاللات قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇمچىدىكى ئىلغار زاتلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىغاندا، ھەيدەر سايرانى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن چۆچەككە بېرىپ خىسام باۋىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. 1938 ـ يىلى ئاپرېل ئۇ شۇ يەردە ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ①.

1938 ـ يىلى تەتىلدە قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇر سايرانى ئوقۇشقا قايتا ئەۋەتىلمەي ساۋەن ناھىيىسىگە پالىنىدۇ.

1940 ـ يىلى ھەيدەر سايرانىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئائىلە بالا ـ چاقىلىرى بىلەن دېكابىرنىڭ 40 گرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇقىدا، قارا ماشىنىدا سۈيدۈڭدىكى كورەگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ①.

1944 ـ يىلى ھەيدەر سايرانىنىڭ ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇيدىغان ئوغلى رۇستەم سايرانى ئىدىيىدە ئىلغار بولۇپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قارشى شېئىر ۋە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ رەھبەرلىرى دەپ قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە بەدىنىگە قومۇش مىخ قېقىش، داغماللاش قاتارلىق قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇ تۈرمىدىمۇ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، قىيناشلاردا «ئىنتېرناتسئونال» نى ئېيتىپ تۇرۇپ 17 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنگە قىلچىمۇ تىز پۈكمەي كۆرەش قىلىش قەيسەرلىكى، شۇ چاغدا تۈرمە ئىچى ـ سىرتىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىر قوزغايدۇ.④②④①.

ھەيدەر سايرانى 1943 ـ يىلى 57 يېشىدا چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلار بىلەن بىر قاتاردا ئۈرۈمچىدە جاللات جادۇسىغا بېسىلىدۇ. ئائىلىلىرى 1945 ـ يىلى شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنلا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ ھەمدە جەسىدىنى ئىزدەيدۇ. لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. جىق سۆرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ھەيدەر ئەپەندى بىلەن بىللە سەككىز ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ بىر يەرگە كۆمۈلگەنلىكى، بۇ ئىشنى ساقچى باشلىقى ليۇ بىندىنىڭ بېجىرگەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ. بىراق، 1944 ـ يىلى ليۇ بىندىنىڭ غۇلجىدا ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ يىپ ئۈچىمۇ ئۈزۈلىدۇ.

گەرچە ئۇ دۈشمەن قولىدا ۋاقىتسىز قۇربان بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىشلىرى، ئۇلۇغ روھى خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① زەينەپ سايرانىيە خاتىرىسى.

② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئويغانغان زېمىن» 1 ـ قىسىم 34 ـ بەت.

③ ئابدۇللا پەرسا خاتىرىسى (ئابدۇللا پەرسا، ھەيدەر سايرانىنىڭ 1 ـ قارار ئوقۇغۇچىسى، بۇ ئەھۋاللارنى ئۇ 1993 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇن ئاستانىدىكى ئۆز ئۆيىدە سۆزلەپ بەرگەن).

④ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز» 45 ـ بەت.

⑤ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇرچە 1984ـ يىل 15 ـ مارت سانى.

⑧ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 20 ـ قىسىم 109 ـ بەت.

⑨ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئويغانغان زېمىن»، 1 ـ قىسىم 45 ـ، 48 ـ بەتلەر.

⑩ زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 696 ـ بەت.

⑪ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 13 ـ سان، 105 ـ بەت.

⑫ مۇقىيت شېرىپى خاتىرىسى (مۇقىيت شېرىپ، 1934 ـ 1940 ـ

يىللار ئاستانىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان، 1953 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققۇچە مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان، بۇ ئەھۋالنى 1999 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇن سۆزلەپ بەرگەن).

⑬ زىڭ ۋېنۋۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 704 ـ بەت.

⑯ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 28 ـ سان 107 ـ ، 108 ـ بەتلەر.

⑰ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 13 ـ سان 109 ـ بەت.

⑳ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 20 ـ سان 111 ـ بەت.

㉑ ئۇيغۇر سايرانى خاتىرىسى.

㉒ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 10 ـ قىسىم 311 ـ بەت.

㉓ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئويغانغان زېمىن»، 1 ـ قىسىم 28 ـ بەت.

㉔ زىڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 704 ـ، 706 ـ بەتلەر.

㉕ مۇنىر ئىرزىن — قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا دەرس بەرگەن.

㉖ زىڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 705 ـ، 706 ـ بەتلەر.

㉚ «چوقان ۋەلىخانوف ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم 227 ـ بەت، 1985 ـ يىل، رۇسچە.

㉛ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە 1 ـ توم 151 ـ، 152 ـ بەتلەر.

㉜ ئىبراھىم مۇتىئى.

㉝ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 309 ـ بەت.

㉞ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 324 ـ بەت.

㉟ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 310 ـ بەت.

㊱ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 316 ـ بەت.

㊲ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 307 ـ بەت.

㊶ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 592 ـ بەت.

㊷ ئابدۇلھەق ئەپەندى: (ش ئۇ ئا ر سەھىيە نازارىتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان خادىمى، رۇستەم سايرانى بىلەن بىر تۇرمىدە ياتقان).

# ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللار

ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ

ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۇزۇلمەس ئېقىنىدا نۇرغۇن مەشھۇر قەھرىمان قىز ـ ئاياللار، شائىرەلەر، مائارىپچىلار ئۆتكەن. بىز ئۇلارنى ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز.

**1. جىۋا (342 ـ ؟)**

كۇسەنلىك، بۇددا دىنى بىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن، تېبىبىي ئىلمىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن بىلىملىك ئايال. ئۇ مەشھۇر تەرجىمە ئۇستازى كوماراجىۋنىڭ ئانىسى.

ئۇ كۇسەن خانىنىڭ سىڭلىسى، ئەقىللىق ھەم گۈزەل مەلىكە ئىدى. ئۇ ھىندىستانلىق ۋەزىرنىڭ ئوغلى كوماراتانغا ياتلىق بولغان. توي قىلىپ، ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن، راھىبە بولغان ھەم ئېرىدىن سانسكرىت تىلىنى ئۆگىنىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن بۇددىزىمغا بېرىلگەن. كېيىن ئۇ توققۇز ياشلىق ئوغلى كوماراجىۋانى ئېلىپ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ھىندىستانغا بېرىپ ئوقۇغان. ئۇ يەردە ھىنايانا مەزھىپى تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن. جىۋا ئوغلى كومراجىۋانى ھىندىستاندا ئوقۇتۇپ، داڭلىق بۇددا دىنى ئالىمى ۋە تەرجىمە مۇتەخەسسىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۆزىمۇ شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي توسالغۇلارغا قارىماي ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تىرىشچان، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماس روھىنى نامايان قىلغان.

ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ كۆزگەكۆرۈنۈپ، ئۆزىنىڭ كېسەل كۆرۈش ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ «جىۋا ئىچكى

بەش ئەزا توغرىسىدا» ناملىق كىتاب يېزىپ، ئىچكى بەش ئەزانىڭ فۇنكسىيىسى، ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇل-لىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.

**2. ئورخۇن خاتۇن**

ئۇ تۇغلا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بوساتىنىڭ ئانى-سى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ھەم ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا يازما خاتىرىلەر يوق. ئۇ ھەقىقەتەن داڭلىق سىياسىيون بولۇشقا مۇنا-سىپ، «كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئا-ساسلانغاندا، ئورخۇن خاتۇن پەم ـ پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، ئىچكى قىسىمدا يۈز بەرگەن ئەرز ـ دەۋالارنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. ئوغلىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مەسلىھەتچىلىك قىلىپ ۋە بىۋاستە ئارىلىشىپ، سىياسىيونلارغا خاس ئىقتىدارىنى نامايان قىلغانىدى. ئاتا ـ بالا ئىككەيلەننىڭ ھاكىمىيەتنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئۇي-غۇر ئېلى گۈللەنگەنىدى.

ئورخۇن خاتۇن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر قەبىلىرىنى ئىتتىد-پاقلاشتۇرۇش، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۇغلا ئۇيغۇر خانلىقىنى مۇس-تەھكەملەشكە تۆھپە قوشۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇ-لۇشى ئۇچۇن ئاساس سالغان.

**3. داڭلىق سەنئەتكار پېيى مەلىكە(690 ـ ؟)**

ئۇ ئەسلى قەشقەرلىك سەنئەتكار بولۇپ، تارىخىي خاتىرد-لەردە ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى يېزىلمىغان. پەقەتلا، قەشقەرخان جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېي (裴) فامىلىسى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. ئۇ قەشقەردە خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ھەم بۇددا دىنى ئىلىملىرى، سەنئەت بىلىملىرىنى ئۆ-گىنىپ، تالانتلىق سەنئەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىققان.ئۇ 715 ـ يىللىرى ئەتراپىدا چاڭئەنگە بېرىپ، شۇ يەردىكى ئوقۇتۇش مەر-كىزىدە سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەنئەت تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى بىلەن

شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، ئوتتۇرا تۈز-لەڭ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. غەربىي يۇرت سەنئىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىغا تونۇتقان ھەم تارقاتقان. ئۇ نۇرغۇن ناخشا، مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

4. سىلىغ تېگىن

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىبە، شائىرە، ئۇ ئالتە كۇبلىت، 27 مىسرالىق بىر شېئىرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنمۇ ياكى بىر پارچىلا شېئىر يازغانمۇ؟ بۇ ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. بىراق ئۇنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم تەتقىقات ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5. شياۋ گۇەنيىن (1039 ـ 1075)

شائىرە، سازەندە، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەۋلادى. دادىسى شياۋخۇي قىتان خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا قىتانلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان بولغاچقا، شياۋگۇەنيىنمۇ خەنزۇچە ئىسىم قوللانغان ھەم شېئىرلىرىنىمۇ خەنزۇچە يازغان. ئۇنىڭ «يوخۇلىندا پەرمان بىلەن يېزىلغان شېئىرلار»، «كۆڭۈل ئوردىسىغا قايتىش»، «نامدىن جۇدا بولۇش»، «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» قاتارلىق شېئىرلىرى بار.

6. شياۋسېبسي (؟ ـ 1121)

شياۋ سېبسي شياۋ گۇەنيىن بىلەن بىر جەمەتتىن بولۇپ، ئۇمۇ قىتان خانلىقىدا خانىش بولغان. قىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ياشىغان. «ھەجۋىيات»، «تارىخنى كۈيلەش» تىن ئىبارەت ئىككى پارچە شېئىرى بار.

7. ئامانىساخان (1534 ـ 1567)

ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 ـ

خانى ئابدۇرېشىتخانىنىڭ خانىشى. ئۇ مەھمۇت ئىسمىلىك ئوتۇز-چىنىڭ قىزى بولۇپ، دادىسى ئۇنى كىچىكىدىن ئەقىللىق ھەم بىلىملىك قىلىپ تەربىيەلىگەنىدى. ئۇ شائىر، سازەندە ھەم خەت-تات ئىدى. 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان. ئامانىيساخان مۇ-شۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا «دىۋان نەفىسە»، «ئەخلاقى جەمىلە» (گۇ-زەل ئەخلاق)، «شۇرۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) قاتارلىق كىت-تابلارنى يازغان، ئۇ يەنە «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقامنىمۇ ئىجاد قىلغان. ئۇ ئوردىدا 12 مۇقامنى رەت-لەش، قېلىپلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇيغۇر 12 مۇقامنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىشى-نى ئامانىيساخانىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

**8. زىبۇننىسا (1639 ـ 1709)**

شائىر، دېھلىدا تۇغۇلغان. ئۇ ھىندىستان موغۇل ئىمپېرى-يىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بابۇر مىرزىنىڭ چەۋرىسى ئەبۇزەپەر مۇ-ھىددىن ئەۋرەڭزىب ئالەمگىرنىڭ قىزى. ئۇ ئوردىدا مەشھۇر ئا-لىملاردىن ئەتراپلىق تەلىم ئېلىپ، شائىرە ھەم سازەندە بولۇپ يېتىشتى. ئۇ ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتكەن. ئۇ گەرچە ئوردا مەلىكىسى بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ قايغۇسىنى ۋە شادلىقىنى كۈيلەيدىغان، ئەركىن مۇھەببەتنى، ئاياللار ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارغا «زىبۇننىسا» (گۈزەل، چىرايلىق) تەخەللۇسىدا، ئۆز تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى 1940 ـ يىلى تاجىكىستاندا «مەجمۇئەيى شېئىرھا» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە تۈرك تىلىدا يېزىلغا بىرقانچە پارچە شېئىرىمۇ بار.

**9. چىن مودەن (1740 ـ 1760)**

قومۇلنىڭ باغداش يېزىسىدا تۇغۇلغان. دادىسى ۋاڭنىڭ چارۋىچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى شەرۋانەم، ئوردىدىكىلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى مودەنگۈلگە ئوخشىتىپ «چىن مودەن» دەپ ئاتاشقان. قومۇل ۋاڭى يۈسۈپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى

ئوردىغا ئالدۇرماقچى بولغان. ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن سۆيگەن يىگىتى بىلەن قېچىپ كەتكەن، ئوردا لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، ئېلىشىش جەريانىدا قىرىپ تاشلىغان. شۇنداق قىلىپ، چىن مودەن ئەركىن مۇھەببەت، ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىپ قۇربان بولغان.

**10. مايىسخان**

خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باشچىسى. 1765 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئۇچتۇرپان دېھ-قانلار قوزغىلىڭى (جىگدە يېغىلىقى)پارتلىدى. قوزغىلاڭغا ئاكا ـ ئۇكا رەھمىتۇللا بەگ ۋە ئەسمىتۇللا بەگلەر باشچىلىق قىلدى. مايىسخان شۇ ئىككەيلەننىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ، قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشتى. قوزغىلاڭ 8 ـ ئايدا پاجىئەلىك مەغلۇپ بول-غاندىن كېيىن، چىڭ قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچىلارنى دەھشەتلىك تۇردە قىرغان ھەم ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مايىسخان چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن قىلچە قورقۇپ قالماي، 100 دىن ئارتۇق ئەر ـ ئايالنى تەشكىل-لەپ، تاغتۇرا، ئورمان، جاڭگاللاردا يوشۇرۇنۇپ پارتىزانلىق ئۇ-رۇشنى ئۈچ ئاي داۋاملاشتۇرغان. ئاخىرىدا مايىسخان باشلىق يەتتە ئايال قوزغىلاڭچى قورشاۋدا قېلىپ، دۈشمەنگە باش ئەگ-مەي، تاغدىن سەكرەپ قۇربان بولغان. قوزغىلاڭنىڭ داۋامى بول-غان بۇ جەڭ «مايىسخان جېڭى» دەپ ئاتالغان. ئۇچتۇرپان خەلقى مايىسخان باشلىق يەتتە قەھرىمان قىزغا ئۇلار قۇربان بولغان ئاقتوقاي تاغ تىزمىسى باغرىدا ھەيۋەتلىك قەبرە ياساپ، ئۇنى «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان قىزلىرىنى ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

**11. نۇزۇگۇم (1808 ـ 1827)**

نۇزۇگۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەيسەر جەڭچىسى ھەم ماھىر قوشاقچىسى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى چولپانگۇل بولۇپ، قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. موللا بىلال نازىمنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا،

ئۇ ئوقۇغان، بىلىملىك قىز بولۇپ، بۇغداي ئۆڭلۈك، قاراكۆز، قاراقاشلىق، نازۇك بەدەن بولغاچقا، قەشقەر خەلقى ئۇنى «نوزۇ-گۇم» دەپ ئاتىغان.

نۇزۇگۇم 1826 ـ يىلدىكى مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئىلىدا موگۇل ئەمەلدارى ئۇنى مەج-بۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغاندا، نوزۇگۇم توي كېچىسى ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ كەتكەن. قوغلىشقا ئاتالغان يۇشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قال-غان. ئۇچ ئاي زىندانغا سولانغاندىن كېيىن، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

نوزۇگۇم ئۆزىنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرى، قايغۇسى، مۇھەب-بەت ـ نەپرىتى ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلەپ نۇرغۇن قو-شاقلارنى توقۇغان. خەلق ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى تا بۈگۈنگىچە ئو-قۇپ كەلمەكتە.

**12. مايىمخان (1812 ـ 1830)**

غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى دادامتۇ يېزىسىدا دېھقان ئا-ئىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەقىللىق، ناخشا خۇمار قوشاقچى قىز ئىدى. ئۇ زالىملارنىڭ زۇلمىغا قارشى، ئەكسىيەتچىل ئە-مەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلمەتلىرىنى پاش قىلىدىغان نۇر-غۇن قوشاقلارنى توقۇغان ھەم خەلق يىغىلغان سورۇنلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتقان. خەلق مايىمخاننىڭ قوشاقلىرىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ يۈرگەن. زالىم يۈز بېشى ھامۇتبەگ بۇنى ئاڭلاپ، شەنگەنگە يەتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن مايىمخان يامۇلغا سولىنىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ۋەھشىيلەرچە قىيناپ سوراق قىلىنغان. ئەمما مايىمخان پىسەنت-مۇ قىلماي مۇستەبىت ھۆكۈمەت، زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى قوشاقلارنى توختاتمىغان. ئۇ يامۇلغا سولىنىپ، بىر يىلدىن كې-يىن 1830 ـ يىلى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**13. مېھرىبانۇ**

XIX ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدىكى قومۇل ۋاڭى، ئۇ ئەسلى ئىلىلىق بولۇپ، قومۇل ۋاڭى بىشىرغا ياتلىق بولۇپ كەلگەن. 1869 ـ يىلى بىشىرۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇنى مېھرىبانۇ قومۇلغا ۋاڭ بولغان.

ئۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. بەي يەنخۇ يېغىلىقى يۈز بېرىپ، بىشىرۋاڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، مېھرىبانۇ بەي يەنخۇ تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، كورلىدا بىر مەزگىل تۇرغان. بەي يانخۇ يېغىلىقى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مېھرىبانۇ قومۇلغا قايتىپ كېلىپ، ئېرىنىڭ ئورنىغا ۋاڭ بولۇپ، يېغىلىقتا خاراپ بولغان قومۇل شەھىرىنى قايتا قۇ-رۇشقا كىرىشكەن. خەلققە پايدىلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، قىسقا مەزگىل ئىچىدە خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى خېلى ياخشى-لىغان. ئۇ يەنە ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەپ، مەدرىسە، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى، مۇ-ئەسسەسە ھەم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىغىمۇ ئەھمى-يەت بەرگەن. 1882 ـ يىلى ئۇ ۋاڭلىق ئورنىنى كۈيئوغلى شاھ مەخسۇتقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

**14. راھىلە**

شىنجاڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى. ئۇ 1860 ـ يىلى ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئېكساق كەنتىدە مەرىپەت-پەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. دادىسى مۇھەممەد سۇلتان خەلپىتىم ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشى بولغاچقا، قىزىنى ياخشى تەربىيەلىگەن. راھىلە دىنىي ھەم پەن-نىي بىلىملەرنى پۇختا ئىگەللىگەن. مەرىپەتپەرۋەر ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار 1885 ـ يىلى ئاتۇش ئېكساقتا قۇرغان يېڭى مەكتەپ «ھۇسەينىيە مەكتىپى» نىڭ قىزلار سىنىپىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. فېئودالىزم دەۋرىدە قىز ـ ئاياللارنىڭ پەن ـ بىلىملەرنى ئىگىلىشى ھەم ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىشى

ئاسان ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، راھىلە مائارىپ سېپىدە 32 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بىردىنبىر ئايال سەركەردىسىگە ئايلاندى ھەم ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

**15. ئايخان ئانا**

ئۇ مەرىپەتپەرۋەر ئانا، يېڭى زامان تارىخىدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇ، 1888 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. غۇلجىدا پەننىي ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1933 ـ 1934 ـ يىللىرى دادىسى ۋە يولدىشىدىن قالغان مىراس تەئەللۇقاتىنى سەرپ قىلىپ، غۇلجىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە يېتىم بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ سالدۇردى. بۇ مەكتەپ «غۇلجا خەيرىيەت مەكتىپى» دەپ ئاتالدى.لېكىن جامائەتچىلىك بۇ مەكتەپكە كېيىن «ئايخان ئانا مەكتىپى» دەپ نام بەردى. ئوقۇغۇچىسانى بارا ـ بارا 300 گە يەتتى. بالىلارنىڭ پۈتۈن تەمىناتىنى ئايخان ئانا ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ فورمىسى كىيگۈزدى، بۇ مەكتەپ ھازىرغىچە 50 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ باتۇرلۇق، ئەرك سۆيەرلىك ۋە قەھرىمانلىقىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ قىز ـ ئاياللارنىڭ مەيلى ئەسەرلەردە بولسۇن، ياكى ئىش پائالىيەتلىرىدە بولسۇن، ئومۇمەن، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ۋە زالىم ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىدىن شىكايەت قىلىش، ئەركىن مۇھەببەتكە، ئىنسانىي ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش روھى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز دەۋرلىرىدىكى ئىلغارلىقا، ئەركىن ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1997 ـ يىللىق 3 ـ سان. ئەخمەت سۇلايمان: «Ⅶ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاتا ـ بالا سىياسىيونلار».
2. ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

1998 ـ يىلى نەشرى.
3. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.
4. ئايگۈل ئوسمان: «قىتان خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىككى ئۇيغۇر ئايال شائىر»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى سانى.
5. مۆجىزىي: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.
6. «بۇلاق» 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان. «شائىرە زىبۇننىسا»، ئابدۇ ـ رېھىم سابىت.
7. سەمەت ئەسرا: «چىن مودەن ۋەقەسى»، «قومۇل گېزىتى» 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.
8. موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ: «نۇزۇگۇم»، «بۇلاق» 1981 ـ يىل 1 ـ سان.
9. «مايىمخان»، قولىيازما.
10. «ئىپارخان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.
11. ئايشەم ئەخمەت: «قومۇل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.
12. «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرى ـ ياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.
13. ئابدۇللا ئەخمىدى: «ئون ئەۋلاد قومۇل ۋاڭلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان.
14. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (32)، شىنجاڭ خەلق نەشرى ـ ياتى، 1992 ـ يىل نەشرى.
15. ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار»، 1987 ـ يىل نەشرى.

# ياللىق پالۋان رېھىمشاھ

قۇربانجان ئابلىمىت
ئابدۇرېشىت توختى

توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى شارغوجا قەدىمكى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن پالۋان رېھىمشاھنىڭ نامى ناھىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، ئىلى ۋىلايىتى ۋە ھازىرقى قازاقىستاننىڭ چېلەك رايونىدىمۇ مەشھۇر.

رېھىمشاھ 1851 ـ يىل 9 ـ ئايدا دۇنياغا كەلگەن، ئۇ تۇغۇلغان ۋاقتىدا خۇددى سەككىز ئايلىق بوۋاقتەك بۇدرۇق بولۇپ، گەجگىسىدىن ساغرىغىچە قاپقارا تۈك بولغانىكەن، شۇ سەۋەبلىك ئۇ كېيىن چوڭ بولۇپ، خەلق ئارىسىداپالۋانلىقى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغاندا «ياللىق * بۆكە ‹پالۋان› دەپ ئاتالغان.

رېھىمشاھنىڭ دادىسى ھەسەن يانتوقاي ئەتراپىدا «ھەسەن يۈز بېگى» نامى بىلەن ئاتاق ـ ئابرۇي قازانغان. ھەسەن يۈز بېگى ئۆمرىدە بىرنەچچە پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، رېھىمشاشتىن باشقا پەرزەنتلىرى ئەمچەكتىن ئايرىلماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن. شۇڭا ھەسەن يۈز بېگى يالغۇز پەرزەنتى رېھىمشاھقا بەكمۇ ئامراق بولغان.

رېھىمشاھنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئەسلى يۇرتى چېلەك رايونىنىڭ غالجات دېگەن يېرى بولۇپ، رېھىمشاھ شۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ 8 ـ ئەۋلادى. رېھىمشاھنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋىسى مۇھەممەت غوجىشاھ، ئۇنىڭ ئوغلى نەزەرشاھ، نەزەر

* بۆكە — ئىران مىفولوگىيىسىدىكى دىۋە، بۇ، باتۇرلارنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «بۆكە» باتۇر، پالۋان كىشىلەرگە بېرىلگەن ھۆرمەت نامى.

شاھىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت كېرىمشاھ، مۇھەممەت كېرىمشاھىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت روزىشاھ، مۇھەممەت روزىشاھىنىڭ ئوغلى مۇ- ھەممەت توختىشاھ، مۇھەممەت توختىشاھىنىڭ بىرىنچى ئوغلى مۇھەممەت ھېيدىلشاھ، ئىككىنچى ئوغلى ھەسەن بولغان. ئۇ يەتتە ئەۋلاد كىشى ئىچىدە مۇھەممەت غۇجىشاھ 118 يىل، مۇھەممەت ئاقشاھ 105 يىل، مۇھەممەت كېرىمشاھ 97 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. 1817 ـ يىلى مۇھەممەت كېرىمشاھ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىل- لە شارغوجا مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگەن.

رېھىمشاھىنىڭ گەجگىسىدىن ساغرىسىغىچە تۈك بارلىقىنى ھەسەن يۈز بېگى، ئۇنىڭ ئايالى ھاۋانىخان، كىندىك ئانىسى ھې- ۋىزىخاندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى باشقىلاردىن سىر تۇتۇپ، شارغۇجا ۋە باشقا جايلاردىكى مولللىلارغا سۈرە ـ ئا- يەت يازدۇرۇپ، رېھىمشاھىنىڭ بويىنىغا تۇمارچە قىلىپ ئاسىدۇ. رېھىمشاھ ساغلام ئۆسۈپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ، ئۇ ئالتە ـ يەتتە ياش ۋاقتىدىلادائىم مال قوتىنىغا كىرىۋېلىپ، قوي، موزايلارنى كۆتۈرۈپ ئوينايتتى. ھەتتا بورداپ بېقىلىۋاتقان ئالا چىپار توپاقنىمۇ كۆتۈرۈپ ۋە يىقىتىپ ئوينايدۇ. رېھىمشاھ 14 ـ 15 ياشلارغا كەلگەندە، كۈچ ـ قۇدرىتى بارغانسېرى ئۆسۈپ، دائىم ھەرىكەت قىلمىسا تۇرالمايدىغان، ئالىقىنى قىچىشىپ بە- رەر نەرسىنى كۆتۈرۈپ پۇخادىن چىقمىسا ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ 17 ـ 18 ياشلارغا كىرگەندە تۆت ياشلىق ئۆ- كۈزنى كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغان، تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىيالايدى- غان بولىدۇ. ھەسەن يۈز بېگى ئۆزىمۇ ئۇستا چېلىشچى ئادەم ئى- دى، ئۇ ئوغلىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە ئىشەنچ قىلىدىغان بولسىمۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن باشتا خەۋىرى بول- مايدۇ، بۇ ئىش رېھىمشاھ ئۈچ ياشلىق ئاتنى قورۇ تېمىدىن تاش- لىغاندا، ئاتنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويغاندىن كېيىنلا ھەسەن يۈز بېگىگە سېزىلىپ قالىدۇ. ھەسەن يۈز بېگى ئوغلىغا بۇ ئىش- نى توختىتىش ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ

«يامان كۆز»، «يامان تىل» لەردىن خالىي بولسۇن دەپ، ئۇۋلاپ ئۆلتۈرگەن بۆرىنىڭ ئۇشۇقىنى رېھىمشاھنىڭ بويىنىغا ئاسقۇزدى. تاغدىن دولانا ياغىچىنىڭ پارچىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، تۇمارچە قىلىپ ئاسقۇزىدۇ. ئەمما كۆچ ـ قۇدرەتتە تولۇپ، تېرىسىگە سىغ ـ ماي قالغان رېھىمشاھنى دادىسىنىڭ بۇ ئورۇنۇشلىرى توسۇپ قالالمايدۇ.

رېھىمشاھ كۈندىن كۈنگە كۈچ ـ قۇدرەتكە تولۇپ، تاغلارغا چىققاندا يوغان ـ يوغان تاشلارنى دومىلىتىپ ھۇزۇرلىنىدىغان، ئۇلارنى خېلى ئۇزۇن يەرگىچە كۆتۈرۈپ بېرىپ، قولىنىڭ، بەدى ـ نىنىڭ قىچىقىنى باسىدىغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى يىراق ـ يېقىنغا تونۇلۇشقا باشلايدۇ.

1880 ـ يىلى ئىلى رايونىدا ئوغرى ـ بۇلاڭچىلارنىڭ ھەرى ـ كىتى ئەۋج ئېلىپ، خەلقنى زار قاقشىتىشقا باشلايدۇ. شۇ يىللار ـ نىڭ بىرىدە شارغوجا مەھەللىسىدىكى ئون نەچچە كالىنى ئۈچ ئوغرى كۈندۈزىلا ئاتلىق ئوغرىلاپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان رېھىمشاھ ئوغرىلار كەتكەن تەرەپكە ئات سالىدۇ ۋە ياماتۇغا قاراپ يول ئالغان ئوغرىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئاتتىن چۈشىدۇ. ئۈچ ئوغرىنىڭ ئىككىسى ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنى ئورۇپ يىقىتىپ ئاتقا سۆرىتىش مەقسىتىدە رېھىمشاھقا ئېتىلىدۇ. پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان رېھىمشاھ بۇ ئىككىسىنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ، بىرىنى بىرىگە قاتتىق ئۇرىدۇ، ئىككى باش ئۇسۇشۇپ، ئۇ ئىككىسى بىرلا پىرقىراش بىلەن ھوشىدىن كېتىدۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن يە ـ نە بىر ئوغرى ئالاقزادىلىك بىلەن قاچىدۇ، رېھىمشاھ ئىككى ئوغرىنى باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىغا ئارتىپ، ئوغرىلانغان كا ـ لىلارنى ھەيدىگىنىچە شارغوجىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە بۇ ئىككى ئوغرىنى يۇرت ئىچىدە سازايى قىلىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شارغوجا، تەمتە تەرەپلەر ئوغرى ـ بۇلاڭچىلاردىن خالى بولىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە، ئاساسلىقى، شارغوجا مەھەللىسىدىلا تۇگمەن بار ئىدى، شۇڭا

تۆگمەندە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئادەم باس ـ باس بولاتتى، نۆۋەت تا ـ لىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى، 1882 ـ يىلى رېھىمشاھ تۆگمەنگە بۇغداي ئېلىپ بېرىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە نۆۋەت ساقلاپ تۇرىدۇ. نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە، يىراق مەھەللىدىن كەلگەن بىر كىشى ئۆكتەملىك بىلەن سوگەنگە بۇغدىيىنى تۆكۈۋالىدۇ. رېھىمشاھ ئۇنىڭغا نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتسا، ئۆزىنى شۇ چاغلاردىكى كۈچلۈك چېلىشچى ھېسابلىغان بۇ ئادەم «قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل» دەپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىدۇ. ئاچچىقى كەلگەن رېھىمشاھ يۈگۈرۈپ بېرىپ، شىددەت بىلەن پىرقىراۋاتقان تۆگمەن تېشىنى توختىتىۋېتىدۇ. ھېلىقى ئادەم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال بوشىشىپ، رېھىمشاھتىن ئەپۇ سوراپ، ئۇنىڭ قولىنى تۆگمەن تېشىدىن مىڭ تەسلىكتە ئاجرىتىۋالىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا ئىلى خەلقى چېلىشىش سورۇنلىرىنى پات ـ پات ئويۇشتۇرۇپ تۇراتتى. غۇلجا شەھىرىدىكى قارادۆڭ، گۈلشەنباغ ئەتراپى خېلى نامى چىققان چېلىشىش سورۇنلىرى ئىدى. غۇلجا شەھىرىدە «ھەمرا بۆكە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشىنى ھېچكىم يېڭەلمەي كېلىۋاتاتتى. 1884 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى رېھىمشاھ غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ، ھەمرا بۆكىنىڭ باشقا پالۋانلار بىلەن چېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. پالۋانلار ھەمرا بۆكىنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئالدىدا ئوسال ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن رېھىمشاھ چېلىشىش مەيدانىغا چۈشىدۇ. ھەمرا بۆكە ئۇنى ئالدىنقى پالۋانلاردەك ساناپ، بىر كۆتۈرۈپلا چۆرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. ئەمما ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ رېھىمشاھنى ئورنىدىن مىدىرلىتالمايدۇ. رېھىمشاھ «ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا» دەيدۇ ـ دە، ھەمرا بۆكىنى ئىككى قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، چېلىشىش سورۇنىنى بىر نۆۋەت ئايلاندۇرۇپ چىقىپ، ئاستا يەرگە چۈشۈرىدۇ. بۇ چاغدا سورۇندىكى كىشىلەر چوقان سېلىشىپ، «بۆكە دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ توۋلىشىپ

كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ رېھىمشاھ «بۆكە» دەپ ئاتىلىدۇ.

رېھىمشاھنىڭ «بۆكە» دەپ نامى چىققان بولسىمۇ، ئىلى ۋادىسىغا تازا تونۇلۇپ كەتمىگەنىدى. 1894 ـ يىلى نىلقا ناھىيەسىنىڭ چىرىنتاي دېگەن يېرىدە بىر موڭغۇل پالۋان داڭق چىقىرىپ، «چېلىشىشتا تەڭدىشى يوق پالۋان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى بوۋاق غوجا قول ئاستىدىكىلەرنى يېزا ـ قىشلاقلارغا ماڭغۇزۇپ، كىمكى شۇ موڭغۇل پالۋاننى يېڭەلىسە، ئۇنىڭغا زور ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بوۋاق غوجىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاق ئۆستەڭنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۈچ سىنىشىش سورۇنىدا رېھىمشاھنى ھېلىقى موڭغۇل پالۋان بىلەن چېلىشىشقا سالىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق چېلىشىش ۋاقتى ئاياغلىشاي دېگەندە، موڭغۇل پالۋان رېھىمشاھنى بىر قېتىم تىزلاندۇرىدۇ، بىرىنچى چېلىشىش شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئەتىسى بولغان ئىككىنچى قېتىملىق چېلىشىشتا رېھىمشاھ موڭغۇل پالۋاننى قامالالاپ تۇتۇپ، بىرلا كۆچىنىپ كۆتۈرىدۇ ـ دە، يەرگە قاتتىق ئۇرىدۇ، موڭغۇل پالۋان ھوشىدىن كېتىپ، يېرىم سائەتچە ئۆزىنى بىلمەي قالىدۇ، شۇ قېتىمقى قاتتىق كۈچىنىشتە رېھىمشاھنىڭ كۆڭلىكى موڭغۇل پالۋاننىڭ تارتىشى بىلەن يىرتىلىپ كېتىپ، ئارقىسى ئېچىلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ساغرىسىغىچە تۈك بارلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. «ياللىق بۆكە» دېگەن نام رېھىمشاھقا شۇ چاغدا قويۇلىدۇ.

رېھىمشاھ بوۋاق غوجا بەرگەن مۇكاپات ـ ئىنئاملارنى ئېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن يەركەنتكە، ئۇ يەردىن چېلەككە بارىدۇ. ئۇ چېلەكتە يېڭى ياسىلىۋاتقان مەسچىتنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، مەسچىت ئىچىگە كىرسە، ئالتە ئادەم مەسچىتنىڭ ئوتتۇرا تۈۋرۈكىنى تىك تۇرغۇزالمايۋاتقانىكەن، رېھىمشاھ بۇ تۈۋرۈكنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك لىككىدە كۆتۈرۈپ، بەلگىلىگەن جايغا تىكلەپ قويۇپ بېرىدۇ.

رېھىمشاھ چېلىكتىكى ۋاقتىدا شۇ دەۋردىكى بەگ، ئاقسا- قاللار ئارىسىدا ئالمۇتىدا چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىد- ىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇسابىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن تۇغقانلىرى بىلەن ئالمۇتىغا بارىدۇ. ئالمۇتىنىڭ قاراقارا يايلىقىدا ئۆتكۈزۈل- گەن بۇ چېلىشىشتا موڭغۇلىيەنىڭ بىر پالۋىنىنى ھېچكىم يې- ڭەلمەيدۇ. رېھىمشاھ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئالمۇ- تىدىكى خەلەك ئاقساقىلىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بۇ ئەھۋالنى بايقاپ، خەلەك ئاقساقالغا بۇ پالۋاننى چېلىشىشقا سې- لىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئاقساقالنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەكلىپ قىلىنغان رېھىمشاھ مەيدانغا چۈشىدۇ. رەقىبىنى كۆرگەن موڭ- غۇلىيە پالۋىنى شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، رېھىمشاھ بىد- لەن بەل تۇتىشىدۇ. رېھىمشاھ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۇنى پىرقىرىتىپ يەرگە دۈم چۈشۈرىدۇ. موڭغۇلىيە پالۋىنى ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم چېلىشىش تەلىپىنى قويد- دۇ. ئىككىنچى قېتىملىق چېلىشىش باشلىنىپ، ئىككى پالۋان ئۇزاق سۆرەشكەندىن كېيىن، موڭغۇلىيە پالۋىنى رېھىمشاھنىڭ ئىشتىنىنى يىرتىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان رېھىمشاھ ئۇنىڭ بېقىنىنى قاماللاپ تۇتۇپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇر- غاندا، موڭغۇلىيە پالۋىنىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئىككى تال قو- ۋۇرغىسىنى يۇلۇۋالىدۇ. موڭغۇلىيە پالۋىنى بىرنەچچە يۇمىلاپلا جان ئۈزىدۇ. چاۋاك چېلىپ يۈرگۈرۈشۈپ كەلگەن كىشىلەر توپى رېھىمشاھنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ: «پالۋان، ھەقىقىي پالۋان» دەپ توۋلىشىدۇ.

رېھىمشاھنىڭ ئايالى ھاۋانىخان شارغوجا مەھەللىسىدىكى تۆگمەنچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. رېھىمشاھ بۇ ئايالدىن روسۇلشاھ ئىسىملىك بىر پەرزەنت كۆرگەن. روسۇلشاھنىڭ بە- دىنىدىمۇ تۇغۇلۇشىدىلا گەجگىسىدىن ساغرىسىغىچە ئۇزۇن تۈك بولغان. روسۇلشاھ چوڭ بولغاندا ئۆزى بىلەن دېمەتلىك باللارنى چالما تاشلىغاندەك چۆرۈپ تاشلايدىغان بولىدۇ. ئۇ 17 ـ 18 ياش

ۋاقتىدا موڭغۇلكورەدىن چىققان بىر پالۋان بىلەن كۈچ سىنىشقا چۈشۈپ، ئۇنى يېڭىدۇ، ئەمما بۇ پالۋان ئۆزىدىن بىرنەچچە ھەسسە چوڭ بولغاچقا، روسۇلشاھ قاتتىق كۈچىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇزۇنغا بارماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. روسۇلشاھ ئۆلۈپ تۆت يىلدىن كېيىن، ئانىسى ھاۋانىخانىمۇ ۋاپات بولىدۇ. كېيىنكى يىلى رېھىمشاھ گۈلەۋزە ئىسىملىك بىر ئايالنى ئالىدۇ، رېھىمشاھ بۇ ئايالدىن پەرزەنت كۆرمىگەچكە، رېھىمشاھ كېيىن گۈلەۋزەدىن ئاجرىشىپ، قاش يېزىدىن سائائەتخان ئىسىملىك ئايالنى ئالىدۇ، ئەمما بۇ ئايالدىنمۇ پەرزەنت كۆرمەيدۇ.

رېھىمشاھ 1920 ـ يىل 8 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى شارغوجا قەبرىستانىدىكى ئوغلى روسۇلشاھنىڭ قەبرىسى يېنىغا قويۇلىدۇ. بۇ قەبرە ھېلىھەم «رېھىمشاھ بۆكىنىڭ قەبرىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

رېھىمشاھنىڭ بېقىۋالغان پەرزەنتى ئەرەبشاھنىڭ كېرەمشاھ، ئاقشاھ، گۈلبان، رەخىمخان دېگەن پەرزەنتلىرى بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلبان ھازىرمۇ ھايات.

# چوڭ تارىخي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى

## كوممۇنار تالىپ (قازاقىستان)



ئۇيغۇر خەلقى خېلىدىن بېرى بىرنەچچە بۆلەككە پارچىلىنىپ ھەر خىل تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردە ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىخنىڭ مۇھىم باسقۇچلىرىغا كەلگەندە ئۇلار يەنىلا قويۇق ئارىلىشىپ، مىللەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن قىسمەتلەرنى تەڭ تارتىشىپ كەلدى. مۇنداق ۋەقەلەر بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 30 - 40 - يىللىرىدا كۆپرەك يۈز بەردى. شۇ يىللىرى شىنجاڭدا كەڭ قانات يايغان مىللىي ئازادلىق كۈرەشىنىڭ قاتناشچىلىرى كېلەچەككە چوڭ ئۈمىد باغلاپ، پىداكارلىق بىلەن، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ھايات قۇرۇش يولىدا چوڭ - كىچىك ئىشلارغا تۇتۇش قىلغانىدى. ئاز ۋاقىت بولسىمۇ ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئىشلارغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىلىم - ئېرپان، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان ھەم جامائەتچىلىكنىڭ ئارىسىدا «مەنسۇر ئەپەندى»، «ۋەتەن ئوغلى» دېگەن ناملاردا كەڭ تونۇلغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى مەشھۇر روزىيېفتۇر.

مەشھۇر روزىيېف 1902 - يىلى 10 - نويابىردا قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوغلىنىڭ موللا بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان دادىسى ئۇنى يەتتە - سەككىز ياشلىرىدا يەرلىك مەسچىتنىڭ يېنىدىكى دىنىي مەكتەپكە بېرىدۇ. زېرەك

بالا چاپسانلا خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ، تۈركىي تىللاردا يېزىلـ ـغان كىتاب، ژۇرناللارنى بىمالال ئوقۇيدىغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئائىلە تۇرمۇشى ئېغىر بولغانلىقتىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوقۇشنى تاشلاپ، يېزىنىڭ ھاللىق ئادەملىرىگە يالللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلايدۇ.

1918 ـ يىلىدىكى «ئاتۇ» پاجىئەسىدە ئائىلە چوڭىدىن جۇدا بولغان روزىبېقلار، مىڭلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرنىڭ قاتارىدا پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ، ئۇيغۇر ناھىيىسىنىڭ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرۇشقا مەجـ ـبۇر بولىدۇ.

مەشۇر روزىبېق 1919 ـ يىلى كومسومول قاتارىغا كىرـ ـىپ، بىر يىل چىپلەكتە ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئالمۇتىغا كېلىپ، قازاق خەلقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پەرزەنتلىرىنىڭ بىرى غەنى مۇراتباييېفنىڭ ياردىمى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەرنى تەييارلاش كۇرسىغا كىرىدۇ. ئۇنى تاماملىغاندىن كېيىن، چېپـ ـلەك بولۇسلۇقىنىڭ قورام، قارايوتا يېزىلىرىدا مۇئەللىم، مەكـ ـتەپ مۇدىرى بولۇپ تۆت ـ بەش يىل ئىشلەيدۇ. ئۇ شۇ يىللىرى مائارىپ خىزمىتى بىلەن بىر قاتاردا جەمئىيەت ئىشلىرىغىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى بولۇپ سايلىنىدۇ ۋە يەتتىسۇ ئىنقىلابىي كومىتېتى، پارتىيە كومىتېـ ـتى، كەمبەغەللەر كومىتېتى تەرىپىدىن جاي ـ جايلاردا يۈرگۈـ ـزۈلگەن ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېـ ـقىندىن ياردەملىشىدۇ.

ئۆزىنىڭ پائالىيەتچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ، پارتىيە ئەزالىقىغا نامزات بولغان ياش يىگىتـ ـنى ئالمۇتا ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى 1924 ـ يىلى تاشـ ـكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بولۇسلۇق كاتىپلارنى تەيـ ـيارلاش كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەنـ ـدىن كېيىن چىلەك بولۇسلۇقىدا بىر مەزگىل ئىجرائىيە كوـ ـمىتېتىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلەيدۇ ـ دە، ئاندىن يەنە ئۆزى

ئىشتىياق باغلىغان مائارىپ ساھەسىگە يۆتكىلىپ ئاسى (ھا-زىرقى غەيرەت يېزىسى)، چېلەك، قورام يېزىلىرىدا مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇ مەزگىلدىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا پارتىيە ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا قويۇق ئارىلىشىپ، ئۆزىنى ئىستىبداتلىق مەرىپەتچى، ماھىر تەشكىلاتچى سۈپىتىدە نامايىش قىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئالمۇتا ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ئۇنى 1929 ـ يىلى مەخسۇس يوللانما بىلەن تاشكەنتتىكى ئوت-تۇرا ئاسىيا كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا، ئايالى ئايشەمنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ.

ئوقۇشنى قىزىل دىپلوم بىلەن تاماملىغان مەشھۇر روزد-يېفنى ئۇنىۋېرسىتېت رەھبەرلىكى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىق بۆلۈمىگە ئېلىپ قالىدۇ. ئۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ يۈرۈپمۇ جەمئىيەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزمەيدۇ ھەمدە تۆۋەنكى كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا تارىخ پەنىنىڭ ھەر خىل تارماقلىرى بويىچە دەرس ئۆتىدۇ.

1934 ـ يىلى بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قايتا ئۆزگەرتىپ قۇرۇل-غاندىن كېيىن، ئۇ يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا قىزىل پروفېسسورا ئىنستىتۇتى مۇدىرىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىنى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

1935 ـ يىلى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەشھۇر روزىيېفنى شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان زور داۋالغۇشلار مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ.

بۇ مەزگىل شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇش مالىمانچىلى-قى بېسىققان بولسىمۇ، لېكىن كەسكىن ۋەزىيەت، بىر ـ بىرى-گە يوشۇرۇن قارشى تۇرۇش يەنىلا مەۋجۇت ئىدى.

مەلۇمكى، 1931 ـ يىلى قومۇلدا باشلانغان كۈرەش ئوتى كۆپ ئۆتمەيلا پۈتكۈل ئۆلكىگە تۇتاشقانىدى. قوزغىلاڭچىلار بى-لەن بولغان دەسلەپكى قوراللىق توقۇنۇشلاردا ئۆزىنىڭ ئاجىز-لىقىنى سەزگەن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى گومىنداڭ مەركى-زىي ھۆكۈمىتىگە ئۈمىد باغلىغان بولسىمۇ، بىراق بىر تەرەپ-

تىن كومپارتىيىسىنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن ياپونلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ئۆز ھەلەكچىلىكىدە قالغان جياڭ جېيشىنىڭ شىنجاڭ-غا قارىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن جىن شۇرېن ئۆز يېقىنلىرىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ۋاستىچىلىقى بىلەن ھەربىي ياردەم سوراپ كېڭەش ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. شىنجاڭ ھەققىدە ئۆز چوتىنى سوقۇپ يۈرگەن كېڭەش ھۆكۈمىتى بۇ قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جىن شۇرېننى «قەتئىي مەخپىي» كېلىشىمگە قول قويغۇزىدۇ ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭغا قورال ـ ياراغ بىلەن بىر قاتاردا 1932 ـ يىلى شەرقىي شىمالدا ياپونلاردىن مەغلۇپ بولۇپ كېڭەش يېرىگە كىرگەن مىڭلىغان (بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا 50 مىڭدىن ئوشۇق) پىدائىي ئەسكەرنى قوراللاندۇرۇپ غۇلجا، ئۈرۈمچىلەر-گە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئۆلكە مىقياسىدا مالىمانچىلىق راسا ئەۋج ئالغان مەزگىلدە 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل كۈنى قومۇل قوزغىلىڭىنى باستۇ-رۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى شېڭ شىسەي ھۆ-كۈمەت تەرىپىدىن قوزغىلاڭچىلارغا قارشى سەپەرۋەر قىلىنغان ئاق گۋاردىيىچىلەر (روسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېچىپ كەلگەنلەر)نىڭ ياردىمىدە جىن شۇرېننى تەختتىن چۈ-شۈرۈپ ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. ئۆزىنى تەرەققىي-پەرۋەر، كېڭەشپەرەس قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان شېڭ شىسەينىڭ كېلىشى بىلەن كېڭەش ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى ھۆكۈ-مىتىگە بولغان ياردىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن پۈتكۈل ئۆلكە خەلقى ئارىسىدا شۆھرەت قازىنىشقا باشلىغان ۋە قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاز ـ تولا ئوق ـ دورا، كىيىم ـ كېچەك سېتىپ بېرىش ھەم ئەتراپىغا ئۆز ئادەملىرد-نى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق تىزگىنلىۋالغان خوجانىياز ھاجىنى شېڭ شىسەي بىلەن ياراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىرلەشمە كۈچىنى ماجۇڭيىڭ قوشۇنىغا ۋە قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابچىلىرىغا قارشى سەپەر-

ۋەر قىلىدۇ. بۇ يۈرۈشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كېڭەش ئىتتىپاقى ئۇلارغا بىر تۈركۈم كەڭ تەجرىبىلىك، ئىچكى ئۇرۇشلاردا چېنىققان ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنى مەس- لىھەتچى، ياردەمچى قىلىپ قوشۇپ بېرىدۇ. ئا. ك. مالىكوف (مالىك ئەپەندى) رەھبەرلىكىدىكى بىر توپ ھەربىينىڭ مەس- لەن كېيىن ئىككى قېتىم كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى بولغان، برونېتانك ئەسكەرلىرىنىڭ مارشالى پ. س. رىبالكو، كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى، گېنېرال پولكوۋنىك ۋ. ت. ئوبۇخوف، ف. پ. پولىنىن، گېنېرال مايورلار م. م. شايمۇرا- توف، ئى. ف. كۇتس ۋە باشقىلار. بۇ مەسلىھەتچى - ياردەمچى- لەرنىڭ بىلىم - تەجرىبىلىرى، شېڭ شىسەي بىلەن خوجانىياز ھاجىنىڭ بىرلەشكەن كۈچى ئاجىزلىق قىلغان پەيتلەردە (بو- لۇپمۇ 1933 ـ 1934 ـ يىللاردىكى جەڭلەردە) كېڭەش ئىتتى- پاقى ئالتايلىق، تارباغاتايلىق، غۇلجىلىق «ئاق گۋاردىيىچىلەر» نىقابى ئاستىدا ئۆزىنىڭ تاللانغان ھەربىي قىسىملىرىنى، ھاۋا ئارمىيىسىنى كىرگۈزۈپ، ئاخىرى ما جۇڭيىڭنىڭ «يېڭىلمەس» قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. ئۇنىڭ قالدۇق قىسىم- لىرى خوتەنگە بېرىپ يوشۇرۇنىدۇ، ئۆزى كېڭەش ئىتتىپاقىغا تەسلىم بولىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئېلان قىلغان سابىت داموللا ئايرىم نازىرلىرى بىلەن قولغا ئېلىنىپ زىندانغا تاشلىنىدۇ. خوتەن ئەمرى مەمتىمىن بۇغرا- مۇ خانىۋەيران بولۇپ چەتكە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مۇشۇ ئۇسۇلدا لاۋۇلدىغان كۈرەش ئوتىنى بىر ئاز بېسىق- تۇرغان شېڭ شىسەي 1934 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا خوجا- نىياز ھاجىنى ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈپ، كېلىشىم بويىچە مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسىپىنى بېرىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى كەڭ مىقياستا كۆچەپ تەرغىب قىلىشقا باشلايدۇ. «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نىڭ ئاساسىي مەقسىتى بىر تەرەپتىن كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرى- شىپ، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ياردەمنى كۆپەيتىش، يەنە بىر تە-

رەپتىن ئۆچ ـ تۆت يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا خانىۋەيران بولۇپ گاڭگىراپ قالغان ئۆلكە خەلقىنى تېخىمۇ بىخۇدلاشتۇ-رۇش ئىدى.

يەنە ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، بۇ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقىنى ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە يەتكۈزۈش يولى-نى تاللىۋالغانلىقى ئەمەس بەلكى كېڭەش ئىتتىپاقى ۋە ئۆلكە خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياپ ۋە بىخۇدلاشتۇرۇپ، خوجانىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ قەشقەردىكى مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى كۈچ-لىرىنى يوقىتىشقا قاراتقان تەييارلىقى ئىدى.

ئۆز نۆۋىتىدە تېخى تونۇگونلا قومۇل، تۇرپان ئەتراپلىرىدا شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنىغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلغان، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭغا بېقىنىشقا مەجبۇر بولغان خوجانىياز ھاجىنىڭ سەردارلىرىمۇ بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ئاق ـ قارىسىغا يېتەلمەي، ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى دىققەت ۋە گۇمان بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى.

مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەي-گە ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىشكە باشلايدۇ. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە ئونلاپ ھەتتا يۈزلەپ مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆلكىنىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەمۇرىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە باشقا ئىشلىرىنى يولغا سې-لىشقا پائال قاتناشتۇرىدۇ.

مەشۇر روزىبېف ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تۇپرىقىغا ئەنە شۇ نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر قاتارىدا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ زىممىسىگە باشقىلارغا قارىغاندا جاۋابكارلىقى تېخىمۇ ئېغىرراق ۋەزىپىلەر يۈكلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باش مەسلى-ھەتچىسى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ ھەمدە كۆپرەك خوجانىياز ھاجى-نىڭ ئىشخانىسى ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ جاۋابكارلىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى بولدىكى، ئۆلكىنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن باش قوماندان شېڭ شىسەي بىلەن مۇئاۋىن رەئىس

خوجانىياز ھاجىنىڭ مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇلار ئارىسىدا بىرەر سۈركىلىش ياكى ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولۇپ قالسا، قىل ئۈستىدە تۇرغان تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش ئوتىنىڭ قايتىدىن تۇتىشىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ باش مەسلىھەتچى مەنسۇر ئەپەندى ھەرقانداق چوڭ - كىچىك مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ ئەپ ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، شېڭ شىسەي بىلەن خوجانىياز ھاجى بىر - بىرىگە تامامەن ئىشەنمەيتتى، دائىم بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن قارايتتى. ئىككىنچىدىن، بۇ ئىككىيلەننىڭ خۇلقى - مىجەزى مۇرەككەپ ئادەملەردىن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز دېگىنىدىن ياندۇرۇش ياكى ئۇلارغا باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى.

مەنسۇر ئەپەندىنىڭ شۇ يىللاردا شىنجاڭ خەلقىگە كۆرسەتكەن خىزمىتى پەقەت ئۇنىڭ سىياسىي - مەمۇرىي پائالىيىتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئاساسەن مىللىي مەدەنىيەت - مائارىپ، مەتبۇئات، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بىر قاتاردا 1935 - يىلى قۇرۇلغان مەركىزىي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1935 - يىلى ئىيۇندىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىشقا باشلىغان «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇنىڭ تۇنجى سانلىرى مەنسۇر ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بويىچە «يېڭى ھايات»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» دېگەن ناملار بىلەن چىققان)نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، سىياسىي - مەمۇرىي خادىملار بىلەن مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى تەييارلاش بويىچە ئۆلكىلىك كومىسسىيىنىڭ رەئىسى قاتارلىق باشقىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 30 - يىللىرى مىللىي مائارىپ ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ رۋاجلىنىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيىتىنى يولغا

قويۇشى ناهايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى. مەزكۇر ئۇيۇشما شۆبىلىرىنىڭ بارلىق شەھەر ۋە ناھىيىلەردە قۇرۇلۇشى ئۆلكە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك زامانىۋى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن ئاممىۋى تۈردە مۇئەللىملەرنى تەييارلاشقا تۈرتكە بولغان. مىللىي مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك (مۇئەللىملەرنى تەييارلاش كۇرسلىرىنى ئېچىش، ئۇلارغا دەرس بېرىش، چەت ئەلگە ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئەۋەتىش، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەنلەرنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقىلار) مەنسۇر ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانىدى.

مەنسۇر ئەپەندىگە ئوخشاش مىڭلىغان مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە تامامەن يېڭىچە قىياپەتكە كىرىپ ئەمدىلا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغان مىللىي مائارىپ ۋە مەدەنىيەت 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنە قايتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

1937 ـ يىلى ئەتىيازدا خوجانىياز ھاجىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قولايلىق پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇلارغا قارشى سېلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارنىڭ «جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى» توغرىسىدا تەرەپ ـ تەرەپكە جار سالدى. بۇ قېتىممۇ قوزغىلاڭ كېڭەش ئىتتىپاقى قىسىملىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى. 1937 ـ يىلىنىڭ ياز ۋە كۈز ئايلىرىدا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مىللىي دىۋىزىيىسى بىلەن ما خۇسەننىڭ تۇڭگان قىسىملىرى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىلغاندىن كېيىن كۆڭلى تىنغان شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلايدۇ. 10 ـ ئايدا مۇئاۋىن رەئىس خوجانىياز ھاجىنى بىر توپ ھۆكۈمەت ئەزالىرى (يەر، ئورمان نازىرى يۇنۇسبەگ، مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ رەئىسى تاھىربەگ ۋە باشقىلار) بىلەن بىللە قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپلا «جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسى»، «تروتسكىچى»، «تار مىللەتچى»،

«پانئىسلامىست» «پانتۈركىست» دېگەنگە ئوخشاش ئويدۇرمىلار بىلەن ئامموۋى تۇتقۇن قىلىش باشلىنىدۇ ۋە 100 مىڭدىن ئار-تۇق ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلىنىدۇ. كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەنگەن «ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ ئۇتۇقلىرى» پۈتۈنلەي دەپسەندە قىلىنىدۇ.

1937 - يىلى خوجانىياز ھاجىدىن كېيىنلا «ياپونلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان» دېگەن «ئەيىب» بىلەن قاماققا ئېلىنغان مەنسۇر ئەپەندى يېرىم يىلدىن ئوشۇق تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىششى بىلەن ئاران دېگەندە (چۈنكى ئۇنىڭ جۇڭگو پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلىكى مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرغاندى) بوشاپ قازاقىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ قازاقىستاندا 1939 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە ھەر خىل خىزمەتلەردە جۇمھۇرىيەتلىك خەلققە بىلىم بېرىش كادىرلىرى بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي تارىخىي ئۆلكىشۇناسلىق مۇزېيىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1943 - يىلى يازدا مەنسۇر روزىيېف بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا جەلپ قىلىنىدۇ. ئۇ دەسلەپ باختى يېزىسىدا تۇرۇپ، قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

بۇ يەردە مەنسۇر ئەپەندىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىق سۈپىتى بىلەن خەلققە قىلغان خىزمىتىنى تەپسىلىي ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، چۈنكى ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى شۇ يىللىرىلا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك باھاسىنى بېرىپ بولغانىدى. ئۇ بولسىمۇ مەنسۇر ئەپەندىنىڭ 1 - سانلىق «غالىبىيەت» ئوردېنى ۋە 1 - دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىنىشىدۇر.

ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا چۆچەك ۋىلايىتى ئاھالىسى ئارىسىدا

چوڭ ئابروي قازانغان مەنسۇر ئەپەندى 1946 ـ يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن كېڭەش ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلىدۇ.

1946 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇ مەتبۇئات ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەلىرىدە ئىشلەشكە باشلىدى. دەسلەپتە ئاساسلىق شىنجاڭدىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن قازاق تىلىدا چىقىرىلغان «قازاق ئېلى» ژۇرنىلىدا، كېيىن ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىشقا باشلىغان «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىدا بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن مۇھەررىر، مۇھەررىر بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداقلا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ قارىمىقىدا قۇرۇلغان ھەمدە شىنجاڭ ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن بەدىئىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا ئەسەرلەرنى چىقىرىدىغان مەخسۇس نەشرىياتنىڭ ئىشلىرىغىمۇ بىۋاسىتە ئارىلىشىپ، كۆپلىگەن كىتابلارنى (مىرزا مۇشفىق كازىمنىڭ «دەھشەتلىك تېھران»، ئايبېكنىڭ «ناۋايى»، م. گوركىينىڭ «كىشىلەر ئىشىكىدە»، س. شېدرىننىڭ «جانابىي گولوۋلېفلار» قاتارلىق) ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ يورۇققا چىقىرىدۇ. ژۇرنال ۋە نەشرىيات يېپىلغاندىن كېيىن «قازاقىستان» نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ تاكى دەم ئې-



مەنسۇر ئەپەندى بىر توپ زىيالىيلار ئارىسىدا (سولدىن 3 ـ كىشى)

لىشقا چىققانغا قەدەر شۇ يەردە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى.

ئۇ ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەتكە بېرىلىپ، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ئونلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن بىر قاتاردا «ئانايەت»، «تۈن ۋە كۈن»، «بورانلىق يىللار»، «توختاشنىڭ تەقدىرى»، «يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن يىرىك بەدىئىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئۇنىڭ تېخى يورۇق كۆرمىگەن ئۈچ كىتابتىن تەركىب تاپقان «يادنامىلەر» دېگەن ئەسىرىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قولىيازمىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىمىزنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە قىممىتى بارلىقىدا شەك يوق.

# ل. مۇتەللىپنىڭ رەپىقىسى سوفىيە بايىزنىڭ ل. مۇتەللىپ ھەققىدە ئېيتقانلىرى

تۇرسۇن ئەرشىدىن

رەتلىگۈچىدىن: مېنىڭ ل. مۇتەللىپ ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىم چوڭقۇرلاشقانسېرى، ئۇ ھەقتە يېزىلغان بۇرۇنقى ئەسەرلەردە بەزى نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى سەزدىم. مەن ئەنە شۇ نۇقسانلارنى تۈزىتىش ۋە بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەمدە شۇ ئارقىلىق ل. مۇتەللىپنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، 1990 ـ ۋە 1992 ـ يىللىرى ل. مۇتەللىپنىڭ ئالمۇتا، بىشكەك (فرۇنزى)، قاراقول، تاشكەنت ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، سەپداشلىرى، ساۋاقداشلىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى قايتا ـ قايتا زىيارەت قىلدىم؛ مەن زىيارەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ل. مۇتەللىپنىڭ رەپىقىسى سوفىيە بايىزمۇ بار. مەن سوفىيە بايىز بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىككى قېتىملىق سۆھبىتىمنىڭ خاتىرىسى ۋە ماڭا ئەۋەتكەن ل. مۇتەللىپ ھەققىدىكى خەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ، بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. تۆۋەندىكىلەر سوفىيە بايىزنىڭ ل. مۇتەللىپ ھەققىدە ئېيتقانلىرى.

مەن 1943 ـ يىلى ئاقسۇ قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولدۇم. بىز مۇئەللىملەر بەزىدە كوچىلارنى ئايلىنىپ كىبلەتتۇق، كونسېرت كۆرەتتۇق، مەكتەپتە ئۆزىمىزمۇ كونسېرت تەييارلايتتۇق. شۇ يىلى نويابىر ئايلىرىدا مەكتەپتە كونسېرت قويدۇق. تۇرنىسا، مەن، ئامىنەم، ئايىمنىسالار بىردىن ناخشا ئېيتتۇق، ئاۋازىم جاراڭلىق بولغاچقا، كونسېرت كۆرۈۋاتقانلار چاۋاك چېلىپ يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى، بىراق مەن سەھنىگە قايتا چىقمىدىم. بۇ ۋاقىتتا ئالدىنقى رەتتە ئاقسۇنىڭ ياشلىرى ئولتۇرغانىكەن، ئۇلار ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىڭ

مۇئەللىملىرىدىن مېنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار ئىچىدە ئابدۇللا روزى، ئەيسا نىياز، ھاشىموف، ل. مۇتەللىپلەر مۇ بار ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا روزى ل. مۇتەللىپنىڭ مەن ھەققىدە سورىغان سوئالىغا: «بۇ قىز كۇچالىق بايىز قازىئاخۇنۇمنىڭ قىزى، ئائىلىسى تارىخىي نەرسىلەرنى يازىدىغان كىشىلەرنىڭ ئائىلىسى»، دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «غېرىب ـ سەنەم» دراممىسىنى قويۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ۋاقتى ئىكەن، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ سەنەمنىڭ رولىنى ماڭا بەرمەكچى بولۇپتۇ.

ئەتىسى مېنى ۋە مەكتەپ مۇدىرى ئامىنە مۇھەممەت ھاجىنى چاقىرىپ تەكلىپ چىقارتىپتۇ. بىز كەچتە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا باردۇق. مەن لۇتپۇللانى تۇنجى قېتىم ئەنە شۇ يەردە كۆردۈم، ئۇ يەردە ئاقسۇدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرىدىن بولۇپ بەش ـ ئالتە كىشى بار ئىكەن. ئۇلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ھەم بىزنى چاقىرتىشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتى. بىز ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ماقۇل بولدۇق. بىزنى لۇتپۇللا ئۆيىمىزگە ئۇزىتىپ قويدى.

ماڭا سەنەمنىڭ رولى يۈكلەندى، غېرىب رولىنى لۇتپۇللاغا بەردى. بىز ھەر كۈنى كەچتە رىپېتىتسىيە قىلاتتۇق. نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە جىددىي تەييارلىق قىلدۇق. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە لۇتپۇللا ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. خېتىدە «سوفىيە، مەن بولسام ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىكى ھېزىم ئاخۇننىڭ ئوغلى، ئاپامنىڭ ئىسمى مەلىكىخان، ئىككى ھەدەم، بىر سىڭلىم بار، بىر ئىنىم بار. مەن سىزنى خېلى سۈرۈشتۈردۈم، سىزمۇ ياخشى ئائىلىدىن ئىكەنسىز. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ھەمدە سىزنى ھەقىقىي سەنەمجان، ئۆزۈمنى غېرىب دەپ ئېيتالايمەن. ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز ئىككىمىز تۇرمۇش قۇرساق، سىزنىڭ ئويىڭىز قانداق؟ ماڭا تېزدىن جاۋاب بېرىشىڭىزنى كۈتىمەن»، دېيىلگەنىكەن. مەن

خەتنى ئېلىپ، دەسلەپ ناھايىتى خىجىل بولدۇم، ھەتتا ئويۇن تەييارلاشقىمۇ بارمىدىم، كېيىن ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا ھەر كۈنى ۋېلىسىپىت ياكى ئات بىلەن مەكتەپكە كېلىپ، مېنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى.

بىزنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىمىز تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، «غېرىب ـ سەنەم» نى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا يېقىنلاپ قالغاندۇق. شۇڭا بەزىدە كۈندۈزلىرىمۇ ئويۇن تەييارلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەكتەپتىكى ئىشلىرىمغا يېتىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ، مەكتەپتىكى ئىشىمدىن بوشاندىم. بىز «غېرىب ـ سەنەم» نى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ئاممىغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، «چىمەنگۈل»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق دراممىلارنى تەييارلىدۇق. «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ» دېگەن دراممىنى ئوينىغاندا، ئەرمىيا ئەپەندىم (نىم شېھىت) سامساق ئاكىنىڭ رولىغا، مەن قىزنىڭ رولىغا چىققانىدىم.

1944 ـ يىلى يانۋاردا بىز ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا توي قىلدۇق، لۇتپۇللاغا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قادىر ۋاڭ، ماڭا ئەرمىيا داموللام ئاتا بولدى. ئۇ چاغدا لۇتپۇللا 22 ياش، مەن 16 ياشتا ئىدۇق. توي ئەرمىيا داموللىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلدى.

بىزنىڭ تويىمىز بولغاندا «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدە ئىدى. بىز توي قىلىپ بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، گېزىتخانا مەن ئىلگىرى ئىشلىگەن مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى بىر ئىمارەتكە كۆچۈپ چىقتى. ئۇ چاغدا بىز شۇ يەرگە يېقىن تۇرىدىغان مەسۇم بەگ دېگەن كىشىنىڭ ئايالى مېھرى خېنىمنىڭ قورۇسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇردۇق. بىر كۈنى كېچىدە لۇتپۇللا «دارىلمۇئەللىمىنگە بارىمەن» دەپ كەتتى. ۋەزىيەت تولىمۇ ئەنسىز ئىدى. شۇڭا مەن «گومىنداڭ چېرىكلىرى تۇتۇپ كەتمىسۇن، بارماڭ ياكى ئەتە كۈندۈزى بې-

رىلك» دېسەم، ئۇنىماي كەتتى. قايتىپ كېلىشىدە پوتەيدىكى چېـ-
رىكلەر پوپوزا قىلىپ ماڭغىلى قويماپتۇ. لۇپتۇللا ھەرقانچە چۇ-
شەنچە بەرسىمۇ ئاڭلىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەر سېپىلىنىڭ
سىرتىدىكى يىراق يەرلەر بىلەن مېڭىپ، يېرىم كېچىدىن ئاش-
قاندا ئاران يېتىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا مەن «نېمە ئىش ئىدى، شۇن-
چە قىلىپ كەتكۇدەك»، دەپ سورىسام، ئۇ «ئەتە باللارغا سۆزلەپ
بېرىدىغان بىر لېكسىيە بار ئىدى، شۇنى ئاپىرىپ بەردىم»، دەپ
جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ قىلىمەن دېگەن ئىشىنى شۇ كۈنى قىلىۋەت-
مىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان مىجەزى بار ئىدى.

لۇتپۇللا مىجەزى ئىتتىك بولغىنى بىلەن بىرسىگە ئازار
بەرمەيتتى، چوڭلار بىلەنمۇ، كىچىكلەر بىلەنمۇ ياخشى چىقىشىپ
ئۆتەتتى. بىزنىڭ مەپخانا كوچىسىدا پولات ھاجى دەيدىغان مەرد-
پەتلىك، ياشانغان بىر ئادەم بار ئىدى، لۇتپۇللا ئۇ ئادەم بىلەن
قويۇق ئارىلىشاتتى. ئۇ ئادەممۇ لۇتپۇللانى بەك ياخشى كۆرەتتى،
ئاقسۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قادىر
ۋاڭمۇ ياشانغان كىشى ئىدى. ئەمما لۇتپۇللا ئۇ ئادەم بىلەنمۇ
ياخشى ئۆتەتتى. لۇتپۇللا كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى چوڭ تۇتقاندەك كۆ-
رۈنسىمۇ، ئەمما تولىمۇ چىقىشقاق ئىدى. ئۇ بىرەر كىشى بىلەن
بىر قېتىم ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا ئۇ ئا-
دەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاتتى. ئۇ مەردلىكنى،
دوستلۇقنى، ساداقەتنى قەدىرلەيتتى، يۈرەكلىك ھەم جۈرئەتلىك
ئىدى.

1944 - يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرىدا بىز ھەرقايسى
ناھىيىلەرگە بېرىپ، «غېرىب - سەنەم» دراممىسىنى قويۇشقا
ئاتلاندۇق. بىزنىڭ بارىدىغان جايلىرىمىز كۇچا، شايار، باي،
توقسۇ ناھىيىلىرى ئىدى. ئۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش
ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈمدە «غېر-
رىب رولىنى لۇتپۇللا، سەنەم رولىنى مەن ئورۇندايمەن، ئۇزۇن
سەپەردە مەن يەنە لۇتپۇللا بىللە بولغاندىكىن نېمىدىن

ئەنسىرەيتتىم»، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئەھۋال مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. بۇ قېتىم سەنەم رولىنى ماڭا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن غېرىب رولىنى لۇتپۇللاغا بەرمەي، قۇمباش يېزىسىدىن كەلگەن ئەرشىدىن قاسىمغا بەردى، لۇتپۇللانى بولسا «ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىدى» دەپ بىز بىلەن بىللە ئەۋەتمىدى. لۇتپۇللا درامىنىڭ رېژىسسورلۇق ۋە باشقا ئىشلىرىنى ئولياروف دېگەن كىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. بىز يولغا چىققاندا لۇتپۇللا ئالاھىدە كېلىپ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. بىز شاپتۇل، ئۇزۇملەر پىشقان مەزگىلدە قايتىپ كەلدۇق.

ئەينى ۋاقىتتا لۇتپۇللا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئارتىستلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارتىستلىرىغىمۇ يېتەكچىلىك قىلىپ يۈرەتتى. ساقچىلارنىڭ ئاياللىرىدىن گۈلسۇم، ھۆرنىسا، ئايتۇرسۇن، رابىيەم قاتارلىق 12 ئايال دائىم لۇتپۇللانى چاقىرىپ كېتەتتى... كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆيىمىزگە ھۆرنىسا قاتارلىق ئۈچ ئايال كېلىپ لۇتپۇللانى ئادەتتىكىدەكلا «ساقچىغا چاقىرىۋاتىدۇ»، دەپ ئېلىپ كەتتى. شۇ كۈنى مەنمۇ ئادەتتىكىدەكلا لۇتپۇللانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بولساممۇ، ئۇ كېچىچە كەلمىدى. ئەتىسى ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ ھېلىقى ئاياللاردىن سورىسام، ئۇلار «بىز بىلمەيمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. مېنى ساقچى ئىشىكىدىن كىرگۈزمىدى. كېيىن ئاڭلىسام، لۇتپۇللانى شۇ كۈنى چاقىرتىپ تۈرمىگە قاماپ قويغانىكەن. مەن ساقچى باشلىقىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ساقچى قورۇسىغا كىرىپ، لۇتپۇللا بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدىم. ئەمما كۆرۈشتۈرمىدى. ساقچىلار مەن ئېلىپ بارغان تاماقنى قايتۇرۇۋېتىپ، تاكاما، ناۋات، ئالما، ئۈزۈمنى ئالدى، ئاندىن، ماڭا: «ئېرىڭىز خاتالىق ئۆتكۈزگەنىكەن، ئۇنى بىر نەچچە كۈن مۇشۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن قويۇپ بېرىمىز»، دېدى. لۇتپۇللا قاماققا ئېلىنىپ سەككىز كۈن بولغاندا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كونا شەھەردە «غېرىب ـ سەنەم»نى قويۇش ئۈچۈن مې-

نى چاقىرىپ كەتتى. مەن ئويۇننى توگىتىپ ئۆيگە كەلسەم، لۇتـ پۇللا قايتىپ كەپتۇ. مەن ھەم خۇشاللىق، ھەم ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. لۇتپۇللا مېنى بەزلەپ ھەم ماڭا تەسەللىي بېرىپ، «يىغلىما، ھېچ ۋەقەسى يوق، بىز مۇشۇنداق ئىشلارغا تۆرەلگەن»، دېدى، بىراق تۇرمىگە نېمە سەۋەبتىن قامالغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرمىدى. مەنمۇ قايتا سورىمىدىم. كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىمىز يەنە ئەسلىگە كەلدى...

ئۇ چاغلاردا ئاقسۇ شەھەر ئىچىدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، ئىدارىلىرى تۇراتتى. كەچ سائەت ئونلاردا شەھەر دەرۋازىسى تاقىلاتتى. ساقچى ئىدارىسى تەشكىللىگەن سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويسا بىلەتنى ھەر بىر دۇكان، ئىدارىلەرگە بۆلۈپ بېرىپ مەجبۇرىي ساتاتتى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويسا، بىلەتنى ئىختىيارىي ساتاتتى، كۆرگۈچىلەر بىلەتنى ئۆزلىرى ئالاتتى. ل. مۇتەللىپ يازغان «غېرىب ـ سەنەم» روھىي جەھەتتىن مىسكىن خەلققە نۇرغۇن مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلدى، تەسىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ يېيىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، كېيىن ئاقسۇدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى «غېرىب ـ سەنەم» دراممىسىنى قويۇشنى چەكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا «تاھىر ـ زۆھرە» دراممىسىنى سەھنىلەشتۇرۇشكە كىرىشتى، ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئاخىرغىچە قاتنىشالمىدىم. سەھنە ئەسىرىنىڭ 4 ـ كۆرۈنۈشى تەييارلىنىپ بولغاندا، مەن تۇنجى تۇغۇت ئۈچۈن كۇچاغا، يەنى ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتتىم. لۇتپۇللا ئارقامدىن ئەھۋال سوراپ بىر نەچچە پارچە خەت يېزىپتۇ. ئۇ خەتلەرنىڭ بىرىدە دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى پەرزەنتىمىز ھەققىدە توختىلىپ «ئەگەر ئوغۇل تۇغۇلسا كەشپۇللا ياكى نەيتۇللا، قىز تۇغۇلسا زەينەپ ياكى زۇلفىيە قويۇڭلار»، دەپتۇ. 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا پەرزەنتىمىز ئوغۇل تۇغۇلدى، دادىسى لۇتپۇللانىڭ ئېيتقىنى بويىچە

ئۇنىڭ ئىسمىنى «كەشپۇللا» قويدۇق، بۇنى لۇتپۇللاغا خەت ئارقىلىق خەۋەر قىلدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي لۇتپۇللانىڭ جاۋاب خېتى كەلدى. خەت بىلەن بىللە «ئوغلۇمغا» دېگەن ئۇزۇن بىر شېئىردىمۇ بار ئىدى.

ئوغلىمىز كەشپۇللا ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان پاقلان بوۋاققا ئايلاندى. بۇنىڭدىن بىز ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال بولدۇق. ئۇ تۆت ئايلىق بولاي دېگەندە خۇددى كۆز تەگكەندەكلا ئۇشتۇمتۇت دۇنيادىن كەتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان لۇتپۇللادىن خەت كەلدى. خەت بىلەن «ئوغلۇم ھەققىدە مەرسىيە» دېگەن شېئىرنى ئەۋەتىپتۇ.

لۇتپۇللانىڭ خېتى بىلەن مەرسىيىسى يېزىلغان قەغەزگە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تېمىپ، خەتلىرى ياشتىن سۇۋۇلغانىكەن. لۇتپۇللا شۇ خېتىدە يەنە «مەن كۇچالىق ئېلى ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان قارى بىلەن بالامنىڭ تۇپرىقىنى زىيارەت قىلغىلى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلىغىلى ماي ئايلىرىنىڭ 3 ـ، 4 ـ كۈنلىرى بارىمەن»، دەپ يازغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىز لۇتپۇللانى كۈتۈشكە باشلىدۇق. دېگەندەك شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدىن ئابدۇراخمان قارى كەلدى، ئەمما لۇتپۇللا يوق ئىدى. مەن ئابدۇراخمان قارىنىڭ سىلىنغان قاپاقلىرىدىن، غەمكىن چىرايىدىن ئاللىقانداق بىر شۇملۇقنى تۇيغاندىم. «ھارۋىكەشلەر ‹تاڭ سەھەردە ماڭىمىز› دېگەندى» دەپ پاراڭ قىلىپ بەردى ئابدۇراخمان قارى ‹لۇتپۇللا ئەمىسە مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي، ئەتە تاڭ سەھەردە كېلىمەن› دەپ ئۆيگە كەتتى، ئەتىسى خېلى كۈتتۇق، ئاخىرى بولماي ئۆيگە باردىم، قارىسام ئۆي پېچەتلىنىپتۇ، سۈرۈشتۈرسەم، گېزىتخانىدىكىلەر ‹لۇپتۇللانى كېچە ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلار ئېلىپ كەتتى› دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك، تاماكا، سوپۇن، ياڭاق، ناۋات ئېلىپ تۇر-

مىگە باردىم. ئېلىپ بارغان نەرسىلىرىمنى ساقچىلار ئېلىپ قال-دى، ئەمما مېنى لۇتپۇللا بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى...»

بۇ، لۇتپۇللانىڭ 2 - قېتىم قامىلىشى ئىدى. مەن ئاب-دۇراخمان قارىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ ئېسىمنى يوقىتىپ يىقىلدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ، 1945 - يىلىنىڭ ماي ئايلىرى ئىدى. ئەنە شۇ يىقىلغانچە تاكى 1946 - يىل 7 - ئايغىچە ئاغ-رىپ ياتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ يىللىرى ۋەزىيەت ناھايىتى ئەنسىز، دائىم سوقۇش بولۇپ تۇرغاچقا، كۇچا بىلەن ئاقسۇدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ، شەھەرلىكلەرنى يېزىلارغا ھەيدەپ چىقىرىۋېتەتتى. شۇڭا لۇتپۇللانىڭ ئەھۋالىدىن زادىلا خەۋەر ئالالمىدۇق.

1946 - يىل 8 - ئايلاردا قاسىمجان قەمبىرى باشچىلىقى-دىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بار-غاندا ئاقسۇغا كېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئەنە شۇ كىشىلەر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈ-ۋەتكەنلىكىنى رەسمىي يەتكۈزۈپ، ماڭا 1600 سوم قۇتقۇزۇش پۇ-لى بەردى. بىز قايتىدىن يىغا - زار قىلىپ لۇتپۇللاغا نەزىر ئۆتكۈزدۇق. شۇنىڭدىن تارتىپ لۇتپۇللانى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ بىلدۇق.

ئىزاھات:

سوفىيە بايىز 1928 - يىلى كۇچادا تۇغۇلغان. كېيىن دادىسى بايىز قارىئاخۇنۇمنى شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت تۇتۇپ كېتىپ، سوفىيە ئاكىسى مەمتىمىن بايىزنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ۋە ئوقۇغان. 1943 - يىلى كۇ-چادا، كېيىن ئاقسۇ قىزلار مەكتىپىدە مۇئەللىم بولغان، 1944 - يىلى 1 - ئايدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن توي قىلغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1945 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كې-يىن، 1946 - يىلى كۈزدە سوفىيە بايىز مەمتىمىن ھېكىمى دېگەن كى-شى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇلار دەسلەپتە ئۈرۈمچىگە، كېيىن غۇلجىغا كۆچكەن. سوفىيە بايىز 1948 - يىلى غۇل-

جىددىكى ئۆزبېك مەكتەپتە، 1951 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە ئاقسۇ ئو ـ
غۇللار مەكتىپىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى نېفىت ئىنستىتۇتىدا مۇ ـ
ئەللىم بولغان. ئۇنىڭ كېيىنكى يولدىشى مەمتىمىن ھېكىمى سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقى گراژدانى بولغاچقا، ئۇلار 1961 ـ يىلى سوۋېت ئىتتى ـ
پاقىغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مەمتىمىن ھېكىمى 1975 ـ يى ـ
لى ئالمۇتىدا ۋاپات بولغان. سوفىيە بايىز ھازىر ئالمۇتا شەھىرى كاسكې ـ
لىنىنسكى رايونى دروژبا مەھەللىسى ئۇيغۇر كوچىسى 70 ـ قورۇدا ئول ـ
تۇرىدۇ، بەش بالىسى بار.

# ل. مۇتەللىپنىڭ قەتلى قىلىنىشىغا دائىر مەلۇماتلار

## تۇرسۇن ئەرشىدىن

ل. مۇتەللىپ 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىنىپ ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئاقسۇغا بېرىپلا يېڭى كۈرەشنى باشلايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن «ئاقسۇ گېزىتى» دە «جەنۇب شامىلى» ناملىق ئەدەبىي بەت تەسىس قىلىدۇ. بۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى «جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنقىلاب بورىنى» دېگەنلىك ئىدى. بۇ بەتتە ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي ئېڭىنى ئۆستۈردىغان، تەشۋىقاتچىلىق رول ئوينايدىغان مەزمۇندىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ماقالىلەر ئېلان قىلىنغاچقا، ناھايىتى تېزلا كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، مۇنەۋۋەر زىيالىيلار ۋە ئىنقىلابىي ياشلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى. ل. مۇتەللىپنىڭ «باللار دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى»، «بىزنىڭ مەمەت»، «دوستۇمغا»، «خىيالچان تىلەك» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەينى يىللىرى ئەشۇ بەتتە ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇ بىر تۈركۈم ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئاممىغا بىۋاسىتە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن دراما تەييارلاش ۋە ئۇنى سەھنىلەشتۈرۈشكە كىرىشىپ، تۇنجى قېتىم «غېرىب ـ سەنەم» دراممىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ دراما ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەردە كۆپ قېتىم ئوينالدى، غېرىبنىڭ رولىنى ئۆزى ئالدى. بۇ پائالىيەت ل. مۇتەللىپنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى ئۆستۈردى، زىيالىيلار ۋە ئىنقىلابىي ياشلارنى ل. مۇتەللىپنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇردى. بۇ خىل ھالەت ئاقسۇ قورچاق ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. چۈنكى ل.

مۇتەللىپ نامدا خىزمەتكە تەيىنلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇرۇمچىدىن چەتلىتىلىپ، نازارەت ۋە ئىسكەنجىدە تۇتۇش ئۇچۇن ئاقسۇغا مەجبۇرىي ئەۋەتىلگەنىدى. شۇڭا ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسى ئاقسۇ گېزىتخانىسىدىن مەخپىي نامى «ئەپەندى»، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن مەخپىي نامى «تېلېگرامما» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئىشپىيوننى ل. مۇتەللىپنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ساقچىغا ۋاقتى - ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى، يەنە ئىككى كىشىنى ل. مۇتەللىپنى دائىم پايلاپ تۇرۇشقا قويدى، ئۇلاردىن باشقا، ل. مۇتەللىپ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىدىغانلىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك «كۆز - قۇلاق» لىققا تارتىپ، ئۇلارنى ل. مۇتەللىپكە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىشقا ۋە ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇمات بېرىشكە بەلگىلىدى. ئۇلار قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياكى بۆلۈم باشلىقلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلاتتى. ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن مەخپىي نام بېرىلگەن ئىشپىيونلار بىلەن بىر ئايال ئىشپىيون ئەينى چاغدىكى ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مىڭ دۇخچىياۋغا مەلۇمات بېرەتتى ۋە ئۇنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقچى گاۋۋۇتۇڭ تەرجىمانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ل. مۇتەللىپ ئاقسۇغا ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇمچىدىكى قورچاق جىڭۋۇچۇ (سىياسىي باشقارما) ل. مۇتەللىپكە ئائىت نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ، ل. مۇتەللىپنى داۋاملىق تەكشۇرۇش ئۇچۇن ئاقسۇغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. يۇقىرىدىكى ئىشپىيونلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسەن، ل. مۇتەللىپ 1944 - يىل 5 - ئايدا ئاقسۇدا 1 - قېتىم قاماققا ئېلىنىپ، بىر ھەپتە ئەتراپىدا قاماپ قويۇلدۇ، لېكىن يېتەرلىك پاكىت بولمىغانلىقتىن، قويۇپ بېرىلدۇ. ل. مۇتەللىپ تۈرمىدىن چىقىپلا «غېرىپ - سەنەم» درامىسىنى ئاقسۇنىڭ باشقا ناھىيىلىرىگە، ئالدى بىلەن كۇچاغا ئاپىرىپ ئويناشقا تەييارلىنىدۇ. لې-

كىن ل. مۇتەللىپنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مېڭ دۇڭچياۋ «گېزىتخانىنىڭ خىزمىتى مۇھىم» دېگەن باھانە بىلەن ل. مۇتەللىپنى بارغىلى قويمايدۇ. ئارقىدىنلا ئۇنى ساقچى ئىدارىسى تەشكىللىگەن دراما ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، شاۋۋېيلىق ئۇنۋانى بىلەن ساقچى فورمىسىنى بېرىدۇ، بۇ ئۆمەكتىكى ئايال ئارتىستلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئىشپىيون بولۇپ، ئۇلار ل. مۇتەللىپكە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ، ئۆيىدە تاماق ئېتىپ بېرىپ، بىللە كۆڭۈل ئاچاتتى. ئەمما ل. مۇتەللىپ ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆڭلىدە تۇيۇپ تۇرغاچقا، ئۇلارغا ئادەتتىكىچىلا مۇئامىلە قىلىپ، ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتمىگەنىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ساقچى ئىدارىسى ئۇنى قولغا ئېلىشنىڭ باھانىسى قىلىش ئۈچۈن «ل. مۇتەللىپ قالايمىقان ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتتى ئۆتكۈزدى» دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئاشكارا تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق پاكىتقا ئېرىشەلمەيدۇ.

1944 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە ل. مۇتەللىپ كلاسسىك داستان «تاھىر - زۆھرە» نى سەھنىلەشتۈرۈشكە كىرىشىدۇ ۋە دېكوراتسىيىلىرىنى ئىشلەيدۇ. 11 - ، 12 - ئايلاردا ئوپېرا سەھنىدە قويۇلىدۇ. تاھىر رولىنى مۇتەللىپ ئالىدۇ، بۇ ئوپېرا كېيىن ل. مۇتەللىپنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاۋات، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرىدە ئوينىلىپ تېخىمۇ زور تەسىر قوزغىغاچقا، ساقچى ئىدارىسى ئۇنى داۋاملىق ئويناشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا، يەنى ئىلى ئىنقىلابى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ تەسىرى ئاقسۇغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ل. مۇتەللىپ سەپداشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ «شەرقىي تۈركىستان ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى» دېگەن مەخپىي تەشكىلاتنى قۇرىدۇ. بۇ 1945 - يىلى 4 - ئاي مەزگىلى ئىدى. تەشكىلاتتا ئىنقىلابچىل ياشلار ۋەكىللىرىدىن تاشقىرى، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى ئىنقىلابقا مايىل بىرمۇنچە خادىملارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: گو -

ممنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق 5 ـ تۇەنىنىڭ بەنجاڭى ئوسمانجان (ۋۇجيەنگۇڭ) ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ل. مۇتەللىپ ئوسمانجان بىلەن سىردىشىپ دوستلاشقاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇنى باشلاپ لەڭگەر كۆۋرۈكىگە كېلىپ سۆھبەتلىشىپ: «بىز گومىنداڭغا قارشى تەشكىلات قۇردۇق، سەن ئۇنىڭغا قاتنىشىشنى خالامسەن؟» دەيدۇ. ئوسمانجان: «مەن تەشكىلاتقا قاتنىشىشنى خالايمەن، قوشۇن ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تەشكىلاتقا قاتناشتۇرۇشقا ياردەملىشىمەن»، دەيدۇ، كېيىن گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ مال دوختۇرى مۇسائەلى (جۇڭۋېي دەرىجىلىك مال دوختۇرى، قازاق) نى تەشكىلاتقا تونۇشتۇرىدۇ.

شۇ يىلى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ پەيجاڭى خاچىڭ بىر پەي ئەسكەرنى باشلاپ مۇزداۋاننى قوغداشقا بارىدۇ. ئۇ چاغدا ئوسمانجانمۇ شۇ يەردە تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇ خاچىڭغا بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئەمما خاچىڭ رەت قىلىدۇ. دەل شۇ كۈنلەردە مىللىي ئارمىيە داۋاننىڭ 2 ـ تەرىپىگە يېتىپ كېلىپ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىۋاتقانىدى. ئوسمانجان ئۇ ۋەرەقىلەرنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئوقۇپ بېرىدۇ ۋە ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئەسكەرنى مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەسكەر باي ناھىيىسىنىڭ قارىباغ دېگەن يېرىگە بارغاندا، شۇ يەرنىڭ باۋجاڭى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. جاۋخېڭچى ئۇنى سوراق قىلغاندا، ئۇ ئەسكەر باتۇرلۇق بىلەن: «مەن ئىلى ئارمىيىسىنى باشلاپ كېلىپ سېنىڭ كاللاڭنى ئالماقچىدىم، بىراق، سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپ قالدىم، ئەمدى قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل»، دەيدۇ. كېيىن بۇ ئەسكەرلەر ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مىللىي ئارمىيە يېتىپ كەلگەندە، ئوسمانجان ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ ـ ل. مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابقا قوشقان يەنە بىر تۆھپىسى ئىدى.

«شەرقىي تۈركىستان ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ مەقسىتى ئىلى ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە ياردەم قىلىش، شىنجاڭنى گو-مينداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. ل. مۇ-تەللىپ بىلەن مۇنىردىن خوجا تەرىپىدىن بۇ تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنغانلار يۈسۈپجان، تەۋەككۈل، يۈسۈپ ئابدۇكېرىم، ئارىپوف قاتارلىق جەڭگىۋار ياشلار ئىدى. يۈسۈپجان ئەينى چاغدا باي نا-ھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، قول ئاستىدا ئىشلىگەن ھامۇت ئېزىزنى تەشكىلاتقا تونۇشتۇرغا-نىدى، ھامۇت ئېزىز يەنە نۇرنى تەشكىلاتقا تونۇشتۇردۇ. نۇر ئەينى چاغدا يۈسۈپجاننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، كېيىن ھا-كىملىقتىن قېلىپ قالغان بىر پۈرسەتپەرەست ئىدى. نۇر پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ تەشكىلاتنى سېتىپ يۇقىرى مەنسەپكە ئې-رىشىش غەرىزىدە ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسى 2 - بۆلۈمىنىڭ باش-لىقى خايۋېنغا دوكلات قىلىدۇ ۋە: «مەن ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىنماقچى، ئەگەر قوبۇل قىلىنسام، سىلەرگە ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىمەن، مەن ھاكىم بولغاندا ھېچقانداق نەتىجە يارد-تالمىدىم، ئەمدى ئاز - تولا نەتىجە ياراتماقچى بولۇۋاتىمەن»، دەيدۇ. كېيىن خايۋېن نۇرغا: «سەن ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىغا قات-نىشىپ، مېنى دائىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ تۇرغىن، قانچى-لىك پۇل كېرەك بولسا، شۇنچىلىك بېرىمەن»، دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە ئۇيغۇرچە خەت يازدۇرۇپ، ياسىن ئېزىز ئارقىلىق نۇر-غا ئەۋەتىدۇ. نۇر خەتنى كۆرگەندىن كېيىن ياسىنغا «ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، مەندە پۇل دېگەن تولا، مەن پەقەت خىزمەت كۆر-سىتىپ تۆھپە قوشماقچىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن دائىم ئالاقىلى-شىپ تۇرايلى، سەن ئۆزۈڭلا كەلگىن، باشقىلار كەلمىسۇن، بول-مىسا ئۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىمىز»، دەيدۇ. ئۇ، شۇنىڭ-دىن تارتىپ قورچاق ساقچى ئىدارىسىگە دائىم ماتېرىيال يوللاپ تۇرىدۇ. ئۇ يوللىغان ماتېرىياللارنىڭ بىرىدە: «تەشكىلات نامى

〈شەرقىي تۈركىستان ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى〉 ، شۇجىسى مۇند-ىرىدىن خوجا، تەشكىلات كاتىپى كاسىف ئىۋان (رۇس، مەكتەپ خىزمەتچىسى)، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى نۇر، تەشۋىقات بۆلۈم كاتىپى ئوسمان مۇھەممەت، تارىخ بۆلۈم باشلىقى ئابدۇللا داۋۇت، بۇ تەشكىلاتنىڭ سىياسىي رەھبىرى ل. مۇتەللىپ»، دېيىلگەن ھەمدە تەشكىلات ئەزاسى ئابدۇللا روزى بىلەن 5 ـ تۈەننىڭ مال دوختۇرى مۇسا ئەلىنىڭ ئەھۋالى مەلۇم قىلىنغان. يەنە بىر ما-تېرىيالدا: «بۇ تەشكىلات ئەزا قوبۇل قىلماقچى، ئىلى ئىنقىلابىغا ياردەملىشىپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى، ئىد-لىنى، ئاقسۇنى ئازاد قىلماقچى»، دېيىلگەن. كېيىن ئۇ يەنە ساقچىغا يوللىنىدىغان ماتېرىيالنى ئۆزۈم يېزىپ، ئۆزۈم ئاپىرىپ بەرسەم، ئۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشۇم مۇمكىن، دەپ ئەنـ-دىشە قىلىپ، ئۆزىنىڭ 11 ـ 12 ياشلاردىكى سىڭلىسىنى ماتېرىد-يال يەتكۈزۈپ بېرىشكە تونۇشتۇرىدۇ.

نۇر قورچاق ساقچىغا يوشۇرۇنچە مەلۇم قىلغان تەشكىلات ئەزالىرى ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن غوجا، يۈسۈپجان، ئابدۇللا داۋۇت، ھەسەنوف، ئوسمانجان مۇھەممەت، ئىبلاخۇن (مال دوختۇ-رى)، مۇسائەلى (مال دوختۇرى)، ئابدۇللا روزى، تەۋەككۇل يۈسۈ-پوف، ئابدۇكېرىم ئايۇپوف، ئىۋان (رۇس)، قادىر ئېلى، ئىبراھىم ئىدرىس، ئابدۇرېھىم مۇھەممەت، بىلال ئەزىزى، جالالىدىن ئا-خۇن، مەۋلانجان، رەخمەت يۈسۈپ، ئوسمان قاسىم، ئوسمان يۈ-سۈپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەشكىلات قۇرۇلۇشى بىد-لەن تەڭلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخپىيەتلىكلىرى قورچاق ساقچى ئورگىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار تەشكىلات قۇ-رۇلۇپ بىر يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تەشكىلاتنىڭ تېخىمۇ مەخپىي ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن 5 ـ تۈەننىڭ مال دوخ-تۇرى مۇسائەلىنى قاماقىا ئالىدۇ. ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتكۈزۈپ ل. مۇتەللىپنى تۇتقۇن قىلىدۇ، ئاقسۇ كونا شەھىرىدە بىلال ئە-

زىزنى يوشۇرۇن نازارەتكە ئالىدۇ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن رەسمىي قاماققا ئالىدۇ. بىلال ئەزىزنىڭ قاماققا ئېلىنىشى ۋە بۇ ۋەقەنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئەينى چاغدىكى ئاقسۇ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر خادىمى مۇنداق ئىقرار قىلغانىدى: «بىلال ماڭا ئىككىمىز كونا ساۋاقداش، بىر ـ بىرىمىزنى ئوبدان بىلىمىز، هازىر بىزنىڭ بىرنەچچە يولداشلىرىمىز قامىلىپ كەتتى، ئەمدى سېنىڭمۇ ئويغىنىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. بۇ ژۇرناللارنى كۆپرەك ئوقۇ، دەپ «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدىن تۆت، بەشساننى بەردى. مەن كېيىن ئۇ ژۇرناللارنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەردىم ھەم ماتېرىيال يېزىپ تاپشۇردۇم».

شۇ يىلى 8 ـ ئايدا نۇر ساقچىغا كېلىپ تەشكىلاتنىڭ قالغان ئەزالىرىنى بىراقلا قاماققا ئېلىش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تەشكىلات ئەزالىرىنى قاماققا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ۋە نۇرغا ساقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. نۇر ئۇلارغا: «سىلەر ماڭغاندا مەندىن يىراقراق تۇرۇڭلار، ئاڭلىشىمچە، مۇنىرىدىن خوجا ساراشخانىغا كېتىپتۇ، مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇقۇپ باقاي، ئۇ زادى نەگە كەتتى، مۇبادا ئۆيىدە بولمىسا، ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوۋاسخانىغا بېرىپ باقىمەن، سىلەر ئاۋۋال كوۋاسخانىغا بېرىپ ئىشىكتە ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن كىرگەندىن كېيىن ئارقامدىن كىرىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، خىزمەت پىلانىنى قولغا چۈشۈرۈڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئىش ئاخىرلىشىدۇ»، دەپ تاپىلاپ، مۇنىرىدىن خوجىنىڭ ئۆيىگە، ئاندىن كوۋاسخانىغا بارىدۇ. ئۇ كوۋاسخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى يەنە گېپىنى ئۆزگەرتىپ: «مەن ئاۋۋال كىرىپ ئۇنى بىر ئىش بىلەن بەنت قىلىپ تۇرىمەن، سىلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاختۇرۇڭلار، ئۆيىدىن خىزمەت پىلانىنى تاپساڭلار، دەرھال ئۇز جايىغا قويۇپ قويۇڭلار، كېيىن باشقا ئۇسۇل بىلەن ئۇنى تۇتىمىز» دەيدۇ ـ دە، كوۋاسخانىغا كىرىدۇ. بىرنەچچە ئىش-

پىيون مۇنىرىدىن خوجىنىڭ ئۆيىگە «پۇقرالىق كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈش» سالاھىيىتى بىلەن كىرمەكچى بولۇپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئاچماقچى بولىدۇ - يۇ، ئاچالماي لوم بىلەن قۇلۇپنى قايرىپ ئېچىپ، ئۆيگە كىرىپ ئاختۇرۇپ خىزمەت پىلانىنى تېپىۋېلىپ ئۇنى ساقچىغا ئاپىرىپ تەرجىمە قىلدۇرىدۇ. ئاندىن كوۋاسخانىدا مۇنىرىدىن خوجا قولغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇسۇپجان، ئابدۇللا داۋۇت، ئوسمان مۇھەممەت، ئېلاخۇن (مال دوختۇرى)، ئىبراھىم روزىلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئارىپوف، تەۋەككۇل يۇسۇپ، ئىبراھىم ئىدرىس، ئابدۇرېھىم، ئەخمەت قاتارلىقلار تۇتقۇن قىلىنىپ قارا ماشىنا بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، بۇ چاغدا نۇر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا: «مېنىمۇ قاماقسا ئېلىڭلار، بولمىسا ئۇلار مېنىڭدىن گۇمانلىنىپ، مېنىڭ ئىشپىيونلۇقۇم ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، مەن ئىشپىيون دېگەن قالپاقنى كىيىشنى خالىمايمەن»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلە ئۇمۇ يالغاندىن قاماققا ئېلىنىدۇ. بىراق ئۇنى قامىغان ئۆينىڭ تاملىرىغا گىلەم تارتىلغان، ئۆي ئىچى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ بىللە تۇرىدۇ. سىرتتىكى ئاما نۇرمۇ قاماققا ئېلىنىپتۇ دەپ بىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ناھايىتى ياخشى تەمىناتتىن ھەم كۇتۇشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۇنى ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئاقسۇدىن چېكىنىپ كېتىشى بىلەنلا، ئۇ قويۇپ بېرىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا شاۋۋىي ئۇنۋانى بېرىلىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ 2 - بۆلۇمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

تەشكىلات ئەزالىرى 1945 - يىل 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ل. مۇتەللىپ تەشكىلات ئەزالىرى سولانغان كامىردىدىن يىراق بولغان ئايرىم كامىرغا قامىلىپ، كويزا - كىشەن سېلىنىپ، قاتتىق نازارەت قىلىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدە دائىم «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» دراما-

سىدىكى بەزى تەسىرلىك ناخشىلارنى ئېيتىپ، باشقىلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرىدۇ. ئۇ تۈرمىدە كۆپلىگەن جەڭگىۋار ئەسەرلەرنى يېزىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن تۈرمىداشلىرىنىڭ ئارىسىغا تارقىتىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە، ۋۇشياۋبىڭ تولۇق قوراللانغان 20 دىن ئوشۇق ئاتارمەن ـ چاپارمەننى باشلاپ، تۈرمە باشلىقى گۈەن ۋېيلۇ بىلەن ئابدۇللا سادىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىدۇ ۋە ئۇلارغا بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرسىتىپ: «يۇقىرىدىن تېلېگرامما كەلدى» دەيدۇ ـ دە، «ئورەك كولىنىپ بولدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «كولىنىپ بولدى، كۆتەكنىمۇ تەق قىلىپ قويدۇق»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ تۈرمە باشلىقلىرى، «ئۇنداق بولسا، مەن كىمنىڭ ئىسمىنى چاقىرسام، سىلەر شۇنى ئېلىپ چىقىڭلار»، دەيدۇ ۋۇشياۋبىڭ. بۇ چاغدا ئادەم باغلايدىغان، ئاتىدىغان، چاپىدىغانلار بەلگىلىنىپ بولۇنغانىدى. ۋۇ شياۋبىڭ يۇسۇپجاننىڭ ئىسمىنى ئەڭ ئاۋۋال چاقىرىدۇ. تۈرمە باشلىقلىرى بىلەن بىر نەچچە گۇندىپاي يۇسۇپجاننى قاتتىق باغلاپ، ۋۇ شياۋبىڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، ۋۇ شياۋبىڭ يۇسۇپجانغا: «بۈگۈن ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىمىز» دەيدۇ. زومىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. ساقچى باشلىقى ۋاڭ زىجاڭ: «ئۇنىڭ ئاغزىغا پاختا كەپلەپ قويۇڭلار»، دەپ بۇيرۇيدۇ. ئۇلار پاختا ئەكىلىپ يۇسۇبجاننىڭ ئاغزىغا تىقىدۇ. بىراق يۇسۇپجان قارشىلىق قىلىپ پاختا تىقتۇرمايدۇ، ئۇلار يۇسۇپجاننى ئۇرۇپ ـ مۇشتلاپ ئاخىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا پاختا كەپلەيدۇ. ۋۇشياۋبىڭ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ جاللاتلارغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. جاللاتلار ئۇنى كولاپ تەق قىلىپ قويغان ئورەكنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ چېپىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىپوف، قادىر ئېلى، ئوسمان مۇھەممەت، ئوسمان قاسىم، مەۋلانجان، ھاپىز داموللا، ئابدۇللا روزى، مۇسائەلى، ئېلاخۇن، ئابلا داۋۇت، مۇنىرىدىن خوجا، ھەسەنوف، ئىبراھىم ئوبۇل، جالالىدىن ئاخۇن قاتارلىقلارمۇ شۇ تەرتىپتە چېپىپ ئۆل-

تۇرۇلىدۇ. بۇ دەل ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئاقسۇنى قورشاۋغا ئالغانلىقنىڭ 2 ـ كۈنى، ئاقسۇ كوناشەھەرنى ئىشغال قىلغان ۋاقىت، ئۇرۇش تازا كەسكىنلەشكەن چاغ ئىدى.

تۇرمىدىكى قالغان ئىنقىلابچىل ياشلارغا 2 ـ قېتىم زىيانكەشلىك قىلىنغان ۋاقىت مىللىي ئارمىيە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان پەيتكە توغرا كېلىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كاتتىبېشى جاۋخەنچى ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ، ۋۇ شياۋبىڭ بىلەن بىللە ئون نەچچە ئاتارمەن ـ چاپارمەننى ئېلىپ تۇرمىگە بارىدۇ، ۋۇ شياۋبىڭ ئىككى ياردەمچىسىنى ل. مۇتەللىپ قامالغان كامېرغا قاراۋۇللۇققا قويىدۇ، ئارقىدىنلا ئۇنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇيدۇ. ل. مۇتەللىپ كامېردىن ئېلىپ چىقىلىشى بىلەنلا ئۇنى قاتتىق باغلاپ ئېلىپ ماڭىدۇ، تۇرمە ئاشخانىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنى تىزلاندۇرىدۇ. بۇ چاغدا ل. مۇتەللىپنىڭ چىرايىدىن چەكسىز غەزەپ ـ ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ساقچىلار بىلال ئەزىزىنى ئېلىپ كېلىشكە كېتىدۇ. بۇ چاغدا ل. مۇتەللىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان زومىگەردىن: «مېنى ئېلىپ چىقىپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. زومىگەر: «مەنمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم سېنى قويۇپ بېرىدىغاندۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما ل. مۇتەللىپ ئۇنىڭ جاۋابىدىن قانائەت تاپماي، بېشىنى چايقايدۇ. ئاڭغىچە بىلال ئەزىزى، ئىۋان، ئابباسوفلار ئېلىپ كېلىنىپ، ل. مۇتەللىپ بىلەن بىر قاتاردا تىزلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن جاۋ خەنچى ئۇلارغا: «بۈگۈن سىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ» دەيدۇ ۋە قولىنى شىلتىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىدۇ. ساقچىلار ئۇلارنى سۆرەشتۈرۈپ، مىلتىق بىلەن ئۇرۇپ ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا ل. مۇتەللىپ غەزەپ بىلەن ئارقىسىغا قارايدۇ ۋە قەدىمىنى ئاستىلىتىدۇ. ئەمما ئۇ مىلتىق پاينىكى بىلەن تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئاخىرى سېپىلنىڭ تۈۋىگە كەلتۈرۈلۈپ تىزلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن جاۋخەنچى ياردەمچىسى لى چاڭجىغا ئېتىشنى بۇيرۇي-

دۇ. لى چاڭجى دەرھال تاپانچىسىنى چىقىرىپ بىر ـ بىرلەپ ئا ـ تىدۇ. ئۇ چاغدا ۋۇ شياۋبىڭنىڭ ياردەمچىسى ياڭ شۇنفېيمۇ ئىك ـ كى نەپەر ياش رۇسنى ئاتىدۇ، بىراق ئوق دەل جايىغا تەگمەي، ئۇلار ۋارقىراپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا لى چاڭجى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئەينى چاغدا تۇرمە بەنجاڭلىقىنى ئۈستىگە ئالغان غېنى مەخمۇت مۇنداق دەيدۇ: «ل. مۇتەللىپنى ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ ‹تا ـ ھىر ـ زۆھرە› ئوپېراسىدىن پارچىلارنى ئېيتقانىدى، ئۇنى ئاش ـ خانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ تىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ل. مۇتەللىپ: ‹قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، مەن ئۆلتۈرۈلگىنىم بىلەن مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئۆلمەيدۇ› دەيدۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ: ‹قۇياش، سەن پۈتۈن دۇنيانى يورۇتقىنىڭ بىلەن مېنى يورۇتمىدىڭ، سەن گۇۋاھ بولغىنكى، مەن ئۆلسەممۇ روھىم ئۆلمەيدۇ› دەيدۇ». دەل مۇشۇ چاغدا جاۋ ـ خەنچى ئېتىشنى بۇيرۇيدۇ.

# ئوت يۈرەك قۇربانلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ

## تۇرسۇن بارات

مەن بۇ ماقالەم ئارقىلىق بۇنىڭدىن 57 يىل بۇرۇن، يەنى 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يۈز بەرگەن «19 ـ سېنتەبىر قانلىق پاجىئەسى» دە قەتلى قىلىنغان، خەلقنىڭ ئازادلىقى يولىدا قۇربان بولغان ئارتۇق ئابباس، سېيىت ئابباس، ئىبراھىم مۆمىن، ئۆمەر قاسىم، ئابلا ياقۇپ (نىلقىلىق)، تۇراپ قارى (ئاتۇش ئوڭئېرىقتىن) قاتارلىق 18 نەپەر ئوت يۈرەك ئوغلاننى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمەن.

1944 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشۋىقاتلىرى ئۈچتۇرپانغا كېلىشكە باشلىدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەن ئۈچتۇرپانلىق ئوسمان مۇھەممىدى ئۈچتۇرپانغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىدا سوۋېت ئىستىنپاقىدا ئوقۇپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە تەربىيىسىنى خېلى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان ۋەتەن سۆيەر زىيالىي ئىدى.

ئوسمان مۇھەممىدى ئۈچتۇرپانغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن بىرىنچى يىلى ئىنقىلابنى بىر قەدەر ئاڭلىق، ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، تەشكىللەشتىن باشلىدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سانايى نەفىسە سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىزىمغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنى تەشۋىق قىلىشنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناپ خەلقنى ئويغىتىش جەھەتتە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئوسمان مۇھەممەد-

دى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم ئو-قۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ ئۇلارغا ئىلىدا بولۇۋاتقان ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا تەشۋىقات ـ تەربىيە ئىلىپ باردى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ، خەلق-نىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، ئىچكى ئۆلكىلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قى-لىۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئۇ بىر قېتىم ئۈچتۇر-پاندىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلاردىن سېيىت ئاباس، ئارتۇق ئاب-باس، ئۆمەر قاسىم، ئىبراھىم مۆمىن، ئابلا ياقۇپ، تۇراپ قارى قاتارلىقلار قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىدا ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى سۆزلەپ:

«ئەكسىيەتچىلەر خەلقنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشتا قانچە ۋەھشىيلەشسە، خەلقنىڭ ئەزگۈچى زالىملارغا بولغان قارشىلى-قىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۆمرىمۇ شۇنچە قىسقىراپ بارىدۇ»، دېگەنىدى. ئوسمان مۇھەممىدى ئۈچتۇرپاند-دىكى بىر قىسىم ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئىنقىلابنى ئالدى بىلەن مائاش ئۆستۈرۈش توغرىسىدا تەلەپ قويۇپ نامايىش قىلىشتىن باشلىدى. 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈچتۇرپاندىكى زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچى ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا نامايىش قىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە باردى. ئوقۇت-قۇچىلارنىڭ بۇ پائالىيىتىدىن خەۋەر تاپقان ھۆكۈمەت ئەمەلدار-لىرى ناھايىتى قاتتىق ئالاقزادە بولۇشۇپ، يالغان ـ ياۋىداق ۋە-دىلەرنى بېرىپ ئوقۇتقۇچىلارنى قايتۇردى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسى-دىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتتىن كۆز قۇلاقلىرى (ئىشپىيونلىرى) ئارقىلىق خەۋەر تاپقان ناھىيە مەمۇرلىرى ئوسمان مۇھەممىدىنى ئاقسۇغا يۆتكىۋەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ ئۆس-تۈرمىدى.

ئەينى يىللاردىكى ئۈچتۇرپان بازار ئىچىدىكى 1 ـ باشلانغۇچ

مەكتەپكە ئۆمەر قاسىم، سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئىبرا-
ھىم مۆمىن، ئابلا ياقۇپ (بۇ كىشى مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىدى) قا-
تارلىق زىيالىيلار توپلانغانىدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى باشلامچىسى
ئۆمەر قاسىم ئاقسۇدا ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋات-
قان ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئابدۇللا روزى بىلەن
ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل
قىلىپ، ئۇچتۇرپاندىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك
قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇچتۇرپاندىكى زىيالىيلارمۇ
ئۆمەر قاسىمنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەش-
كىلاتىنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىغا بىردەك قوشۇل-
دى. ئۆمەر قاسىم ئەڭ ئالدى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ئىنقىلاب-
تىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا
ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى، كوممۇنىستلارنى ۋە نۇرغۇن ئىنقىلابىي
كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغانلىقى ۋە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكى-
نى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ئاممىسىغا سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى
ئۆستۈردى. 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»
تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر
تاپقان xxx، ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
ۋۇ يىشىڭ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر ئۆمەر قاسىم، سېيىت ئاب-
باس، ئىبراھىم مۆمىنلەرنى يىراق يېزىلاردىكى مەكتەپلەرگە
تارقىتىۋەتتى. لېكىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق «تارقى-
تىۋېتىش» سىياسىتىمۇ ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمىدى. تەشكىلات
ئەزالىرى ھەرقانچە يىراقتا بولسىمۇ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ ئىن-
قىلابىي پائالىيەتنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى.

1945 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك قورچاق
ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپاندىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ، ئۆ-
گىنىش كۇرسى ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كۇرسنى ئېچىشتىكى مەق-
سىدى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەش-
ۋىق قىلىۋاتقان «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» بىلەن ئالاقە قىلىپ،

خەلقنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشقا قوزغاۋاتقان بىر قىسىم زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىش ئىدى. ئۆگىنىش كۇرسى باشلانغاندىن كېيىن، ھاكىم xxx، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ يىشىڭلار سۆزگە چىقىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىدى. نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئۆمەر قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىققا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا سۆز ئاڭلىتالمايدىغان ھاكىم بىلەن ساقچى باشلىقى ئامالسىز يىغىندىن قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن تارقالدى.

1945 ـ يىلى مائارىپچى، دراماتورگ ئابدۇللا روزى ئۆزى يازغان «ئۆگەي ئانا» درامىسىنى ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار يېزا بازىرىدا بىر نەچچە مەيدان ئوينايدۇ. خەلق بۇ درامىنى ناھايىتى قارشى ئالىدۇ. شۇ مەزگىلدە ئۇچتۇرپاندا قۇرۇلغان «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ باشلىقى ئۆمەر قاسىمنىڭ ياتىقىدا ئۇنىڭ بىلەن بەش كىچە سۆھبەتتە بولۇپ، ئۇچتۇرپاندا قانداق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلىشىدۇ. ئەتىسى ئۆمەر قاسىم ئىشەنچلىك بىر ئۆيىنى تېپىپ، داستىخان راسلاپ ئابدۇللا روزىنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ سورۇنغا ئۆمەر قاسىمنىڭ ئىشەنچلىك بۇرادەرلىرىدىن بىر نەچچە كىشى قاتنىشىدۇ. ئابدۇللا روزى بىرگە ئولتۇرغانلارغا «ئۆگەي ئانا» درامىسىنىڭ مەقسىتىنى تەپسىلىي سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلۇمىنى كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەپ، سورۇن ئەھلىنىڭ ئېڭىنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدۇ. ئابدۇللا روزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسى ئاقيار يېزىلىق ساقچىخانىغا ئابدۇللا روزىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ. ئاقيار يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى xxx ئابدۇللا روزىلار ئولتۇرغان نەق مەيدانغا كىرىپ، ئابدۇللا روزىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئابدۇللا رو ـ

زىغا «سىزنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن چاقىرىۋاتىدۇ» دەيدۇ. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى چۈشەنگەن ئابدۇللا روزى ئەتراپتا ئولتۇرغان بۇرادەرلىرىگە «بۇرادەرلەر چاقىرغان بولسا باراي، خەير ـ خوش» دەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ـ دە، مۇنۇ شېئىرنى ئو-قۇيدۇ.

گەر ئۆيۈڭدە بولمىسا ئوزۇق،
جاھان توقتۇر، بىر نان تېپىلماس.
كۆڭلۈڭ تىنچ بولسا دوستۇڭ تولادۇر،
بېشىڭغا چۈشسە بىر دوست تېپىلماس.

ئىشەنمە كىشىگە سىنىماي تۇرۇپ،
باھا بەرمە بىر قېتىم كۆرۈپ.
دوستلۇق يولى ئۈزۈلمىسۇن،
قانۇن يولى بۇزۇلمىسۇن.

ئاندىن دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاق-يار يېزىلىق ساقچىخانىدىكىلەر شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى ناھى-يىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىدۇ. ساقچى ئىدارىسى ئابدۇللا روزىنى 2 ـ تۈرمىگە سولاپ سوراق قىلىدۇ. ئۇنى ئۈچتۇرپاندا ئۆزى بىلەن ئالاقە قىلغان كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستاي-دۇ ھەمدە ئېغىر قىيىن ـ قىستاققا ئالىدۇ. ئابدۇللا روزى ئۈچ-تۇرپان تۈرمىسىدە ياتقان 25 كۈن ئىچىدە قورچاق ساقچى دائى-رىلىرى بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىدۇ. سوراق ئارقىلىق ئابدۇللا روزىدىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە يوللاپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە سولايدۇ. ئابدۇللا روزى ئاقسۇ تۈرمىسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى گوندىپاي xxx دېگەن كىشى تۈرمە تېمىغا قارىسا ئابدۇللا روزى مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرنى يېزىپ قويغان:

مەن ئۆلۈپ كەتسەم جاھاندىن مىڭلىغان ياشلار ئۆسۈر،
ۋەھشىي ئىپلاس تىرنىقىدىن بارچە ئىنسان قۇتۇلۇر.
بەدىنىمگە ياغ چاچتىڭ، تىرنىقىمغا مىق قېقىپ،
خەير، ئاداققى مەقسىتىمىز كۆرەش بىلەن نۇر ياغۇر.

گۇندىپاي بۇ شېئىرنى خاتىرىسىگە يېزىۋېلىپ تامدىكى شې-ئىرنى ئۆچۈرىۋەتكەن. كېيىن بۇ كىشى بۇ شېئىرنى بىزگە بەر-دى. ئابدۇللا روزى، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر قولغا ئېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ، ئاقسۇ كوناشەھەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ-دىكى گومىنداڭنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشتى. دەل مانا مۇشۇنداق پەيتتە مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا چۈشكەن قىسىملىرىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇ-كېرىم ئابباسوف، ئۇچتۇرپاندىكى سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس (ئۆزىنىڭ ئىنىسى) قاتارلىقلارغا «بىز پات يېقىندا ئۇچتۇرپانغا بارىمىز، سىلەر ئىلغار ياشلارنى تەشكىللەپ، قوزغىلاڭ تەييارلى-قىنى ياخشى ئىشلەڭلەر»، دېگەن مەزمۇندا خەت چىقىرىدۇ. بۇ خەت ئۇلارنىڭ قولىغا تەگمەي ۋۇ يىشىڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قا-لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋۇ يىشىڭ قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇچتۇرپاندىكى ئىلغار ياشلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈ-رىدۇ. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆمەر قاسىم، سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئىبراھىم مۆمىن، ئابلا ياقۇپ، تۇراپ قارى قا-تارلىق زىيالىيلار مۆلچەر تاغ باغرىدىكى توققۇز بۇلاقتا قەرت ئويناش شەكلى بىلەن جىددىي يىغىن ئېچىۋاتقاندا، ساقچىلار تە-رىپىدىن بىراقلا قولغا ئېلىنىدۇ. شۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يە-نە ساقچى دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ قارىغان 18 كىشىنى تۇتقۇن قىلىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆمەر قاسىم قاتارلىق ئىن-قىلابچىلارنى ھەر خىل ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ئېغىر قىيىن ـ قىستاققا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ھېچقانداق ماتېرى-

يالغا ئېرىشەلمەيدۇ.
1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋۇيىشىڭ ئاقسۇ ۋىلا ـ يەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ xxx كە مەخپىي ئالا ـ قە يوللاپ، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغ ـ رىسىدا يوليورۇق سورايدۇ. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ـ دىن «ئىلى ئوغرىلىرى ئۇچتۇرپانغا بېسىپ كىرسە ئۇلارنى ئېپ ـ تىۋېتىڭلار، ئۇنداق بولمىغاندا ھازىرچە ئۇلارنى ساقلاپ تۇ ـ رۇڭلار»، دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. جاللات ۋۇ يىشىڭ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى سوراق قى ـ لىشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئىنقىلابىي روھى ئۇرغۇپ تۇرغان سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئۆمەر قاسىم قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق سوراق قىلىدۇ. ئۇلارنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھېچنەرسىنى ئىقرار قىلمايدۇ.
1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت مىل ـ لىي ئارمىيىسىنىڭ بىر پەي ئەسكىرى ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار يې ـ زىسىغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ دائىرىلىرى دەرھال ئاقچى ناھىيىسى ئارقىلىق قەشقەرگە قېچىش ھەم تۇتقۇن قىلىنغانلارنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلايدۇ.
1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۇ زىچىڭ، ۋۇيى ـ شىڭلار سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئۆمەر قاسىم، ئابلا يا ـ قۇپ، ئىبراھىم مۆمىن، تۇراپ قارى قاتارلىق 18 نەپەر كىشىنى بىر كۈن ئىچىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇچتۇرپان شەھىرىنى ئىل ـ غار ياشلارنىڭ قېنى بىلەن بوياۋېتىپ، قېچىپ ئاقچى ناھىيى ـ سىگە يېتىپ بارغاندا ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن تېلېگىراممىا كېلىپ، يە ـ نە ئۇچتۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، جاللات شېڭ دۇچچۇەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بۇ 18 كىشىنى ئاتقاندا، 17 كىشى نەق مەيداندا قۇربان بولىدۇ، دۈشمەن ئوقى ئىبراھىم مۆمىننىڭ قورسىقىغا تەگكەن ـ

لىكى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئۇچىيى ساڭگىلاپ قالىدۇ. ئىبراھىم مۆمىن
ئۇچىيىنى سۆرەپ ئۆمىلەپ بېرىپ كىچىك ئېرىقتا ئېقىۋاتقان
توققۇز بۇلاق سۈيىدىن بىر ئوچۇم ئېلىپ ئاغزىغا تەڭلىشىگە
جاللاپ شىلىڭ دۈگچۈەن يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە دەس-
سەپ تۇرۇپ مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن يۈرىكىگە بىرنەچچىنى
ئۇرۇۋېتىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان خەلق بۇنىڭغا
چىدىيالماي مەرھۇمنى يۆلەپ توققۇز بۇلاق سۈيىدىن ئىچكۈزۈپ
قويىدۇ. سۇ ئىچىپ تەشنالىقى قانغان ئىبراھىم مۆمىن كۆپ-
چىلىككە: «بۇ جاللاتلار نېمە دېگەن ۋەھشىي؟! ئېتىپ قانائەت
قىلماي، مىلتىق بىلەن ئۇرۇپ يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. بۇ يا-
ۋۇزلارنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭلار، چوقۇم
ئىنتىقام ئېلىڭلار، بىز قۇربانلار شۇ چاغدا رازى بولىمىز» دەپ
جان ئۈزىدۇ.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈچتۇرپان خەلقى،
پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر قايغۇلۇق كۈن
بولدى. غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشقان خەلق خەلقىنىڭ ئازادلى-
قى، ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇربان بولغان بۇ 18 ئىنقىلابىي قۇرباذ-
نىڭ جەسىتىنى قان - ياش ئىچىدە دەپنە قىلدى. بىرلا ۋاقىتتا
ئىككى نەۋقىران ئوغلىدىن ئايرىلغان ئىنامخان ئانا سىيىت ئاب-
باس، ئارتۇق ئابباس، ئابلا ياقۇپلارنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا قان -ياش-
لىق يىغىسىنى يىغلاپ، ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىدى.

18 نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان قاتارىدىكى تۇراپ قارىنىڭ ئەس-
لى ئىسمى ھاجى مۇھەممەت بولۇپ، تۇراپ قارى دېگەن بۇ ئى-
سىمنى ئۇنىڭغا مەمتىلى تەۋپىق قويۇپ قويغانىدى. تۇراپ قارى
غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي ھەمدە قەشقەر رايونلىرىدا قارىلىقتا داڭ
چىقارغانلىقى ئۈچۈن قارى نامى سىڭگەنىدى. تۇراپ قارى غۇلجا
بىلەن قەشقەردە قۇرۇلغان گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى تەش-
كىلاتىنىڭ ئۈچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئالاقىچىسى بولغان. ئۇ قۇربان

بولغاندىن كېيىن، ئانىسى هاشىخان ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، كې-گىزنى تېشىپ شالدىراق قىلىپ كىيىپ، ئۇچتۇرپان كوچىسىدا هازا ئېچىپ يىغلاپ، خەلقنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدۇ ھەمدە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتىدۇ.

ئىنقىلابچىلار قەتلى قىلىنغان كۈنى بۇ تاغلىق شەھەر ئاھا-لىسى ئېغىر ماتەمگە چۆكتى. ھۆرلۈككە تەشنا بولغان خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يەرلىك مىللىي مۇناپىقلارغا بول-غان غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشتى.

# ل. مۇتەللىپنىڭ تەرجىمىھالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئىش توغرىسىدا

## تۇرسۇن ئەرشىدىن

مېنىڭ ل. مۇتەللىپ ھەققىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقىنىمغا خېلى يىللار بولدى. مەن ئالدى بىلەن ل. مۇتەللىپ ئەينى يىللاردا ياشىغان، خىزمەت قىلغان ۋە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان جايلارغا بېرىپ، ئۇنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرىنى ئىزدىدىم. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى دەلىللەپ بېرىدىغان ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى يىغدىم. بۇ جەرياندا مەن ئىلگىرى ئېنىق بولمىغان تەرەپلەرنى ئېنىقلىدىم، ھەتتا خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئەھۋاللارنىمۇ بايقىدىم.

ل. مۇتەللىپنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت. بۇ ئېنىقسىزلىق تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ل. مۇتەللىپ قۇربان بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1946 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» سەرلەۋھىلىك ئۇزۇن بىر ماقالە ئېلان قىلىنغانىدى. ئەنە شۇ ماقالىدە «لۇتپۇللاغا باھا بېرىش» دېگەن مەخسۇس تېمىدا لۇتپۇللاغا مۇنداق باھا بېرىلگەن: «ئەخمەت زىيائىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بىر ياش شائىر ـ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بار. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا ئېچىنىشىمىز، ئۇنى خاتىرىلىشىمىز، تېخىمۇ چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىپ ئۆتۈشىمىز لازىم، چۈنكى ئۇ ھازىر دۇنيادا يوق». «لۇتپۇللا ياش ۋە تەبىئىي تالانتلىق، قەتئىي ئېقىمدى-

كى، ھەممىدە قاتتىق كەيپىياتتىكى بىر ئادەم. ئۇنىڭ تەخەللۇسى ‹قاينام ئۆركىشى› بولۇپ، ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا شائىرلىق بىلەن نامى چىققان، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇنداق تالانتىغا ھەيران قالىدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئىلى گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان، كېيىن ئۇ - رۇمچىگە كېلىپ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ، بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ ئۇي - غۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىككى يىل تەھرىرلىك قىلغان». «لۇت - پۇللا 20 ياش ۋاقتىدا ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇ پەقەت ئالغا قاراپ ئىجاد قىلىپ، بارلىق مەھكۇملۇق زەنجىرلىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئىزدەيتتى. ئۇ، ئۇرۇمچى، ئىلى رايونلىرىدىكى ياشلارنىڭ ۋەكى - لى، ‹ئالتە بۇيۇك سىياسي يول› تەربىيىسىدىكى بىر قەھرىمان، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى تەبىئىي تالانتلىق بىر ئادەم ئى - دى، ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى دۆلەتكە زىيان، ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئۆركەش بولغاندەك، ھايات تەقدىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ قالدى. ئۇ، جاپالىق ۋاقىتتا ئۆسۈپ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ، بالدۇر ئۆلۈپ كېتىپ، يۇرتىنىڭ تىنچلىقىنى كۆرەلمىدى، تىنچلىقنى دەپ قۇربان بولدى. بۇ دۇن - يانىڭ تېخىمۇ زور دەۋرلىرىنى بىلەلمىدى... بۇ، دۆلەت ئۈچۈن زىيان، شىنجاڭ ئۈچۈن قايغۇلۇق بىر ئىشتۇر». بۇ، ئەكسىيەت - چىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىلدىكى خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرى - نىڭ ل. مۇتەللىپكە بەرگەن باھاسى بولسىمۇ، بۇ باھانى رېئال - لىقتىن چەتنەپ كەتكەن دېيىشكە تىلىمىز بارمايدۇ، بۇ خېلى ئەتراپلىق، ھەتتا سەممىي باھا دېيىشكە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ باھادا ل. مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغان جايى ۋە تەرجىمىھالى تولىمۇ يۈزە، مۇجمەل، ھەتتا خاتا بايان قىلىنغان.

1946 ـ ۋە 1947 ـ يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆ - كۈمىتى يېتەكچىلىكىدە نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا ل. مۇتەللىپنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى كۆپ قېتىم ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلمىغان.

ل. مۇتەللىپنىڭ 1950 ـ يىللىرى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلىرىگە كىرىش سۆز ئورنىدا بېرىلگەن تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى بىرقەدەر سىستېمىلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايى تىلغا ئېلىنماي، «ل. مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە، كېيىن غۇلجا شەھىرىدە ئۆتتى»، دەپلا ئىزاھلانغان.

«ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى»گە يېزىلغان كىرىش سۆزدە بولسا: «ل. مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە بىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن»، دەپ بايان قىلىنغان. 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ل. مۇتەللىپنىڭ بالىلىق چاغلىرى ھەققىدە ھېكايە»، «لۇتۇن» دېگەن كىتابچىلاردىمۇ ل. مۇتەللىپ نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئۇنداق بولسا، ل. مۇتەللىپ زادى قەيەردە تۇغۇلغان؟ بۇ ھەقتە تارىخىي ھۆججەتلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، تەڭتۇشلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ كىچىك دادىسىنىڭ ئوغلى ئاسىم مۇتەللىپ ل. مۇتەللىپ بىلەن بىللە ئوقۇغان ھەمدە رەسىم ئىجادىيىتىگە بىللە كىرىشكەن. ئۇ ل. مۇتەللىپلەرنىڭ جەمەتى ۋە ل. مۇتەللىپ ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ل. مۇتەللىپنىڭ دادىسى، يەنى مېنىڭ چوڭ دادام ھېزىم ئاخۇن 1894 ـ يىلى سىنتەبىردە يەتتەسۇ تەۋەسىدىكى قاراتورۇق يېزىسىدا تۇغۇلغانىكەن. ئۇ، 1930 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈپ، غۇلجا ۋە نىلقىلاردا ياشىغان. 1956 ـ يىلى قايتىدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ، دەسلەپتە قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرىدە، كېيىن قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرى ئەتراپىدىكى قاراتورۇق يېزىسىدا تۇرغان. قاراتورۇق يېزىسىدا بوۋىمىز مۇتەللىپ ئاخۇننىڭ قەبرىسى بار ئىدى. شۇڭا 1958 ـ يىل 7 ـ ئايدا چوڭ دادام ھېزىم ئاخۇن ۋاپات بولغاندا، ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن



لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1938 ـ يىلى، غۇلجا)

شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىدى. چوڭ دادامنىڭ رابىيەم، ھېلىمەم، مەرۋا- نەم، لۇتۇن، رەيھان، نەسرۇللا قا- تارلىق باللىرى بار ئىدى. لۇتۇن مەندىن ئالتە ئايلىق كىچىك ئىدى. مەن 1923 ـ يىل 1 ـ مارت كۈنى تىككۈچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ چاغلاردا بىز يەتتەسۇ تەۋەسىدىكى ئاقسۇ يېزىسىدا تۇراتتۇق. 1929 ـ يىلى لۇتۇن بىلەن ئىككىمىز شۇ يەردە مەكتەپكە كىردۇق، مەكتەپ تەرىپىدىن قويۇلغان دىكلاماتسىيە ۋە پىرامىدا ئويۇنلىرىغا قاتناشتۇق. بىز ئۇ مەكتەپتە ئالتە ئايچە ئوقۇدۇق.

ل. مۇتەللىپنىڭ سىڭلىسى رەيھان مۇنداق دەيدۇ: «لۇتۇن ئاكام ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونىغا قاراشلىق چوڭ ئاقسۇ دەپ ئاتىلىدىغان يېزىدا تۇغۇلغان. لۇتۇن ئاكام تۇغۇلغان مەھەللە ھا- زىر «ل. مۇتەللىپ كوچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بوۋىمىز مۇتەللىپ بىلەن دادىمىز ھېزىم ئاخۇننىڭ يەرلىكى يەتتەسۇ تەۋەسىدىكى قاراتورۇق يېزىسىنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقىدا.»

ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونى چونجا يېزىسى ئاقسۇ كەنتى سايبويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان ھەمدە شۇ يەردە پۈتكۈل ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن 90 نەچچە ياشلىق نىزامىدىن بوۋاي ئۆتمۈش خاتىرد- لىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئېسىمدە قېلىشىچە، ھېزىم ئاخۇن مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى لۇتۇننىڭ مۇشۇ يەردە تۇغۇلغانلىقى راست. 1930 ـ يىلى كولخوز قۇرۇلغاندا، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىپ قېلىشتى، ھېزىم ئاخۇنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئائىلىسى- دىكىلەر بىلەن بۇ يەردىن كېتىپ قالغان.

هازىر ل. مۇتەللىپ تۇغۇلغان قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق 70 نەچچە ياشلىق شەرىپەم موماي مۇنداق دەيدۇ: ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە ئىرەنلەر بولىدىغان، قورۇدا ئىككى ئېغىز ئۆي، ئىككى ئاشخانا، ئات ـ كالا ئېغىلى بار ئىدى. بۇ كوچىنى ل. مۇتەللىپ نامىدا ئاتايدۇ، ئەنە بىزنىڭ ئۆينىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمىدا ھۆكۈمەت بېكىتىپ قويغان تاختىمۇ بار.

دېمەك، ل. مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغان جايى توغرىسىدا تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇ ھەقتە ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئەينى يىللاردىكى ئارخىپ ـ ماتېرىياللارنى كۆپلەپ ئىزدەپ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ل. مۇتەللىپنىڭ تارىخىدا نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە ل. مۇتەللىپنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى قۇربانلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ 1946 ـ يىللىق ئىيۇن ـ ئىيۇل سانىدا ل. مۇتەللىپ باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالى ئېلان قىلىنىپ مۇنداق بايان قىلىنغان: «... ئۆلتۈرۈش شۇ تەرىقىدە مۇدھىش بولدىكى، بىر خوتۇننىڭ قارنى يېرىلغان، 12 كىشى جادۇدا توغرالغان، قالغان 23 كىشى ئېتىلغان، شۇلارنىڭ قاتارىدا ياش شائىرىمىزنىڭ ئاغزىغا پاختا تىقىپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئېتىلىش نۆۋىتى كەلگۈچە ئاغزىدىكى پاختىنى چىقىرىۋېتىپ ئۆلۈم ئالدىدا:



لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1939 ـ يىلى، ئۈرۈمچى)
سۈرەتنى غوجائەخمەت يۇنۇس ساقلىغان.

بۇ كەڭ جاھان مەن ئۇچۇن بولدى دەۋزەخ،
ياش گۈلۈمنى خازان قىلدى قارا ئەبلەخ! دەپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، نۆۋەتتە خېلى يىراق بولسىمۇ، بىرنەچچە كىشىنى ئاتلاپ كېلىدۇ، شائىرىمىز ئۆلتۈرۈلدى... ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن 37 نەپەر ئىنقىلابچى شېھىتلىرىمىزنىڭ پاك جەسەتلىرى ئاقسۇ يېڭىشەھەر سىپىلىنىڭ غەربىي بۇلۇڭىدا ئېتىبارسىز تۇپراق ئاستىدا يوشۇرۇلدى، لېكىن بۈگۈنكى ئىنقىلابىي خەلقىمىزنىڭ دىلىدا ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى ئەبەدىي تىرىك».

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى چاغدا ل. مۇتەللىپ بىلەن بىر قاتار قەتلى قىلىنغانلار ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ


革命犧牲工作人員家屬光榮紀念證
字第002號
查　　同志在革命鬥爭中光榮犧牲，豐功偉績永垂不朽，其家屬當受社會上之尊崇。除依中央人民政府「革命工作人員傷亡褒卹暫行條例」發給其家屬卹金外，幷發給此證以資紀念。
主席
中華人民共和國中央人民政府之印
一九　年　月　八　日

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەرەپ خاتىرە گۇۋاھنامىسى

ھەممىسىلا جۇڭگو ئىنقىلابىي قۇربانلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئال-مىغان. بۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا «ئىنقىلابىي قۇربان» دېگەن نامغا نائىل بولۇۋەرمەي-دىغانلىقى، بۇ نامغا مۇناسىپ كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ تارىخى، ئىش - پائالىيەتلىرى ئەتراپلىق ئېنىقلىنىدىغانلىقى، ئەنە شۇ جەرياندا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئاتاشقا شەرتى توشقان ساناق-لىق كىشىلەرگىلا شۇنداق نام بېرىلىدىغانلىقىدىن بولغان.

ل. مۇتەللىپ 1956 - يىلى رەسمىي «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ بېكىتىلگەن ھەمدە جۇڭگو ئىنقىلابىي قۇربانلىرىنىڭ قاتا-رىدىن شەرەپ بىلەن ئورۇن ئالغان. شۇ چاغدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئىمزا قويغان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆ-كۈمىتىنىڭ گۇۋاھنامىسىدە مۇنداق يېزىلغان (گۇۋاھنامە خەنـ-زۇچە):

«ئىنقىلابىي قۇربان بولغان خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلى-رىغا بېرىلگەن شەرەپ خاتىرە گۇۋاھنامىسى

يېڭى 00002 نومۇرلۇق

يولداش ل. مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلەردە شەرەپ بى-لەن قۇربان بولغانلىقى ئېنىقلاندى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى جەمئىيەتتە ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمى-تىنىڭ ‹مېيىپ بولغان، قازا تاپقان ئىنقىلابىي خادىملارغا نەپىقە بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزام› ىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئا-ئىلە تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىشتىن تاشقىرى، بۇ گۇۋاھنامە ئارقىلىق ياد ئېتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

**رەئىس ماۋزېدۇڭ**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى

1956 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى»

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ل. مۇتەللىپنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ بەدىئىي جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بىر ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ شېئىرلىرى سۈپىتىدە زور ئېتىبارغا ئېرىشتى ۋە «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە بۇ شېئىرلار چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ل. مۇتەللىپنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان كىنو ئىشلەندى، سەھنە ئەسەرلىرى، پوۋېست، رومان قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر يېزىلدى ۋە نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا ل. مۇتەللىپنىڭ نامى قامۇسقا كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئۇنىڭغا: «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابىي شائىرى، ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىسى. ئۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1945 ـ يىلى شىنجاڭ ئاقسۇدا ‹ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى› نى تەشكىللەپ، مىللەتارىست شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان. ئۇ، دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى ئۇيۇشتۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، بەختكە قارشى قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى سېنتەبىردە مەردلەرچە قۇربان بولدى...» دەپ خاتىرىلەندى. بۇ، گەرچە قىسقىغىنە بىرنەچچە جۈملە سۆز بولسىمۇ، ل. مۇتەللىپنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى مول مەزمۇنلۇق ئىشلارغا بېرىلگەن يۈكسەك باھا.

ل. مۇتەللىپ ئالەمدىن ئۆتۈپ 44 يىلدىن كېيىن، يەنى 1989 ـ يىلى ل. مۇتەللىپنىڭ قازاقىستاندا تۇرۇۋاتقان سىڭلىسى رەيھان مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ل. مۇتەللىپنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قىزغىن يار ـ يۆلەك بولدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ئۆزى تەستىق سالدى، ھەممەيلەننىڭ ئۇنى ئىنقىلا-

بىي قۇربان، ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى، يالقۇنلۇق شائىر دەپ ئەبەدىي خاتىرىلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، چەت ئەللىك مېھمانلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

**ئىزاھات:**

رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئىمزا قويغان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ل. مۇتەللىپنىڭ «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ بېكىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى گۇۋاھنامىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھازىر ل. مۇتەللىپنىڭ سىڭلىسى رەيھان مۇتەللىپنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مەن ئاشۇ گۇۋاھنامىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنى بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلدىم.

# سەيدۇللا سەيپۇللايىفنى ئەسلەيمەن

ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل قومۇلى

سەيدۇللا سەيپۇللايىفنىڭ ۋاپاتى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقـ
نى ئېغىر قايغۇغا سالدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ مەر-
ھۇمغا بىلدۈرگەن تەزىيىسى ئۇنىڭ بىر سۆيۈملۈك رەھبەر،
خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.
ئۇ خەلق ئارىسىدا مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇردى، خەلق
ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا تاشكەنتچى ئوقۇتقۇچۇم ئابـ
دۇراخمان سەئىدىنىڭ ئالبومىدىن سەيدۇللا سەيپۇللايىفنىڭ
تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقاندا چۈشكەن سۈرىتىنى كۆرۈش بىلەن بىللە
ئوقۇتقۇچىدىن ئۇنىڭ تاشكەنتتىكى ئوقۇش ئەھۋالىنى، كېيىن
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقىنى ئاز - تولا ئاڭلىغانـ
دىم. تاشكەنتچىلەر شىنجاڭنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا
زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.
شۇڭا ئوقۇغۇچىلار تاشكەنتچىلەرنى بەك ھۆرمەتلەيتتى.

مەن 1954 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار
يىغىنىغا قاتنىشىپ سەيدۇللا سەيپۇللايىفنىڭ كادىرلار خىزمىـ
تىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدىم، بۇ مېنىڭ سەيپۇللايىفنى
تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ چاغدا سەيپۇللايىف شىنجاڭ
ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاـ
دىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئىكەن. 1957 - يىلى ئۇ قومۇل مەـ
مۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. ۋالىيلارـ
نىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۇ مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىـ
گە مەسئۇل بولدى. بۇ چاغدا مەن قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم

تەشۇىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيتتىم، بۇ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇ-شۇشۇم ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى. كېيىن بىز دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بىللە سازايى قىلىندۇق. بەزى چاغلاردا بىللە تەنقىد، كۈرەش قىلىندۇق. 1979 ـ يىلى سەيپۇللايېفنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونغا يۆتكەلدى. 1984 ـ يىل 10 ـ ئايدا مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلىپ ئۆتتۇم. ئۇ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئالاقە قىلىپ تۇردۇق. كېيىن مەنمۇ پېنسىيىگە چىقتىم، بۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. بىز دائىم سۆھبەتلىشىپ تۇردۇق. سۆھبەت جەريانىدا مەن ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم ۋە چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم. شۇڭا مەن ئۆز چۈشەنچەم ۋە تەسىراتلىرىم ئاساسىدا ئەسلىمە يېزىپ قالدۇرۇشنى لايىق كۆردۇم.

سەيدۇللا سەيپۇللايېف 1918 ـ يىلى تۇرپاننىڭ چاتقال يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇلۇغۋار غايە، ئىلغار ئىدىيە، ئېسىل پەزىلەت ـ خىسلەتلەر مۇجەسسەملەشكەن، دۆلەت مەمۇرلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي شەرتلەر ھازىرلانغان.

سەيدۇللا سەيپۇللايېف تۇنجى سوتسىيالىزم دۆلىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، ئىدىيىسىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرغان. تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشقا، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولغان. ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قۇرۇلغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ھەيئەت رىياسەت ئەزاسى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىند-

قىلابىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشقان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەڭ بۇرۇن ئەزا بولغان كوممۇنىستلاردىن بولۇپ قالغان. سەيدۇللا سەيپۇللايېف يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىنقىلابىي ھاياتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى، دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئۇلۇغۋار غەلىبىلىرىنى تەنتەنە قىلغان. دېمەك، سەيدۇللا سەيپۇللايېف ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار غايىسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغان.

سەيدۇللا سەيپۇللايېف شىنجاڭدا مائارىپ مەشئىلىنى ئەڭ ئېگىز كۆتۈرگەن ھەقىقىي مەرىپەتپەرۋەر پېداگوكلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىلىم ـ پەننى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. تاشكەنتتە ئوقۇغان ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىن چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولغان. ئۇ تاشكەنتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك قاتلىمىدا ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مائارىپ ئىدارىلىرىدە ئىشلەپ، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ مەيلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان مەزگىلدە بولسۇن، ياكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئىشلىگەن يىللاردا بولسۇن، مائارىپ

ئىشلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇ قومۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردا قومۇلنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ۋە ئەينى يىللاردا تاشكەنتتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى-نىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ مائارىپ كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا تەسىرى چوڭقۇر، ئابرۇيى يۇقىرى ئىدى.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى-غا يۆتكەلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى كۆز-دىن كەچۈرۈشكە بارغاندا، مائارىپ خىزمىتىنى نۇقتىلىق تەك-شۈرۈپ، ساقلانغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايقاپ، بۇ ھەقتە ئاپتو-نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللاپ، بىرمۇنچە ئەمە-لىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئۇ پۈتۈن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ ما-ئارىپ ئىسلاھاتىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەرگە ناھايىتى ئەھ-مىيەت بەرگەندى ۋە دېھقانلارنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي سەۋى-يىسى بالىلىرىنى ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش خىرا-جىتىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، بۇ ھال دېھقانلار مائارىپىنىڭ تەرەققىيا-تىغا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارايتتى...

جان – دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەيدۇللا سەيپۇللايېفنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ياش چاغلىرىدىلا ئىدىيىۋى قاراش جەھەتتە قانداق ياشاش، كىم ئۈچۈن ياشاش، كىم ئۈچۈن ئىشلەش مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلغا-نىدى. ئۇ ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاپ، شىنجاڭدىكى ئې-زىلگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. خەلق ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇق – مەن-پەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى بەك ئويلايتتى. ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيە-

لەشتۇرۇش، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش يىللىرىدا قومۇلدا خىزمەت قىلغاندا دېھقانلار بىلەن ئۇچتە بىللە بولدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە رەھبەرلىك قىلدى. قومۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى گۇڭشېسىنىڭ ئالتۇنلۇق چوڭ ئەترىتىدە ئىشلەۋاتقاندا، ئۇ قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكومغا دېھقانلارنىڭ قىشتا ئوتۇندىن قىينىلىۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى دوكلات قىلىپ، قومۇل كۆمۈركان شىركىتى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ ئالتۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى دېھقانلارغا بىرنەچچە تونىنا كۆمۈر توپىسىنى ھەقسىز ئەكەلدۈرۈپ بەردى. يەنە قارغۇم ئۆستىڭىگە بىر سۇ تۈگمىنى قۇرۇپ دېھقانلارنىڭ ئۇن تارتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. بۇ ئىشلارغا ھازىرقى ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇپ قارىساق ناھايىتى كىچىك ئىشتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاشۇ قەھەتچىلىك يىللىرىدا بۇ ئىشنى ناھىيەلىك، يېزىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ ناھايىتى تەستە ھەل قىلاتتى. بۇ خىل ئەمەلىي ئىشلىرى ئارقىلىق ئۇ دېھقانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

سەيپۇللايېف ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، قومۇل دېھقانلىرى ئۇنى يوقلاپ تۇردى. سەيپۇللايېفنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى، جۈملىدىن قومۇل خەلقىنى قاتتىق قايغۇغا سالدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا قومۇل دېھقانلىرى ناھايىتى تېزلا خەۋەر تاپتى ۋە ئالتۇنلۇق چوڭ ئەترىتىدىن ئېلى ئىمىن موللا قاتارلىق بىرنەچچە كادىر ۋە دېھقان ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا قاتناشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ قايغۇسىنى بىلدۈردى...

سەيدۇللا سەيپۇللايېف پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، كىچە ـ كۈندۈز دېھقانلارنىڭ غېمىنى يەيتتى.

سەيپۇللايېف ھاياتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۆمرىنى ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ

كىچىكىدىن باشلاپلا ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ۋە بۇ ئادەتنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇردى. ئۇ كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇشقا، تېلېۋىزور كۆرۈشكە، رادىئو ئاڭلاشقا ھېرىسمەن ئىدى. ھەتتا ئۇ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەندىمۇ خەتنى لوپا ئەينەك بىلەن كۆرۈپ ماتېرىيال كۆرۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. بەزى ماتېرىياللارنى نەۋرىلىرىگە ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ دىئابىت، سۈيدۈك يولى ۋە قانتومۇر كېسەللىكلىرىگە، بولۇپمۇ ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغاچ كىتاپ ئوقۇش، گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈشنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تەپەككۇرى كۈچلۈك ئىدى. سىياسەت، قانۇن، تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات، پېداگوگىكا، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، پەلسەپە، لوگىكا، بوتانىكا، شۇنىڭدەك ئېقىم مەسىلىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مول بىلىمگە ئىگە ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ زاماندا شلىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ رېئاللىي بولغاچقا، ئوبىيېكتىپ ئەمەلىيەتكە، ئۆز بېشىغا كەلگەن تۇرلۇك ـ تۈمەن قىسمەتلەرگە ۋە ھەر خىل سىناقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلالىدى. «كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ، بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر ـ قىممەت تاپىدۇ». يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزى سەيپۇللا سەيپۇللايېفتەك كىشىلەرگە تازا باب كېلىدۇ.

«قەلبى ئالىيجاناب كىشىلەر مۇقەررەر ھالدا ئالىيجاناب ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ».

سەيپۇللايېف ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەندى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنى تەسىس قىلىشقا ناھا-

يىتى كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئۇ ماقالە يېزىپ مەجمۇئەنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قوللىدى ۋە مەجمۇئەنىڭ مەقسىتى، نىد-شانىنى كۆرسىتىپ بەردى. كېيىن ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر شانلىق سەھىپە» قاتارلىق بىرقانچە ماقالىنى يې-زىپ، مۇشۇ مەجمۇئەدە ئېلان قىلىپ، پېشقەدەم يولداشلارنى ما-قالە يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى. نەتىجىدە ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئەن-ۋەرخانبابا، ئابلىمىت مەقسۇتوف قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلار ئارقا ـ ئارقىدىن ماقالە يېزىپ مەجمۇئەدە ئېلان قىلدى. سەي-دۇللا سەيپۇللايېف مەجمۇئەنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا مۇھەررىرلەر بىلەن دائىم سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى.

سەيدۇللا سەيپۇللايېف يەنە «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىد-يىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» گە مەسئۇل بولۇپ، مۇئەييەن نەتىد-جىلەرنى ياراتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرمۇ سەيپۇللايېف-نىڭ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللايتتى. ئۇ «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» نى قۇرۇشنى پائال تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيە-تى تەتقىقات جەمئىيىتى» بېيجىڭدا قۇرۇلدى. بۇ چاغدا سەي-پۇللايېف مەركىزىي جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلدى، بىراق ئۇ سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەئىس بولۇشقا قوشۇلمىدى، كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەمەت، تۆ-مۈر داۋامەت، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئا-ساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئۇ مەركىزىي جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولۇشقا ماقۇل بولدى. ئۇ بۇ ئىل-مىي جەمئىيەتكە رەئىس بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ پەخرى رەئىسى سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مەدەت بېرىشى، مۇئاۋىن رەئىس ۋە باش كاتىپ، دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئالىملىرى بىلەن ناھايىتى

قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ قىزغىن، پائال قوللىشىغا ئېرىشتى. سەيپۇللايېۋ جەمئىيەتنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش ئورنىغا بارالمىغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆز ئۆيىدە ئىشلىدى. 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەر ئىشلەندى، مەسىلەن: «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» ئىككى توم (خەنزۇچىسى ئۈچ كىتاب) نەشر قىلىندى، تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، بۇ خىزمەتلەر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرىگە ئاساس ۋە ئۈلگە يارىتىپ بەردى.

سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىغا دائىم ماقالە يېزىپ تۇراتتى، «مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار» ئۇنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ماقالىسىدۇر.

سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپرەك نەشر قىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشىنى تەكىتلەيتتى، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەسلىمە يېزىشىنى قىزغىن قوللايتتى، ئۇ سوپاخۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھال سوراپ ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنى نەشرگە تەييارلاش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا مەدەت بەرگەنىدى.

«بىلىم بولغانىنىڭ ئۈستىگە شىجائەت بولغاندا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ»، «بىلىملا بولۇپ، شىجائىتى بولمىغانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى مېۋە بېرەلمەيدۇ» («ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى» 4 ـ بەت). سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ ياشىنىپ قالغان، تېنى، زېھنى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىلـ

ـمي روھى، غەيرەت ـ شىجائەتنى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇيغۇر تا ـ رىخى تەرەققىياتى خىزمىتىدە ئۇلۇغۋار، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

سەيدۇللا سەيپۇللايېف سەممىي، كەمتەر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ياخشى ئىستىلىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت، كەڭ خەلق ئاممىسى بىردەك ئېتىراپ قىلاتتى. خىزمەت ئىستىلى توغرا، پو ـ زىتسىيىسى سىلىق، مۇلايىم ئىدى. خىزمەتداشلىرىغا، سۆھ ـ بەتداشلىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى، ئەمەلدارلىق كىبىرى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيى يۇقىرى ئىـ ـدى. ئۇنىڭ ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن دوستلىرى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ كىچىك پېئىل، خۇشچاقچاق مىجەزى، مېھماندوستلۇقى، سۆھبەت جەھەتتىكى ئىلمىيلىكى دوستلىرى بىلەن ئۇزۇلمەس رىشتە باغلاشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. ئۇ باشقىلارغا توغرا مۇ ـ ئامىلە قىلاتتى ۋە ئادىل باھا بېرەتتى، بىراۋنى ئارتۇقچە ماختىـ ـمايتتى، خۇشامەتچىلىكنى، ماختانچاقلىقنى ياقتۇرمايتتى. ئەگەر ئۇ ھايات ۋاقتىدا مەن بۇ ئەسلىمىنى يازغان بولسام قوبۇل قىلـ ـماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

سەيدۇللا سەيپۇللايېف پاك ـ دىيانەتلىك، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، قانائەتچان ئىدى. ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پاكلىق قۇ ـ رۇلۇشى ھەققىدىكى قائىدىسىن، سىياسەتلىرىنى، تەدبىرلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلاتتى، چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇراتتى، خىيانەتچى، پارىخورلارغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. ئۇ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ئۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايتتى. ئۇلۇغ پارس شائىرى شەيخ سەئدى شۇنداق دېگەن:

«قۇرغۇي سۇمرۇغدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ،
شۇنداق قارايدۇ دۇنيادىكى كۆپلىگەن كىشى.

لېكىن قۇرغۇي تاپ چوقۇپ ياشايدۇ،
بىراق سۇمرۇغ پاكلىقنىڭ تەشنىسى».

دېمەك سەيپۇللايېۋ دۇنياغا پاك كېلىپ، پاك ياشاپ، دۇنيادىن پاك كەتكەنلەرنىڭ تەشنىسىدۇر.

سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان، سەۋرى ـ تاقەتلىك ئىدى. 50 ـ ۋە 70 ـ يىللاردا مەملىكەت بويىچە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، بىر قاتار سىياسىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، نەتىجىدە كۆپلىگەن رەھبىرىي كادىرلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرىدى، جۈملىدىن شىنجاڭدىمۇ نۇرغۇن كادىرلار زەربىگە ئۇچرىدى، سەيپۇللايېۋ ئەنە شۇ زەربىگە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى. سەيپۇللايېۋ ۋەزىپە دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ قومۇلغا مۇئاۋىن ۋالىي قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئۇ تەشكىلنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بوي سۇنۇپ قومۇلغا بېرىپ خىزمەت قىلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىپ، كۆپلىگەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نامىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، سەيپۇللايېفنىڭ نامىمۇ شۇ قاتاردا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنىمۇ ئەپۇ قىلىۋەتكەنىدى.

سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ ھەقىقەتتە چىڭ تۇراتتى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. بىز ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز. ئۇ 30 ـ يىللاردىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ تارىخى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇردى. ئۇ شەيئىلەر زامان، ماكان، تارىخىي شارائىت ئىچىدە پەيدا بولۇپ،

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەرقانداق شەيئىنى زامان، ماكان، شارا-ئىتتىن ئايرىپ قاراش، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش تارىخىي ئەمەل-يەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ ھادىسىنى ئەمەس ما-ھىيەتنى كۆرۈش، شەكىلگە ئەمەس مەزمۇنغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، سەۋەبسىز نەتىجە بولمايدۇ، دېگەننى تەكىتلەيتتى.

سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىي شاھىدلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ «شانلىق سەھىپە»، «مەن شاھىد بولغان بەزى ئىشلار» قاتارلىق ماقالىلىرى ھەقىقەتنى ئە-مەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا يېزىلغان.

سەيپۇللايېۋ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. يال-غانچىلىقنى، مۇبالىغىچىلىكنى، شەكىلۋازلىقنى ياقتۇرمايتتى. ھادىسىدىن ماھىيەتنى تېپىپ تەھلىل قىلاتتى.

سەيپۇللايېۋ كۆپلىگەن مەسىلىلەرگە قىزىقاتتى. دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىلىرىگە كۆپرەك قىزىقاتتى. سۆھبەت جەريا-نىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى تەرەققىياتنى، يەنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا تەرەققىي قىلىۋاتانلىقىنى، خەلقنىڭ تۇرمۇ-شىنىڭ ئۇزلۇكسىز ياخشىلىنىۋاتانلىقىنى، دۆلەتنىڭ ئۇنۇۋېر-سال كۈچىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتانلىقىنى، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى، يادرو تېخنى-كىسى جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ تېز بولۇۋاتانلىقىنى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ئېقىم مەسىلىلىرىگە بەك قىزى-قاتتى ۋە بۇ جەھەتتە مول بىلىمگە ئىگە ئىدى.

دېمەك، سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېسىل پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇر-دى. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق دېگەن: «ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، باققىنىكى ، ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ، ئىن-سان ئۆزى كەتسىمۇ نامى قالىدۇ». مەرھۇم سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ-نىڭ سۆزى، نامى مەڭگۇ يادلىنىدۇ.

# هۇن پادىشاھى ئاتتىلا بىلەن بىللە غىزالىنىش

## پرىكوس

ئاتتىلانى كىشىلەر «تەڭرى قامچىسى» دەپ ئاتايدۇ، ئۇ
445 ـ يىلى ھۇنلارنىڭ پادىشاھى بولغان. پەقىر پرىكوس شەر-
قىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە بېرىپ ئاتتىلا
بىلەن كۆرۈشكەن.

ئاتتىلا بىز ئىككى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى چۈش-
تىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۆزى بىلەن بىللە غىزالىنىشقا تەك-
لىپ قىلدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا بىز شەرقىي ۋە غەر-
بىي رىم ئىمپېرىيىسى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى
زالنىڭ ئالدىدا ئاتتىلاغا يۈزلىنىپ تۇردۇق. ھۇن دۆلىتىنىڭ
ئادىتى بويىچە مەي تۇتقۇچى كۈتكۈچىلەر ھەربىرىمىزگە بىر
قەدەھتىن مەي تۇتتى ھەمدە بىزنى ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال مەينى
يەرگە سېپىپ ئەرۋاھلارغا نەزىر قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن كې-
يىن، ھەربىرىمىز كىچىك قەدەھلەردە بىر قەدەھتىن مەي ئى-
چىپ، يەنە ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا ئولتۇرۇشتۇق. ئورۇنلارنىڭ
ھەممىسى زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تام تۈۋىگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغانىدى. زالنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك
كۇرسىدا ئاتتىلا ئۆزى ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر يۆ-
لەنچۈكلۈك كۇرس بار ئىدى، ئەڭ كەينىدىكىسى بولسا ئۇنىڭ
كارىۋىتى بولۇپ، ئۈستىگە ناھايىتى ئىنچىكە زىغىر تالالىرىدىن
توقۇلغان رەخت يېپىلغانىدى. بۇ رەخت خۇددى يۇنانلىقلار ۋە
رىملىقلارنىڭ تويلۇق رەختلىرىگە ئوخشاش ئىنتايىن نەپىس ۋە
چىرايلىق ئىدى. مەن ئابرۇيى چوڭراق مېھمانلارنىڭ ئاتتىلانىڭ
ئوڭ تەرىپىگە، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك مېھمانلارنىڭ سول تەرىپىگە

ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بايقىدىم. بىرىكىس بىلەن ئىككىمىز ئاتتىلانىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇردۇق. ئاتتىلانىڭ يېنىدا يەنە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئولتۇراتتى. چوڭ ئوغلى ئاتتىلانىڭ كۆرسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ئۇ دادىسىدىن قورقىقاچقا كۆز- لىرىنى يەردىن ئالالمايتتى.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پەتنۇس كۆتۈرگەن كۈتكۈچىلەر يەنە كىرىپ كەلدى. بۇ كۈتكۈچىلەر مەخسۇس ئات- تىلانىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. كۈتكۈچى بىر قەدەھ مەينى ئات- تىلاغا تۇتقاندىن كېيىن، كۆرسىنىڭ كەينىگە چېكىنىپ تۇردى. ئاتتىلانىڭ ئىشلەتكىنى ياغاچتىن ياسالغان قەدەھ ئىدى، ئۇ قەدەھنى كۆتۈرۈپ ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان مېھمانغا ئېھ- تىرام بىلدۈردى. بۇنداق ئالىي ھىممەتكە ئېرىشكەن مېھمان دەرھال ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئاتتىلا ئازراق مەي ئىچكەندىن كېيىن ياكى مەينىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىپ بولۇپ، قەدەھنى كۈتكۈچىگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىنلا ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. باشقا مېھمانلارمۇ بۇ چاغدا قەدەھلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرغان مېھمانغا ئېھتىرام بىلدۈرەتتى، ئاندىن كېيىن، بىر يۇ- تۇمدىن مەي ئىچەتتى. ئاتتىلانىڭ كۈتكۈچىسى چىقىپ كېتى- شىگە، يەنە باشقا بىر كۈتكۈچى كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مېھمانلارنىڭ ئولتۇرۇش رېتى بويىچە ھەربىر مېھمانغا مەي قۇيۇپ چىقتى. كەينىدىنلا ئاتتىلا ھەربىر ئادەمگە يۇقىرىقىدەك ئېھتىرام بىلدۈردى، ھەممەيلەنگە مەي تۇ- تۇلغاندىن كېيىن، مەي تۇتقان كۈتكۈچى چىقىپ كەتتى. يەنە بىرمۇنچە كۈتكۈچىلەر كىرىپ ئاتتىلانىڭ ئالدىغا بىر شىرە قويدى، ئاندىن يەنە ھەر ئۈچ - تۆت مېھماننىڭ ئالدىغا بىردىن شىرە قويدى. ئەمدى مېھمانلارنىڭ ئورنىدىن قوزغالمايلا ھەر خىل قورۇمىلارنى يېيىشىگە قولايلىق بولغانىدى. قورۇمىلار ناھايىتى مول بولۇپ، ھەممىسى ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان تەخسىلەرگە ئۇسۇلغانىدى، ئولتۇرغان ئۆمەك ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە ۋارۋارلارمۇ ناھايىتى ئىشتىھا بىد-

لەن يېپىشمەكتە ئىدى. شۇغىنىسى، ئاتتىلا ئىشلەتكەن تاماق قاچىسىنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ «ئۆز - ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇش»ىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇس- تىگە، ئۇنىڭ شۇ چاغدا كىيىنىشمۇ ئىنتايىن ئاددىي - ساددا بولۇپ، كىيىملىرىنى پاكىز، رەتلىك تۇتۇشتىن باشقا ئالاھىدە تەلىپىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ بېلىگە ئېسىۋالغان شەمشىرى، پۇ- تىدىكى ئۆتۈكى ھەمدە ئۇ ئىشلىتىدىغان ئېگەرمۇ ئۇنچە - مەرۋايىت ياكى ئالتۇنلار بىلەن بېزەلمىگەنىدى. ئەڭ ئاۋۋال كەلتۈرۈلگەن تەخسىلەردىكى قورۇمىلار يېيىلىپ بولغاندىن كې- يىن، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق. كۈتكۈچىلەر يەنە قەدەھلىرىمىزگە تولدۇرۇپ مەي قۇيدى. بارلىق مېھمانلار قەدەھ- لىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئاتتىلاغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تى- لىدى، بىز يېڭىباشتىن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىككىنچى تۇر- كۈمدىكى لىق قورۇمىلار تولدۇرۇلغان تەخسىلەر يەنە ھەربىر شىرە ئۈستىگە قويۇلدى. بۇ خىل تەرتىپ بىر - بىرلەپ تەكرارلانماقتا ئىدى.

شۇ كۈنى، قاش قارايغاندا، زالنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن ئوت- قاشلار يېقىلدى. ئىككى نەپەر ناخشىچى ئاتتىلانىڭ يېنىغا كې- لىپ، ئاتتىلانىڭ ئۇرۇشتىكى جەڭگىۋارلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئې- رىشكەن شانلىق غەلىبىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتىشقا باشلىدى. مېھمانلار ناخشىنى ناھايىتى زەن سېلىپ ئاڭلايتتى، بەزىلەرنىڭ يۈزىدە شادلىق ئەكس ئەتتى. يەنە بەزىلەر ئۇرۇشنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن روھلىنىپ كەتتى. ئەمما، يەنە بەزىلەرنىڭ چىرايىدا قان قالمىغانىدى، ئۇلار «ئۇرۇش» دې- گەن سۆزنى يەنە ئاڭلاپ قېلىشتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. دەرۋە- قە، بۇلار ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ناخشىچىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر سەيشىيىلىك كىرىپ كەل- دى. بۇ بىر غەلىتە ھەزىلكەش بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن غەلىتە گەپ- لەرنى قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما ھېكايىلەر بولۇپ، ئىچىدە بىرەرمۇ راست گەپ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى

كىشىلەرنى كۆلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مورلاردىن زاكون كىردى، ئۇنىڭ ئۇستىباش، ئاۋازى ھەم تىلى ناھايىتى ئەسەبىي ئىدى. ئۇ ئىتالىيان، ھۇن، گوت تىللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەبجەش قىلىپ سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ ئويۇنلىرى كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى. زال ئىچىدە قاتتىق كۈلكە سادالىرى كۆتۈرۈلدى، پەقەت ئاتتىلالا ئەتراپتىكى كەيپىيات بىلەن مەڭگۈ مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ قالىدىغاندەك تۇراتتى. پەقەت ئەڭ كىچىك ئوغلى ئەيناس زالغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ ئەيناسنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن نەزەر سالدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشتى. مېنىڭ ناھايىتى ھەيران قالغىنىم شۇ بولدىكى، ئۇ قالغان ئىككى ئوغلىغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى. زىياپەت باشلانغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇلارغا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى. يېنىمدا ئولتۇرغان كىشى مېنى بۇ ئىشقا بىھۇدە باھا بېرىپ يۈرمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىر رەمچى ئاتتىلاغا ئاتتىلا خانلىقىنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىنى، ئەمما مۇشۇ ئوغلىنىڭ ئىمپېرىيىنى قايتىدىن تىكلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. زىياپەت ئۇدا يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىپ ئاندىن ئاخىرلاشتى. بىز ھەقىقەتەن ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەندۇق. بۇ چاغدا ھېچكىمنىڭ داۋاملىق يەپ - ئىچىشكە رايى قالمىغانىدى.

خەنزۇچە «دۇنيا تارىخى ــــ شاھىتلار خاتىرىلىرى»دىن
تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلىز ئورخۇن**

# ما جوڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى

## شاكەرىم ئەكرەمىي



ما جوڭيىڭ مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ بېشىدا بىر لىيەن ئەسكەرنى
باشلاپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خې-
جۇ دېگەن يېرىدىن قوزغىلىپ
چىقىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنى
چاڭگىلىغا ئالماقچى بولغانىدى.
ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل غەربىي
شىمال رايونى فېڭ يۇشياڭنىڭ
تەسىر دائىرىسىدە بولغاچقا، ما
جوڭيىڭنىڭ قوزغىلىپ چىقىشى
فېڭ يۇشياڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-
غا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكە-
نىدى. ئۇ چاغدا فېڭ يۇشياڭ
جياڭ جيېشىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي، ئۇنىڭ بىلەن تىر-
كىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ يۈرگەن چىڭ-
خەي ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى مابۇفاڭمۇ جياڭ جيېشى بىلەن فېڭ
يۇشياڭنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى
ليۇ جۈڭ بىلەن تىركىشىپ يۈرەتتى.

ما بۇفاڭ بىلەن ما جوڭيىڭ دادا جەمەت بىر تۇغقانلار ئىدى.
مابۇفاڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن گەنسۇ
ئۆلكىسىدىكى خەنزۇلارنى چىڭ سۇلالىسىغا ياردەملىشىپ قىرىپ
تاشلىغان ھەمدە مۇشۇ تۆھپىسى بەدىلىگە چىڭخەينى گەنسۇدىن
بۆلۈۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ، ئۆزى بۇ ئۆلكىگە

باشلىق بولۇۋالغانىدى. ما بۇفاڭ ئەۋلادلىرىغا يېزىپ قالدۇرغان هايات خاتىرىسىدە «مەن دەريا بولۇپ ئاققان ئادەم قېنىدىن باشلىقلىق مەنسىپىمنى سۇزۇۋالدىم»، دېگەن.

ما جۇڭيىڭ ئاكىسىنىڭ مۇشۇ تەجرىبىسى بويىچە گەنسۇ خەلقىنىڭ دەريا بولۇپ ئاققان قېنىدىن باشلىقلىق مەنسىپىنى سۇزۇۋالماقچى بولغان. ئۇ خەلقتىن ئەسكەر ئېلىش، ئالۋان - سېلىق يىغىش، ئات ئېلىش جەريانىدا قارشى چىققانلارنى بىر يېزا، بىر مەھەللە بويىچە بىراقلا قىرىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ بۇ ياۋۇزلۇقى ھەققىدە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىدە چىقىدىغان گېزىتلەردە، بىر لىيەن ئەسكەر بىلەن قوزغىلىپ چىققان «گاسىلىڭ» (بالا قوماندان) ما جۇڭيىڭنىڭ فېڭ يۇشياڭ، ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، ئايىغىغا كىرگەن تىكەن بولغانلىقى، شۇڭا فېڭ يۇشياڭ بىلەن ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ نامىنى ئاڭلىسا، غال - غال تىترەپ، يەۋاتقان ئېشىنى تاشلاپ قاچىدىغانلىقى، ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى پەي، لىيەن بويىچە ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇۋالغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، ئالاھىدە كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى.

بۇ خەۋەر مەملىكەت ئىچىدە جياڭ جيېشىنىڭ قۇلىقىغا، مەملىكەت سىرتىدا ياپونىيە بىلەن تۈركىيىگە يەتكەنىدى. جياڭ جيېشى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىدە ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقان باشلىقلارنى بىر - بىرىگە سېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا توقۇنۇشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق فېڭ يۇشياڭنىڭ بەش ئۆلكىدىكى كۈچىنى ئاجىزلاتماقچى بولغان. ما جۇڭيىڭنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى جياڭ جيېشىغا مايدەك ياققان. ئۇ ما جۇڭيىڭنى بىر شى ئەسكەرگە ئىگە قىلىپ، فېڭ يۇشياڭغا قارشى سېلىش مەقسىتىدە ئۇنى نەنجىڭگە چاقىرتىپ، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھەربىي مەكتىپىدە ئالتە ئاي ئوقۇتقان ۋە «مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنى پۈتكۈزدى» دېگەن نام بىلەن گەنسۇنىڭ خېشى

كاردورىغا بېرىپ، 36 ـ شىنى قورۇش توغرىسىدا يارلىق چۈ-شۈرگەن ھەمدە ئۇنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ جۇڭغا تاپشۇرغان. «گا سىلىڭ» جياڭ جيېشىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي، جاڭيې ۋىلايەتلىرىدە يەرلىك خەلق-تىن ئەسكەر ئېلىش، ئات يىغىش ئاساسىدا 36 ـ شىنى قورۇشقا كىرىشكەن، ئەمما بۇ ئىش ئۇنىڭغا تولىمۇ قىيىنغا توختىغان-دى. شۇ ئەتراپتىكى تاغلارغا ماكانلاشقان زاڭزۇ ۋە موڭغۇللاردا ئات بولغان بىلەن، ئۇ يەرلەردە تۇرۇۋاتقان ما بۇفاڭنىڭ بىر لىۋ ئەسكىرى ما جۇڭيىڭنىڭ ئات ئېلىشىغا قارشى چىققان، شۇنىڭ بىلەن ئۇتتۇرىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ما جۇڭيىڭ ئىلاجسىز قالغانىدى.

ياپونىيىنىڭ شۇ چاغدا جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى مانجۇ-رىيە، موڭغۇلىيە، شىنجاڭ، شىزاڭلاردا مانجۇرىيە خانلىقى، موڭغۇلىيە خانلىقى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، لامالار دۆلىتىنى قۇرۇپ، بېيجىڭدا جياڭ جيېشى ۋە ۋاڭ جىڭۋېي باش-چىلىقىدىكى جۇڭخۇا مىنگونى قۇرۇپ، مۇشۇ بەش دۆلەت بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىنى يادرو قىلغان شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ياپونىيە مۇشۇ ئىستراتېگىيە-لىك پىلان بويىچە 1931 ـ يىلى شەرقىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرنى بېسىۋالغاندا، 1911 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغان جۇڭگونىڭ ئاخىرقى پا-دىشاھى ئايسىنگورو فۇيىنى قايتا پادىشاھ قىلىپ، مانجۇرىيە دۆ-لىتىنى قۇرغانىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ شۇ چاغدا قوللانغان سىياسىتى: جۇڭگوغا خەۋپ ياپونىيىدىن ئەمەس، كوممۇنىستىك پارتىيىدىن كېلىۋاتى-دۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن «ئىچكى دۈشمەن» كومپارتىيىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاندىن كېيىن تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كېرەك. ئىچكى دۈشمەن تازىلانماي تۇرۇپ، تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇر-غىلى بولمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

بىراق 1936 ـ يىل 12 ـ ئايدا يۈز بەرگەن شىئەن ۋەقەسى

جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئارقا تېرەك قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شەرقتىكى قۇدرەتلىك دۆلەت ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىش پىلانىنى بۇزۇۋەتكەن. شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بولغان. ياپونىيە جياڭ جيېشىدىن ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، جياڭ جيېشىنى نەنجىڭدىن چۇڭچىڭغا كېتىشكە مەجبۇر قىلغان.

ما جۇڭيىڭنىڭ غەربىي شىمالنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىك خەۋىرى ياپونىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىستراتېگىيىلىك پىلانىغا ئۈمىد نۇرى بەخش ئەتكەنىدى. ياپونىيە خۇاڭ نىڭ ۋېننى، تۈركىيە كامالنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، ياپونىيە بىلەن تۈركىيە ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ شىسىنى قوللاپ، قورال ـ ياراغ ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغان، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرىشىنى قوللاپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى»گە ياپونىيىلىكلەر، تۈركىيىلىكلەر ۋە گېنېرال ما جۇڭيىڭنىڭ رەھبەرلىك قىلمايدىغانلىقى، شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان خەلق رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، ما جۇڭيىڭغا يۇقىرى ھەربىي مەنسەپ بېرىلىدىغانلىقى، ياپونىيىلىكلەر بىلەن تۈركىيىلىكلەر مەسلىھەتچىلا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى.

قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ما جۇڭيىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بېشى كۆككە يېتىپ، پۈتكۈل غەربىي شىمالغا ئۆزى يالغۇز ھۆكۈمرانلىق قىلىش خام خىيالىدا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى شەرتسىز قوبۇل قىلغانىدى. كېلىشىم بويىچە ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىنىدىغان،

ئۇرۇشتا ئېلىنىدىغان غەنىيمەتلەر بارلىق ئەسكەرلەرگە تەڭ تەقسىم قىلىنىدىغان بولغانىدى.

قومۇلدا جىن شۇرېننىڭ بىر لۇ ئەسكىرى تۇرغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ قومۇلغا بارماي، ئاۋۋال باركۆلگە بېرىپ، قازاقلاردىن ئات، ئۇيغۇر، تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، 36 ـ شىنىڭ كەم ـ كۇتىسىنى تولۇقلىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن قومۇلنى ئالماقچى بولغان. ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىشقا قومۇلدىن يولۋاسنى ئەۋەتكەنىدى.

1933 ـ يىلى ئەتىيازدا ما جۇڭيىڭ، خۇاڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەر 300 چە ئادەم بىلەن مازۇڭ تېغى ئارقىلىق باركۆلگە كەلگەن. قومۇل، باركۆل، تۇرپان باشلىقلىرىدىن خوجانىياز ھا ـ جى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت، نۇرغالى ئۈكىردايلار ئۇلارنى سېمىز تاي، قويلىرىنى سويۇپ قارشى ئالغانىدى.

كامال، خۇاڭ نىڭۋېن ئەپەندىلەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تەشۋى ـ قات ئېلىپ بېرىپ، شەرىپقان باشلىق ئالتاي، تارباغاتاي قازاق ـ لىرىغا مۇراجىئەتنامە ئەۋەتكەن. مۇراجىئەتنامىدە ياپونىيە بىلەن تۈركىيە قوللاۋاتقان ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ شىسىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى، 36 ـ شى شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈ ـ مىتى» نى قۇرماقچى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بارلىق تۈركىي قېرىنداشلار بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ، يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشقا چاقىرىلغانىدى.

كامال ئەپەندى بىلەن خۇاڭ نىڭۋېن ئەپەندىنىڭ تەشۋىقات ـ تەرغىباتلىرىنى ئاڭلىغان باركۆل قازاقلىرى ئۇلارنىڭ چاقىرى ـ قىغا ئاۋاز قوشۇپ، 200 ئات، 500 دەك قوي يىغىپ، ئايەمبەت رەھبەرلىكىدە باركۆل قازاقلىرىنىڭ بىر ئاتلىق تۇەنىنى قۇر ـ غان. ما جۇڭيىڭ تۇەنى، خوجانىيازھاجى تۇەنى، ئايەمبەت تۇەنى بىرلىكتە باركۆل ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان، باركۆل ئەسكەرلىرى مۇنچە كۆپ ئەسكەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ، ئۇ ـ

روْش قىلماي قورال ـ ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان.

باركۆل ئەسكەرلىرىدىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەر كېلىشىم بو-يىچە تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقى، ئۇلارنى ما جۇڭيىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە تارقىتىپ بەرگەنلىكى ئۇيغۇر، قازاق ئەسكەرلىرى-نىڭ تۇنجى نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ما جۇڭيىڭ باركۆل قازاقلىرىنىڭ ئالىپ جىسا دېگەن باشلىقىنى خەلقتىن سوۋغا ـ سالام يىغىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر لىيەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، تەييارلىقسىز تۇرغان يېرىدىن تۇتقۇزۇپ كەل-گەن ۋە ئۇنىڭغا «200 ئات، 500 قوي تاپشۇرساڭ، سېنى قويۇپ بېرىمىز»، دەپ شەرت قويغان. ئالىپنىڭ ئادەملىرى بۇ شەرتنى ئورۇنداپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن؛ ما جۇڭيىڭ شىمالىي تاغ ۋە قاپتىق، بەيتىك تاغلىرىدىكى قازاق باشلىقلىرىنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتكەن، ئۇلار 300 چە ئائىلە بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ ئالا-تاۋ دېگەن يېرىگە پاناھلىنىپ كەتكەن؛ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەر-لىرى مال بېقىپ، ئوتۇن يىغىپ يۈرگەن ياش قازاق ئاياللىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىشتەك ئەھۋال كۆرۈلگەن؛ تۇڭگان ئەسكەرلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرى يېڭى قۇرۇلغان قازاق تۇەنىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرىغا كەلسە ـ كەلمەس بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بوي-سۇنمىغانلارنى ئۇرغان ۋە ئېتىنى تارتىۋالغان.

خۇاڭ نىڭۈېن، كامال ئەپەندىلەر ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى بۇ زىددىيەتنىڭ ئۇلغىيىپ كەت-مەسلىكى ئۈچۈن ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىكىلەردىن بۇنىڭدىن كې-يىن يەرلىك خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆر-مەت قىلىشنى، ئۆزلىرىنى ئۇلارغا يامان كۆرسىتىپ قويىدىغان ناچار قىلىقلاردىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما ما جۇڭ-يىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرى-نى ئاقلاپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، خۇاڭ نىڭۈېن، كامال ئەپەندىلەرنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سوۋۇشقا باشلىغان.

باركۆل ئېلىنغاندىن كېيىن، ياخشى تەييارلىق كۆرۈلۈپ، قومۇلغا يۈرۈش قىلىنغان. خوجانىياز ھاجى ئالدىدا مېڭىپ، شەھەرگە ھۇجۇم باشلىغان، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ياردەمچى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنى توسۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇيغۇر ئەسكەرلەر شەھەر خەلقى بىلەن ئوبدان تونۇش بولغاچقا، شەھەرنى ئانچە كۆپ كۈچىمەيلا ئىشغال قىلدى. غان. قومۇل گازارمىسىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان 500 چە مىلتىق ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان ئەسكەرلەر ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنغان.

ما جۇڭيىڭ باركۆل، قومۇلدا تەسلىم بولغان ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋېلىپ، ئەسكەر سانىنى 700 گە يەتكۈزگەن ۋە ھەربىي شتاتىنى ئىككى تۇەن قىلىپ قۇرغاندى. خوجانىياز ھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ تۇەنلىرىنىڭ ھەربىرىدە 500 دىن ئەسكەر بار ئىدى.

ئۇلار ئاندىن كېيىن قوشۇنلارنىڭ كەم ـ كۈتىسىنى تولۇقلاپ، شەرقىي ئۇرۇش مەيدانىدىكى بازا ھېسابلانغان مورى، گۇچۇڭلارغا يۈرۈش قىلماقچى، يۈرۈش نەتىجىلىك چىقسا، كونا چىتەي بازىرىدا يىغىن ئېچىپ، ئۈرۈمچىنى قانداق ئىشغال قىلىش، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشمەكچى ۋە شېڭ شىسەينى تەسلىم قىلدۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغانىدى.

مۇشۇ ئىستراتېگىيىلىك پىلان بويىچە ما جۇڭيىڭ ئىككى تۇەن، خوجانىياز ھاجى بىر تۇەن، ئايەمبەت بىر تۇەن بولۇپ جەمئىي تۆت تۇەن ئەسكەر بىلەن مورىغا يۈرۈش قىلغان. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان مورىدىكى بىر يىڭ ئەسكەر گۇچۇڭغا قېچىپ كەتكەن. ئۇلار مورىنى ئۇرۇش قىلماي ئازاد قىلىپ، گۇچۇڭغا كەلگەن. ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭغا كىرىش ئالدىدا گۇچۇڭ بازىرىدا تۇرغان قوماندان ليۇغا خەت يېزىپ، ئۇنى قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان ۋە ناۋادا

ئۇلار ئۇرۇش قىلماي، قورال تاپشۇرسا، ئادەملىرىنىڭ ئامانلىقىدا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى، بۇرۇنقى تۇەنجاڭ، يىڭجاڭ، ليەنجاڭلارغا ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. قوماندان ليۇ جاۋاپ خېتىدە قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇشقا قوشۇلغانلىقىنى، ئەمما تەييارلىق كۆرۈشكە 48 سائەت مۆھلەت بېرىش، قورال ـ ياراقلارنى تۆڭگان قوشۇنلىرىغىلا تاپشۇرۇش، تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا كېتىشنى تەلەپ قىلغان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە رۇخسەت بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك تەلەپنى قويغان. ما جۇڭيىڭ خوجانىياز ھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوماندان ليۇنىڭ 48 سائەت مۆھلەت تەلەپ قىلغانلىقىغا قارىغاندا، مۇشۇ 48 سائەت ئىچىدە ئۇرۇمچىدىن ئۇلارغا ياردەمچى قوشۇن كېلىش ئېھتىماللىقىنى ئېيتىپ، ئۇيغۇر، قازاق ئەسكەرلىرىدىن جىمىسار، سەنتەي، ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان قوشۇنلارنىڭ ئالدىنى توسۇشنى تەلەپ قىلغان، ئۆزىنىڭ گۇچۇڭ يامۇلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، قوماندان ليۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قورال تاپشۇرۇشىنى تېزلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇ يەنە ئۇرۇمچى، سانجى، مىچۈەندە تۇرۇشلۇق تۆڭگان باشلىقلىرىغا خەت يېزىپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلار بىلەن يىغىن ئاچىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مۇشۇ كېلىشىم بويىچە خوجانىياز ھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ قوشۇنلىرى جىمىسار، سەنتەي تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى گۇچۇڭ يامۇلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھەيۋە كۆرسىتىپ، داقا ـ دۇمباق چېلىپ، يامۇل يېنىغا بارغاندا، يامۇل ئۈستىدە ئاق بايراق كۆتۈرۈلگەن. ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن تۇەنجاڭلار ۋە يەرلىك تۆڭگان ۋەكىللىرى قوماندان ليۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر ـ ئىككى سائەت سۆزلەشكەندىن كېيىن، قوماندان ليۇنىڭ ئەسكەرلىرى قورال تاپشۇرغان. تەلەپ بويىچە قوماندان ليۇ ۋە ئۇنىڭ بىر، ئىككى تۇەنجاڭىغا ئۆزلىرىنى قوغداشقىلا مىلتىق قالدۇرۇلغانىدى. قورال تاپشۇرۇلغاندىن كې-

يىن، 1000 چە قورال ـ ياراغقا كۆزى تويغان ما جۇڭيىڭ يامۇل ـ
غا كىرمەي، بارلىق ئەسكەرلەرنى گۇچۇڭغا قايتۇرغان ۋە ئۇ يەردە
ئۇرۇمچى، سانجىدىن كەلگەن تۇڭگان ئاقساقاللىرى، ئوقۇمۇشلۇق
زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە ئاددىي مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، گۇچۇڭدى ـ
كى غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەندى.

شېڭ شىسەينىڭ ئالدامچىلىقىغا ئىشىنىپ قالغان سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى باش كونسۇلى ستالىنغا يازغان
دوكلاتىدا شېڭ شىسەينى ياپونىيىدىكى ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېتتا
ئوقۇۋاتقان چاغدا ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرغان
كوممۇنىزمچى زىيالىي ئىكەن، دەپ تونۇشتۇرغان. ستالىن بۇ
تونۇشتۇرۇشقا بىنائەن، شېڭ شىسەينىڭ ھەممە تەلەپلىرىگە قو ـ
شۇلۇپ، ئۇنىڭغا ياپونىيە ئىشپىيونى ما جۇڭيىڭنى يوقىتىش
ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە شۇ چاغدا سوۋېت كومپارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان
مالىك ئەپەندىنى خوجا نىياز ھاجى بىلەن شېڭ شىسەينى ياراش ـ
تۇرۇپ قويۇشقا شىنجاڭغا ئەۋەتكەن.

گۇچۇڭدىكى قوماندان ليۇ 48 سائەت ئىچىدە ما جۇڭيىڭغا
قورال ـ ياراق تاپشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە مالىك ئەپەندىگە جىد ـ
دىي خەت يېزىپ 48 سائەت ئىچىدە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى
قۇتقۇزۇش كېرەكلىكى، ئۇنداق بولمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ما جۇڭ ـ
يىڭغا قورال ـ ياراقلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى
ئېيتقانىدى.

مالىك ئەپەندى قوماندان ليۇغا يازغان جاۋاب خېتىدە، ئۇ ـ
نىڭغا ياردەم بېرىشكە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككى تۈمەن ئەسكەر
كېلىدىغانلىقى، ناۋادا ئۇلار ئۈلگۈرەلمىسە، قورال ـ ياراقلارنى
ياپونىيە ئىشپىيونى ما جۇڭيىڭغا تاپشۇرماي، ئۆز ئادىمى خوجا
نىياز ھاجىغا تاپشۇرۇشنى ئېيتقان. ئەمما بۇ چاغدا قوماندان ليۇ
قورال ـ ياراقلىرىنى ما جۇڭيىڭغا تاپشۇرۇپ بولغانىدى.

مالىك ئەپەندى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن

خوجانىياز ھاجىغا يازغان خەتلىرىنى بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھۇ-
سەيىن باي ئېلىپ كەلگەنىدى. شىڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭ بىد-
لەن خوجانىياز ھاجىغا يازغان خېتىدە، ما جۇڭيىڭ شەرقىي
شىنجاڭغا، خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا، شېڭ شىسەي
ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان شىمالىي شىنجاڭغا مەسئۇل بولسا،
دېگەن تەكلىپ بېرىلگەنىدى.
بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھۇسەيىن باي گۇچۇڭدىكى ما جۇڭ-
يىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى ئۈتكۈزۈۋاتقان مەركىگە قاتناشقاندا
بۇ يەرگە يىغىلغان تۇڭگان زىيالىيلىرى بىلەن ئاقساقاللىرى ما
جۇڭيىڭغا، ناۋادا ئۇ شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرماقچى بولسا، ياپو-
نىيىلىكلەر ۋە تۈركىيىلىكلەردىن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئاير-
رىپ، ئۇلارنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتۇرۇۋېتىشى كېرەكلىكى،
«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنى «ئىسلام جۇم-
ھۇرىيىتى» گە ئۆزگەرتىش لازىملىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزگە قارشى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلسا، ئۇنىڭ-
دىن تۇڭگانلارغا ھېچقانداق پايدا كەلمەيدىغانلىقى، ئىسلام جۇم-
ھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىلا، تۇڭگانلار تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە
بولالايدىغانلىقىنى ئېيتقان.
شىنجاڭدىكى تۇڭگان زىيالىيلىرى بىلەن ئاقساقاللىرىنىڭ
بەرگەن مەسلىھەتى ما جۇڭيىڭدا 180 گرادۇسلۇق ئۆزگىرىش
ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمە-
تى» نى قۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، «شەرقىي
تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنى «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»
گە ئۆزگەرتىشنى لايىق تاپقان؛ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيە-
تى» قۇرۇلمايدىغان بولغاچقا، خۇاڭ نىڭۋېن ۋە كامال ئەپەندىلەر-
نى ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان؛ 36 -
شىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئاز دېگەندە 5000 دانە مىلتىق كېرەك-
لىكىنى، باشتىكى كېلىشىمدە ئېلىنغان غەنىيمەتلەر تەڭ تەق-

سىم قىلىنىدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ، مۇشۇ سان توشقىچە، ئې-لىنغان غەنىيمەتنى ھېچكىمگە بەرمەي ئۆزى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىغىن باشقا كەلگەننى كۆرىدىغان بو-لۇپ كۆڭۈلسىز ئاياغلاشقانىدى.

خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق قوشۇنلىرى مالىكنىڭ تەكلىپى بويىچە بوغدىنىڭ تېرەكلىك داۋىنى ئارقىلىق تۇرپانغا چۈشكەن. خۇاڭ نىڭۋېن ۋە كامال ئەپەندىلەر خوجانىياز ھاجىغا ئەگىشىپ تۇرپانغا بارغان، مەھمۇت شىجاڭ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالغان. ئۇلار-نىڭ ئىككىلىسىدە راتسىيە بولغاچقا، بۇ ياقتا بولۇۋاتقان ئۆزگى-رىشلەرنى ئۆز دۆلەتلىرىگە مەلۇم قىلىپ تۇرغان.

خوجانىياز ھاجى قوشۇنلىرى تۇرپانغا كەلگەندە، مالىك ئە-پەندى ئۇلارنى يېڭىدىن تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ كەلگەن بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە قارشى ئالغان. مالىك ئەپەندى ھاكىم بۇرھان شەھىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەنسۇر ئەپەن-دى، خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت تۆەنجاڭلارنى ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلغان. سۆھبەت داۋامىدا، ما جۇڭيىڭ-نىڭ ياپونىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرماقچى بولغانلىقى، بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقى، مالىك ئە-پەندىنىڭ ۋەكىلى بۇرھان شەھىدى گۇچۇڭغا بېرىپ، ما جۇڭ-يىڭغا ئۇنىڭ قولىدىكى ياپونىيە بىلەن تۈركىيە ئەۋەتكەن خۇاڭ نىڭۋېن بىلەن كامالنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ھازىر قوشۇندا بۇ ئادەملەر يوق دەپ يالغان ئېيتىپ، تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ ئىككى خەلقئارا ئىشپىيوننى تۇتۇش مەقسىتىدە ئىككى تۈەن قىزىل ئارمىيىنى ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلماقچى بولۇۋاتقان-لىقى ئېيتىلغان. شۇنىڭدەك، خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭغا قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى توپىلاڭنى باستۇرۇپ،

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغا-نىدى. خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ دەرھال قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ۋەدە بەرگەن ۋە ئارد-دىن كۆپ ئۆتمەي سەپەرگە ئاتلانغان. مالىك ئەپەندى ئۇرۇمچىگە قايتقان، ئايەمبەت خوجانىياز ھاجىدىن رۇخسەت ئېلىپ باركۆلگە كەتكەن، بۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن يولۋاسمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قومۇلغا قايتقان.

ما جۇڭيىڭ خوجانىياز ھاجى، ئايەمبەتلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گۇچۇڭدا غەنىيمەت ئالغان 1000 چە مىلتىق بىلەن گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، سانجىلاردىكى تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. بۇ چاغدا مالىك ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدۇرغان ئىككى ئاتلىق تۈەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇمچىدىن داۋانچىڭغا چېكىندۈرگەنىدى. ئۇلار-نى قوغلاپ ماڭغان سوۋېت قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى يەردىن زەمبىرەك بىلەن ئېتىپ، ئاسماندىن بومبا تاشلىغان. لىيۇ بىن باشچىلىقىدىكى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قوغلىغان. ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىر تەرەپتىن قىرىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، سانى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھېچقانداق ھەربىي ئىستراتېگىيە، ئۇرۇش تاكتىكىسىدىن خەۋىرى بولمىغان قارا تۇرۇك ما جۇڭيىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنى قوللىغان ياپونىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ قوللى-شىدىن، ئۆزىگە كۈچلۈك مەدەت بەرگەن ئۇيغۇر، قازاق سەپداش-لىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. قەشقەرگە بارغان خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ ما جۇڭيىڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە قىلغان ياۋۇزلۇقلىرى ۋە شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن خەلققە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئۆزى بارغانلىكى جايدا خەلققە تەشۋىق قىلىپ ماڭغاچقا، ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان خەلق ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ، ئورمانلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئۇلارغا بىر

تالمۇ دان قالدۇرمىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ما جۇڭ-يىڭ ئىگىسىز قالغان يېزا - كەنتلەرگە ئوت قويۇۋەتكەن.
كۆپتىن ئايرىلىپ گۇمران بولۇشقا كۆزى يەتكەن ما جۇڭ-يىڭ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ 120 ئادىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇش تەلىپىنى قويغان. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ئۇنىڭ 20 ئادەم بىلەن بېرىشىغا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ 1000 چە ئادىمىدىن قالغان 400 چە ئادىمىنى جىيەنى ماخۇسەنگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى 20 ئادىمى بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ ئەركەشتام دېگەن يېرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇلار باشتا موسكۋا يېنىدىكى بىر ھەربىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ گازارمىنىڭ ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا كۆزەتچى ئەسكەر قويۇلغان. شۇڭا بۇ گازارمىدىكى ئادەملەر كوچىلارغا ئىختىيارچە چىقالمىغان، ئەركىن يۈرەلمىگەن. ما جۇڭيىڭ ئۇ يەرگە خۇددى جىياڭ جيېشى ئۆزىنى قوبۇل قىلغانغا ئوخشاش، ستالىنمۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا ستالىنغا كۆڭلىدىكى ھەممە مەقسىتىنى يۈز تۇرانە يەتكۈزگىلى بولىدۇ، دېگەن تامادا بارغان. ئەمما ك گ ب نىڭ نازارىتى ئاستىدىكى ئېگىز تاملىق گازارمىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ خام خىيالى يوققا چىققان. ئۇ قايتا - قايتا ئەرز يېزىپ، دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغان.
ئارىدىن ئىككى - ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مالىك ئەپەندى ما جۇڭيىڭنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ما جۇڭيىڭنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ھىمالايانىڭ كۆچلۈك يولۋسىنى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىدە ئەمەس، بەل-كى ياۋا ئاتنى كۆندۈرۈش پوزىتسىيىسىدە بولغان ھەمدە ئۇنىڭ ياپونىيە ۋە تۈركىيە ئىشپىيونلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆ-

كومىتى» قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىقماقچى بولغان‌لىقىنى يوزىگە سالغان. ئۇ بۇ سۆزلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇمچىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ، ياپونىيە ۋە تۈركىيە ئىشپىيونلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يوشۇرۇپ قويغانلىقى، قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بولسا، سابىت داموللا، خوجانىياز ھاجىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشكارا قارشى چىققانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاندىن بىر تۈەن ئەسكەر كىرگۈزۈپ، سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، خواڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەرنىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاساس قىلغاندى. مالىك ئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىدا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھېچقانداق ھاجىتى يوقلۇقى، ئۇنىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاجىتى چۈشۈۋاتقانلىقى، ئۇلار ئەۋەتكەن ۋەكىل يېقىندا بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقى، شۇ ۋەكىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشى كېرەكلىكى، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىسا، مەملىكىتىگە قايتالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

ما جۇڭيىڭ روسچە بىلمىگەچكە، بىر خەنزۇ مۇئەللىم كېلىپ، 20 كىشىلىك كۇرس ئېچىپ، ئۇلارغا خەنزۇچە دەرس ئۆتكەن. دەرسنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەۋەتكەن ۋاڭ فامىلىلىك مۇئەللىم ئۆتكەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ما جۇڭيىڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە فېڭ يۇشياڭ بىلەن مابۇفاڭغا قارشى ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن ئالاھىدە قەھرىمانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۇرس ئاياغلاشقاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلسا، يەنئەنگە ئېلىپ كېتىپ،

8 ـ ئارمىيە سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتمەكچى بولغان ۋە شۇ مەقسەتتە كىرىمىلغا خەت يازغان، كىرىمىل بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ كۆرۈشىنى ئېيتقان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەينى ـ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، سۆھبەتتە ئۇ خوتەندىكى قوشۇنلىرىنى يەنئەنگە يۆتكىسە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنىڭ 36 ـ شىسىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ شىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ما جۇڭيىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ كاتىپى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىككى ۋەكىلى قاتارلىق بەش ئادەمنى ئۇچتۇرپان ئارقىلىق خوتەنگە ئەۋەتكەن. ئۇلار خوتەنگە كېلىپ، ماخۇسەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ما جۇڭيىڭنىڭ خېتىنى تاپشۇرغان. خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىپ كۆرستا ئوقۇۋاتىدىن بېرى، بۇرۇنقى قارىغۇلارچە قىلغان قىلمىشلىرىمنىڭ جۇڭگو خەلقى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۈچ يىللىق ئوقۇش نەتىجىسىدە تېزدىن قايتىپ بېرىپ، شۇ جىنايەتلىرىمنى يۇيۇپ، ئۆزۈمنى ئاقلاشنى چىن قەلبىمدىن ئارمان قىلىپ كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەربىي شىمالنىڭ بىپايان دالاسىدا ئەركىن يايراپ يۈرگەن كۈنلىرىمنى قاتتىق سېغىندىم.

شۇڭلاشقا بۇ ئېگىز تام بىلەن قورشالغان گازارمىدا سارغىيىپ ياتقاندىن كۆرە ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرلىك سېپىگە قاتنىشىپ، ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىمنى يۇيۇپ، ئۆزۈمنى ئاقلاشنى لايىق كۆردۈم.

قەدىرلىك جان كۆيەر جىيەنىم خۇسەن، مېنى سېغىنغان بولساڭ، مېنىڭ ۋەتىنىمگە قايتىپ بېرىپ، جۇڭگو خەلقى ئال-

ىدىدا ئۆزۈمنى ئاقلىشمنى خالىساڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پار -
تىيىسى بىلەن تۇزگەن كېلىشىمگە ھۆرمەت قىلىپ، قوشۇنۇڭنى
باشلاپ دەرھال ئالدىنقى سەپكە بار! مەن سېنىڭ بىلەن ئالدىنقى
سەپتە كۆرۈشىدىغان بولاي، سىلەر ئالدىنقى سەپكە بارساڭلار،
〈ئاداشقاننىڭ ئەيىبى يوق، قايتىپ ئۆز توپىنى تاپسا〉 دەپ
مەنمۇ بارسام، ھەممىمىز تىرىك بولساق بىر دۆڭدە، ئۆلسەك بىر
ئازگالدا بولارمىز. مەن بۇرۇنقىدەك 36 ـ شىنىڭ شىجاڭى بولى-
مەن، ئەگەر سەن قوشۇنۇڭنى ئالدىنقى سەپكە يۆتكىمىسەڭ، مې-
نىڭ ۋەتەنگە قايتىپ بېرىشىمدىن زادى ئۈمىد يوقلۇقىنى ئالا-
ھىدە ئەسكەرتىپ قوياي.
خۇسەن، مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ـ قايتماسلىقىم سېنىڭ
قوشۇنۇڭنى باشلاپ ئالدىنقى سەپكە بېرىش ـ بارماسلىقىڭغا
باغلىق. گېپىمگە كىرىپ ئالدىنقى سەپكە بار! مېنى قۇتقۇزۇپ
قالغىن!»
ما خۇسەن تاغىسى ما جۇڭيىڭنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدى-
غانلىقى، بىراق كۇزلۇك يىغىمدىن كېيىن بارىدىغانلىقىنى ئېيى-
تىپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۈچ يىلدىن بېرى خوتەندە
خەلقتىن بۇلاپ ئالغان 40 قېچىرغا يۈك بولغۇدەك ئالتۇن ـ
كۈمۈش بۇيۇملىرى بىلەن ئالدىنقى سەپكە بارماي، ئەسكەرلىرىنى
تارقىتىۋېتىپ، ئاز ساندىكى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ئۆز يۇرتىغا
كەتمەكچى بولغان. ئۇ مۇشۇ پىلانى بويىچە قولىدىكى 400 چە
ئەسكەرنىڭ 350 نى تارقىتىۋېتىپ، قالغان 50 چە ئادەمنى ئۆ-
زى بىلەن 40 قېچىرنى قوغداپ مېڭىشقا ئېلىپ قېلىپ، بىر
كېچىدىلا غىپپىدە تىكىۋەتكەن، قولىدىكى قورال ـ ياراقلىرىنى
يەرلىك تۇڭگان، خەنزۇلارغا سېتىپ بەرگەن.
40 قېچىر يۈكى بار ما خۇسەن نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن
كەشمىر چېگرىسىغا بارغاندا، چېگرىدىكى ئەسكەرلەر قورال ـ
ياراغلىرى بىلەن 40 قېچىردىكى مال ـ دۇنيانى پۈتۈنلەي مۇسا-

دىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى قويۇپ بەرگەن. زورلۇق بىلەن قولغا كەلگەن خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى خورلۇق بىلەن تالىنىپ، چېگ-رىدىكى ئەسكەرلەرگە يەم بولغان.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشتىكى شىر يۈرەكلىكىدىن پايدىلانماق-چى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنىڭ خوتەندىكى ئەسكەرلىرىنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۇنى ئىككىن-چىلەپ ئېغىزغا ئالمايدىغان بولغان.

1941 ـ يىلى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى باشلانغاندا، ستالىن ما جۇڭيىڭنى گۇمانلىق ئادەملەر قاتارىدا ئارقا سەپ بولغان قازاقىستانغا يۆتكىگەنىدى. ئۇ ئالمۇتا ئەتراپىدىكى بىر ھەربىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ھەممە ئادەم ئالدىنقى سەپكە ئەسكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش ھەلەكچىلىكى-دە بولۇپ كەتكەچكە، ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈل-مىگەن، گۆش، ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش توختىتىلغان، ئۇ باشقىلار قاتارىدا قارا ئاشلىق ۋە تەمسىز سۇيۇق ـ سەلەڭ تا-ماقلار بىلەن تەمىنلەنگەنىدى. قارا ئاشلىقمۇ ۋاقتىدا تەمىنلەپ بېرىلمىگەچكە، 20 ئەسكەرنىڭ ئونچىسى قېچىپ كەتكەنىدى. قالغان ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىدىن زارلىنىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ قولىقىنى تىنچىتمىغان.

نەتىجىدە، ما جۇڭيىڭ قالغان ئونچە ئادىمى بىلەن بىر كې-چىدە جۇڭگوغا قېچىپ كېتىشكە بەل باغلىغان. ئۇ يول باشلاشقا يەرلىك تۇڭگانلاردىن يول باشلىغۇچى ئىزدىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى كۆز ـ قۇلاقلار ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈلگەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنى دەرھال قولغا ئېلىپ، كۆزدىن يوقاتقان.

بۇ ۋەقە 1941 ـ يىل كۈز ئايلىرىدا ئالمۇتا شەھىرى ئەترا-پىدا بولغان.

ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان ئەھۋالى، ما-
لىك ئەپەندى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە-
كىللىرى لى شيەننيەن، چېن يۈنلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن-
لىك ئەھۋالى 80 - يىللاردا ئېلىمىزنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىغا
بېسىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېزىتلىرىگە ما جۇڭيىڭ
ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر بېسىلمىغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدى-
كى خەۋەر شۇلارنىڭ ئىچىدىن قېچىپ چىققان ئادەملەر ئارقىلىق
ئالمۇتادا تارقالغان.

# قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ۋاپاتى

## سېيىت ياسىن

ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ جانكۆيەرى، ئۇيغۇر سەھنە تىياتىرچىلىقىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد يېتەكچىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ۋاپاتىغا بۇ يىل توپتوغرا 45 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان بىباھا تۆھپىسى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونتىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئاقسۇغا ئەسكەر تارتىپ باي ۋە ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا قوشقان تۆھپىلىرى كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

مەن 1955 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق مەھكىمىدە ۋە 1956 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومدا ئالىي مۇلازىمەتچىلىك خىزمىتىنى قىلغانىدىم. بۇ جەرياندا ھەر كۈنى دېگۈدەك قاسىمجان قەمبىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. ئىشخانىلارنى تازىلاش ۋە يىغىنلاردا چاي قۇيۇش جەريانىدا مەرھۇمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە قىممەتلىك تەربىيىسىنى ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ تۇراتتىم. مەرھۇمنىڭ شۇ چاغدىكى ھەر دائىم ئىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى، ئۇمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان قەيسەر روھى تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. مىڭ ئەپسۇسكى، بۇ سۆيۈملۈك ئىنسان 1956 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋېتىپ، 46 يېشىدا بىز بىلەن مەڭگۈگە خوشلاشتى.

مەرھۇمنىڭ كېسەل بولۇش ۋە داۋالىنىش جەريانى

مەرھۇم قەددى ـ قامەتى كېلىشكەن، بۇغداي ئۆڭ، دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، ئۇستى ـ بېشىغا كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، پاكىز، رەتلىك يۈرىدىغان پەزىلەتلىك كىشى ئىدى. چىرايىدىن ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەيتتى. 1956 ـ يىلى قىشتا ئۇشتۇمتۇت يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، سىرتقا تولا چىقماي، ئىشخانىسىنىڭ ئايرىم بۆلمىسىدە ئارام ئالىدىغان، تاماقنى مۇدىر ئاشخانىسىدىن ئايرىم ئەتكۈزۈپ يەيدىغان بولدى. مەرھۇمنىڭ ئىشخانا خىزمەتچىسى نۇرئەلاخان تاماق ۋە چاي يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. كېسەل سەۋەبىدىن شۇ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن چاغانلىق چاي زىياپىتىگىمۇ قاتنىشالمىدى. ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ قالدى. سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ 3 ـ شۇجىسى چى گو، مەھكىمە مۇدىرى مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف قاتارلىقلار پات ـ پات يوقلاپ تۇردى ھەمدە جىددىي داۋالاشنى ئورۇنلاشتۇردى. قەشقەر 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى خەن دوختۇر، داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى دوختۇرلاردىن ئابدۇرېشىت قارى ھاجى، سابىق مىللىي ئارمىيە 13 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ ئاتاقلىق دوختۇرى خاسىنوف ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ دوختۇرلىرى مەرھۇمنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا مەسئۇل بولدى. بولۇپمۇ دوختۇر خاسىنوف ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. مەرھۇمنىڭ رەپىقىسى خالىدە خانىم كېچە ـ كۈندۈز يېنىدا تۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. شۇنداقتىمۇ مەرھۇمنىڭ يۈرىكى ئۇزۇن يىللىق جاپالىق كۈرەش ۋە تۈرمىلەردىكى دەھشەتلىك قىيناشلار تۈپەيلىدىن ئېغىر زەخمىلەنگەچكە، ياخشىلىنىش تۇگۇل كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشقىلى تۇردى. تېنىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. دوختۇر خاسىنوف قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىمارنىڭ يۈرەك قىسمىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەخىملىنىپ، نەپەسلىنىشنىڭ تولالغۇغا

ئۆچراۋاتقانلىقىنى، شۇڭا كىسلارود بىلەن نەپەسلەندۈرۈش كې-
رەكلىكى ھەمدە يۇقىرىدىن يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىس-
لىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئورتاق دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش
زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئەينى چاغدا قەشقەردە زاپاس كىسلارود بولمىغاچقا، ئەھۋال
ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلىندى. تۆت كۈندىن كېيىن، خوجىلىق باش-
قارما باشلىقى ھەسەن مەسۇم بىلەن ئىشخانا مۇدىرى ھاجى نۇر
ھاجى بىزنى ئېلىپ ئايرودرومغا چىقتى. ئايروپىلاندىن بىر رۇس
ئايال مۇتەخەسسىس ۋە ئىككى خەنزۇ مۇتەخەسسىس چۈشتى.
رۇس ئايال ئالمۇتىدىن بىر تۇڭ كىسلارود ئالغاچ كەلگەنىكەن.
ماشىنىدا مەمۇرىي مەھكىمىگە ئېلىپ كەلدۇق. ئۇلار كېسەلنى
قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق قويۇلغان دىئاگنوز ۋە تەكشۈ-
رۈشنىڭ توغرا بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇلار كېسەلنى
كىسلارود بىلەن نەپەسلەندۈرۈپ، ئەڭ ياخشى دورا، ئوكۇللارنى
ئىشلىتىپ ئەستايىدىللىق بىلەن داۋالىدى. بىر نەچچە كۈندىن
كېيىن، قاسىمجان قەمبىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلىنى-
نىپ، سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلالايدىغان بولدى. ھېلىقى رۇس
ئايال: «بۇ كېسەل ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى، كۆپرەك ئارام
ئالسۇن، ئالدىراپ خىزمەتكە چۈشمىسۇن، تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى
قاندۇرۇڭلار، كەيپىياتى خۇشال تۇرسۇن، تامىقى ۋاقتىدا ۋە تەر-
تىپلىك بولسۇن»، دېگەنلەرنى تاپىلاپ قايتىپ كەتتى.

قاسىمجان قەمبىرىمۇ مەمنۇن بولۇپ: «ھەقىقەتەن ئۇستا
دوختۇرلار ئىكەن، ئۇلار داۋالىغاندىن كېيىن ئاغرىق قويۇپ بەر-
دى، ئۆزۈممۇ ئوبدانلا يەڭگىللەپ قالدىم، تالا ـ تۈزگىمۇ چى-
قالايدىغان بولدۇم»، دەپ خېلى روھلىنىپ قالدى. ئەمما بۇنداق
ياخشىلىنىش ئۇزاققا بارمىدى. بۇ ۋاقىتلىق ياخشىلىنىشنىڭ
شۇم ئەجەلنىڭ سىگنالى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىل-
مىغان ئىكەنمىز.

**قاسىمجان قەمبىرى كۆز يۇمغان قايغۇلۇق دەقىقىلەر**

1956 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاخشىمى مەرھۇمغا نۆۋەتچى دوختۇر خاسىنوف، مەمۇرىي مەھكىمە ئىسلاھات باشقار ـ مىسىنىڭ باشلىقى ياقۇپ ھاجىلار ھەمراھ بولۇپ ياتقانىدى. خىزمەتچى ئابلىز توخسۇن، شوپۇر سىيىت ھەسەنلەر سىرتتا نۆ ـ ۋەتچىلىك قىلىشۋاتاتتى. قاسىمجان قەمبىرى شۇ كېچىسى بىئارام بولۇپ تۇرۇك ئۇخلىمىغانىدى. مەرھۇم سەھەردە ئازراق چاي ئىچكەندىن كېيىن، خاسىنوف ۋە ياقۇپ ھاجىلار مەرھۇمنىڭ دەم ئېلىشىغا تەسىر يەتمىسۇن دەپ سىرتقا چىقىپ تۇرغانىدى. ياقۇپ ھاجىنىڭ خىزمەتچىسى ئابلىمىت ئاكا مەرھۇمغا چاي ئېلىپ كىرگەندە مەرھۇم ئۇستەل ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىد ـ كەن، ئابلىمىت ئاكا مەرھۇمنىڭ شوپۇرى سىيىت ھەسەننى ياقۇپ ھاجىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىۋېتىپ، قايتا ئىشخانىغا كىر ـ گەندە مەرھۇم ئىككى بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇستەل ئالدىدا يېتىپ قالغانىكەن. كۆزى يۇمۇلۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئېقىۋاتقا ـ نىكەن. ئابلىمىت ئاكا دەرھال دوختۇرنى چاقىرىپ كىرىدۇ ھەم ـ دە ئەھۋالنى ھاجى نۇر ھاجىغا خەۋەر قىلىدۇ.

ياقۇپ ھاجى، ھەسەن مەسئۇملار كىرگەندە دوختۇرلار مەر ـ ھۇمنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ تەكشۈرۈۋاتاتتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۈرەكنىڭ سىيلىشتىن توختىغانلىقى مەلۇم بولدى. غەم ـ ئەندى ـ شىدە تۇرغانلار كۆز ۋە قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدۇق. قاتتىق يىغا ـ زارە ۋە دات ـ پەريات باشلىنىپ كەتتى. مەرھۇمنىڭ بى ـ مەزگىل ۋاپات بولۇشى قەلبىمىزنى قاتتىق ئۆرتىگەچكە ئۆزد ـ مىزنى تۇتالماي يىغا ـ زارە قىلىشتۇق. مەرھۇمنىڭ كۆز يۇمغان ۋاقتى 1956 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سەھەر سائەت يەتتە ئىدى. ھايال ئۆتمەي مەرھۇمنىڭ ئايالى خالىدە خانىم، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى سەلىمە تالىپ، شەرىپە خانىم، ھەسەن مەسئۇم ۋە ئۇنىڭ ئايالى رۇقىيەلەر يېتىپ كەلدى. ئادەمنىڭ يۇ ـ رەك ـ باغرىنى ئېزىدىغان يىغا ـ زارە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈ ـ رۈلدى.

ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە مەمۇرىي مەھكىمە ھويلىسىدىن قەشقەر سەھرالىرىـ غىچە تارقالدى. ھەسەن مەسۇم ۋە ھاجى نۇر ھاجىلار بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيە مەسئۇللىرىدىن مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف، تيەن جۇڭ، خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوف، گوپېڭ، چى گولارغا يەتكۈزدى. ئۇلار دەرھال يېتىپ كېلىپ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

مۇدىر مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف باشچىلىقىدا يۇقىرىقى كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن دەپنە قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

قايغۇلۇق خەۋەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈـ مىتى، ھەربىي رايون، 5 ـ كورپۇس (سابىق مىللىي ئارمىيە) شتابى، 5 ـ كورپۇسنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە تۇرۇشلۇق دىۋىـ زىيە ۋە پولكلىرى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇـ رۇشلۇق كونسۇلى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىغا، ئالمۇتا ۋە تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر ئانسامبىلى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئوـ رۇنلارغا خەۋەر قىلىندى.

يۇكسەك ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئاخىرەتكە ئۇزىتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىندى.

قەشقەر ئاپاق خوجا مازىرى يېنىدىكى ئۇجمىلىك باغ مەرـ ھۇمغا ئاخىرەتلىك جاي قىلىپ تاللاندى.

ھەسەن مەسۇم مەرھۇمنىڭ شوپۇرى سېيىت ھەسەننى ئاـ تۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدىكى تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلىشقا ھەمدە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى، ئاتاقلىق ئۆلىما ئابدۇرېشىت ئەـ لەمنى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشكە چاقىرىشقا ئەۋەتتى. قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇرېشىت ئەلەممۇ دەرھاللا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مەرھۇم ياتقان مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ

ئىچى ـ تېشى ھازىدارلار ۋە مەرھۇمنىڭ دوست ـ يارەنلىرى بىد ـ لەن لىق تولغان بولۇپ، ئەتراپنى قاتتىق يىغا ـ زارە قاپلىغاند ـ دى. ئابدۇرېشىت ئەلەمنىڭ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇشى ۋە نەسىھەت قىلىشى بىلەن يىغا ـ زارە سەل پەسىيىپ، مېيىت مەھكىمە ئىشخانىسىدىن شامالباغدىكى ئائىلىسىگە يۆتكەلدى.

ئاخىرەتلىك ئىشلار تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى، كونكرېت ئىشلارغا خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوف، ھەسەن مەسۇم، ھاجى نۇر ھاجىلار مەسئۇل بولدى. مۇسىبەت باغاقلىرى تەييارلىنىپ ئىدا ـ رە ـ ئورگان، مەكتەپ ۋە مەسچىتلەرگە تارقىتىلدى.

رەھبەرلەر ۋە كېلىدىغان ۋەكىللەرگە مەخسۇس ھازىدارلىق كىيىمى تەييارلاندى. بىر قىسىم ئۇزۇن تون ۋە بەقەسەم تونلار سەنئەت ئۆمىكىدىن ئارىيەت ئېلىندى. مەرھۇمنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى چوڭايتىلدى. ئىستىقامەت ئۈچۈن ناۋايخانىلارغا نان بۇيرۇتۇلدى. شۇ كېچىسى قەشقەر شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەك ـ تەپلەرمۇ مەرھۇمنىڭ سۈرىتىنى چوڭايتىپ نامازغا ئېلىپ چىد ـ قىشقا تەييارلاندى. لوزۇنكىلار ئېسىلدى. قەشقەر شەھىرى چوڭ ـ قۇر قايغۇ ۋە ماتەمگە چۆمدى. شۇ كۈنى كەچتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسى ۋە ئاپتو ـ نوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن ئابدۇللا زاكىروف ۋە ئىبراھىم تۇردىلار باشچىلىقىدىكى تەزىيە ئۆمىكد ـ نىڭ 4 ـ چىسلا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش يېتىپ كەلدى.

1956 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەرھۇمنىڭ باغدىكى ھويلىسى ھازىدار رەھبەرلەر، جامائەت ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىد ـ لەن لىق تولغان بولۇپ، ھەسرەتلىك يىغا ـ زارە ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. بولۇپمۇ 5 ـ كورپۇس 13 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن ھەربىي فورما ـ سېرىق ھەربىي پەلتو ئۇستىگە ئاق باغلىغان كوماندىرلىرى «ياش كەتكەن قوماندان، دۈشمەن ئالال ـ مىغان جېنىڭنى ئەزرائىل ئالدىمۇ قوماندان...» دېگەندەك مەر ـ

سىيلەرنى ئوقۇغىنىچە رەتلىك، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كىرىپ مەرھۇمنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ يىغلاشتى. 13 ـ دېۋىزىيە قەشقەر 37 ـ پولكىنىڭ جەڭچىلىرى قارىلىق باغلاپ، چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىدا سەپتە تۇردى. ھازىدارلار، رەھبەرلەر ۋە ناماز ئەھلى مەرھۇمنىڭ دىدارى بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىپ رازىلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت ئەلەمنىڭ دۇئا ـ تەكبىرى بىلەن سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ سەككىز جەڭچىسى بىر كوماندىرنىڭ قوماندانلىقىدا تاۋۇتنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىدىكى قەشقەر تىياتىر سەھنىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. چۈنكى نامازغا قاتنىشىشقا كەلگەن ئادەم ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغاچقا، جامەگە سىغمايتتى. مېيىت نامىزىغا تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ داخىل بولۇشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ناماز مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا چۈشۈرۈلىدىغان بولدى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. ھېيتگاھ مەيدانى ۋە ئەتراپتىكى يوللار نامازخانلار بىلەن تولغانىدى.

**ھەيۋەتلىك ماتەم مۇراسىمى**

مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەيدانىدا ھەيۋەتلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. سەھنە مەركىزىگە مەرھۇمنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىلغان ئىدى. مەيدانغا يىغىلغان ئادەم دولقۇنى، بولۇپمۇ 37 ـ پولكنىڭ كوماندىر، جەڭچىلىرى ھازىدارلىق كىيىملىرىنى كىيىپ قاتتىق سۈكۈتتە تۇردى. بىراق، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ئايروپىلان ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەچكە، بىر ئاز تەخىر قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇ ئارىلىقتا مەكتەپ باللىرى «قاسىمجان قەمبىرى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات، مائارىپىنىڭ پېشىۋاسى، سەنئەتكارلارنىڭ ئۇستازى قاسىمجان ياتقان جايى گۈل بولغاي، ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي...»، دېگەنلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئەھلى جامائەتنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە، ئابدۇللا زاكىروف باش-چىلىقىدىكى تەزىيە ئۆمىكى ھازىدارلىق كىيىملىرى بىلەن ئۆك-سۈپ يىغلىغان پېتى مۇراسىم مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ماتەم مۇراسىمى باشلاندى. مۇراسىمغا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق مە-مۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوف رى-ياسەتچىلىك قىلدى. ئابدۇللا زاكىروف، ئىبراھىم تۇردى، جەنۇ-بىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەر-لىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ ۋە 5 ـ كورپۇس (سا-بىق مىللىي ئارمىيە) لىرى ھەمدە 13 ـ دىۋىزىيىنىڭ رەھبەر-لىرىدىن بولۇپ چى گو، گوپېڭ، زوچى، تيەن جۇڭ، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى قاتارلىقلار تەزىيە سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. مۇھەم-مەت ئىمىن ئىمىنوف تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ مەرھۇمنىڭ كۆرەش، ئىنقىلاب، ئىجادىيەت ئىچىدە ئۆتكەن قىسقا ھەم ئەھمىيەتلىك ھايات مۇساپىسىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا يۇقىرى باھا بەردى.

ئارقىدىن ئابدۇللا زاكىروف تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ مەرھۇم بىلەن غۇلجىدا كۆرۈشكەندىن بېرى قايتا كۆرۈشەلمە-گەنلىكى، مەرھۇمغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈ-مىتى نامىدىن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدىغانلىقى، مەرھۇمنىڭ ئا-ئىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كەلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى ئوقۇپ ئۆ-تۈلدى. تېلېگراممىلار ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، 5 ـ كورپۇس شتابى، 5 ـ كورپۇس (سابىق مىللىي ئارمىيە) نىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە تۇرۇشلۇق پولكلىرى، بېيجىڭدىن بۇرھان شەھىدى، سابىق سو-ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجىلاردا تۇرۇشلۇق كونسۇلخا-نىلىرى قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تېلېگراممىلىرى بار ئىدى.

ماتەم مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەخسۇس تىكتىۇ-رۇلگەن كۆك يوپۇق يېپىلغان تاۋۇتنى 5 - كورپۇسنىڭ سەككىز ئەسكىرى قىلىچنى تىك كۆتۈرگەن كوماندىرنىڭ قوماندانلىقىدا ئاستا كۆتۈرۈپ يەرلىككە قاراپ ماڭدى. تاۋۇت ئالدىدا سابىق مىللىي ئارمىيە 13 - دىۋىزىيىسىنىڭ بەل - بويۇنلىرىغا ئال-تۇندەك پارقىراپ تۇرغان مىژگان ئاسقان 40 جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ھەربىي ئوركېستىر رەت - رەت تىزىلىپ ھەيۋەتلىك ماتەم مۇزىكىسى ئىجرا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تاۋۇتنىڭ ئەتراپىدا قوراللىق جەڭچىلەر مىلتىقلىرىنى ئوڭ قولىدا يەردىن سەل - پەل ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ماس قەدەم بىلەن ماڭاتتى. تاۋۇت كەينىدىن رەھبەرلەر ۋە ھازىدارلار كۆز يېشى قىلىپ ماڭاتتى. سان - ساناقسىز ئادەم دولقۇنى تاۋۇت كەينىدىن ھەزرەت يولىغا ئاقماقتا ئىدى. تاۋۇتنىڭ ئالدى ۋە كەينىگە 20 مېتىر ئۇزۇنلۇق-تا ئاق پاڭچو تۇتماق بەلبېغى تارتىلغان بولۇپ، بىر ئۇچى تاۋۇت-تا، يەنە بىر ئۇچى جامائەتتە ئىدى. جامائەت نۆۋەت بىلەن تۇت-ماقنى تۇتۇپ مەرھۇم بىلەن ۋىدالىشاتتى. تاۋۇتنى ئۇزىتىش سە-پىرى خۇددى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئاياللار ۋە ئۇششاق با-لىلارمۇ ئىشىك ئالدى، ئۆگزە ۋە دەرەخ باشلىرىغا چىقىپ ماتەم-گە جور بولۇشاتتى. بولۇپمۇ ھەربىي ئوركېستىرنىڭ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق ماتەم كۈيى كىشىلەرنى ئىختىيارسىز يىغىغا سالاتتى.

ھازىدارلار قوشۇنى تۆشۈك دەرۋازىدىن ئۆتكەندە، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى مەرھۇمنىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ، يىغا - زارە بىلەن توپقا قوشۇلدى. ئور-كېستىرنىڭ بىردەم ماتەم مۇزىكىسى، بىردەم مىللىي ئارمىيە-نىڭ جەڭ مارشى مۇزىكىسىنى ئورۇندىشى كىشىلەر قەلبىنى تېخىمۇ لەرزىگە سالاتتى. مەرھۇمغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پۈتكۈل خەلق، ھەتتا ياشانغان رەھبەرلەر، ئاۋام ۋە ئۇششاق باللارمۇ تۆت كىلومېتىردەك كاتاڭ، توپىلىق

يولنى پىيادە بېسىپ قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. قوشۇن ئاپاق خوجا مازىرىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان ئاۋات، بەشكېرەم ۋە قورغان تەرەپتىن كەلگەن جامائەتمۇ سەپكە قوشۇلۇپ كەتكەچكە، تاھارەت ئېلىشقا شەربەت كۆلىدىن سۇ ئېلىشمۇ تەس-لىشىپ، قىستا ـ قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى.

مەرھۇمنىڭ جەسىدى ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۇجمىلىك باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى پاك زېمىنغا دەپنە قىلىن-نىپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇلدى. تۇپراق بېشىدا ئۈچ كېچە ـ كۈن-دۈز دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىندى. سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر بەن ئەسكىرى تۇپراق بېشىدا 15 كۈن نۆۋەت بىلەن سۈكۈتتە تۇ-رۇپ قوغدىدى.

مەرھۇم دەپنە قىلىنغان بۇ جاي ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار قەبرىستانلىقىغا ئايلاندى.

**دەپنىدىن كېيىنكى ئىشلار**

مەرھۇم يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىنكى ئىشلار پۈتۈنلەي ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. تۇپراق بېشىدا خەتمە قۇرئان ئوقۇلۇپ، چوڭ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلدى.

مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى بارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەر ئۈچ كۈن توختىتىلدى، كىنو ـ تىياتىر قو-يۇلمىدى.

جاي ـ جايلاردىن كەلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى مەرھۇم-نىڭ شانلىق مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ خاتىرىسى سۈ-پىتىدە «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» (ھازىرقى «قەشقەر گېزىتى») دە كەڭ كۆلەمدە ئېلان قىلىندى.

## مىللەتلەرنىڭ غەمگۇزارى ــ ئەخمەتجان قاسىمى

### تاھىر تاشباييۋ

خەلقىمىزگە تونۇش بولغان ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا نەزەرىيىۋى، ئىدىيىۋى، سىياسىي جەھەتتىن ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بويىچە رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ئورتاق گۈللىنىشى ۋە بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن تىگىشلىك ھەسسە قوشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى «شىنجاڭدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ۋە دوستلۇقى خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ۋە كاپالىتى» دەپ قارىغان ھەمدە ھەقىقىي خەلقچىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلغان. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ غېمىنى تەڭ يەپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشتەك ئالىيجاناب روھىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى 1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۆچەك شەھىرىدىكى قەشقەر مەسچىتىگە ئامما بىلەن بىرلىكتە جۈمە نامىزىغا كىرىدۇ. ئادەتتە باشقا مەسچىتلەردە ناماز ئۆتەيدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قەشقەر

مەسچىتىگە يىغىلىدۇ، ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەخ-مەتجان قاسىمى ئورنىدىن تۇرۇپ ئاممىغا سالام بەرگەندىن كې-يىن قىسقا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ سۆزىدە: «ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنى بەختىيار ھاياتقا، قالغان يەتتە ۋىلايەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزنى پارلاق كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن خەلقىمىزنى يەنىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇرۇشىمىز، بىرلىك ــ ئىتتىپاقلىقنى، مىللىي دوست-لۇقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم» دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى 1946 ــ يىل 10 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى چۆچەك خەلق كۇلۇبىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا: «بىزلەر ياخشى بىلى-مىزكى، تىنچلىقنىڭ قولغا كېلىشى بىرلىك، باراۋەرلىككە باغ-لىق. تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال بىز بىرلىكنى يولغا قويۇشىمىز لازىم. ئۆلكىمىز كۆپ مىللەتلىك ئۆلكە، مىل-لەتلەرنىڭ بىرلىكى ھەممىنى يېڭىدۇ. مىللەتلەرنىڭ بىرلەشكەن كۈچىگە قارشى چىققان كۈچ يېڭىلىدۇ. بىزنىڭ يولىمىز ھەق، توغرا يول، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە خەلقچىللىق سىياسەت ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سىياسىتىمىز پۈ-تۈن ئۆلكە بويىچە غەلىبە قازىنىدۇ دەپ ئىشىنىمىز» دېگەندە، پۈتۈن يىغىن ئەھلى ئۇزاقىچە چاۋاك چېلىپ «ھۇررا» دەپ تـوۋ-لىشىپ كېتىدۇ. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئاممىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «... بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆتمۈش-تە ناھايىتى ئېغىر كۈنلەردە قالدى. مەدەنىيەتتە قالاقلاشتى، خۇسۇسەن ئارىمىزدا قازاق مىللىتى قالاقلىشىپ كەتكەنىدى. ما-نا بۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقى-رىش بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر» دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى 1947 ــ يىلى 11 ــ ئايدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن شىبە، سولۇن (داغۇر) خەلق ۋە-كىللىرى يىغىنىنىڭ 2 ــ ئولتۇرۇشىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، ئـو-مۇمىي ۋەزىپىلەر ئۈستىدە توختىلىپ: «كۆز ئالدىمىزدىكى مەق-سىتىمىز ھەممە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تەمىنلەش، مائا-

رىپىنى باراۋەر جانلاندۇرۇش، ھەممە مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى بارا-ۋەر ياخشىلاشتىن ئىبارەت...»، مانا بۇ بىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپە-مىزدۇر، دەيدۇ. ئۇ يەنە «بىز تېخى يېڭىلا كۆچەت تىكتۇق، مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ كۆچەتلەرنى مېۋىلىك باغقا ئايلاندۇرۇش ئۇ-چۇن، ئۆلكە خەلقى تەر چىقارغۇسى، شىبە، سولۇن خەلقىمۇ بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى تەڭ يېيىش ئۈچۈن ئۆلكە خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ تەر چىقارغۇسى» دەيدۇ.

1947 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چۆچەكتە بىر خەنزۇ ئائىلىسى يەتتە نەپەر قانۇنسىز ئۇنسۇر تەرىپىدىن بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ، ئۈچ ئادەم ئۆلگەندى، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئەخمەتجان قا-سىمى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىگە بۇ دېلونى تېز ئې-نىقلاپ، جىنايەتچىلەرگە قاتتىق چارە كۆرۈش توغرىسىدا يوليو-رۇق بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قانۇن ئورگانلىرى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، دېلونى ئېنىقلاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

1948 ـ يىلى 17 ـ يانۋاردا ئەخمەتجان قاسىمى چۆچەككە خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا، ۋىلايەتلىك خەنزۇ ئۇيۇش-مىسىنىڭ جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى ئىلتى-ماسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. 22 ـ يانۋار كۈنى بۇنىڭغا جاۋابەن «خەن-زۇ خەلقىنىڭمۇ باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا خەلقچىل-لىق، ئەركىنلىك ھوقۇقلىرى بار. ھەرقانداق شەخسنى، جۈملى-دىن خەنزۇ مىللىتىنىمۇ ئەلـۋەتتە قانۇن قوغدايدۇ. قاتىللارغا ئەلۋەتتە ئۆز گۇناھىغا يارىشا قاتتىق جازا قوللىنىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا خەت يازىدۇ. شۇ يىلى 31 ـ يانۋار ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى چۆچەك ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدانى (ھازىرقى تاربا-غاتاي ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ يېنىدىكى خەلق مەيدانى) دا 5000 كىشىلىك ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، يەتتە نەپەر جىنايەتچىنىڭ ئۈچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ دەرھال ئىجرا قىل-غاندىن سىرت، قالغان تۆتىگە يەتتە يىللىقتىن 15 يىللىققىچە قاماق جازاسى بېرىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى 1946 ـ يىلى 3 ـ ئۆكتەبىر چۆچەك شەھىرىگە خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا، شۇ يەردىكى خەنزۇ ئاممىنىڭ ئۆيلىرىگە بىرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ھەمدە شۇ كۈنى كېچىدىلا ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەس-ئۇل مۇئاۋىن ۋالىيسى قاسىماخۇن ئىسمائىلوف قاتارلىق مۇنا-سىۋەتلىك ئادەملەرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتى-دىكى خەنزۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ كونكرېت چارىلى-رىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تەكلى-پىگە بىنائەن 1) ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلمىغان ئادەملەرنى پائال چارە قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، 2) خەلق ئىشلار بۆلۈمى ئارقىلىق ھەرقايسى ناھىيەلەردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئەمگەك كۈچى ئاز ئائىلىلەرگە ۋىلايەتلىك مالىيەدىن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىش، 3) قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەردە ھەقسىز ئوقۇتۇشنى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە ھاۋالە قىلىش قارار قىلىنىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى يەنە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مالىيە قى-يىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مالىيە ئالاھىدە كومى-تېتىغا تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇش قى-يىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆت مىليون دوللار (ئۈچ ۋىلا-يەت پۇلى) ئاجرىتىشقا تەستىق سېلىپ بېرىدۇ. ئەخمەتجان قا-سىمنىڭ خەنزۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قى-لىش ئۈچۈن مەخسۇس يىغىن ئاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان خەنزۇ ئامما خۇشاللىقىدىن بارىكاللا ئېيتىشىدۇ.

ئوسمان باندىتىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغان قىو-بۇقسار ناھىيەسىدىكى موڭغۇل خەلقى بەك نامراتلىشىپ، قىيىن كۈنگە قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسا-دىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا تەلەپ يوللىغانىدى، ئەمما،

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 بىتىمگە خىلاپلىق قىلىشى سەۋەبىدىن كېڭەش يىغىنى ئېچىلمىدى. قوبۇقسار خەلقىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شۇ يىلى 9 ـ ئىيۇندا ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىگە خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق بانكىسى ئارقىلىق ياردەم قىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

1947 ـ يىلى باندىتلارنىڭ تالان ـ تاراجىغا ئۇچرىغان تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەر مىللەت چارۋىچىلىرىمۇ تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئارقىلىق ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە ئارقىلىق ۋىلايەت مالىيەسىدىن سەككىز مىليون دوللار (ئۈچ ۋىلايەت پۇلى) قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى.

قىسقىسى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مىللەتلەرنىڭ غېمىنى يەپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە قوشقان تۆھپىلىرىنى بىر ـ ئىككى مىسال بىلەنلا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مىللەتلەرنىڭ غەمگۇزارى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

# ئەخمەتجان قاسىمنىڭ چۆچەكتىكى قىسمەن پائالىيىتى

## تاھىر تاشباييۋ

ئەخمەتجان قاسىمى 1937 ـ يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تەتقىقات فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلقىنى قۇللۇقتىن، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار غايە بىلەن 1942 ـ يىلى ئەتىيازدا چۆچەك شەھىرىگە كەلدى.

ئەينى ۋاقىتتا چۆچەكتە تۇرغان چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، 1942 ـ يىلى ئەتىيازدا قار ئەمدىلا ئېرىۋاتقان مەزگىلدە 25 ـ 30 ياشلار چامىسىدىكى، ئىنچىكە قارا بۇرۇت قويغان، قويۇق قارا قاشلىق، كۆزلىرى نۇرلۇق ئوت چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئۇيغۇر يىگىتى چۆچەك بازىرىدا پەيدا بولغان. ئۇ دەسلەپتە ھامماللىق قىلىپ، كېيىن كېسەك قۇيۇپ تامچىلىق قىلغان. بەزىلەر جەنۇبتىن كەپتۇ دېسە، بەزىلەر ئىلىدىن كەپتۇ دېيىشىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. كۆپ ئادەم ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەچكە «يېتىمچى يىگىت» دەيتتى. ئۇ، ئادەملەر بىلەن ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى، كەم سۆز ئىدى. ئەمما ھەر كۈنى ھاممال بازىرىغا بېرىشتىن ئاۋۋال ياكى ئىشتىن قايتقاندا ئەينى ۋاقىتتىكى «چۆچەك گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىرىلغان كۈندىلىك گېزىتنى ناھايىتى دىققەت بىلەن ئوقۇيتتى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ ئادەم تۇيۇقسىز يىتىپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالدى.

1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۆچەك شەھىرى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ۋە پارتىزانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق

ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ئۆمىكى چۆچەككە كەلگەندە، شەھەر خەلقى 1942 ـ يىلى يۇرت ئىچىدە تېپىشماق بولۇپ قالغان بۇ ياش يىگىتنىڭ، ئۆزلىرى پۈتۈن ئىقتىسادى بىلەن قوللىغان ۋە جان تىكىپ قاتناشقان ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ـ ئەخمەتجان قاسىمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇدى ھەم كەڭ قۇچاق يېيىپ، قىزغىن قارشى ئالدى.

**مائارىپنىڭ غەمخورچىسى**

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنى ۋە ھەرقايسى تارماقلىرىنى قۇرۇش ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تارباغاتاينىڭ مىللىي مائارىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا پائال ياردەم بەردى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىگە ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ فرونتقا كەتكەن، باشقا تارماقلارغا خىزمەت ئالماشقان مائارىپ سېپىدىكى خادىملار مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇلۇشى ۋە سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا مائارىپ سېپىدىن چىقىرىلغان ياكى ئۆزلۈكىدىن قول ئۈزگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرھال ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە 1945 ـ، 1946 ـ ئوقۇش يىلىدا تارباغاتايدىكى سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن تاقالغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەسلىدىكى 91 مەكتەپ 108 گە كۆپەيتىلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 7000 دىن ئاشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ھەر قېتىم چۆچەككە كەلگەندە ئالدى

بىلەن مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تېگىشلىك يوليورۇقلارنى بېرەتتى. ئۇ 1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەن چۆ ـ چەككە كېلىپلا دەم ئالماي ئابدۇرا يېزىسىغا بېرىپ شىبە ـ داغۇر مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇش ـ ئو ـ قۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش توغرىلىق كونكرېت يوليورۇق بەردى، شەھەرگە قايتىپ كېلىپلا «مەھمۇدىيە» نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىگە بېرىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۇلارنىڭ بەرگەن سوئاللىرىغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئوقۇتقۇ ـ چىلارنىڭ ئەمگىكىنى يۇقىرى باھالاپ مۇنداق دېدى: «ئىدېئو ـ لوگ، پەيلاسوپ، ئىنژېنېر، دوختۇر، ئاگرونوم، ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. بىزنىڭ ئوقۇتقۇ ـ چىلىرىمىز، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم سەۋى ـ يىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ياش مائارىپىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ يۆنىلىشى خەلققە قارىتىلىشى، ھەر مىللەت خەلق پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەپ، ۋەتەنگە، خەلققە سا ـ دىق، جەمئىيەتكە يارامىلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئەخ ـ مەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مائارىپنىڭ يۆنىلىشى بولغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى كادىرلار مائارىپىنى چىڭ تۇتۇپ، كا ـ دىرلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ ھەر قېتىم چۆچەككە كەلگەندە مائارىپ نازىرى سەيد ـ پىدىن ئەزىزىنى بىللە ئېلىپ كېلەتتى ھەم كادىرلار مەسىلىسى ـ دىن تەپسىلىي ئەھۋال ئۇقۇشۇپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش، يې ـ تىشتۈرۈش توغرىسىدا كونكرېت يوليورۇقلارنى بېرەتتى. ئۇ 1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كەچتە چۆچەك «خەلق» كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇت ـ قىدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىز باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈردۇق. ھا ـ

زىر خەلقىمىزنى ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، زاما-نىۋى بىلىم، مەدەنىيەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەلىي كۈرەش قى-لىدىغان ۋاقىت كەلدى. شۇڭلاشقا ئۆزىمىزدىن زامانغا مۇۋاپىق ئەربابلار يەنى ئىستىقبالىمىزنى ئۈچۈق كۆرەلەيدىغان كادىرلار كېرەك. جۈملىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل مىللەتلى-رىدىن كۆپلەپ كادىر تەييارلىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ياش-لىرىمىز ئاڭلىق ھالدا سەپەرۋەرلىككە كېلىشى لازىم. خۇسۇسەن غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي ياشلىرىنىڭ تېزلىك بىلەن بىلىم ئې-لىشقا كىرىشىپ، ئىلغار ياشلاردىن بولۇپ چىقىش يولىدا كۈرەش قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلدۈرىمەن».

ئەخمەتجان قاسىمى كادىرلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈشكە ناھا-يىتى كۆڭۈل بۆلۈپ چىڭ تۇتقانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ھەر مىللەت ياشلىرىدىن نۇرغۇنلىغان ئىلغار كا-دىرلار يېتىشىپ چىقتى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تەربىيىلەنگەن كا-دىرلار ئەينى دەۋردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ سى-ياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور رول ئويناپلا قالماستىن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان-دىن كېيىنمۇ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇ-لۇش ئىشلىرىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ياشلار تەربىيىسىنى پەقەت ھۆكۈمەت كۆڭۈل بۆلۈپ تۇتۇشتىن سىرت، پۈتۈن جەمئىيەت ئېستېتىكى-لىق جەھەتتە ياشلارغا توغرا تەربىيە بېرىپ، ياشلارنىڭ دەۋرگە لايىق ھەقىقىي مەدەنىيەت ئىگىسى بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن چوڭلارنىڭ ئۈلگە بولۇپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. 1948 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز نامىدىن چۆچەكتىكى يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە ئۆلىمالارغا بەرگەن زىياپەتتە مۇنداق دېگەنىدى: «بىز دىنىمىزنىڭ يوللىرىغا، شەرىئىتىمىزنىڭ

ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز، قارىيەلىرىمىزگە[①] بولغان ئىززەت - ئېھتىرامىمىزنى كۆندىن كۆنگە كۈچەيتىشىمىز لازىم. بىز ياشلىرىمىزنى ھەر دائىم ئىدىيىلىك، ئەخلاقلىق بولۇشقا، قارىيەلىرىمىزگە ھۆرمەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمىز ۋە شۇ يولدا تەربىيىلەيمىز. لېكىن بىزنىڭ خەلقىمىز ئەسىرلەر بويى زۇلۇم - ئاسارەت ئاستىدا ئېزىلىپ كەلگەنلىكتىن، ياشلىرىمىز كەمچىلىكلەردىن پۈتۈنلەي خالاس دەپ ئېيتالمايمىز. ئەمما ياشلىرىمىزنىڭ زامانىۋى تەربىيە بىلەن تەربىيىلىنىپ، كەمچىلىكلەرنى بولسا يوقىتىپ، كېلەچەكتە ھەقىقىي مەدەنىيەت ئىگىسى بولۇپ چىقىشىغا ئۈمىدىمىز زور. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئاتىلىرىمىزنىڭ بىزلەرگە ئوخشاش ياشلارنىڭ خىزمىتىگە ھەر ۋاقىت ياردەمدە بولۇشىڭلارنى ئىلتىماس قىلىمىز». ئۇ ھەر قانداق سورۇندا ئۆز سۆزىنى «ئاتىلار»، «ئانىلار» دەپ باشلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت ياشلىرىغا يارقىن ئۈلگە ياراتتى.

خەلقىنىڭ سىردىشى

ئەخمەتجان قاسىمى خەلقىنىڭ دوستى ۋە سىردىشى ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم چۆچەككە كېلىشتە يول بويىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سوراپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. ئۇ 1946 - يىلى چۆچەككە بېرىش سەپىرىدە جايىر تېغىدىكى قازاق چارۋىچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرغان فوتو سۈرەت، 1948 - يىلى چۆچەكتىن ئالتايغا بېرىشتا دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ مايتاش دېگەن يېرىدىكى موڭغۇل مالچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرغان فوتو سۈرەت ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەقىقىي سىردىشى ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق ئوبرازىنى نامايان قىلىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ھېچ ۋاقىت ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى، ئۆزىنى ھەر دائىم خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇشتۇراتتى. ئۇ

---

① چوڭلار، پېشقەدەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

1946 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۆچەك «خەلق» كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىز خەلقنىڭ يەنى سىزلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭىزلەر، بىز ھەربىر ئىشنى سىزلەرنىڭ تەلەپلىرىڭىز بويىچە ئېلىپ بارىمىز، ئىنشائاللا، مەن ھەربىر خەلقىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىز ۋەكىللەر ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ ۋە بىزگە ئىشىنىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىمەن.» ئۇ 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۆچەك شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قىزىل توقاي ئۆستىڭىگە ئۆزىتىپ چىققان خەلق ئاممىسىغا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىز خەلقىمىز بىلەن ھەر دائىم بىللە. بىز ھەربىر ئىشىمىزدا قەھرىمان خەلقىمىزگە ئىشىنىمىز. ياشىسۇن قەھرىمان خەلقىمىز! ياشىسۇن بىرلىك، ئىتتىپاقىمىز! ئەبەدىي يوق بولسۇن ئۆلكىمىزدىن ئىستىبداد ھاكىمىيەت!»

ئەخمەتجان قاسىمى شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى ئىدى، ئۇ ئۆزىنى خەلقنىڭ شاگىرتى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلمايتتى، چوڭ قارشى ئېلىش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلمايتتى. 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچتە ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز نامىدا چۆچەك شەھىرىدىكى ئۆلىمالارغا ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىغا زىياپەت بەردى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇشۇ زىياپەتتە سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ھۆكۈمىتىمىز ئۆز ھۆكۈمىتىمىز، بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز خەلق، خەلقىمىز ھۆكۈمەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. بىز شەخسنى ھۆكۈمەت دەپ تونۇمايمىز، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئورنى. ھۆكۈمەت ھەربىر ئىشنى خەلقنىڭ پىكرىگە مۇۋاپىق ئېلىپ بارىدۇ. بىزدە ھۆكۈمەت ھەممە مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورنى.»

ئۇ ھەر قېتىم چۆچەككە كەلگەندە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال ـ ئەھۋال سورايتتى. 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاي-

نىڭ 18 ـ كۈنى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 2 ـ بېتىگە بېسىلغان «مۇئاۋىن رەئىسىمىز ئەخمەت ئەپەندى شەھىرىمىزدە» دېگەن سەرلەۋھىلىك ئۇچۇرىكتا «تۈنۈگۈن (17 ـ يانۋار) مۇئاۋىن رەئىسىمىز ئەخمەت ئەپەندى جانابلىرى، نازىر سەيپىدىن ئەپەندى جانابلىرى مۇئاۋىن ۋالىي قاسىماخۇن جانابلىرى بىلەن بىللە شەھىرىمىزدىكى ئۆلىمالار ۋە ھەر مىللەت مۆتىۋەر زاتلارنىڭ ئۆيلىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ھال ـ ئەھۋال سورىدى» دېيىلگەن. ئۇ ھەر قېتىم چۆچەككە كەلگەندە ھەرقايسى ناھىيىدىكى خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاستە يۈز كۆرۈشۈپ، پىكىر ئېلىش يىغىنلىرىنى ئېچىپ تۇراتتى. مەسىلەن: 1948 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۆچەك خەلقى بىلەن، 23 ـ كۈنى دۆربىلجىن خەلقى بىلەن، 25 ـ كۈنى شىخو خەلقى بىلەن، 26 ـ كۈنى ساۋەن خەلقى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، خەلق ئاممىسى قويغان سوئاللارغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى، يىغىندىن كېيىن چۈشكەن پىكىرلەرنى يىغىنچاقلاپ، شۇ ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ تەلەپ ـ پىكىرلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنى ھەردائىم «خەلقنىڭ سىردىشى، خەلقنىڭ خىزمەتچىسى» دەپ تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئەمەلىيەتتىمۇ خەلق ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت قىلاتتى، ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيتتى. 1948 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزىنى باشلاپ غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، شۇ كۈنى كېچە سائەت 12 دىن ئاشقاندا چۆچەك شەھىرىگە كەلدى؛ 17 ـ كۈنى شەھەردىكى گىمنازىيە مەكتىپىنى، قازاق ئوغۇللار مەكتىپىنى، قازاق قىزلار مەكتىپىنى، ئۇيغۇر ئوغۇللار مەكتىپىنى، «مەھمۇدىيە» نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بەزى سىنىپلاردا دەرس ئاڭلىدى؛ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن چۆچەك شەھىرىدىكى ئۆلى-

مالار ۋە ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى ھەمدە جۇمە نامىزىدا جامائەت بىلەن بىللە بولـ ـدى؛ 18 ـ كۈنى كۈندۈزى چۆچەك شەھىرىدىكى ئىدارە ـ ئورـ ـۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يولىيورۇق بەردى، كەچتە چۆچەك خەلقى «خەلق» كۇلۇبىدا ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىنى قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، بۇ يىغىندا ئەخمەتجان قاـ ـسىمى «ئۆتكەندىكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، خاتالىقلارنى تۈـ ـزىتەيلى» دېگەن سەرلەۋھىدە ناھايىتى مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. يىغىن چۈشتىن كېيىن بەشتە باشلىنىپ، كېچە سائەت 12 دە ئاـ ـياغلاشتى.

تىنچلىقنى قوغدىغۇچى

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بەرگەن قۇربانلار بەـ ـدىلىگە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈلگەن 11 مادـ ـدىلىق بىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. ئۇ بىتىمنىڭ ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتە تەل تۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇـ ـرۇلۇشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچ چىقاردى.

1946 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئىككى ئىش يۈز بەردى: بۇنىڭ بىرى، 1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزى ھۆـ ـكۈمىتى 11 ماددىلىق بىتىمگە ئىمزا قويۇپ، ئۆلكىلىك بىرلەشـ ـمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، چۆچەك ئازاد بولۇش ھارپىسىدا سابىق ۋالىي پىڭ رۇڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا باشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى، ساقچى ـ ژاندارمىلار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە بىر قىسىم ئاممىا بولۇپ 4000 كىشىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە كېلىشـ ـتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئادەملەرنى شۇ يىلى 9 ـ ئايـ

نىڭ 5 ـ كۈندىن 12 ـ كۈنگىچە قەدەر تۆت تۈركۈمگە بۆلۈپ، جۇڭگو سوۋېت باقتى چېگرىسى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈپ بەردى. 4 ـ تۈركۈمدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ساقچى ـ ژاندارمىلار چۆچەك شەھىرىدىن ئۆتكەندە غەزەپلەنگەن خەلق ئام- مىسى مىللىي ئارمىيە ۋە ساقچىلارنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا خەلق ئاممىسىغا قانلىق تىرنىقى- نى پاتۇرۇپ، چۆچەكتىكى يوشۇرۇن تەشكىلات ئەزالىرىنى بې- سىقتۇرغان جاللاتلاردىن ساقچى ئىدارىسى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قادىر (ئۇيغۇر)، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (شىبە)، گومىنداڭنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق 3 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ كو- ماندىرى قاتارلىق ھەر مىللەتتىن بولۇپ بىرقانچە ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇنى «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەشكىللىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىـ- چە يۈز بەرگەن 11 ماددىلىق بىتىمگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھە- رىكىتى» دەپ بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، 1946 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆزى بىۋاسىتە چۆچەككە كەلدى. ئۇ بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋەقەنىڭ ھەقىقەتەن ئاۋام خەلق توپىنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكىتى ئىـ- كەنلىكىنى ئېنىقلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئويدۇرمىـ- لىرىغا قاتتىق رەددىيە بەردى ھەمدە بۇ ۋەقەدە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭمۇ مەلۇم جاۋابكارلىقىنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدىكى خاتا- لىقلىرىنى تۈزىتىش توغرىسىدا قاتتىق تەنبىھ بەردى، 10 ـ ئاي- نىڭ 2 ـكۈنى چۆچەك «خەلق» كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى قارشى ئېلىش يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ ۋەقە توغرىسىدا خەلق ئاممىسىغا تەربىيە بەردى. ئۇ سۆزىدە مۇنداق دېدى:

«ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ئۆزلىرىڭىزگە مەلۇم، ئۆتكەن 1945 ـ يىلى بولسا دۇنيا فاشىزمى ئۈستىدىن خەلقچىللىق سىـ-

ياسەتنىڭ غەلىبە قازىنىشى بىلەن تاماملاندى. شۇندىن بۇيان بىرقانچە دۆلەتلەر ئۆز مەملىكىتىدە خەلقچىللىق ئاساسىنى قۇ-رۇپ ئالدى. بىز شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيا خەلقى قوبۇل قىلغان ئاتالانتا خارتىيىسىگە ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش چاقىرىقىغا بىنائەن ئۇرۇمچى شە-ھىرىگە باردۇق. مەلۇمكى، بىز بىكاردىن قان تۆكۈشنى خالىماي-مىز. بىزنىڭ مەقسەت، تىلەكلىرىمىز تىنچلىق بىلەن ھەل بو-لىدىغان بولغانلىقتىن بىز ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە رازى. دېمەك، بىز شۇ سەۋەبتىن سۆھبەتنى باشلىدۇق...... بىز سۆھبەت نەتىجە-سىدە قولغا كەلتۈرگەن 11 ماددىلىق بىتىم خەلقنىڭ تەلىپىنى تەمىن ئېتەلەيدۇ، چۈنكى بىز ئىنقىلاب ئوچىقى بولغان ئۈچ ۋىلا-يەت خەلقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان تولۇق ئەركىنلىككە چىد-قىپ، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولساقمۇ، يەتتە ۋىلايەت خەلقى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيۋا-تىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن بۇ بىتىمدە كۆرسىتىلگەن ئەركىنلىكلەر نا-ھايىتى قىممەتلىكتۇر. شۇڭلاشقا بىز بىتىمدە ئېرىشكەن ھو-قۇقلىرىمىزنىڭ قىممىتىگە، كۆپلۈكنى تەشكىل قىلغان يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ مەۋقەسىدە تۇرۇپ يېتىشىمىز لازىم.

ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆز سىزلەرنىڭ ۋىلايىتىڭىزلەرگە ئا-ئىت. خەلقچىللىق سىياسەت يۈرگۈزۈلمەي تۇرۇپ، ئەبەدىي تىنچلىق تەمىن ئېتىلمەيدۇ. مەسىلەن: يېقىندا ۋىلايىتىڭىزلەر ئارقىلىق سابىق مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرلىرىنى ئېلىپ ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ بەش، ئالتىسى خەلق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ-تۇ. راست، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ خەلقىمىزگە قىلغان جەبىر ـ زۇ-لۇملىرى ئاز ئەمەس. خەلق شۇنىڭ ئۈچۈن قىساس ئالغان. لېكىن بىز 〈ئەل قىساسى مىنەل ھەق〉 نى قوللانغىنىمىزدا 〈ۋەلئە-سىر〉 سۈرىسىنىمۇ يادىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كې-رەك. ئۇنىڭ بىلەن مەقسەت تولۇق ھەل بولمايدۇ.... مەن بۇنى ئايرىم گۇرۇپپا تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ھەرىكەت دەپ ئاڭ-

لىغانىدىم. لېكىن بۇ ئۇنداق بولماي، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن بولغانىكەن. خەلقىمىزنىڭ ئۇلارغا غەزىپى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇ بەش ـ ئالتىلىگەن ئىستىبىداتچىلارنى ھالا ـ كەتكە ئۇچرىتىپتۇ... ئەمدى بۇندىن كېيىن سىزلەرنىڭ ھەر ـ قانداق مەقسەت ـ تىلەكلىرىڭىز بولسا بىز ۋەكىللىگىزلەر ئارقى ـ لىق ھەل قىلىشىڭىزلارنى سورايمەن. بىز خەلقنىڭ يەنى سىز ـ لەرنىڭ ۋەكىللىگىزلەر، بىز ھەربىر ئىشنى سىزلەرنىڭ تەلىپى ـ ڭىزلەر بويىچە ئىشلەيمىز. ئىنشائاللا، مەن ھەر بىر خەلقىمىز ـ نىڭ بۇندىن كېيىن ئىشلارنى بىز ۋەكىللەر ئارقىلىق ھەل قىلى ـ لىدۇ ۋە بىزگە ئىشىنىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىمەن».

ئىككىنچى ۋەقە: شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۆربىل ـ جىندە يۈز بەردى. 11 ـ ماددىلىق بىتىم بويىچە ئۆلكىلىك بىر ـ لەشمە ھۆكۈمەت پۈتۈن شىنجاڭدا دېموكراتىك سايلام يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، 10 ـ ئايدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭغا ئون خىزمەت گۇ ـ رۇپپىسى ئەۋەتىپ، سايلامغا نازارەت يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت تۈركىستان (خەنزۇچە ئىسمى تۈيۈزى) باش ـ چىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپىنى ئالتاي ۋىلايىتىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئەشەددىي گومىنداڭپەرەسلەر بولۇپ، ماناس دەرياسىدىن ئۇچ ۋىلايەت تەۋەسىگە ئۆتۈشى بىلەنلا يول بويى چارۋىچىلار ئارىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىق يۈرگۈزۈپ، تېلېفون سىملىرىنى ئۇ ـ زۇپ، ئىستولبىلارنى ئۆرۈپ، خىيالىغا كەلگەن ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ. ئۇلار دۆربىلجىن ناھىيىسىگە كەلگەندىن كې ـ يىن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىق ۋەرەقىلىرى بىلەن ئەكسىيەتچى ئىدىيىدىكى كىتاب ـ ژۇرناللارنى ناھىيە بازىرىنىڭ ھەممە يې ـ رىگە يوشۇرۇن تاشلايدۇ. تۈركىستان قاتارلىقلار ھەتتا چۆچەك شەھىرىگىچە كېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار چۆچەكتە «خەلق ئاۋازى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى دۇبېك چالغىنبايېفنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ (چۈنكى دۇبېك ئۇرۇمچىدە ئۇ ـ نىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن) ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى

كۆزقاراشلارنى بىلدۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنى ھاقارەتلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇلغۇنچىلىك سالغاندا، دۈبىك چالغىنىبايېف رەددىيە بېرىدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى كوچا دوقمۇشلىرىدىن ئەكسىيەتچى كىتاب ـ ژۇرنال ۋە تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە خەلق ئاممىسى يازلىق كۇلۇبتا نۇرغۇنلىغان ئەكسىيەتچى تەشۋىق ۋەرەقلىرىنىڭ تارقالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئاما بۇ ئىشنى ئەكسىيەتچى گو ـ مىنداڭپەرەس تۈركىستان قاتارلىقلارنىڭ قىلغانلىقىدىن گۇماندىنىپ، ستىخىيىلىك ھالدا توپلىشىپ، «خەلق» كۇلۇبىنىڭ يې ـ نىدا تۇرغان، تۈركىستان قاتارلىقلار ئولتۇرۇپ كەلگەن ئاپتومو ـ بىلنى ئاختۇرۇپ، نۇرغۇن ئەكسىيەتچى تەشۋىق ۋەرەقلەر بىلەن كىتاب ـ ژۇرناللارنى تېپىۋالىدۇ. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى كۆيدۇ ـ رۇۋاتقاندا تۈركىستان قاتارلىقلار چۆچەكتىن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارشى چىقىپ قورال چىقىرىپ، ئاسمانغا ئوق ئېتىپ، پوپوزا قىلىدۇ. غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسى تۈركىستان، كامالبېك، شوپۇر سوڭ نەنچىڭ (خەنزۇ) ئۈچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ، يەنە بىر نەچچىسىنى ئۇرۇپ ياردار قىلىدۇ.

گەرچە بۇ ۋەقەنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، گو ـ مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يەنە بىر شاۋقۇن كۆتۈرۈشىگە سە ـ ۋەب بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىگە قاتناشقان ۋەكىللەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. خادىۋاڭ قاتارلىق گومىنداڭ ـ چىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈركىستاننىڭ ئايالىنى كۈشكۈر ـ تۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا سايلام خىزمىتى بىلەن بارغان سەيپى ـ دىن ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھ ـ

بەرلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇندى، مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن ۋەقەنى تېخىمۇ چوڭايتىپ، ئاخىرى 1947 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە «25 ـ فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھ-كىمىسىنىڭ يۇقىرىقى ۋەقەدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقى توغرىسىدا تارباغاتاي ۋىلايىتىگە مەخسۇس خەت يېزىپ، قاتتىق تەنبىھ بەر-دى. ئۇ شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: «تارباغاتاينىڭ تىنچلىق ئەمىنلىكى سىزلەرنىڭ مەسئۇلى-يىتىڭىزلەردەدۇر. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن بارغان كىشىنى ئۆل-تۈرۈپ قويۇش ناھايىتى يارىماس ئىش. ئەگەر خەلققە ياقمىغان بولسا، ياكى تەتۈر تەشۋىقات قىلغان بولسا، ئۇنى ياخشى مۇھاپىـ-زەت قىلىپ، قايتۇرۇپ بېرىش لازىم ئىدى. ئاز كۈندە ئەھۋالنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىمىز. ياخشى قارشى ئېلىشنى تاپشۇ-رىمەن.»

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەتراپ-لىق تەكشۈرگەندىن كېيىن، ۋەقەنىڭ جەريانى تارباغاتاي ۋىلايىتى چىقارغان خۇلاسە بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئۆلكى-لىك ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلدى.

1948 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى دۆربىلجىن «خەلق» كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىدىن پىكىر ئې-لىش سۆھبەت يىغىنىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «دۆربىلجىن خەلقى ناھىيە ئارقىلىق ئالتايغا كېتىۋاتقان تۈركىستاننىڭ خەلق مەنپەئەتىگە قارشى قىلغان يولسىز ھەرد-كىتىگە قاتتىق غەزەپلەندى، نەپرەت بىلدۈردى. لېكىن غەزەپكە چىدىماي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بىز ئا-شۇ ھەرىكىتىمىز بىلەن ۋەكىللىرىمىزنى ھىمايە قىلغان بولاد-دۇق؟ ياكى بىر بۇزۇق ئۇنسۇرنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا ئەكسىل ھە-رىكەت يوقىلامدۇ؟ ئەلۋەتتە يوق! ئەكسىل ھەرىكەتنى پەقەت بىر-لەشكەن كۈچ يوقىتالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت تەرەققىيا-

تىنى چۈشەنگەن كىشىلەر ھېچ ۋاقىت بىر شەخسكە قارشى كۈ-
رەش ئېلىپ بارمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنىدىن كېيىن بۇنداق خاتا-
لىقلاردىن ساقلىنىشىمىز لازىم. مەن بۈگۈن سىزلەرنىڭ ئالدى-
ڭىزلارغا كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، شۇ ھادىسە ئۈستىدە ئالا-
ھىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم».

بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقەتەن ئاۋام خەلق توپىنىڭ ستىخىيىلىك ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى شۇ كۈنى كىنو كۆرۈشكە بارغان 1000 دىن ئارتۇق خەلق ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى، بەزى-لىرى بىۋاستە قاتناشقانلىقىنى ھېلىمۇ پاراڭ قىلىشىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بۆل-گۈنچىلىك سېلىش، خەلق ئىچىدە ئەكسىيەتچى تەشۋىقات يۈرگۈ-زۈش، ھەربىي، مەمۇرىي ئاخباراتلارنى توپلاش ئۈچۈن، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكەت قىلىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئۇلار بىر بۆلۈم ئادەملەرنى سېتىۋېلىپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە ئىشپىيونلۇققا ئەۋەتتى. بۇ ئىشپىيونلار چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخو ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئەخمەتجان قاسىمى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە يەنە بىر خەت يېزىپ، ئالدىنقى ئىشلار توغرىسىدا تەكرار تەنقىد بەردى ۋە تۇتۇلغان ئىشپىيونلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«تارباغاتاي ۋالىيسىغا:

ۋىلايىتىڭىزدە بولۇۋاتقان كېلىشمەسلىك ئىشلار خۇسۇسىدا ۋە بۇ ئىشلارنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋە يەنە تەكرارلانماسلىقى ھەق-قىدە خەت يازدىم.

ۋىلايىتىڭىزگە بۇ ياقتىن بارغانلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈ-دەكلا ئىشەنمەستىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا گۇمان بىلەن قاراش يارىمايدۇ.

ئۇنداق ئەمەس. ھەممىسىگە دېگۈدەك ئىشەنمەسلىكىڭىزلەر

توغرا ئەمەس. ئايرىم ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، 〈ماناستىن نېرى ئەركىن سۆزلەش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بۇ ياقتىن بارغانلارغا ئىشەنمەيدىكەن〉، دەيدۇلەر. بۇنداق ئەھۋال بىز تامانىدىن بولماسلىقى لازىم. بۇياقتىن بارغانلارنى ياخشى قارشى ئېلىپ، دوستانە مۇئامىلىدە، ئۆز ئادىتىمىز بىلەن مېھمان قىلىپ ئەۋەتمىكىمىزلەرنى تاپشۇرىمەن. ئەگەر ئىغۋا ئېنىقلانسا، ئۇنىڭ سىرىنى خەلق ئالدىدا پاش قىلىش كېرەك.

2 ــ شىخو ھەربىي شتاب تەرىپىدىن، ئايرىم ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن شىخونىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە ئەسكەر سانىنى بىلىش ئۈچۈن ۋە ئايرىم ئادەملەرنى سېتىۋېلىپ بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مەخپىي ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، قاماقا ئېلىنغان كىشىنى پۈتۈن ماتېرىياللىرى بىلەن شىخودىن ئېلىپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزلەرنى تاپشۇرىمەن. ماڭا ئەۋەتىش ۋاقتىنى ئايرىم مەلۇم قىلۇرمەن. بۇ توغرىلىق يەنى سىزلەر ئارقىلىق مەركىزى ئىشپىيوننى ماڭا ئەۋەتىپ بېرىلمىكى خۇسۇسىدا، شىخو ھەربىي شتابقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىس مۇئاۋىنى:

ئەخمەتجان قاسىمى

1946 ــ يىل 3 ــ نويابىر»

ئەخمەتجان قاسىمى يۇقىرىدا دېيىلگەن گومىنداڭ ئىشپىيوننى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قىلغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى خەلقى ــ ئالەم ئالدىدا پاش قىلىپ قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى 1945 ــ يىلى بىر قېتىم ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئالاقە يازغاندا، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقە قەغىزىنى ئىشلىتىدۇ. چىۋىننى پۇلەپ پىل قىلىشقا ئۇرۇنغان

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ ئىش ئۈستىدىمۇ بىر مۇنچە داۋراڭ سالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىدە يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان خاتالىق، كەمچىلىك، ئېھتىياتسىزلىقلار-نى تۈزىتىش ئۈچۈن، 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تار-باغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىگە مەخسۇس خەت يازدى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«تارباغاتاي ۋالىيسى باسباي ۋە مۇئاۋىنلىرى قاسىمجان ۋە ئالىمجان ئەپەندىلەرگە:

مالىيە ۋەكىللىرىڭىز ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي قايت-تى. ئۇلار بۇ يەردىكى ئەھۋال بىلەن ياخشى تونۇشتى، ئۈچ ۋىلايەت مالىيە ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلا-يەت مالىيە ۋەكىللىرى ھەر دائىم بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بارسا، ئارىدا ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ تۇغۇلماسلىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ھازىر مالىيە مەسىلىسى سى-ياسىي مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي سىقىشنىڭ يولىنى تاپالماستىن، ئىقتىسادىي سىقىش يولى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆز-لىرىنىڭ دېگەن يولىغا ماڭغۇزماقچى بولىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە خەلق ئىتتىپاقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن قۇۋۋەت تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆز ئارا بىر - بىرلىرىگە كەچۈرۈم يو-لىنى قائىدە قىلىپ، خەلق بەخت - سائادىتى ئۈچۈن پۈتۈن قا-بىلىيەت ۋە قۇۋۋەتلىرىڭىزنى سەرپ قىلىپ، شەخسىي ئاداۋەتنى خەلق مەنپەئەتىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ھەرگىز ئۆزئارا بىر - بىرىڭىزلەردىن خاپا بولماستىن مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى مۇس-تەھكەملەپ، خەلقنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇشىنى ياخ-شىلاش ئۈچۈن بارلىق كۈچلىرىڭىز ۋە مۇستەھكەم ئىرادىڭىز بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشىڭىزلارنى تىلەيمەن.

بىز پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە يېڭىلىك كەلتۈرىمىز دەپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بەرگەن قۇربانلار بەدىلىگە مەركەز بىلەن بىتىم

تۈزگەنمىز. ئەلۋەتتە، بىتىم ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش ئو-رۇنداش ئۇچۇن تۈزۈلگەن ھۆججەتتۇر. بىتىمنىڭ باشقا ۋىلايەت-لەردە ئورۇندىلىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئۆزلىرىمىزمۇ بى-تىمگە تولۇق رىئايە قىلمىقىمىز مەجبۇرىي شەرتتۇر. شۇڭا يۇ-قىرىدىن ئەمىر كۈتۈپ ئولتۇرماستىن، بىتىمنىڭ ھەر ماددىسى-نى ئايرىمچە چوڭقۇر چۈشىنىپ، بىتىمگە مۇۋاپىق ئىشلىشىمىز زۆرۈردۇر.

پارچە - پۇرات ئەرزىمەس ئىشلارغا ئېتىبارسىزلىق قىلىپ، چىۋىننى پىلەپ پىل قىلىشقا سەۋەبچى بولماسلىققا تىرىشىش كېرەك. سىزلەرنىڭ ئېتىبارسىزلىق قىلىپ 〈جۇمھۇرىيەت〉 دېگەن ئالاقە قەغىزىگە ئالاقە يېزىپ قويۇشىڭىزلار بىر مۇنچە شاۋقۇنغا سەۋەبچى بولدى. بۇنداق ساۋاقلارنى زادى ئۇنتۇش يارى-مايدۇ. ئەھۋالنى پەرق قىلىش كېرەك. بۇرۇن ئۆزئارا خەلقىمىز ئىچىدە رەسمىيەتچىلىك ئىشلىرىغا ئېتىبار قىلماي، يالغۇزلا خەلق تىلىگە ۋە تەلىپىگە مۇۋاپىق ئىش ئېلىپ بارغان بول-ساق، ھازىر خەلققە تايىنىپ، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا رەسمىي-لەشتۈرۈپ، شۇ رەسمىيلەشكەن ئىشقا تولۇق رىئايە قىلىشنى تە-لەپ قىلىدۇ.

چۈنكى، باشقا ۋىلايەتلەردە مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ئەسكىرىي كۈچ، پولىتسىيە تۈزۈمى، سوت، تۈرمە ۋە دوللارغا تايىنىپ ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ۋە سىزلەرنىڭ زەررىچىلىك كەمچىلىكى-ڭىزلەرنى تاغ قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى زادى ئەستىن چىقىرىش يارىمايدۇ. خەلق ئۇلارنىڭ غەيۋىتىگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. لېكىن خەلق بىز تەرەپ، خەلق ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ دەپلا ئۆز ئىشىمىزغا پۇختا بولمىساق، خەلق ئاۋازىغا ئۆز ۋاقتىدا قۇلاق سېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا تەلىپىگە جاۋاب بېرىپ تۇرمىساق، ھېچكىم بىزنى كەچۈرمەيدۇ. باشقا جايدا مۇستەبىتلەر توسقۇنلۇق قىلىدۇ دېسەك، بىزدە ھېچكىم خەلق تىلىكىگە توسقۇنلۇق قىلى-ماسلىقى لازىم. بۇ خەلقچىللىق سىياستىنىڭ ئاساسى بولۇشى

كېرەك.

〈خەلق〉 دېگەن ئاتالغۇ مەنىسىگە ـ شۇ جۇغراپىيە دائىـ ـرىسىدە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى كىرىشى كېرەك. شۇ جۈملىدىن خەنزۇ خەلقىمۇ كىرىدۇ. خۇسۇسەن خەنزۇ خەلقىغە خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى كۆز قارشىنى يوقىتىپ، خەنزۇ خەلقىگە زورلۇق ۋە ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن ئەمەس ۋە بەلكى ئىختىيارىي ـ ئەركىن تۇرمۇش، سىياسىي باراۋەرلىك مەۋقەئى ئاساسىدىكى دوستلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مۇسـ ـتەھكەملىنىشىگە كۈچ چىقىرىش كېرەك.

ھەممە خەلق باراۋەر. ئەركىن، باراۋەر سىياسىي مەۋقەدە يا ـ شىغاندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقى مۇستەھكەم بولىدۇ. ئىختىيارىي دوستلۇقنى، بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن سەمىمىي ئالاقىدە بولۇشنى ھەرگىز كۈچ بىلەن ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغانلار ئازچىلىقنىڭ تەلىپىگە ناھايىتى دىققەت بىلەن ئېتىبار قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇق ۋە شەپقەتلىك مۇئامىلىسىنى ئايىماسلىقلىرى كېرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزدىكى يېگىلىش ئېگىنى تۈزىتىش كېرەك، خەلـ ـقىمىزنىڭ بۇرۇندىن ئېزىلىپ كېلىشىگە خەنزۇ خەلقى ئەمەس، ئۇنىڭغا خەنزۇ مۇستەبىتلىرى ئەيىبلىك. خەنزۇ مۇستەبىتلىرى بىلەن خەنزۇ خەلقىنى خەلقىمىز پەرق قىلالىسا، خەنزۇ خەلقىگە بولغان كۆز قارىشى ئۆزگىرىدۇ. ھەرگىز خەنزۇ خەلقى بىزنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىمەن دېمەيدۇ. ھەرگىز خەنزۇ خەلقى پو ـ لىتسىيە تۈزۈمى بىلەن بىزنىڭ خەلقىمىزنى ئىدارە قىلىمەنسۇن دېمەيدۇ. ھەرگىز خەنزۇ خەلقى بىزنى ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ئەزسۇن دېمەيدۇ. ئۇنداق ئويدىكىلەر بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ قاتـ ـچىلىك دۈشمىنى بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇنچىلىك دۈشمىـ ـنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەرنىڭ تەربىيە ئىشىغا ئارتۇقچە دىقـ ـقەت قىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن.

خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى تىلەيمەن. خەلقىمىزنىڭ

بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ھارماي ئىشلىشىڭىزلەرنى ۋە ئۇزۇن ئۆمرىڭىزلەرنى تىلەيمەن.

مەندىن ۋە مېنىڭ يولداشلىرىمدىن پۈتۈن تارباغاتاي خەلقىگە يالقۇنلۇق سالام.

ھۆرمەت بىلەن: ئە. قاسىمى

تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مىللىي ئىتتىپاقلىق تەربىيەسىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدا مەخسۇس قارار چىقىرىپ، خەتنى ئۇزۇندىلەر كۆچۈرۈپ، ھەرقايسى ناھىيىلەرگە تارقاتتى.

# ئەخمەت ئەپەندىم ھەققىدە يېزىلغان بىر قىسىم شېئىر ـ ناخشىلار

## ئىسرائىل تۇردى

مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالەمدىن ئۆتـ۔ كىنىگە يېرىم ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خەلق ئارـ۔ سىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىۋاتقان «ئەخمەت ئەپەندىم» ھەقـ۔ قىدىكى تەرىپلەر سەۋەبىدىن، خۇددى ئەتراپىمىزدا ھېلىغىچە يا۔ شاپ كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ سەمىمىيلىك يېغىپ تۇر۔ غان ئىللىق چىرايى كۆز ئالدىمىزدىن زادىلا كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزىنىڭ بارلىقىنى چىن ئىخلاسى بىلەن خەلقـ۔ قە بېغىشلىغان ۋە شۇ يولدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلغان بولغاچقا، خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھاياتى تولىمۇ قىسقا ھايات بولدى. ئۇ ئەنە شۇ قىسقا ھاياتىدا باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى. شۇڭا ئۇ نەگىلا بارسا، خەلقـ۔ نىڭ يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئالقىشىغا ئېرىشتى. خەلق ئۇنىڭ ئېـ۔ سىل خۇلق ـ پەزىلەتلىرىنى ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئالقىشـ۔ لىدى. ۋاپاتىدىن كېيىن خەلق مەرسىيە، ئەسلىمىلەرنى يېزىپ، ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى ھەم دېگەن گەپ ـ سۆزلىرىد۔ نى ئەسلەپ، چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئۇنى ياد ئېتىپ كەلمەكـ۔ تە. ئەنە شۇ ھۆرمەت ـ ئالقىشلارنىڭ بىر خىلى بولغان شېئىر ـ ناخشىلارنىڭ بىر قىسمى ئەخمەت ئەپەندىم ھايات ۋاقتىدا، بىر قىسمى ۋاپاتىدىن كېيىن يېزىلغان. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە بەكلا كېچىككەن ئىكەنمەن. شۇنداق بولسىمۇ، ھا۔

زىرچە ئېرىشكەن بىرقانچە شېئىر ـ ناخشىلارنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن. گەرچە بىر قىسىملىرى تولۇق بولمىسىمۇ ئىز ـ دەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئاز ـ تولا يىپ ئۇچى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

## سالام رەھبىرىمىز

سالام رەھبىرىمىز ئەخمەتجان،
ئالىي باش قوماندانىمىز ئىسھاقجان.
چېنىقتۇق پولاتتەك ئۆز قولىڭىزدىن،
بۇيرۇق بولسا بىز تەييار.

ئاق قار، كۆك مۇز شىۋىرغانلاردا،
قاراڭغۇ كېچە يا تۇمانلاردا.
قورقماستىن كۆكرەك كېرىپ ئالغا بېسىپ،
ئاتاكا قىلىشقا قەسەمياد قىلىپ بىز تەييار.[①]

## ئىنقىلابىي باشچىمىز

ئىنقىلابىي باشچىمىزگە كۆڭلىمىز داستان ئېرۇر،
ساھىباندۇر بۇ ۋەتەنگە رەھمى ئاسمان ئېرۇر.

خۇش خۇلق، ئەخلاقى خوپ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن رەنجىمەس،
موللا، ئالىم، ياش يىگىتتۇر، ئەمرىگە جان قۇربان ئېرۇر.

ئول يىگىتتۇر ئىسمى ئەخمەتجان قاسىمى قەلبى پاك،
ئىنقىلابى داھىي، رەھبەر قىلمىشى ئېھسان ئېرۇر.

باغ بىنا قىلدى ۋەتەنگە خەلقچىل تىكتى كۆچەت،
كىم ئەگەر قەست ئەيلىسە يەر بىلەن يەكسان ئېرۇر.

ئول مۇبارەك باغ ئارا دۈشمەن تىكەن چاچماق بولۇر،
شۇم تىكەن ئۈسمەي ھامان مەقسىتى گۇمران ئېرۇر.

چىن يۈرەكتىن ئەيلىدىم ئابدۇرەھىم قۇتلۇق [2] دۇئا،
مەقسەت زامان بەردى خۇدا كۆڭلۈمدىكى ئارمان ئېرۇر.[3]

## ئۇستازىم (1)

بەخت يولىنى ئىجاد ئەتكەن ئۇستازىم،
ھايات يولىنى پارلاق ئەتكەن ئۇستازىم.
گۇل بېغىمنىڭ پاسىبانى ئۇستازىم،
ھۆرمەت ـ ئالقىش ساڭا بولسۇن ئۇستازىم.

دۇنيا يۈزىگە داڭقىڭ كەتكەن سەن ئۆزۈڭ،
كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرەدۇر كۆزۈڭ.
ھەممىمىزگە ئىنئام بېرەدۇر سۆزۈڭ،
بەختىمىزگە ئامان بولغىن ئۇستازىم.

قاراڭغۇ زىندان بولغانىدى ماكانىم،
پىكرىم سۇنۇپ، كۇلپەتلەرگە تولغانىدىم.
ئازاد بولدۇم بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇم،
ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن سېنىڭ، ئۇستازىم.

## ئۇستازىم (2)

بەخت يولىنى ئىجاد ئەتكەن ئۇستازىم،
ھايات يولىنى پارلاق ئەتكەن ئۇستازىم.
بۇ ۋەتەندە ئېزىلگەن ئەل رەھبىرى،
جان تەسەددۇق ھەق يولۇڭدا ئۇستازىم.

غەلىبە يولىنى ئاچقان دانا ئەخمەتجان،
ئارمىيىمىز قوماندانى ئىسھاقجان.
خەلقىمىزنىڭ قەھرىمانى دەلىلقان،
ياش ئاۋانگارت ئاباسوفلار ئۇستازىم.

تۇپرىقىمىزنى گۈللەيمىز بىز مىليون ئەل،
چىقتۇق مانا كەڭ مەيدانغا باغلاپ بەل.
غەلىبە كۈيلەپ دائىم ئالغا باسىمىز،
ياتقان يېرىڭ جەننەت بولسۇن ئۇستازىم.

ئۇزۇن يىللار تەلىم ئالدۇق قولۇڭدا،
پەرمان مەدەت ھەق يولۇڭدا ئۇستازىم.
مەقسىتىڭىزنى ھەق يولىڭىزدا ئورۇنداشقا،
ئۇنلۇك قەسەم ياد ئەيلىدۇق ئۇستازىم.

## ئۇنۇتماس ئەۋلادلىرىڭ

ئىسىت سەن يوق بولدۇڭ ئارادىن بۈگۈن،
ئەي! مىللەتنىڭ مەنەۋى ئاتاسى.
ئېتىپ خىزمەتلىرىڭ مائارىپ ئۈچۈن،
سالدىڭ كۆپلىگەن مەكتەپ بىناسى.
قىلدىڭ خەلقىڭگە مەرىپەت ئاتا،
ياغىلسۇن قەبرەڭگە رەھمەت دائىما،
ئۇنۇتماس سېنى بۇ ئەۋلادلىرىڭ،
ھەق سەنگە ئەيلىسۇن جەننەتنى ئاتا.

## ماتەم شېئىرى

ئىسىت ئاھ! ئەزىز ئاھ! رەھبەرلىرىمىز،
قايغۇ ـ ھەسرەتلەردە بىزنى قالدۇردىڭىز.

گومىنداڭچىلار بىلەن كۈرەش قىلىشتا،
كۆرۈلگەن شەرەپلىك خىزمەتلىرىڭىز.
ئەخمەتجان ئەپەندىم، گېنېرال ئىسھاقبەگ،
چىن قەلبىمىزدىن سىزلەرنى ئەسلەيمىز.

بولدى بىزلەرگە تارىخىي بىر داغ،
يۈرىكىمىزگە خەنجەر ئۇردى تۇمانلىق تاغ.
ئازادلىق كۈنلىرى قانات يايغاندا،
بۇ خۇشال كۆڭلىمىز قايغۇ ئاستىدا.
ئاباسوف، دەللىقان دانالىرىمىز،
چىن قەلبىمىزدىن سىزلەرنى ئەسلەيمىز.

## ئەخمەتجان

دانا رەھبەر ئەخمەتجان،
ئىزىڭدا بىز ھەرقاچان.
سەن بىزلەرنى يېتەكلەپ،
ئالغا ماڭغان قەھرىمان.

سەن شېھىت، روھىڭ تىرىك،
قەلبىمىزدە ياشايسەن.
كۈتكەنلىرىڭ بولىدۇ،
سەن مەڭگۈ ئۇنتۇلمايسەن.
«ياشلىرىمىز بەختلىك»،
دېگەنىدىڭ سەن تىنماي.
بەختىمىزنى تاپىمىز،
تەلىمىڭنى ئۇنۇتماي.[4]

بۇ ناخشىلار ئەينى يىللاردا سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرىپىدىن ئورۇندالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىـ

رىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەخسۇس سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن باشقا، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلاردىن، ناھىيە، يېزىلاردا خەلق ئىچىدىكى ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلاردىن ئۇيۇشتۇرۇلغان سەنئەت گۇرۇپپىلىرى تەرىپىدىن ئورۇندالغان. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ ناخشىلار كەڭ تارقىلىپ ھەممە كىشىگە دېگۇدەك ياد بولۇپ كەتتى. كىشىلەر بۇ ناخشىلارغا شۇنچىلىك قىزىقىپ شۇ قەدەر ھەۋەس قىلىشتىكى، مەلۇم ئارتىست سەھنىدە ناخشا ئورۇندىسا، تۆۋەندە ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار ئارىسىدىكى بالىلارمۇ قوشۇلۇپ ئېيتىپ كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئويۇن كۆرۈپ قايتقان كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار كوچىلارغا تارقىلىپ ماڭغاندا، بىرقانچىسى تەڭلا بىرەر ناخشىنى ئېيتىپ مېڭىشاتتى. توي ـ تۆكۈن سورۇنلىرى تېخىمۇ شۇنداق. ھەتتا ئېتىزلىق، خامانلاردا ئىشلەۋاتقانلار، ئەتىگەن، ئاخشاملىرى ھارۋا بىلەن ئوتۇن ـ سامان توشۇغانلار، يېزا، مەھەللە كوچىلىرىدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتكەنلەرمۇ ناخشا ئېيتىپ ماڭىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ، ھەممىلا ئادەم ناخشىچى بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئېيتىلىدىغان ناخشىلار ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەت ئەپەندىم ھەققىدىكى ناخشىلار بىلەن پىدائىي قىسىملار ھەققىدە يېزىلغان «قاتار ـ قاتار جەڭچى بالىلار»، «ئانىجان يادىمدا بار» دېگەن ناخشىلار كۆپ ئېيتىلاتتى.

بۇ ناخشا ـ شېئىرلار 60 يىلدىن بۇيان خەلقىنىڭ يادىدا ساقلىنىپ كەلدى. لېكىن ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش داۋامىدا شېئىرلاردىكى بەزى مىسرالار ۋە ئىبارىلەردە ئۆزگىرىش بولغان. مەسىلەن، «سالام رەھبىرىمىز» دېگەن شېئىرنىڭ 2 ـ كۇبلېت 3 ـ، 4 ـ مىسرالىرى بەزىدە

«كۆكرەك كېرىپ بىز ئالغا باسىمىز،

ئاتاكا قىلىشقا قەسەمياد قىلىمىز» دەپ ئېيتىلسا، يەنە بىر يەردە:

«قورقماستىن كۆكرەك كېرىپ ئالغا بېسىپ،
ئاتاكا قىلىشقا قەسەمياد قىلىپ بىز تەييار».
دەپ ئېلىنغان.

بىر قىسىم شېئىر ـ ناخشىلارنىڭ بوغۇم، قاپىيىلىرى تەلەپكە تازا لايىق بولمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىلغاندا ئوخشاشلا راۋان ئېيتىلىدۇ. يەنە شۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش زۆرۈركى، بۇ شېئىر ـ ناخشىلارنىڭ ھەممىسى يېتىلگەن شائىرلار تەرىپىدىن يېزىلغان بولماستىن، بىر قىسىملىرى خەلق قوشاقچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، خەلق ئارىسىغا تاراپ كەتكەن ياكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەشۇ شېئىرلارغا تەقلىد قىلىپ يازغان ۋە ياكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتى بويىچە شېئىردىكى بەزەن ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتىپ ئېيتقان ئېھتىماللىقنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ شېئىر ـ ناخشىلارنىڭ تىلى ئاممىباب، پىكرى روشەن، تەسۋىر، بايانلىرى يارقىن، ئوبرازلىق.

شېئىردىكى «گۈل بېغىمنىڭ پاسىبانى ئۇستازىم» دېگەن مىسرادا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشتىكى رولى ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن بولسا، «يۈرىكىمىزگە خەنجەر ئۇردى تۇمانلىق تاغ» دېگەن مىسرادا ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەن مىنۇتلاردىكى خەلقنىڭ ھەسرەتلىك ئېچىنىش، ھېس ـ تۇيغۇلىرى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا خۇددى بىز كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇرغان ئايروپىلان ئېگىز تاغ چوققىلىرىنى قاپلاپ تۇرغان تۇمان ئىچىگە پۈلاڭلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ تەنلىرىمىز جۇغۇلدايدۇ.

خەلق ئىچىدىكى ناخشا ـ قوشاقلاردا ئارتۇقچە مۇبالىغە بولمايدۇ. قارىماققا ئەدەبىي تەلەپكە تازا ئۇيغۇن بولمىغان ئاددىي شېئىردەك كۆرۈنسىمۇ، چىنلىققا يېقىن بولۇشى بىلەن مەلۇم بىر دەۋرنى ۋە شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات، ئارزۇ ـ

ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان يەنە بىر خىل يادىكار-لىق. ئۇنداق ئىكەن، مەيلى ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق رەھبەر-لەر، مەيلى باشقا قەھرىمانلارغا بولغان ھۆرمەت ـ ئالقىش تىوغ-رىسىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى چاغلاردا خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەسرەت ـ نادامەتلەرنىڭ جاراڭلىق نامايەندىسى بولغان شېئىر ـ ناخشىلارنىڭ بېسىلىپ قالغانلىرى بولسا تېپىپ، كەملىرى بولسا تولۇقلاپ، خاتاسى بولسا تۈزىتىپ، ئۆز ئەينى بويىچە رەتلەپ توپلاش نۆۋەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى ئەلۋەتتە.

ئىزاھلار:

① بۇ شېئىر ئارمىيە سېپىدە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك ئېيتىلاتتى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1989 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ ئاۋغۇست (كۈنى) سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇنتۇلماس كۈنلەر» دېگەن تېمىدىكى ئوچېركتا بېرىل-گەنىدى. لېكىن بەزى مىسرالىرى ئۆزگەرتىۋېتىلگەنىكەن. بۇ قېتىم ئەسلى بويىچە بېرىلدى.

② ئابدۇرېھىم يۈسۈپى — مۇشۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى. بۇ ھەقتە ئەينى يىللاردىكى سۈيدۈك پولكىنىڭ جەڭچىسى شېرىپ ئاكىنىڭ تونۇش-تۇرۇشىچە، ئابدۇرېھىم يۈسۈپى ئېگىز بوي، گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، ئەس-لى يۇرتى سۈيدۈك ئىكەن. تاشكەنتكە چىقىپ ئوقۇپ، دىنىي ۋە پەننىي جەھەتتە خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانىكەن. 1945 ـ يىللىرى 50 ياشلاردىكى بۇ ئادەم دىنىي جەھەتتە ئىمام، ئەدەبىي جەھەتتە شائىر بو-لۇپ، ئارمىيە سېپىدە يودىپولكوۋنىك دەرىجىسى بىلەن ۋەزىپە ئۆتىگە-نىكەن.

③ بۇ ناخشا ئەينى يىللاردا ئۆزھال مۇقامىنىڭ ئاھاڭىدا ئېيتىلغا-نىكەن.

④ بۇ شېئىرنى ئابلا ئىمىن تەمىنلىگەن.

# مەشھۇر تۈركولوگ گۇمىلىيېفنىڭ ھايات يولى

شاھابىدىن كىبىر (قازاقىستان)

ئىككى مەشھۇر روس شائىرى ئاننا ئاندىرىيېۋنا ئاخماتوۋا بىلەن نىكولاي ستېپانوۋىچ گۇمىلىيېفنىڭ ئوغلى لېۋ نىكولايېۋىچ گۇمىلىيېف جۇغراپىيە پەنلىرى ۋە تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورلىق ئۇنۋانلىرىغا ئىگە داڭلىق ئالىملا ئەمەس، ئۆتمىش ئەسىرلەرنىڭ تېخى ناھايىتى ئاز تەكشۈرۈلگەن، ھەتتا نامەلۇم بولۇپ كەلگەن ئىجتىمائىي ھايات ھادىسىلىرى ھەققىدە ئاجايىپ قىزىق ھېكايە قىلغۇچى مۇئەللىپ قەدىمىي خەلقلەردىن بولغان ھونلار، تۈركلەر، ھازارلار، موڭغۇللار توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە يۇتكۇل سەييارىمىزنىڭ ئېتنىك قىياپىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېردىغان ھەر تەرەپلىمە نەزەرىيىۋى، غايىۋى سىستېما تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەلىللەپ بەردى. بۇ يەردە ئەڭ ئالدى بىلەن ئالىمنىڭ «ئېتنوگېنىز ۋە يەرنىڭ بىئوسپىراسى» ناملىق ئەسىرىنى تىلغا ئېلىش لازىم.

لېۋ گۇمىلىيېف لېنىنگراد (ھازىرقى سانكىت - پېتربورگ)ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېتەكچى ئىلمىي خادىمى، ئېتنوگراپىيە، تارىخىي جۇغراپىيە، شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخى ساھەلىرى بويىچە مۆتىۋەر مۇتەخەسسىس ئىدى. بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ھاياتى، سەرگۈزەشتىلىرى، ئەمگەكلىرى توغرىسىدا بەس - مۇنازىرىلەر، تالاش - تارتىشلار مۇشۇ كۈنگىچە توختىماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئىلمىي چۈشەنچە ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى، پىكىرلىرىنى پەيلاسوپلار، يازغۇچىلار، سىياسىيونلار ئۆز ئىش - پائالىيەتلىرىدە ئەمەلىي قوللىنىپ شۇلارغا ئاساسلىنىدۇ. ئېتنولوگىـ

يه ـــ ئالىم تەلىماتىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.
ئېتنولوگىيە ـــ خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن
خەلق بولۇشىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن. ئا-
لىمنىڭ بۇ تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى لېنىنگراد تۈر-
مىلىرىنىڭ بىرىدە، قۇتۇپ دائىرىسىدىن يىراق جايلاشقان نورو-
لېسكى لاگېرىغا ھەيدىلىش ئالدىدا ياتقان كۈنلىرىدە تۇغۇلغان
ئىدى. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى 14 يىللىق ھاياتى تۈرمىلەر بى-
لەن ئەمگەك لاگېرىدا ئۆتۈپ كەتتى.
نېمىشقا؟ نېمە سەۋەبلەردىن؟ تېخىلا يىگىردىن توققۇز ياشنىڭ
يۈزىنى كۆرگەن گۆدەكنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ئۇزۇن يىللارغا
بەلگىلەپ قويغان دەسلەپكى چاقماق كەبى زەربە 1921 ـ يىلى يۈز
بەرگەن ئىدى؟ شۇ بەدبەخت يىلنىڭ 3 ـ ئاۋغۇستىدا ئۇنىڭ ئا-
تىسى، شائىر نىكولاي ستېپانوۋىچ گۇمىلېيېف قاماقـقا ئېلى-
نىپ، ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن پروفېسسور تاگانېتسېفنىڭ «ئەك-
سىل ئىنقىلابچىلار تەشكىلاتى»نىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىللە
پېترگرادقا يېقىن يەردىكى بىر مەھەللىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.
بۇ ناھەق ئۆلۈمدىن ئۇنى گوركىي، ۋۇلىنىسكىي، لوزىنسكىي-
لەرگە ئوخشاش مەشھۇر ئەدەبىياتچىلار قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى.
سوۋېت ھۆكۈمىتى شائىرنى ئۆلارغا كېچىللىككە بەرمىدى. توق-
قۇز ياشقا قەدەم قويغان لېف گۇمىلېيېف پېترگراد يېنىدىكى بې-
جېتسكى شەھەرچىسىدە مومىسى ئاننا ئىۋانوۋنا گۇمىلېيۋانىڭ
قولىدا قالدى.
ئاننا ئاندرىيېۋنا ئاخماتوۋا پېترگرادتىن يىراق ئىدى. ئۇ
بېجېتسكى شەھىرىگە 1921 ـ يىلنىڭ قىشى نىكولاي ستېپانو-
ۋىچ گۇمىلېيېف ئېتىلىپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن كەلگەن ئى-
دى. كېيىن ئانىسى بىلەن ئۇ ئوغلىنىڭ ئەمدىكى تەقدىرى ھەق-
قىدە مەسلىھەت قىلىشماقچى ئىدى. لېۋوشكا مۇشۇ بېجېتسكىدا
قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى پېترگرادقا يۆتكەش كېرەكمۇ؟ بۇنى ئانىنىڭ
ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن كۆپنى كۆرگەن، مېھرىبان موماي ئاز-

ـنا ئىۋانوۋنا كېلىنى ئانىنا ئاخماتوۋا كېلىشتىن ئىلگىرىلا نەۋرە-
سىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ئويلىنىپ مۇقىم بىر قارارغا كېلىپ
بولغان ئىدى. ئۇ نەۋرىسىنى ئۆزىدىن ئۆلگۈچە ئاجراتماقچى ئە-
مەس. لېۋوشكا ئانىسى ھايات ۋاقتىدىمۇ مومىسى بىلەن بىللە
تۇراتتى، چۈنكى ئاخماتوۋا 1918 - يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا ئېر-
رىدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئوغلىنى بېجېتسكىدىن يىراق
بولمىغان سىلېپنىۋو يېزىسىدىكى يازلىق ئۆيىدە مومىسىغا قال-
دۇرۇپ كەتكەن ئىدى. نېمىشقا ئۇ مومىسىدىن ئەمدى ئايرىل-
سۇن؟ «لېۋوشكىنىڭ مېنىڭ بىلەن قالغىنى بالىنىڭ ئۆزى ئۈ-
چۈنمۇ ياخشى، تېخى ياش ئانىسىغىمۇ قولايلىق» — دەپ ئويلايت-
تى موماي. ھەقىقەتەنمۇ شۇنىڭ ئۆزى دۇرۇس بولۇپ چىقتى.
چۈنكى، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئاخماتوۋا ئىككىنچى ئېرى شەرق-
شۇناس ئالىم ۋە تەرجىمان شىلېيكوفتىنمۇ ئاجرىشىپ كەتتى.
ئانىنا ئىۋانوۋنا ئۆز نەۋرىسىگە ھەم ئاتا ھەم ئانىنىڭ ئورنىدا قال-
دى. موما بىلەن نەۋرە ئەمدى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئارتۇق ئىچەكىد-
شىپ كەتتى. لېۋ ئۆزىنىڭ چىراي شەكلى بىلەنمۇ، خۇلقى -
مىجەزى ۋە ئەقىل - ئىدرىكى بىلەنمۇ مومايغا ئوغلى نىكولاينى
ئەسلىتەتتى. لېۋ گۇمىلېيېۋ كىچىكىدىنلا كۆپ ئوقۇپ ئادەتلىد-
نىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات جەھەتتە، جەمئىيەتشۇناسلىق، بىئولوگىيە
پەنلىرى بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭسا، فىزىكا، خىمىيە، ما-
تېماتىكا پەنلىرىنى ياخشى كۆرمەيتتى. مايىن رىد، كۇپېر، ژيۇل
ۋېرن، جېك لوندوننىڭ سەرگۈزەشتىلىك رومانلىرىنىلا ئەمەس،
شۇنداقلا شىكسپىرنىڭ خىرونىكىلىرىنى، ئالېكساندىر ديۇما،
كونان دويىل، ۋالتېر سېكوت، ستېۋېن سونلارنىڭ تارىخىي رو-
مانلىرىنى ئۆزمەي ئوقۇيدۇ. ئانىسى ئەۋەتىپ بەرگەن جۇغراپىيىد-
لىك ئاتلاس ۋە خەرىتىلەرگە قاراپ، ئۇ ئاشۇ رومانلاردا تەسۋىر-
لەنگەن قەھرىمانلار كەبى يىراق ئەللەرگە، دېڭىز - ئوكيانلار
ئارقىلىق ساياھەتلەرگىمۇ ئاتلىنىدۇ.

ئۇ تارىخچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. 16 يېشىدا ئۇ بېجې-

تىسكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 9 ـ سىنىپىنى تۈگىتىپ 1929 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا لېنىنگرادقا ئاتلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئانىسى ئانىنا ئاخماتوۋا رۇس مۇزېيىنىڭ ئىلمىي كاتىپى، سەنئەتشۇناس ئالىم نىكولاي نىكولايېۋىچ پۇنىن بىلەن نىكاھلىق بولۇپ، شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بىر كونا ئۆينىڭ بۆلـ. مىسىدە تۇراتتى. ئاخماتوۋانىڭ ئەسەرلىرىنى 1925 ـ يىلدىن باشلاپ ھېچبىر نەشرىيات باسمايتتى. 440 سوم پېنسىيە ۋە يېـ. گى ئېرىنىڭ مائاشىدىن باشقا كىرىمى يوق ئىدى. چوڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن يېتىپ كەلگەن گۇمىلىيېفنى لېنىنگراد ئەنە شۇنداق سوغۇق قارشى ئالغان ئىدى. ئانىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى ئۆيىدىن ئۇنىڭغا كارىدوردىكى ساندۇقنىڭ ئۈستىـ. دىن ئورۇن تەگدى. ئۇ ئوتۇن يېرىش، ئوت قالاش، ئوزۇق ـ تۈـ. لۈك ئېلىش ئۈچۈن دۇكانغا بېرىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. لېنىنگرادقا كېلىپ يېگىرمىنچى كىرگەن 9 ـ سىنىپنى 1930 ـ يىلى تاماملىدى ۋە شۇ يىلى گېرتسىن نامىـ. دىكى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىغا ئىلتىماس بەردى. لېكىن دۈشمەن ئوغلىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق دۈشمىنىنىڭ ئوغلى لېفنى ئىمتىھانغا قاتناشتۇرمىدى. بۇ ئەھۋال بىلىم ئېلىشقا، ئىلىمگە ئىنتىلگەن ئىستېداتلىق ياش يىگىتنى تېگى يوق ھاڭـ. نىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويغان ئىدى.

ئوقۇشمۇ يوق، ئىشمۇ يوق، بۇ پۇنىننىڭ ئۆيىدە ھاياتمۇ يوق ئىدى. مۇشۇنداق بىر مۇشكۇل ۋەزىيەتتە ئۇنى ئەمگەك ئىدارىسى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن تراموۋاي پاركىغا ئىشقا ئېـ. لىنىپ، كېيىنرەك قېزىلما بايلىقلار ئىنىستىتۇتىنىڭ كادىرلار بۆلۈمىگە ئەۋەتىلدى. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ بىلىمى ئەمەس، بەلكى قارا كۈچى كېرەك ئىدى. گېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇ زابايكالغا كېتىدۇ. كېيىن تاجىكىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىنى كېزىدۇ. ئارخېئولوگلار بىلەن قىرىمنىڭ ئۆڭكۈر ـ غارلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ قەدىمىي مەنزىـ.

رىلىرىنى تەكشۈرىدۇ. خۇسۇسەن تاجىكىستان ئېكسپېدىتسىيەسى ئۇنىڭ ئېسىدە ياخشى ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئۇ پارازىتولوگىيە ئالىملىرىنىڭ لابورانتى بولۇپ بەلگىلەندى. تارىخچى بولۇش ئارزۇسىدىن كەچمىگەن گۇمىلېۋ ئۇچۇن سۇ ۋە سۇ يالىرىدىكى پاقا ـ چايانلارنى تۇتۇش تامامەن ياقمايتتى ۋە يىرگىنەتتى. ئۇنىڭغا بۇ ئىشتىن كېتىش قىيىن بولدى. چۇنكى، قۇدرەتلىك مەمۇرىيەت ئۇنى ناھايىتى يامان ئارخىپ بىلەن قوغلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ ئاخىرى يولىنى تېپىپ بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىدۇ. ئەمدى ئۇ تاجىكىستاننىڭ پەنج ۋىلايىتىدىكى دونگار سوۋ خوزىنىڭ بەزگەك پاشىلىرىنى دورىلاپ يوقىتىش پۇنكىتىغا ئىشقا كىرىدۇ. ئۇ ۋادا، قىشلاقلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى سۇ ياقىلىرى بىلەن سازلىقلىرىدا پىيادە يۈرۈپ، زەھەرلىك پاراشوكنى سېپىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ تولىمۇ ئېغىر ئىش ئىدى. لېكىن، گۇمىلېۋ يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە تاجىك تىلىنى ئۆگىنىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمەلىي نەتىجىلەرنى كۆزدە تۇتقان بۇ ئېكسپېدىتسىيە گۇمىلېۋنى ئىلمدا ئەمەلىيەتنى ئىزدەشكە ئۆگەتتى. تارىخ ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلگىرىكىدەك جەزبىلىك ۋە سىرلىق بىر ھادىسە ئەمەس، بەلكى كونكرېت ۋە جانلىق جەريان سۈپىتىدە نامايان بولدى. ئەمدى سەھرا خەلقلىرى — تۈرك، ھۇن، موڭغۇللارنى تەتقىق قىلىش كېرەك. چۇنكى ئۇلارنىڭ تەقدىرى ناھايىتى قىزىق.

ئۇلارنىڭ تىكلىگەن دۆلەتلىرىنىڭ قۇدرىتى قانچە زور سۈرئەت بىلەن پەرۋاز قىلغان بولسا، شۇنچە شىددەتلىك ۋە تېزلىك بىلەن ھالاكەتكە ئۇچراپ يوق بولغان. مۇنداق تېز ئۆزگىرىش — ئاينىشلارنىڭ سىرى نەدە؟ گۇمىلېۋنىڭ پىكرىچە: قەدىمىي شەرق، قەدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلىك ياۋروپا، جۇڭگو بىر قەدەر ياخشى تەكشۈرۈلگەن، لېكىن ھۇن، موڭغۇل، تۈركلەرنىڭ تارىخىي ھايات ـ ماماتى مۇنداق چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلەنمىـ

گەن. بۇ ئالىم ئۇچۇن ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە جەزىبىلىك مەش-
غۇلات. غەيرەتلىك، تىرىشچان ياش يىگىت ئالىملارنىڭ دىققىتى-
نى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى. 1933 - يىلى ئۇ پەنلەر ئا-
كادېمىيىسىنىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ.
شۇنىڭ كەينىدىنلا دېگۈدەك 1934 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا، لې-
نىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخ فاكۇلتېتى ئېچىلىدۇ. گۇمىلـ-
يېۋ مۇشۇ فاكۇلتېتقا كىرىش ئىمتىھانلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
تاپشۇرىدۇ. ئەمما ئوقۇش باشلىنىپ ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا
گۇمىلېيفنىڭ ئەمدىلا باشلانغان ئىستۇدېنتلىق ھاياتىنى سو-
غۇقچىلىق بېسىپ، ئۇنىڭ بېشىدا قارا بۇلۇتلار ئەگىيدۇ. 1934 -
يىلىنىڭ ئاخىرىدا نىكولايېۋ دېگەن بىرسى س. م. كىروفقا ئوق ئا-
تىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتتا پۇتكۇل شەھەردىكىگە، ھەتتا پۈتكۈل ئەل-
دىكىگە ئوخشاش نامايىشلار باشلىنىدۇ. خۇسۇسەن لېنىنگراد
شەھىرىدە ئۆي بېسىپ دېگۈدەك ئاختۇرۇشلار ئەۋج ئالىدۇ. گۇ-
مىلېيف گۇمانلىق ۋە خەتەرلىك ئادەملەرنىڭ سىپىگە كىرىپ قا-
لىدۇ. ئۇ تارىخقا، سىياسەتكە ئالاقىسى، مۇناسىۋىتى يوق ھەر
خىل ئىشلاردا يۈرگەندە ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمەيتتى. لېكىن
ئېتىلىپ كەتكەن «سۇيىقەستچى» ئوفىتسېر ۋە دىۋورىيانىنىڭ
ئوغلى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بولسا بۇ تامامەن باشقا پاراڭ.
مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئەيىبى، گۇناھى بولۇپ ھېسابلىناتتى.
گۇمىلېيف مۇشۇنداق گۇمان ئاستىدا ئوقۇشنى داۋام قىلىدۇ.
سوۋېت ئىمتىياقىنىڭ رازۋېدكا ئورگانلىرى بولسا «ئىشپىيون
ۋە ئاقسۆڭەك ساتقۇن ۋە مۇناپىقلارنى» تۇتۇش، قاماش، سوئال
سوراققا ئېلىش بىلەن بەند ئىدى. ئۇنى بىر نەچچە قېتىم سوراق
قىلىدۇ، قاماققىمۇ ئالىدۇ. لېكىن ھېچبىر كونكرېت ئەيىب ئار-
تالمايدۇ ۋە قويۇپ بېرىدۇ. 1935 - يىلى ئۇنى يەنە قاماققا ئالى-
دۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قېتىم يەنە ئۈچ ئىستۇدېنت ۋە شۇ
ۋاقىتلاردا ئۇنىۋېرسىتېتتا لېكسىيە ئوقۇۋاتقان پۇنىن بار ئىدى.
ئاخماتوۋا موسكۋاغا بېرىپ ستالىنغا مۇراجەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ

ئۈستىگە سوراقچىلار قانچە تىرىشمىسۇن، ئۇلارغا بىرەر ئەيىب قويالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىستۇدېنتلارنى بوشىتىدۇ. لېكىن گۇ-مىلىيېف ئۇنىۋېرسىتېتتىن چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنىڭ-دىن ئىبارەتكى: گۇمىلىيېف ئەتىيازلىق ئىمتىھانلارنىڭ بىرىدە ئاچلىقتىن ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆگەي ئاتىسى بۇنىڭنىڭ تەقدىرى بولسا ئاخىرى پاجىئە-لىك ئاخىرلىشىدۇ. 1949 ـ يىلى ئۇ فورمالىست (شەكىلۋاز) سۈپىتىدە تۇتقۇنغا ئېلىنىدۇ. تۆت يىل تۈرمىدە يېتىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىر ئادەمنى، تالانتلىق بىر ئالىمنى تۆت يىل تۈرمىدە قىيناپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇ ئادەم قانداق دەھشەت-لىك گۇناھ قىلىشى كېرەك؟ بۇنىڭ نېمە ئەيىب، نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىدى؟ بۇ ھەقتە گۇمىلىيېف كۆپ ئويلايدۇ، ئاخىرى ئۇ تاسادىپىي بىر ۋەقەنى ئېسىگە ئالىدۇ:

ئۈچ ـ تۆت ئىستۇدېنت بىلەن قاماققا ئېلىنىشتىن بىر ئاز ئىلگىرى ئاخماتوۋانىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ-نىڭنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ ۋە ئانىسى ئاندرېيېۋنانىڭ دوستلىرى، قە-لەمداشلىرى يىغىلىدۇ. ئولتۇرۇش بىر ئاز قىزىغان پەيتتە بۇنىن بىر لەتىپە ئېيتىپ ستالىنغا كىنايە قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا مېھمانلارنىڭ كەيپى ئۈچۈپ، ئۆي ئىگىسىنى «سەن مەست بولۇپ قالدىڭ» دەپ كايىپ تارقاشقانلىقى گۇمىلىيېفنىڭ ئېسىگە كەل-دى. گۇمىلىيېفنىڭ ئىنىستىتۇتتىن چىقىرىلغانلىقىغا بىر يۇ-قىرىدا ئاتاپ ئۆتكەندەك ئۇنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىدا ھوشىدىن كې-تىپ يىقىلىشى سەۋەب بولغان ئىدى. شۇ چاغدىكى ئۇنىۋېرسى-تېت مۇدىرى مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان پروفېسسور لازوركىن ئىدى. ئۇ گۇمىلىيېفنى ئاخماتوۋانىڭ ئىلتىماسى بىلەن قايتۇرۇپ مەكتەپكە ئالىدۇ. مانا شۇ ئەيىبى ئۈچۈنلا سىياسىي ئىدارىلەر ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدۇ. 1937 ـ يىلى ئۇنى، كېيىن ئاپالى-نىمۇ قاماققا ئالىدۇ. لازوركىننىڭ تەقدىرىمۇ پاجىئەلىك ئاياغ-لىشىدۇ. سوراق ۋاقتىدا ئۇنى سوراقچى ئېتىۋېتىدۇ. ئاندىن جە-

سەتنى دېرىزىدىن تاشلاپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى دەپ جا-كارلايدۇ.
گۇمىلېيېف ئۇنىۋېرسىتېتنى ئاخىرى پۈتكۈزەلمىدى. 1938 - يىلى ئۇنى 4 - يىللىقتىن تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم بۇنىڭغا مۇنداق بىر ۋەقە سەۋەب بولغان ئىدى. يەنى: تارىخچى ئىستۇ-دېنتلارغا رۇس ئەدەبىياتىدىن لېكسىيە ئوقۇيدىغان پروفېسسور پومپيانسكى 20 - يىللار شېئىرىيىتى ھەققىدە سۆز قىلىپ، گۇمىلېيفنىڭ ئاتىسىنىڭ بىر شېئىرى ئۈستىدىن كۈلىدۇ. ن. گۇمىلېيېف (نىكولاي گۇمىلېيېف) ئوۋچىلىقنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ياخشى ئوۋچى ئىدى. ھەبەشىستانغا بولغان بىر ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىدە ئۇ ئوۋ ئولجىسى سۈپىتىدە قاپلان تېرىسىنى ئېلىپ كېلىپ، ئانىسىغا سوۋغا قىلغان ئىكەن. ئۆيدە پولغا سې-لىپ قويغان ئاشۇ قاپلان تېرىسى توغرىلىق يېزىلغان مىسرالار بار بىر شېئىرىدا، شائىر كىنايە بىر ئۇسلۇبتا خۇددى تىرىك قاپلان ئۆيدە ياتقاندەك ھېسسىياتلىرىنى تەسۋىرلىگەن. پرو-فېسسور پومپيانسكى مۇشۇ شېئىر ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: «شائىر ھەبەشىستان ھەققىدە سۆزلەيدۇ - يۇ، ئەمما ئۆزى ئالجى-رىيىنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەن» دەيدۇ. بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان گۇمىلېيېف: «ياق! ئۇ ئالجىرىيىدە ئەمەس ھەبەشىستاندا بولغان!» دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ ۋاقىرىۋېتىدۇ. پومپيانسكى ياقتۇرماس-لىق بىلەن: «سەن بىلەمسەن ياكى مەن بىلەمدىمۇ؟» دەيدۇ. «ئەل-ۋەتتە مەن» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ گۇمىلېيېف. ئولتۇرغان 200 گە يېقىن ئىستۇدېنتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ شائىر نىكولاي گۇمىلېيفنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار كۈلۈشۈپ دەرسخانىنى چاڭ كەلتۈردى. پومپيانسكى قانۇن ئورۇنلىرىغا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى جايلارغا ئەرز قىلىدۇ. ن. ك. ب. د نىڭ ئىچكى تۈرمىسىدە گۇمىلېيفنى سوراقچى بارخۇدارىيان سوراققا ئالىدۇ: «داداڭنى ياخشى كۆرىسەن - دە سەن ئەبلەخ، شۇنداقمۇ؟! تۇر ئورنىڭدىن، تامغا يۈزۈڭنى قىل!» دەپ، تىللاش ۋە ئۇرۇشنى

باشلايدۇ. بارخۇدا رىيان سېمونت يەرگە مىدىرلىغۇسىز قىلىپ ئورنىتىۋەتكەن ئورۇندۇقتىن گۇمىلىيېفنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ كۆتىرىپ ئېلىپ تامغا قارىتىپ قويۇپ ئۇرىدۇ. ئۇ ئالقىنىنىڭ قىرى بىلەن مەھبۇسنىڭ گەجگىسىگە ئۇراتتى: «سەن مېنى پۇتـ ـكۈل ھاياتىمدا ئېسىمدە ساقلاپ قالىسەن مۇتەھەم!» دەيتتى ئۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇ تاياقلارنىڭ دەردىنى ئالىم ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە تارتىپ كەلدى. بارخۇدارىيان كېچە ـ كېچىلەپ قاتتىق قىيناپمۇ ھېچبىر جىنايەتكە ئىقرار قىلدۇرالمىدى. چۈنكى تەن ئالىدىغان، ئىقرار قىلىدىغان ھېچنەرسىمۇ يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ سوراق توختىمىدى. ئۇ يەنە يېرىم يىلغا سوزۇلدى. گۇمىلىيېفنى بىر تۈرمىدىن ئىككىنچى تۈرمىگە يۆتكىدى. ئاخىرى يەنە بارخۇدارىـ ـيان بىر گۇرۇپپا ئىستۇدېنتلارغا: «سوۋېتقا قارشى گۇرۇپپا» دېـ ـگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ دېلو ماتېرىيالى تاپشۇردى. سوت ھۆـ ـكۈمى بويىچە گۇمىلىيېف 10 يىل، قالغانلىرى سەككىز يىلدىن كېسىلدى ۋە ئاق دېڭىز قانىلىغا ھەيدەلدى. بۇ يەردە مەھبۇسلار قانال قازاتتى. جاڭگاللىقتا ياغاچ كېسەتتى. لاگېر باشلىقلىرى گۇمىلىيېف گۇرۇپپىسىنى ياغاچ كېسىشكە قويدى. بۇ زامانلاردا: «بالا ئاتا ئۈچۈن جاۋاب بەرمەيدۇ» دەيدىغان شوئارلار كەڭ تارقالـ ـغان ئىدى. بۇنى خەلق ئۇلۇغ ئادالەتنىڭ بەلگىسى، دەلىلى، دەپ چۈشىنەتتى. ئەسلىدە بولسا بۇ ھەقىقىي ئەخلاقسىزلىقنىڭ شوـ ـئارى ئىدى. «خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ» باللىرى ئاتىلىرىنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق گۇمان كەلتۈرمەسلىكى، بالا ئاـ ـتىدىن خەلق ئالدىدا ئۈچۈق كېچىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئائىلىۋى ۋە قېرىنداشلىق رىشتىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش — روھى جەھەتـ ـتىن بەرباتلىقتا ئۈچرىتىش، ئىدى. مۇنداق مۇناپىقلىقتا، ساتقۇنـ ـلۇقتا ماڭمىغان ئادەم خەلق دۈشمىنى ھېسابلانغان ئاتا ـ ئانىنىڭ يولىنى تۇتىدىغان ئاشۇنداقلار خەتەرلىك خەلق دۈشمىنى ھېـ ـسابلاندى. بۇ گۇمىلىيېفنىڭ ھاياتىدىمۇ ياخشى كۆرۈندۇ. ئاق دېـ ـڭىز قانىلىدا گۇمىلىيېفنى كۆپ تۇتىمىدى. 1939 ـ يىلىنىڭ

قىشلىقى ئۇنى بۇيرۇق بىلەن لېنىنگرادقا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەل-دى. چۈنكى تەپتىش سوتنىڭ قارارىنى رەت قىلدى. سوت ھۆكمى بىكار قىلىنىپ، ئەمدىكى ئەيىب ئىلگىرىكى 58 - بابنىڭ 10 - ماددىسى ئەمەس، تېرورلۇق پائالىيىتى دەپ بەلگىلىنىپ، گۇمىلې-يېفنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش ئۈچۈن قايتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. گۇمىلې-يېف كىمنىڭ جېنىغا قەست قىلدى؟ تېرگاۋچىلارنىڭ ئېيتىش-شىچە: ئۇ ژدانوۋنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىمىش. لېكىن تېر-گاۋ ئىشىدا ئەمدى خېلىلا ئۆزگىرىشلەر بار ئىدى. تېرگاۋچىلار-مۇ ئىلگىرىكىدەك مەھبۇسلارنى ئۇرۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئورگانلاردىن خارلىغۇچىلار قوغلان-غان ئىدى. گۇمىلېيفنىڭ ئىشى ن. ك. ب. د غا تاپشۇرۇلدى. ئۇ كۆپ ئۆتمەي ھۆكۈمگە قول قويدى، بەش يىل قاماق. ئاق دېڭىز قانىلىدا ئىشلىگەن بىر يېرىم يىل ھېسابقا ئېلىنىپ لېنىنگراد-تىن نورىلسكىغا ئاتلىنىدۇ. بۇ 1939 - يىلى ئىدى. ئۇ ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئورالغا، ئاندىن سىبىرىيىگە يېتىپ كراسنو-نويارسكىدا كېمە بىلەن يەنسەي دەرياسى ئارقىلىق دۇدىنكىغا، ئاندىن ئەڭ شىمالىي تۆمۈر يول بىلەن نورىلسكى لاگېرىغا يېتىپ كېلىدۇ، بۇ يەرنىڭ مېھنەتكەش ئاھالىسى ئاساسەن مەھبۇسلار-دىن ۋە سىياسىي سۈرگۈندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مىس، نىكىل، پىلاتىنا ئېلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز توختىماي لاۋۇلداپ يانغان ئوتتىن ئىسلىنىپ كەتكەن كومبىناتتا ئىش-لەيتتى. شاختىلاردا رودا چىقىراتتى. كۆپ قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئۇلىنى قوياتتى. گۇمىلېيف باشتا يەر قازدى، ئاندىن مىس رو-دىسىنى قازىدىغان شاختىقا يۆتكەلدى. بۇ يەردە گېئو تېخنىك كېرەك ئىدى. گۇمىلېيف ئىلگىرى گېئولوگىيىلىك ئېكسپې-دىتسىيىدە ئىشلىگەنلىكتىن ئۇنى بۇ كاننىڭ باشلىقلىرى شۇ مۇتەخەسسىسلىك بويىچە پايدىلانماقچى بولدى. لېكىن كان گې-ئولوگىيىسى ئۇنىڭغا تامامەن ناتونۇش ئىدى. بۇ مۇتەخەسسىس-لىكنى ئۇ ئەمەلىي ئىش ئۈستىدە ئۆگەندى. ئىسمىنا بۇ يەردە

سەككىز سائەتكە، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن 12 سائەتكە سوزۇلاتتى. گومىلىيېفنىڭ ئازاد بولۇش مۇددىتى 1943 - يىلنىڭ 10 - مارتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا لابورانت بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئېيتقۇسىز ئېغىر ئىشلاردا تولىمۇ ئاجىزلاپ، ئارانلا ماڭىدىغان بولۇپ قالغان گومىلىيېف ئۈچۈن جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان لابورانتلىق ئىشى ئۇنىڭ جېنىغا ئارا بولۇپ قالغان ئىدى. قەرەلى توشۇشى بىلەن تۈرمە مەمۇرىيىتى: ئۇرۇش تۈگىگىچە ئىشلەيسەن، دەپ ئۇنىڭ قولىدىن قەغەز ئېلىۋالدى. گومىلىيېف بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەدى.چۈنكى ئۇنىڭ بارىدىغان يېرىمۇ يوق ئىدى. تاشكەنتتىكى ئانىسىدىن خەت كەلمىگىلى كۆپ ۋاقىت بولغان ئىدى. ئۇ يەنە گېئولوگىيە ئېكسپېدىتسىيىسىگە كىرىدۇ. بۇ يەردە ئۇ تۈز كانلىرىنى، ئاندىن تۆمۈر كېنىنى ئىزدەيدۇ. ياخشى ئىشلەپ تۆمۈر كېنىنى تاپقىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش بېرىپ تۇرۇخانىسكىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ يەردە ئۇ يەرلىك ھەربىي كومىسسارىياتقا كىرىپ ئۇرۇشقا ئەۋەتىشنى سورايدۇ. گومىلىيېف خېلى ھەشەملەر بىلەن ئاخىرى رۇخسەت ئېلىپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. زېنىت ئارتىللېرىيىسى پولكىنىڭ تەركىبىدە ئۇ بېرلىنغىچە بارىدۇ. 1945 - يىلى گومىلىيېف لېنىنگرادقا كېلىپ، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ تۈگەتمەي كەتكەن 4 - كۇرسى ۋە 5 - كۇرسى ئۈچۈن ئۆزلۈگىدىن تەييارلىنىپ، ئىمتىھان بېرىدۇ. ئۇنىڭ دىپلومى يۇقىرى باھالىنىپ نەشر قىلىنىدۇ.

بىر ئاز ۋاقىت گومىلىيېفنىڭ ھاياتىدا يېڭى خاتىرجەم دەۋر باشلانغاندەك بولدى. ھەممە بەختسىزلىك، ھەممە دەھشەتلىك كۈنلەر ئارقىدا قالغاندەك بولدى. ئەپسۇسكى بۇ تۇيغۇ پەقەت ۋاقىتلىق، ئالدامچى تۇيغۇ ئىدى. 1946 - يىلى پارتىيە مەركەزىي كومىتېتىنىڭ «زۋېزدا» ۋە «لېنىنگراد» ژۇرناللىرى ھەققىدىكى قارارلىرى چىقتى. زوشېنكو، ئاخماتوۋا ۋە باشقا يازغۇچىلار، شائىرلار ھەققىدە كۆپ ۋە قەتئىي پىكىرلەر ئېيتىلىدۇ.

ئاخماتوۋا ۋە ئالىي ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارمۇ ـ قارشىلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلەرنىڭ چىگىشلىنىشى 30 ـ يىللاردىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ھۆكۈمەتنى شائىرنىڭ شېئىرلىرى تەشۋىشلەندۈرەتتى. ئاخماتوۋانىڭ بېسىلىشى مۇمكىن بولمىغان شېئىرلىرى ئېغىزچە تارقىلاتتى. ئۇلارنى يادقا بىلىدىغانلار كۆپ ئىدى. مۇنداق شېئىرلىرى ئۈچۈن تالانتلىق شائىر ماندىلىشتام تۈرمىسىگە تاشلانغان ئىدى. ژىدانوف ئۆزىنىڭ دوكلاتىدا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى شائىرنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. دوكلاتچى ئاخماتوۋا شېئىرلىرىدا تەسۋىرلىنىدىغان قەھرىمانلار ئاخماتوۋانىڭ ئۆزى! — دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. 1946 ـ يىلى ئاننا ئاخماتوۋا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدىن قوغلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئەمدى ھېچقانداق نەشرىيات باسمايدۇ، ئۇ ئوزۇق ـ تۈلۈك كارتۇچكىسىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنىدۇ. شەرقشۇناسلىق ئىنستىتوتىدىن ئۇنىڭ ئوغلى ئاسپىرانت گۇمىلىيېف قوغلىنىدۇ. ئۇ ئاسپىرانتورىيىنىڭ ھەممە ئىمتىھانلىرىنى تاپشۇرۇپ دىسسېرتاتسىيىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاپ تەييار قىلغان ئىدى. ئاددىي ئاسپىرانت س. س. س. ر. پەنلەر ئاكادېمىيىسى پرېزدىيۇمىنىڭ مەخسۇس قارارى بىلەن ئاسپىرانتورىيىدىن چىقىرىلىدۇ! ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھادا: «تەكەببۇر، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەملەردىن چەتنەپ يۈرىدۇ. جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. جەمئىيەتلىك ئىشلارنى، ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈش دەپ ھېسابلايدۇ» دەپ يېزىلغان. مۇنداق باھا بىلەن دىسسېرتاتسىيە ياقلاش توغرىلىق سۆز بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇندا گۇمىلىيېف جىنىدىفاتنىڭ كۇتۇپخانىسىغا ئىشقا كىرىپ تېگىشلىك مۇددەتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىجابىي باھا ئېلىپ، دىسسېرتاتسىيىنى ياقلاش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا تاپشۇرىدۇ. كۆپلىگەن پۇتلىكاشاڭ ۋە توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ توغرىدىن توغرا قارشىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى ياقلاشقا رۇخسەت ۋە مۇمكىنچىـ

لىك ئالىدۇ. 1948 ـ يىلى 28 ـ دېكابىردا ئىلمىي مۇنازىرە باشلىنىدۇ. گۇمىلېيىفقا قارشى قىرغىزىستاندا خىزمەت كۆرسەت- كەن يەن ئەربابى بېرنىشتام سۆزلەيدۇ. گۇمىلېيفنىڭ دىسسېر - تاتسىيىسىدىن 16 كەمچىلىك تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: گۇمىل - يېف ماركسىزمچى ئەمەس. ئۇ شەرق تىللىرىنى بىلمەيدۇ، مەن- بەئەلەردىنمۇ بىخەۋەر. ئۇ بېرنىشتامغا جاۋاب بېرىپ، مەنبەئە- لەرنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بەس ـ مۇنازىرە ئۇستىدە گۇمىلېيف بېرنىشتامغا پارس تىلىدا مۇراجە- ئەت قىلىدۇ. لېكىن بېرنىشتام جاۋاب بېرەلمەيدۇ. شۇندا گۇ - مىلېيف تۈرك تىلىغا كۆچىدۇ، ئۇ يەنە جاۋاب بېرەلمەيدۇ يەنى جىملا تۇرىدۇ. ئاۋاز بەرگۈچى 16 ئالىمنىڭ 15ى گۇمىلېيفنى ياقلايدۇ. بىر ئاۋاز قارشى بولۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. پاللى- دە قىلىپ كۆرۈنگەن كۇننىڭ كۆزى يەنىلا بىر لەھزە، بىر يەس- كىلا سوزۇلغان ئىدى. دىپلومىنى ئېلىپ ئۇلگۇرمەستىن ئۇنى يەنە قاماققا ئالىدۇ. ئەمدى ئۇ موسكۋانىڭ لىفورتوۋىسكايا تۇر - مىسىگە تاشلاندى. تېرگاۋچىلار ئۇنىڭدا ھېچ بىر گۇناھنىڭ يوق- لۇقىنى بىلەتتى: «سەن ئەيىبلىك، ئەمما ئەقىللىق، ساۋاتلىق ئا- دەمسەن، ئالىمسەن، مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گۇناھكارسەن، قانداق گۇناھنى ئىقرار قىلغۇڭ كېلىدۇ، ئۆزەڭ تاللىۋال» دەيدۇ ئۇنىڭغا سوراقچى. «بۇ يەردە مېنى ئانچە ئۇرمىدى، لېكىن كۆپ نەرسىلەر ئېسىمدە قالدى» دەيدۇ گۇمىلېيف ئۆزىنىڭ بىر ئەسلىمىسىدە. ئۇنى يەنە 10 يىل كېسىپ قاراغاندا لاگېرىغا ھەيدىدى. قاراغاندى- دىن مېژدورىچېنسكى، ئاندىن ئومىسكىغا يۆتكەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە دوستويېۋسكى كارتورگىدا بولغان. گۇمىلېيف پەقەت 1956 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنلا ئاقلاندى. لاگېردىن ئۆز قولى بىلەن ئاددىي تاختايدىن قوپاللراق ياسال- غان ئىككى چامادانغا ئاران سىغدۇرغان قول يازمىلارنى ئېلىپ قايتتى. ئۇلار كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەر بىلەن ئىككى كىتاب-

نىڭ قول يازمىسى ئىدى. كىتابنىڭ بىرى «قەدىمكى دەۋرلەردىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا»، بۇ كىتاپ 1960 ـ يىلى نەشر قىلىندى، ئىك-
كىنچىسى «6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردىكى قەدىمىي تۈركلەر»، بۇ ئە-
سەر كېيىن ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىگە ئاساس بو-
لىدۇ. بۇ دىسسېرتاتسىيىدىن كېيىن گۇمىلېيىف ئوتتۇرا ئاسىيا
خەلقلىرى تارىخى بويىچە بىردىن بىر ئىناۋەتلىك چوڭ مۇتە-
خەسسىس سۈپىتىدە تونۇلدى.

# تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق كىتابى

تۇرسۇن قاھھارى (قازاقىستان)

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىردىن باشلاپ، شىنجاڭدا ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەقىپ قىلىشلىرىغا قارىماي، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى، مەرىپەتچىلىرى ۋە تارىخچىلىرى ئۆز خەلقىنىڭ شانلىق كۆرەشلىرى، تارتقان زۇلۇم ـ ئوقۇبەتلىرى ھەققىدە تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، نۇرغۇنلىرى تېخىچە ئۆز ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق. بەزىلىرى ھەر خىل سىياسىي مالىمانچىلىقلاردا ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ مەڭگۈلۈك يوقالدى. ئەمما ئۆز تارىخىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ئەمگەكلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئەزىزلىگەن خەلق نەشر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى قولىيازما ھالىتىدە ساقلاپ قالدى.

ئىلى تەۋەسىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىخچى ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى بىلەن زامانداش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆتكەن تارىخچىلاردىن ئىمىن ھۇسەيىن بىلەن ئىمىنجان باۋۇدۇنلار بىزگە مەلۇم. ئىمىن ھۇسەيىن «ئىمىن تارىخ» نامى بىلەن ئىلى دىيارىدا مەشھۇر. ئۇ «شىنجاڭ تارىخى»نىڭ ئاپتورى. بۇ كىتاب 1946 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۇن بىر پەسىل، 134 ماۋزۇدىن ئىبارەت بۇ چوڭ قولىيازما شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ ئىلىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبە.

تارىخچى ۋە فولكلورشۇناس ئىمىنجان باۋۇدۇنمۇ (1897 ـ

1948) ئابدۇللا غوجامبىر ھاجىنىڭ ماۋزۇسىغا مۇراجەت قىلغان تارىخچىلىرىمىزنىڭ بىرى.
ئىمىنجان باۋۇدۇن ئۆز ھاياتىدا ئىلىم ئىگىلەش يولىدا كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇ «ئىسلام ئۆلىمالىرى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى»، «ئىسلام تارىخى»، «ئىلى تارىخى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. («ئىلى دەرياسى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 70 ـ بەت.)
ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى جاھانغا تونۇشتۇرۇشتا جاپالىق ئەمگەك قىلغان ئېتنوگراف، تارىخچى، ئالىم ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئوغلى 1897 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق قورغاس ناھىيىسىنىڭ قورغاسمازار يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنيـاغا كەلگەن. ئابدۇللانىڭ جەددى جەمەتى مەرىپەتپەرۋەر، بىلىملىك كىشىلەر بولغاچقا، بۇ مۇھىت ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىن تارتىپ زوقمەنلىك بىلەن بىلىم ئېلىشىغا، تىرىشچان، ئەدەپلىك بولۇپ ئۆسۈشىگە تەسىر قىلغان. ئۇ دەۋرلەردە ئادەملەردە ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەدرىسە ۋە بىلىملىك خەلپەتلەردە ئوقۇتۇش ئادەتكە ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللا مەكتەپ يېشىغا توشقان ۋاقتىدا شائىر ئېلى ھاجىم دېگەن خەلپەتتە ساۋادىنى چىقىرىپ، 1900 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ياركەنتتىكى شائىر نىزامىدىن ئاخۇنۇمدىن بىلىم ئېلىشقا باشلىغان. شائىرلارنىڭ غەزەل، رۇبائىيلىرىنى تەھلىل قىلىپ، بىلىمىنى كۈندىن كۈنگە ئاشۇرغان. ئوغلىنىڭ بىلىم ئېلىشتىكى ئىشتىياقىغا ھەۋەس كەلگەن ئاتا ئۇنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشقا بەل باغلىغان. ياركەنتتە نىزامىدىن ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئۆزى ئوقۇغان مەدرىسىدە تالىپلارغا دەرس ئۆتۈپ، دادىسى مەككىگە كەتكۈچە مۇدەررىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.
پەرزەنتىنى ئوقۇتۇش ئارزۇسىدا يانغان غوجامبىر ھاجى 1904 ـ يىلى ئابدۇللانى ئىستانبۇلدا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى مەككە ـ مەدىنىگە كەتكەن. ئابدۇللا ئىستانبۇلدىكى تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ دارىلفۇنۇنىدا بىر نەچچە يىل بىلىم ئالغان.

دادىسى غوجامبىر ھاجى 1910 ـ يىلى ئىككىنچى نۆۋەت ھەج قىلىشقا مەككىگە بارغاندا ئابدۇللانى ئىستانبۇلدىن ئۆزى بىلەن بىللە ھەج قىلىشقا ئېلىپ بارغان.

قورغاسمازار خەلقى غوجامبىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ھاجىلارنىڭ مەككە ـ مەدىنىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى چوڭ داغدۇغا ۋە خۇشاللىقلار بىلەن كۈتۈۋالغان. ئۇلارنىڭ شەرەپىگە قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرۇپ، قورغاسمازاردا مەسچىت، مەكتەپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاق يول تىلىگەن. ئابدۇللا قورغاسقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسىغا ياردەمچى خەلپەت بولۇپ تالىپلارغا دىنىي دەرس بەرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قورغاسمازار يېزىسىدا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئۆسمۈرلەرنى زامانىۋى يېڭى ئىستىقبالغا ئېلىپ چىقىش ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇ يولدا ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلدى.

1916 ـ يىلى قورغاسمازار خەلقى ھاياتىدا چوڭ ۋەقە يۈز بەردى. خەلق ئۆزلىرى ئىئانە قىلغان خىراجەتلىرى بىلەن تۆت سىنىپلىق زامانىۋى مەكتەپ بىناسىنى تىكلەپ، ئۆسمۈرلەرگە بىلىم ئىشىكىنى ئاچتى. بۇ مەكتەپنىڭ تەنتەنىلىك ئېچىلىش مۇراسىمىغا يىراق ـ يېقىندىن يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئىلىم ئەھلى، قارىلار، خەلپەتلەر ۋە ئابدۇللا ھاجى ئەپەندىنىڭ يېقىن سەپداشلىرى ئابدۇقادىر ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، لۇتپۇللا قارى، سېيىت ئەپەندى، قارى بوساقوفلار قاتناشتى، بۇ مەكتەپ قورغاسمازار تەۋەسىدە دەسلەپكى ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپى دەپ ئېلان قىلىندى. مەكتەپكە «نىجات» دەپ نام بېرىشتى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇللا ھاجى ئەپەندىنىڭ بۇ دەرگاھتا ياندۇرغان مەرىپەت چىرىغى يالقۇنلاشقا باشلىدى. ئەگەر بىز 1870 ـ يىلى باۋۇدۇنباي ئىلى بەيتۇللا مەسچىت يېنىدىكى مەدرىسىدە سالدۇرغان تۆت سىنىپلىق مەكتەپنى ئىلى ۋىلايىتى مائارىپى تارىخىدىكى تۇنجى زامانىۋى مەكتەپ («شىنجاڭ سودا گېزىتى» 1993 ـ

يىل، ماي) دەپ ئېيتساق، قورغاس ناھىيىسىدە تۇنجى يېڭى مەكـ-تەپنىڭ ئاساسىنى 1916 ـ يىلى ئابدۇللا ئەپەندى غوجامبىر ھاـ-جى سالغان دېيىشكە ھەقلىقمىز.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ قورغاس ناھىيىسى ۋە ئـۇنىڭ ئەتراـ-پىدا ئۆسمۈرلەرگە بىلىم بېرىش، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى يۈكسىلىشكە باشلىدى. ئامما ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىدىكى مۇنداق تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقنى كۆرەلمىگەن نادان، خۇراپات جاھالەت تەرەپدارلىرى ئابدۇللا ئەپەندىگە تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ:«ئابدۇللا ئەپەندى دېگەن بىر كالتە قۇيرۇق چىقتى، باللارغا قالايمىقان نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ...» دەپ كۇرە ناھىيىسىدىكى جياڭجۇنگە چېقىپ، شىكايەت قىلىپ باردى، شۇ تۈپەيلى ئابدۇللا ئەپەندى تۈرمىگە تاشلاندى.

1920 ـ 1930 ــ يىللىرى ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ھاياتى تـو-لىمۇ مۇرەككەپ شارائىتتا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئۈندەش توغرىسىدىكى مۇقەددەس ئارزۇلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنى زامانىۋى يېڭى ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللاندۇرۇش دې-گەن مەخسەت ۋە پائالىيەتلىرى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تەقىپ قىلىندى. ئۇنى ئاللىقانداق تۆھمەتلەر بىلەن قامىدى، ئازابلىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى بولغان جىرجىس ھاجى، ئابدۇراخمان، يۈسۈپاخۇن باقىيېف، ياقۇپجان باقىيېف، سالجانباي، مەسئۇت سەبرى، تۇرسۇن ئەپەندى، سىيىت ئەپەندى، پاتىمە زەينالوۋاغا ئوخشاش ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر-نىمۇ شۇ چاغدىكى دوتەي يامۇلى 1926 ـ يىلى قامىدى. ئابدۇللا ئەپەندىنى سوراق قىلغاندا: سەن پانتۇركىست، ئىسلام جەمئىيىـ-تى قۇرماقچى، «نىجات» دېگەن تەشكىلاتىڭلار قەيەردە؟ 1926 ـ يىلى باكۇدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا نېمە ئۈچۈن بارماقچى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كىملەر بىلەن مەخپىي ئالاقەڭ بار» دەپ سوراق قى-لىپ قىيىن قىستاققا ئالدى.

ئابدۇللا ئەپەندى 1932 ـ يىلى قاماقتىن بوشىنىپ، تا

1938 ـ يىلغىچە ئۆزى سۆيگەن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى ئىش-لىگەن بولسىمۇ، 1938 ـ يىلىنىڭ كۈزىدە شىڭ شىسەي ئۇنى يە-نە قاماققا ئالدى. غۇلجىدىكى تۈرمىگە سولىنىپ، 1944 ـ يىل-نىڭ كۈزىدە بوشاندى.

ئۇ تۈرمىدىن چىقىپلا ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا پائال قاتنىشىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە ئىلىم يولىغا كىرىشىشىدە قەدىمىي شەھەر ئالمىلىقنىڭ، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى يادىكارلىقلىرىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. ئۇ دەسلەپ خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەر، خەلق تارىخچىلىرىنىڭ يازمىشلىرى-غا، ئېغىزچە خاتىرىلىرىگە، بۇ يەرگە كەلگەن چەت ئەل ساياھەت-چىلىرىنىڭ ئىزدىنىشلىرىگە بەك قىزىقتى. يىللار ئۆتكەنسېرى ئالمىلىق شەھىرىنىڭ تارىخى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ بى-نا بولۇشى ۋە ئۆتمىشتىن قالغان يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى مەنبەلەرگە ياندىشىپ، بۇ قەدىمكى جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈش كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. 1920 ـ يىللىرى ئابدۇللا ئەپەندى ئالمىلىق شەھەر خارابىسىدىن 100 مو يەرنى ئابدۇراخمان باي دېگەن كىشىدىن سېتىۋېلىپ، ئۆزى باش-لىق ئون نەچچە كىشى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ئۇ يەردىن قەبرە تاشلىرى (مەڭگۈ تاش)، قورال ـ ياراغ، قاچا ـ قومۇچ، كۈمۈش تەڭگە، مىس ۋە باشقا مە-دەنلەردىن ياسالغان جابدۇقلار پىچاق، پالتا، خەنجەر، چىراغپاي ۋە باشقىلارنى قېزىۋالدى.

مەن ئابدۇللا ئەپەندى ۋاپات بولۇپ 1956 ـ يىلى بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆرۈمچىدە زىكرى ئەلپەتتا بىلەن قورغاسمازار، ئالمىلىق دېگەن سۆزلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ قالدىم. شۇنىڭغى-چە زىكرىكامنىڭ ئابدۇللا ئەپەندىگە كۈيوغۇل ئىكەنلىكىنى بىل-مەيدىكەنمەن. زىكرىكام كەمتەرلىك قىلدىمۇ، ئەتىمالىم، ئۇنىڭ (قېيناتىسىنىڭ) تەرىپىنى ئانچە ئېيتمىدى. پەقەت بىر تارىخىي

كىتاب يازغانلىقىنى، ئالمىلىق شەھىرىنى قېزىپ، ئاسار ئەتىقە-لەر تاپقانلىقىنى قىسقىغىنە سۆزلەپ بەردى. «تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئالمىلىق» دېگەن قولىيازمىسى بىر نەچچە دەپتەردە بارلىقىنى ئەسكەرتتى.

ئىلى تەۋەسىدە ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئوغلى ئابدۇللا تا-رىخ نامى بىلەن مەشھۇر. بىراق بىز تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندىنى ناھايىتى ئاز ئۆگەندۇق. ئۇ ھايات ۋاقتىدا (1940 - يىللىرى) ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى، ئالمىلىق شەھىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ما-زىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى، يازغان تارىخلىرى ۋە باشقىلار توغرىسىدا ئاز ئىزدەندۇق. ئۇنىڭ زاماندىش مەسلەكداشلىرىنىمۇ بىلمىدۇق. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تارىخچى، يازغۇچى تېيىپ ھاجى قاتارلىقلار بىلىشى مۇمكىن.

ئابدۇللا ئەپەندى 1944 - يىلدىكى ئىلى ئىنقىلابىدىن كې-يىن ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش، ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان ما-تېرىياللىرىنى رەتلەش ئارقىلىق تۇنجى قېتىم «قەشقەر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ قولىيازمىسىنى يېزىپ تاماملىغان. بۇ تەخمى-نەن 1945 - يىلى بولۇپ، ئەپسۇسكى، ئۇ مەتبۇئات يۈزى كۆرەل-مىگەن. ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى»ناملىق كىتابنى يازغانلىقى ئۆزى ياشىغان يۇرت ئىچىگە ۋە يېقىن مەسلەكداش بۇرادەرلىرىگە مەلۇم بولغان. بۇ ئىزگۈ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئىن-قىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە قورغاس-مازارغا چىقىپ، ئابدۇللا ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ، مەزكۇر تا-رىخنى ئېلىپ كەتكەن. 1946 - يىلى ئېلىخان تۆرە غايىپ بول-غاندا «قەشقەر تارىخى» قولىيازمىسىمۇ غايىپ بولۇپ كەتكەن.

ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ يەنە بىر ئەمگىكى «ئۇيغۇرلار تارىخى» قول يازمىسى ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىسى-مۇ، مەسلەكداش بۇرادەرلىرى مەزكۇر قولىيازمىنىڭ بەك قىممەت-لىك تارىخ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرگەن. ئۇ تەخمىنەن 200 ۋاراق ھەجىمدە ئىكەن.

مەن ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئوغلى شائىر شۇكرى ئابدۇللا (ئۇ ھازىر تاشكەنت شەھىرىدە تۇرىدۇ) ۋە باشقىلار بىلەن بىر قانچە قېتىم سۆھبەت قىلدىم. ئۇ ئاتىسى توغرىسىدا خېلى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەردى...: دادامنىڭ تارىخ ھەققىدە خېلى پۇختا ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمەن. «ئۇيغۇرلار تارىخى» قولىيازمىسى ئۆزى ۋاپات بولغاندا بېشىدىكى ياستۇقنىڭ ئاستىدىن چىققان. دادامدا ئالمىلىق شەھىرى ھەققىدە كىتاب يېزىش نىيىتى بار ئىدى. تارىخقا دائىر يازغان نەرسىلىرىنى جۇملىدىن «ئۇيغۇرلار تارىخى»نى مەن بىلىدىغان بىر توپ كىشىلەرگە بېرىۋەتكەن. مىللىي ئىنقىلاپتىن كېيىن بولسا كېرەك، دادامدىن ئاسار ئەتىقىلەرگە دائىر بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىر تۇركۇم كىشىلەر كېلىپ ئېلىپ كەتكەن. 1948 ـ يىلى «ئۇيغۇرلار تارىخى»نىڭ يەنە بىر نۇسخا قولىيازمىسىنى ئەخمەتجان قاسىمى بىز باستۇرىمىز دەپ ئېلىپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە... دەيدۇ.

ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ تارىخ توغرىسىدىكى قىممەتلىك ئەمگەكلىرىنىڭ يەنە بىرسى «ئىلى تارىخى» (ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تارىخىدۇر.) ئاپتور بۇ ئەسىرىنى 1920 ـ يىللىرى قورغاس ناھىيىسىدە يازغان بولۇشى كېرەك. ئەسلى نۇسخا (مۇئەللىپىنىڭ قولىيازمىسى) بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت ئۇچىنچى قېتىم، يەنى 1923 ـ يىلى ئەسلى نۇسخىدىن يۇسۇپجان غاپپاروف كۆچۈرۈپ ئالغان. بۇ نۇسخىدىن 1930 ـ يىلى غۇلجىدا ھېسامىدىن ئابلىز ئوغلى كۆچۈرۈپ ساقلىغان. بۇ قولىيازمىنىڭ مۇقاۋىسىغا ئاخىرقى كۆچۈرگۈچى: بۇ تارىخنى قورغاسمازارلىق (تۇغلۇق تۆمۈرخانلىق) ئابدۇللا ئەپەندى يېزىپ قالدۇرغان ئەسەر دەپ يېزىپ قويغان. قولىيازما 96 بەت بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك 24 ماۋزۇغا بۆلۈنگەن، 80 ـ بەتكىچە كۆك سىيادا، ئۇندىن كېيىنكى بەتلىرى سۆسۈن قېرىنداش بىلەن غۇلجىدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ قولىيازما ھازىر مېنىڭ يېنىمدا ساقلانماقتا.

بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر تارىخچىسى، ئېتنوگراف ئابدۇللا غو-
جامبىر ھاجىنى ئەسلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرىنى، تارىخىي ئاسار ئەتىقە، ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ما-
تېرىيال ۋە قولىيازمىلىرىنى يىغىپ، توپلاپ، ئۇيغۇر تارىخى سە-
ھىپىسىگە كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزى
دىللاردا، نامى قامۇستا قالىدۇ.

# قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ يۇرت ئاتىسى — كۆنچىققانبەگ

غالىپ بارات ئەرك

قەدىمدىن تارتىپ تارىم، كۆنچى ۋە چەرچەن دەريالىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە ئېقىپ كېلىپ، بۇ جايدا لوپ، قاراقوشۇن، قارا بوران، ئارقا كۆل، تېيىز كۆل، قارا كۆل، تارتما كۆل قاتارلىق نۇرغۇن كۆللەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ دەريا ـ كۆللەرنى مەركەز قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقان، بۇ مەدەنىيەت دەسلەپكى چاغلاردا كروران مەدەنىيىتى دەپ، ئۇنى بەرپا قىلغۇچىلار كرورانلىقلار دەپ ئاتالغان. كېيىن كروران، قۇتۇم (مىرەن قەدىمىي شەھىرى)، قاغان (چاقىلىق بازىرى)، لوپ (قەدىمكى ۋاششەھىرى) ۋە كېتىك قاتارلىق كۆپلىگەن شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلىدىن، بۇ يەرلەردىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن، يەنە ئاز بىر قىسمى يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلماي دەريا ـ كۆللەرنى بويلاپ ياشاپ كەلگەن، ئۇلار يۇرت نامى بىلەن «لوپتۇق — لوپلۇق» دەپ ئاتالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار كروران نامىنى ئۇنتۇپ لوپ نامىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلار كەڭ دائىرىدە لوپلۇق دەپ ئاتالسا، كىچىك دائىرىدە دەريا ـ كۆللىرىنىڭ نامى بىلەن قاراقوشۇنلۇق، قارا كۆللۈك دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان.

18 ـ ئەسىردىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ پىنھان جايلىرىدا ياشاۋاتقان لوپلۇقلارنىڭ ۋە بۇ سىرلىق زېمىننىڭ چۈمپەردىسى ئېچىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلىرىدىن باشقا، يەنە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىمۇ بۇ يەرگە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. لوپلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئا-

دەتلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار چەت ئەللىكلەرنىڭ كىتاب، ماتې-رىياللىرىدىن جاھانغا مەلۇم بولدى. شۇ قاتاردا قاراقوشۇنلۇقلار تەرىپىدىن «يۇرت ئاتىسى» دەپ تەرىپلەنگەن خەلقپەرۋەر زات كۇنچىققانبەگ ھەققىدىكى خاتىرىلەرمۇ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلدى.

خەلق ئارىسىدىكى ئۇچۇرلار ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ يازمىلىرىغا ئاساسلانغاندا، قاراقوشۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇرت ئا-تىسى كۇنچىققانبەگنىڭ ئەجدادلىرى كروران ۋەيران بولغاندىن كېيىنمۇ يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلماي، دەريا ـ كۆللەرنى بويلاپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قۇشچىلىق، ئوۋچى-لىققا تايىنىپ ھايات كەچۈرگەن.

كۇنچىققانبەگنىڭ سۆزىن ھېدىنغا ئېيتقانلىرىغا ئاساسلان-غاندا، ئۇنىڭ ئىسسىمقۇللۇ ۋە ماتتاس دېگەن ئەجدادلىرى قارا-قوشۇن كۆلىنىڭ شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر كۆل بو-يىدىكى ئابدال دېگەن يەردە ياشىغانىكەن. ماتتاسىنىڭ ئوغلى نۇر-مەتبەگ يۇرتى ئابدالدا ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا جەنۇبقا — يېڭىدىن شەكىللەنگەن قاراقوشۇن كۆلى بويىغا كې-لىپ يۇرت بىنا قىلغان ھەمدە بۇ يەرگە ئابدال دەپ كونا يۇرتىد-نىڭ نامىنى قويغان (بەزى ئىلمىي قاراشلاردا قاراقوشۇن كۆلى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەكىللەنگەن دېيىلگەن، ئە-گەر بۇ قاراش توغرا بولسا ئۇلار 18 ـ ئەسىرلەردە شىمال تەرەپ-تىن كۆچۈپ كەلگەن بولىدۇ). نۇرمەتبەگنىڭ ئوغلى جاھانبەگ، جاھانبەگنىڭ ئوغلى كۇنچىققانبەگ. كۇنچىققانبەگ 1812 ـ يىل-نىڭ مەلۇم بىر كۈنى كۈن ئەمدىلا چىققاندا جاھانساي دەرياسى (ھازىرقى مىرەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى) بويىدا تۇغۇلغان.

كۇنچىققانبەگ قاراقوشۇن كۆلى بويىدىكى ئابدال كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان. 1898 ـ يىللىرى سۇ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىد-شى سەۋەبىدىن ئابدالنى تاشلاپ يۇرت چاپقانغا كەتكەن ھەمدە

ئەسلى يۇرت نامى ئابدالنى داۋاملىق قوللىنىپ يېڭى ئابدال دەپ ئاتىغان. كونا ئابدال بىلەن يېڭى ئابدالنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ.

كۇنچىققانبەگ قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ بېگى بولۇپلا قالماستىن، يۇرت ئاتىسى بولغان. كۇنچىققانبەگ توغرىسىدا رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىسى پرژېۋالىسكى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادەم بولۇپ، جاھانساي دەرياسى بويىدا تۇغۇلغان، 1885 ـ يىلى 73 ياشتا ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ساغلام ھەم بەردەم ئىكەن. ئۇ يۇقىرىغا خۇددى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىكەن. ئۇ مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇن يېرىشىدىن تارتىپ، تېرىقچىلىق قىلىشىغىچە ياردەملىشىدىكەن، ھەرگىزمۇ ئالۋان ـ سېلىق سالمايدىكەن. مەھەللىسىدىكىلەردىن بىرەرسى قىيىنچىلىققا يولۇقسا، جەزمەن ياردەم بېرىدىكەن، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ناھايىتى نامرات ئىكەن». پرژېۋالىسكىنىڭ يازغانلىرى كۇنچىققانبەگنىڭ تولىمۇ پەزىلەتلىك، ئادىل، ھەققانىيەتچى، خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتەنمۇ «يۇرت ئاتىسى» ئاتىلىشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پرژېۋالىسكى ئىككى قېتىمدا قاراقوشۇن رايونىدا ئالتە ئايدەك تۇرغان. فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى گابرېل بونۋالوتمۇ ئۇنىڭغا شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان پەزىلەتلىك كىشى دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

قاراقوشۇنلۇقلار مەخسۇس كۇنچىققانبەگكە ئاتاپ قوشاق قوشۇپ مەدھىيە ئوقۇغان، قوشاقلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «كۇنچىققانبەگ ئەمدىلا چىققان قۇياشقا ئوخشايدۇ، سىزنىڭ نۇرلىرىڭىز پۈتۈن جاھانغا چېچىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا مېھرى ـ شەپقەت قىلغىنىڭىزدا، ئۇنىڭىز خۇددى بۇلبۇل سايرىغاندەك يېقىملىق بولۇپ، ھەممە خۇش كەيىپ ئاڭلايدۇ. سىز يې-

تىم ـ يېتىملارغا يولۇقسىڭىز ساخاۋەت قولىڭىزنى سۇندىڭىز.
بۇرۇن بىزنىڭ خان ـ بېگىمىز پەقەت سىزلا ئىدىڭىز، هازىر
بولدى تۈمەنمىڭ. ئاللا سىزگە توختى ۋە جان ئاتلىق ئىككى ئو-
غۇل ئاتا قىلدى، هۆكۈمەت سىزگە ئاقچا بەردى، يەنە سىزنىڭ
پۇل بايلىقىڭىزنى بۇلىۋالدى، مانا بۇلار سىزنىڭ ،دوست قاياشى-
ڭىز. ‹ شېيىخنىياز ۋە ئابدۇراخمان ئاتلىق بۇركۇت كەبى ئوغلاز-
لىرىڭىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتتى. سىزنىڭ قوي پادىڭىز
قوتان ـ قوتان، يەرلىرىڭىز بىپايان، كۆز يەتكۈسىز، چاكارلىرد-
ڭىز ئېتىزلىرىڭىزدا ئىشلەيدۇ، يەرلىرىڭىزگە 30 ئۇرۇق چاچىد-
دۇ، ئېغىرلىقىدىن هايۋانلارمۇ يۆتكىيەلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.
بۇ بىر مۇبالىغە قوشاق بولۇپ، پرژېۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ-
نىڭ بىرلا ئېتى، 10 نەچچە مودەك تېرىلغۇ يېرى بار ئىكەن،
ئۇلار مەنچىڭ هاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى، «ئەسلى بىرلا بې-
گىمىز بار ئىدى، هازىر بولدى تۈمەن مىڭ» دېگەندەك مىسرالار
بىلەن ئۇلارنىڭ كۇنچىققانبەگكە ئازراقلا مائاش بېرىپ پۇل ـ
بايلىقلىرىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇلاپ كەتكەنلىكىگە كىنايە
قىلغان.

كۇنچىققانبەگ قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بو-
لۇش بىلەن بىللە يەنە يۇرتنىڭ قازىسىغا ئوخشاش دەۋا ـ دەستۇر
ئىشلىرىنى باشقۇرغان، دەۋا ئىشلىرىنىڭ ھەققانىي بىر تەرەپ
قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن يۇرت ئاقساقاللىرىنىمۇ
قاتناشتۇرغان. ھەر بىر دەۋانى سورىغاندا ئىمكانىقەدەر ئىسلام
ئەھكاملىرى ۋە ھەدىسلەرنى ئاساس قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان،
ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بىلىدىغانلىرى ناھايىتى چەكلىك
بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا بۇرۇنقى دەۋا مىساللىرىغا ئاساسلىنىپ
ھۆكۈم چىقىرىشقا تىرىشقان. قاراقوشۇنلۇقلاردا ئادەم ئۆلتۈرۈش
ۋەقەلىرى يۈز بەرمىگەن، لېكىن ئوغرىلىق ئەھۋالى كۆرۈلگەن،
ئۇلار ئادەتتىكى ئوغرىلىق قىلمىشلىرىغىمۇ ئىنتايىن قاتتىق

جازا بەرگەن، ھەتتا يۈرتىدىن سۈرگۈن قىلىپ، شۇ خىلدىكى قىلمىشلارنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

كۆنچىققانبەگنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى چىڭ سۈلالىسىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتى بىلەن قەتئىي سىغىشالمىغان، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئىزچىل تۈردە چىڭ سۈلالىسى دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ساقلانغان، يامۇلنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتقان، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ 70 نەچچە ياشقا كىرگۈچە كورلىغا پەقەت ئىككى - ئۈچ قېتىملا بارغان (بىر قېتىمدا مەخسۇس كورلىغا بېرىپ مانجۇچە چاچتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن پارا بەرگەن)، چاقىلىقتىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان، يامۇل ئەمەلدارلىرىدىن ھېچكىم ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، بىر قېتىم تۇرپاندىن مەخسۇس ئادەم كېلىپ ۋاڭغا سالام بەرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ ئۈچ- تۆت چاقىرىم يولغىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېڭىپ، تاماكا چىلانغان سۇنى ئىچىپ توختىماي قۇسۇپ جىددىي كېسەل بولۇۋېلىپ قايتىپ كەتكەن، كېيىن ئەمەلدارلارغا سوۋغا - سالام يوللاپلا بۇ ئىشنى تاماملىغان.

كۆنچىققانبەگ 1898 - يىلى كونا ئابدالدا قازا قىلغان. كۆنچىققانبەگنىڭ شېيىخنىياز، ئابدۇراخمان، توختاخۇن ۋە جان (تولۇق ئىسمى نامەلۇم) ئىسىملىك تۆت ئوغلى بولغان، ئالدىنقى ئىككىسى 1870 - يىلدىن بۇرۇن قازا قىلغان. ستەيىن 1905 - يىلى بۇ يەرگە كەلگەندە توختاخۇننىڭ 35 ياش ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، توختاخۇن 1870 - يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. توختاخۇن قاراقوشۇن ئەتراپىدىكى لوپلۇقلارنىڭ ئاخۇنى بولغان، ئېكسپېدىتسىيىچىلەرگە يول باشلىغۇچى بولغان، جۇملىدىن سۋېن ھېدىن ۋە ستەيىنلەرگە يول باشلىغان. كېيىنكى ئۆمرىنى سوپىلىق بىلەن مازارلاردا ئۆتكۈزگەن. پرژېۋالىسكىنىڭ ئېيتىشىچە كۆنچىققانبەگنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى جان ۋارىسلىق قىلغان، ئەمما ياك

لىيەنىنىڭ تەكشۈرۈشىچە كۆنچىققانبەگنىڭ نەۋرە ئۆكىسى مۇھەم-مەتجان نىياز (1930 - يىللاردا قازا قىلغان بولۇپ، كۆنچىققان-بەگنىڭ ئۆكىسى دېگەن قاراشمۇ بار) ۋارىسلىق قىلغان. توختا-خۇن سوپى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋارىسلىق قىلمىغان. توختاخۇن-نىڭ ئوغلى تۇردى، تۇردىنىڭ ئوغلى ئەمەت (1895 — 1989)، كۆنچىققانبەگنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ چاقىلىق ناھىيىسىدە يا-شىماقتا.

# فىنلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ــ كارل گۇستاف ماننېرھېم

بۇسارەم ئىمىن

دۇنيانىڭ غەربىي يۇرتنى تونۇشى شۇنداقلا غەربىي يۇرتنىڭ دۇنيانى تونۇشى بىر تۈركۈم ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان. غەربىي يۇرتقا كىرىپ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئائىت خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئىچىدە سۋېن ھېدىن، لېكوك، پرژېۋالىسكىي، ماكارتنېي، ستەين، ئوتانى، تاچىبانا قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە فىنلاندىيىلىك ئوفىتسېر كارل گۇستاف ماننېرھېم (Carl Gustav Mannerheim)مۇ بار.

كارل گۇستاف ماننېرھېم 1867 ـ يىلى چارروسىيە ھامىيلىقىدىكى فىنلاندىيىدە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، چارروسىيە خان جەمەتى مەكتىپىدە تەربىيە ئېلىپ، ئوردىدا ئىشلىگەن. 1905 ـ يىلى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىكى روسىيە ـ ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1906ـ يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن. ماننېرھېم تاپشۇرۇپ ئالغان ۋەزىپە مۇنۇلار:

«شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، خېنەن، سەنشى، قاتارلىق ئۆلكىلەردە يول بويى ئەھۋال ئىگىلەپ، ھەربىي ئىشلار ستاتىستىكىسى توپلاش، بولۇپمۇ سەددىچىن سېپىلى سىرتىدىكى ئۆلكىلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو ھۆكۈمىتى يولغا قويغان يېڭى سىياسەتلەرنىڭ ھەرقايسى

جايلاردىكى ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئىنىقلاش؛ دۆلەت مۇداپىئەسى ئەھۋالى، ھەربىي قىسىملارنىڭ قايتا سەپلىنىش ئەھۋالى ۋە قورال ـ ياراغ، مەشىق ئەھۋالىنى ئىگىلەش؛ جۇڭگونىڭ بۇ رايونلاردىكى ئاھالە كۆچۈرۈش ئەھۋالىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رايونلاردا ئېلىپ بارغان تۈزۈم ئىسلاھاتىنى تەكشۈرۈش؛ يەرلىك خەلقنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ مەركەز سىياسىتىگە بولغان پوزىتسىيىسى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئۆزىنى باشقۇرۇش ئارزۇسى، خەلقنىڭ چارروسىيە ۋە ياپونىيىگە بولغان قارىشى، ياپونىيە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي تەدبىرلىرىگە قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى دېگەندەك ئىشلارنى ئېنىقلاش؛ قەشقەرگە بارىدىغان يولنى تەكشۈرۈپ شۇ ئاساستا لەنجۇ، بېيجىڭغا بارىدىغان يوللارنى ئېچىش، ئاساسلىقى چارروسىيە قىسىملىرىنىڭ ھەمدە ئوخشىمىغان قوراللار بىلەن قوراللانغان مۇستەقىل قىسىمنىڭ لەنجۇغا يۈرۈش قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاش».[1]

مانىرھېم چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي غەرىزى يوشۇرۇنغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە فىن ـ ئوگۇر ئىلمىي جەمئىيىتى، فىنلاندىيە دۆلەتلىك مۇزېيى تەييارلىق كومىتېتى يىغىپ ساقلاش كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ رايونلاردا ئىنسانشۇناسلىق، تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تەكشۈرۈش، قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەرنى توپلاش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى.

قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان مانىرھېم «ئېكسپېدىتسىيىچى» قىياپىتىدە 1906 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى دوتيىي مانىرھېمنىڭ فامىلىسىگە ماسلاشتۇرۇپ خەنزۇچە 马达汉 دەپ ئىسىم قويۇپ يول خېتى بېرىدۇ.

مانىرھېم 1906 ـ 1908 ـ يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدا جۇڭگونىڭ سەككىز ئۆلكىسىنى كېزىپ ئۆتۈپ، 14 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى ئاتلىق بېسىپ چىقىدۇ. ئۇ يول بويى

يەر شەكلىنى ئۆلچەش، خەرىتە سىزىش، ھاۋا كىلىماتىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ كۆۋرۈك، ھەربىي بازىلارنى سۈرەتكە تارتىدۇ؛ جايلاردىكى ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن تونۇشۇپ، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەيدۇ؛ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر توپلايدۇ؛ خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، قەدىمىي پۈتۈك، قوليازما، كىتابلارنى يىغىدۇ ھەمدە 1400 پارچىگە يېقىن سۈرەت تارتىدۇ. بۇ سۈرەتلەر ئەينى چاغدىكى شەھەرلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ھەر مىللەت كىشىلىرى، ئۆرپ-ئادەت رەسىملىرى بولۇپ، زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

1908 - يىلى مانېرھېم ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان بېيجىڭغا كېلىپ بىر ئاي تۇرۇپ، توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن جۇڭگو تۈركىستانى ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بېيجىڭغىچە بارغان سەپەر ھەققىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى تەييارلاپ، چارروسىيە ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكىگە سۇنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دوكلاتى 173 بەتتىن ئاشىدۇ. دوكلاتتىن باشقا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان مۇھىم قاتناش يوللىرى، تاغ - دەريالار، شەھەرلەرنىڭ جايلىشىشىغا دائىر نەچچە ئون پارچە خەرىتە، مۇناسىۋەتلىك ئۆلكىلەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەھۋالى، مىللەتلەر ھەققىدىكى مەلۇماتى بار ئىدى[②].

مانېرھېمنىڭ دوكلاتى چارروسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىياجىغا ماس كەلگەن بولۇپ، چار پادىشاھ نىكولاي II ۋە چارروسىيە ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. بۇ دوكلات 1909 - يىلى چارروسىيە ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ھەربىي ژۇرنىلىنىڭ 81 - سانىغا بېسىلغان. بۇ

دوكلات مەخپىي ھۆججەت بولۇپ 80 يىلغا يېقىن يېپچەتلەنگەنىدى، 1988- يىلى ئالمۇتا نەشرىياتى نەشىر قىلغان «چارروسىيە ساياھەتچىلىرىنىڭ نەزەرىدىكى شىنجاڭ» دېگەن كىتابىنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئاساسىي مەزمۇنى ئېلان قىلىندى. بۇگۈن بۇ ماتېرىيال چارروسىيىنىڭ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىش قارا نىيىتىنىڭ ئىسپاتىغا ئايلاندى.[3]

مانىېرھېيم سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن، كېيىنكى ئۆمرىنى فىنلاندىيە خەلقىنىڭ ئازادلىق، مۇستەقىللىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتايدۇ. ئۇنىڭدا ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسلىگە، سىياسىيونلارغا خاس قابىلىيەت بار ئىدى. فىنلاندىيە ھەر قېتىم خەتەر ئىچىدە قالغاندا ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، فىنلاندىيىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، فىنلاندىيىنى تىنچ يول بىلەن مۇستەقىل بولۇش يولىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇ 1942 - يىلى دۆلەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى شەرەپكە يەنى مارشال دېگەن شەرەپكە ئېرىشىدۇ. 1944 - يىلى 77 ياشقا كىرگەندە فىنلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىنىدۇ. 1946 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىقىدۇ. 1951 - يىل 1 - ئايدا 84 يېشىدا شۋېتسارىيىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مانىېرھېيمنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتى گەرچە سۈپەن ھېيدىن، ستەيىنلەردەك داڭلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ جەمئىيەت، مىللەت، ئانتروپولوگىيە، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئوخشاشلا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ غەربىي يۇرتقا سىياسىي ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپە بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ھەتتا چارروسىيە ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرغان جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىمۇ تارىخىي نۇقتىدىن ئالغاندا قىممەتلىك ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرى بىلەن

شىنجاڭنىڭ تارىخ، جەمئىيەت، جۇغراپىيە، مىللەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىشقا ئاساس سالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مانىنېرھېيمنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسى شىنجاڭنىڭ تارىخ، جەمئىيەت، جۇغراپىيە، مىللەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىشنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. 

1911 ـ يىلى مانىنېرھېيم فىن ـ ئۇگور ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىدا مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ماقالىسى «يۇغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»نى ئېلان قىلدى. 1940 ـ يىلى بۇ جەمئىيەت مانىنېرھېيمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى رەتلەپ، «مانىنېرھېيمنىڭ 1906 ـ 1908 ـ يىللىرى ئاسىيانى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈشى» دېگەن ئەسەرنى، 1990 ـ يىلى «مانىنېرھېيمنىڭ 1906 ـ 1908 ـ يىللىرى غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈشتىكى فوتو سۈرەتلىرى توپلىمى»نى نەشر قىلدى. بۇ توپلامغا مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت ئىچىدىن ئەڭ ئېسىل 87 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

①②③ ما داجېڭ: «مانىنېرھېيمنىڭ غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» جۇڭگو مىللەتلەر فوتو سۈرەت ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 39 ـ، 245 ـ، 253 ـ بەتلەر.

# تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى «مەۋلانتاش» ئابىدىسى

تۇرسۇنجان ئېزىز يىلىك

مۇزداۋان يولىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدىن قالغان
بىر تاش ئابىدىنىڭ بارلىقىنى بالىلىق چاغلىرىمدا ئاڭلىغانىدىم،
كېيىن نىياز كېرىمنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللى-
رى» ناملىق كىتابىدىنمۇ بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغان. شۇ-
نىڭدىن بېرى بۇ ئابىدىنى بىر كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى چۈ-
شىنىش ئارزۇيۇم تۇغۇلدى ۋە بۇ ئارزۇيۇمغا ئاخىرى يەتتىم.

2006 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خە-
مىت ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە ناھىيىنىڭ جەنۇبىغا، تەڭرىتاغنىڭ
شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، مۇزداۋان يولى بىلەن مەشھۇر
شوتا يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم
جەڭچى، مۇشۇ ئابىدىنىڭ شاھىدى مۇھەممەت ئىسمائىل ئاكا بى-
لەن مۇڭدىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بوۋاي 87 ياشقا كىرگەن
بولسىمۇ خاتىرىسى ئېنىق، تەپەككۇرى جايىدا ئىكەن، ئۇ مەۋلان-
تاشنىڭ ئورنىتىلىشى توغرىسىدا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

1945 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىش ئېھتىمالى
بولغان گومىنداڭ قوشۇنىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن مىللىي
ئارمىيىنىڭ ئاتلىق 1 ـ بىرىگادىسىغا قاراشلىق كوماندىر مەۋلا-
نوف (قىرغىز)، سىياسىي كومىسسار ئۆمەر زاكىروف باشچىلى-
قىدىكى 1ـ پولكنى مۇزداۋاننى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. مەۋلا-
نوف مۇشۇ تارىخنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بىر تاش ئابىدە تىكلى-
مەكچى بولۇپ ئەسكەرلەرگە دەريادىن بىر يوغان تاشنى ئېلىپ
چىققۇزۇپ، شوتا يېزىسىدىكى ئەمەت ئۇستا دېگەن تۆمۈرچىنى

(ئوغلى توختاخۇن شوتىدا ھېلىھەم ھايات) تاشپۇتۇك ياساشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. ئەمەت ئۇستا ئەسۋابلىرى سېلىنغان خۇرجۇن-نى ئېتىغا ئارتىپ تاغ ئارىسىغا كىرىپ تاشپۇتۇكنى پۈتكۈزگەن-دىن كېيىن ھازىرقى جايىغا قويۇلغانىكەن. يەرلىك خەلق «مەۋلانتاش» دەپ ئاتايدىغان بۇ ئابىدە 60 يىلدىن بېرى شۇ خەلق-قە ئوخشاش قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، گاھ يىقىلىپ گاھ تۇرغۇزۇلۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

بىز يېزىدىن چىقىپ شوتا تاغ ئېغىزىدىكى قەشقەر كۆۋرۈ-كىدىن ئۆتۈپ، شوتا دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ مۇزداۋانغا بارىدىغان بۇ قەدىمىي كارۋان يولىدا ئالتە كىلومېتىرچە ماڭغان-دىن كېيىن خەمىت ئەپەندىم:

— كەلدۇق، مۇشۇ تاش شۇ — دەپ يولنىڭ ئوڭ يېنىدىكى يوغان بىر ئاق تاشنى كۆرسەتتى. ئادەمنىڭ قولىغا ئوخشايدىغان، ئاستى تۈز، ئۈستى كۆتمەكرەك كەلگەن يوغان بىر ئاق تاش يەردە ئوڭدىسىغا ياتقان بولۇپ، خەت ئويۇلغان يۈزى ئۈستىگە قاراپ تۇراتتى. تاشنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ سىزىق ئويۇلۇپ دائىرە چەك-لىنىپ، دائىرىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ئاي - يۇلتۇز ئويۇل-غان، ئۇنىڭ ئاستىغا ئەرەب يېزىقىدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگەن خەت ئويۇلغان، بۇنىڭ بىلەن تاش يۈزىدىكى قالغان بوشلۇق ئاساسەن چاسا ھالەتكە كەلگەن. بۇ بوشلۇققا شۇ زاماندا قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىملاسىدا بۇ قىسمىنىڭ 1945 - يىلى غۇلجا، شىخۇ، جىڭلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناش-قانلىقى ۋە كېيىن بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن، ئا-خىرىغا يوغانراق قىلىپ «مەۋلانوف» دېگەن ئىسىم ئويۇلغان. تاشپۇتۇكتىكى بەزى خەتلەر چوقۇۋېتىلگەن بولغاچقا، ئوقۇغىلى بولمىدى (يېقىنقى مەزگىللەردە چوقۇلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.)

تاشنى يۆلەپ تىكلەپ قويۇشقا قۇربىمىز يەتمىدى، بىز شې-ھىتلەرنى دەپنە قىلىپ قايتقاندەك تەسۋىرلەش قىيىن بولغان مۇرەككەپ ھېسلار ئىچىدە «مەۋلانتاش» بىلەن خوشلاشتۇق.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: ئابدۇۋەلى ئابدۇللا

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ سەھنىسىدە

بىرىنچى توم

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ خۇاجۇڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 16.75 |
| باھاسى | : | 40.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12720-7/K・2214 （维 108）

图书在版编目(CIP)数据

在历史的舞台上：维吾尔文 / 努尔穆罕默德·多莱特选编.
-- 北京 : 民族出版社, 2013.5
ISBN 978-7-105-12720-7
Ⅰ. ①在… Ⅱ. ①努… Ⅲ. ①历史人物—生平事迹—新疆—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ① K820.845

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 077123 号

责任编辑：阿布力孜·鄂尔浑
责任校对：阿布都外力·阿布都拉
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862 (维文室)
印　　刷：北京画中画印刷有限公司
版　　次：2014 年 1 月第 1 版 2014 年 1 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：16.75
定　　价：40.00 元

ISBN 978-7-105-12720-7/K·2214 （维 108）



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
خېتىنى يازغۇچى : ساتتارجان ئەركىن روھلانى

ISBN 978-7-105-12720-7
9 787105 127207 >
定价：40.00 元